ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت

# تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

ISBN 7-5631-1464-5

ISBN 7 - 5631 - 1464 - 5
B · 4(维文)定价: 18. 50 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتابىمنى قەدىردان دادامنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

-ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت

ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت

# تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

苏菲主义哲学/吾尔买提江·阿布都热合曼著. 一乌鲁木齐： 新疆大学出版社，2001.11
ISBN 7 — 5631 — 1464 — 5

Ⅰ.苏... Ⅱ.吾... Ⅲ.苏菲派一宗教哲学一研究一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.B966.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 076783 号

责任编辑： 阿不里米提·卡德尔
责任校对： 阿达来提·亚合甫

**苏菲主义哲学**

吾尔买提江·阿布都热合曼 著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号,邮政编码:830046)
新华书店经销
新疆《工人时报》印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 印张：14
2001 年 11 月第 1 版 2001 年 11 月第 1 次印刷
印数：0001 — 5000 册

ISBN 7 — 5631 — 1464 — 5/B·4
定价：18.50 元

# مۇقەددىمە

غەرب تىللىرىدىكى مىستىسىزم (Mysticsm) دېگەن ئاتالغۇ يۇنان تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى، ئېھتىمال يۇنان مىستىك چۈشەنچىلەرنىڭ دەسلەپكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپمۇ ئومۇمىي خاھىش، تۈپكى مەقسەت جەھەتلەردىن مىستىسىزم بىلەن كۆپ ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، غەرب ئالىملىرى بۇ ئېقىمنىڭ نامىنى شۇ ئېقىمغا مەنسۇپ شەخسنى كۆرسىتىدىغان «سۇفى» سۆزىگە ئۆز تىللىرىدىكى «ئېقىم، مەسلەك، يۆنىلىش» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «ئىزم» قوشۇمچىسىنى قوشۇپلا «سۇفىزم» (Sufism) دەپ ئاتاشقان. بىزدىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتاش ئومۇملىشىپ قالغان.

ياۋروپالىق شەرقشۇناسلار، ئىسلامشۇناسلار بۇ ئاتالغۇنى «سۇفىزم»، «تەسەۋۋۇپ» دەپ قوللانغاندىن سىرت، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن «ئىسلام مىستىسىزمى» ياكى «مۇسۇلمان مىستىسىزمى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

بىز ئەرەب تىلىدىكى ئەسلى نامى بويىچە «تەسەۋۋۇپ» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

تەسەۋۋۇپ — ئىسلام دىنىدىكى مۇرەككەپ بىر دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىم. ئۇ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئىسلام دىنىنىڭ باشقا ئەللەرگە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنى تارقالغان رايونلارنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارغان. شۇ ئەلنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىغا ئىچكىرىلەپ سىڭىپ كىرگەن ۋە بەلگىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ ئىزلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان شەرقشۇناسلار، ئىسلامشۇناسلار ھامان تەسەۋۋۇپنىڭ مۇسۇلمان شەرق ئەللىرى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ناھايىتىمۇ زور ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ.

تەسەۋۋۇپ دەسلىپىدىلا شېئىرىيەتنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش ۋاستىسى قىلغانىدى. تەسەۋۋۇپتىكى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى بىلەن شېئىرىيەت تەدرىجىي ھالدا ئۇنىڭغا سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بىر قاتار ئوبرازلارنى ئېلىپ كىرىپ، تەسەۋۋۇپنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىتىپ، بىلىشنىڭ ئابستراكت جەريانلىرىنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپتا ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە بولغان بىر يۈرۈش سىمۋوللار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، مەي، مەيخانە، مۇغبەچە، گۈل – بۇلبۇل، شام – پەرۋانە، ... ۋە باشقىلار.

ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بۈيۈك سىمالىرى بولغان مەۋلانە جالالىددىن رۇمى (1206 — 1273)، پەرىدىددىن ئەتتار (1145 — 1229)، شەيخ سەئدى (1209 — 1291)، ھاپىز شىرازى (1320 — 1389)، ئۆمەر ھەييام (1048 — 1132)، ئابدۇراھمان جامى (1414 — 1492)، ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501) قاتارلىق كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى ھەممىگە چۈشىنىشلىك. بۇلاردىن بەزىلىرى مەخسۇس تەرىقەتلەرنىڭ ئاساسچىسى ياكى يېتەكچىسى بولغان. مەسىلەن، جالالىددىن رۇمى تۈركىيىدە بارلىققا كەلگەن

«مەۋلەۋى» تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى بولسا، ئابدۇراھمان جامى نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرلىرىدىن بىرى ئىدى. نەۋائىينىڭ جامى تەسىرى بىلەن نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرگەنلىكى مەلۇم.

بۇ بىزگە تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئاتاقلىق ئىرانشۇناس، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدا تەسىرى چوڭ ئالىملاردىن بىرى يى. ئې. بېرتېلس (1890 — 1957 ، E. Э. Бертельс) ئەينى ۋاقىتتىلا «تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ مەدەنىي ھاياتى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ»① دېگەنىدى.

«تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار» ناملىق ئەسىرى بىلەن دۇنيا تۈركولوگلىرى ئارىسىدا كاتتا ئابرۇي قازانغان دوكتور مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈ (1890 — 1967) مۇ شۇ كىتابىنىڭ 1 ـ بېتىدە بۇ ھەقتە شۇنداق يازىدۇ: «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۈرك ئەدەبىياتىدىكى مىللىي روھ ۋە مىللىي زوقنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان دەۋر — خەلق تىلى ۋە خەلق ۋەزنىنى قوللىنىپ كەڭ ئاممىغا خىتاب قىلغان ۋە ئەسەرلىرى ئەسىرلەر بويى ياشاپ كەلگەن بۈيۈك مۇتەسەۋۋىپلار دەۋرىدۇر.»②

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دەسلەپتىلا شېئىرىيەت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي تەلىماتلىرىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن

---

① يى. ئې. بېرتېلس: «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات»، موسكۋا، 1965 ـ يىل، 54 ـ بەت.

② دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل، (7 ـ نەشرى) 1 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

شەرھلەپ يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا، شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق سىمۋوللۇق ئوبرازلار ياردىمىدە بايان قىلىنغان ئەسەرلەر كۆپرەك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش بىلەن ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بىر - بىرىگە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ژانىر، شەكىل، ئۇسلۇب، ۋەزىن ۋە باشقا مەسىلىلەر ئەدەبىي جەھەتتىن تەھلىل قىلىنسىمۇ، ئىدىيىۋى مەزمۇن ئۇستىدىكى مۇھاكىمىلەر ھامان پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

پەلسەپىۋى جەھەتتىن قىلىنغان تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيىتى يەنە شۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇكى، «تەسەۋۋۇپنى تەسىرى چوڭ بىر دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە ئۆگىنىش، مۇسۇلمان شەرق خەلقلىرى پەلسەپىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.»[1] تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى رەينولد نىكولسون (R. A. Nicholson، 1945 — 1868) XI ئەسىرگىچە بولغان يازما مەنبەلەردىن تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرنىڭ 78 خىلغا يەتكەنلىكىنى ئېنىقلىغان.[2] بۇنىڭدىنمۇ تەسەۋۋۇپنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ تەلىمات ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش مۇمكىن.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئومۇمىي تەلىماتىنى تولۇق يورۇتۇش ئۈچۈن، دىنشۇناسلىق، پەلسەپە، تارىخشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

---

① م. ت. ستېپانيانس: «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى»، موسكۋا، 1987 - يىل، 12 - بەت.

② ئى. پ. پېتروۋشېۋسكىي: «VII — XII ئەسىرلەردە ئىراندا ئىسلام دىنى»، لېنىنگراد، 1966 - يىل، 319 - بەت.

شۇڭا تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتى كۆپ تەرەپلىمىلىك ھەمكارلىقنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان تەتقىقات. ھەتتا مۇمكىن بولسا خەلقئارالىق ھەمكارلىق ئورنىتىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئالىملارمۇ بار.① تەسەۋۋۇپنى تەتقىق قىلىش — شىنجاڭغا نىسبەتەن تەتقىق قىلىنىشى زۆرۈر بولغان، ئەمما تېخى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىغان بىر چوڭ تېما، شۇنداقلا بىر بوشلۇق. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئومۇمىي قىياپىتىنى چۈشىنىش، يورۇتۇش ئۈچۈن تەسەۋۋۇپ ھەققىدە جەزمەن ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ قارىشىمىزدا، تەسەۋۋۇپنى تەتقىق قىلىش بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى چوقۇم تەتقىق قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار، ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ بوشلۇققا (ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن) باسقان دەسلەپكى قەدىمىمىزدە تەسەۋۋۇپنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ئۈستىدە ئىزدەندۇق.

مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپ — كۆپ قىرلىق مۇرەككەپ بىر ئېقىم. بىز بۇ دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمىز بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە دائىر ئۇنچە كۆپ مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ

① مەسىلەن: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئو.ف. ئاكىمۇشكىن بۇ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە، ج.س. تىرىمىنگامنىڭ «ئىسلامدىكى سوپىلىق تەرىقەتلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە (موسكۋا، 1989 - يىل) سۆز بېشى ئورنىدا بېرىلگەن ئاكىمۇشكىننىڭ ماقالىسىگە ۋە شۇ كىتابنىڭ 212 - بېتىدىكى 〔30〕 ئىزاھقا قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

نەتىجىسى بولغان بۇ ئەمگىكىمىزنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى بولسىمۇ يورۇتۇپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ھەم بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................... 1

I باب تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى... 1

§ 1 . «تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار ........................... 1

§ 2 . «تەسەۋۋۇپ» نىڭ ئىستىلاھ مەنىسى ........... 6

§ 3 . تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ................. 9

1 . تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسلار ............................................ 10

2 . تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرى ........... 16

§ 4 . تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى ......................................... 26

1 . ئىلاھىي ئىشق ....................................... 27

2 . مەرىفەت ................................................ 32

3 . تەۋھىد .................................................. 35

4 . مۇھاسىبە (ئۆزىنى كۆزەتمەك، تەكشۈرمەك) ...... 36

5 . فەنا (فانا) ............................................... 37

6 . «ئەنەل ھەق» ........................................... 43

7 . غەززالىنىڭ تۆھپىسى ................................. 49

8 . ئىشراق ................................................... 55

9 . ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد (بارلىقنىڭ بىرلىكى) ...... 58

10 . ۋەھدەتى شۇھۇد (گۇۋاھلىقنىڭ بىرلىكى) ...... 65

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


II باب تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىرى (1) ........ 71

§ 1 . مەۋجۇدىيەت قارىشى ........................ 72

§ 2 . ئالەم قارىشى .................................. 83

§ 3 . ئىنسان قارىشى ................................ 105

§ 4 . «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» ۋە پانتېئىزم ........ 126

III باب تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىرى (2) ...... 148

§ 1 . تەسەۋۋۇپتىكى دىئالېكتىك ئىدىيىلەر ........ 148

§ 2 . بىلىش نەزەرىيىسى (گىنوسېئولوگىيە) ...... 158

1 . ھەقىقەت ۋە ئۇنى بىلىش ........................ 158

2 . بىلىشنىڭ باسقۇچلىرى ........................ 177

§ 3 . ئەخلاقىي تەلىماتلار ........................ 181

1 . ئەخلاق قاراشلىرى ........................ 181

2 . گۇمانىستىك قاراشلار ........................ 203

§ 4 . تەسەۋۋۇپتىكى ئېستېتىك ئىدىيىلەر ........ 213

IV باب پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىمىزدا تەسەۋۋۇپ ........................ 220

§ 1 . «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىرى ........................ 222

§ 2 . ئەھمەد يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى ........ 237

§ 3 . نەۋائىي ۋە تەسەۋۋۇپ ........................ 248

V باب تەسەۋۋۇپقا دائىر تەتقىقاتلاردىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم ........................ 285

VI باب تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە تارىخى ...... 329

§ 1 . چەت ئەللەردىكى تەتقىقات ئەھۋالى ........ 329

1 . غەرب ئەللىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى ........ 329

2. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تەتقىقاتلار······ 336
3. تۈركىيىدىكى تەتقىقات··························· 344
4. باشقا ئەللەردىكى تەتقىقات ···················· 352
§ 2. مەملىكىتىمىزدىكى تەتقىقات ئەھۋالى ········ 354
خاتىمە ························································· 364
بىبلىئوگرافىيە ··············································· 367
قوشۇمچە: قىسقىچە تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى ······ 382

www.uyghurkitap.com

# I باب تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

## § 1 . «تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار

«تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە تا ھازىرغا قەدەر بىرلىككە كەلگەن ئورتاق بىر قاراش يوق. گەرچە كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇ ئاتالغۇنى ئەرەب تىلىدىكى «يۇڭ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «سۇف» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن پىكىرنى ياقلىسىمۇ، بۇنى دەلىللەيدىغان ئىشەنچلىك بىرەر مەنبە بولمىغانلىقتىن، بۇمۇ يەنىلا بىر خىل پەرەز بولۇپ تۇرماقتا.

«تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قاراشلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئەرەب تىلىدىكى «يۇڭ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «سۇف» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش. بۇلار دەلىل ئۈچۈن دەسلەپكى سوپىلار ئاساسەن يۇڭدىن قىلىنغان قوپال، كۆرۈمسىز تون كىيىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇلارنى «سۇفى»، يەنى «يۇڭدىن تون كىيگەن كىشى» («سۇف» سۆزىنىڭ تۈرلىنىشى) دەپ ئاتاشقان، دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(2) گرېك تىلىدىكى «ئەقىل ـ پاراسەت، ھېكمەت» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «sophos» ياكى «sophia» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش.

(3) «ئەسهابى ـ سۇففە» ياكى «ئەهل ئەل ـ سۇففە» دىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش. مۇهەممەد پەيغەمبەر مەككىدىن مەدىنىگە هىجرەت قىلغاندا، مەدىنىدە بىر مەسچىت سالدۇرغان بولۇپ، بۇ مەسچىتكە «مەسچىتى نەبى» («پەيغەمبەر مەسچىتى») دەپ نام بېرىلگەن. مەسچىتنىڭ ئىچىگە بىر سۇپا سالدۇرۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەن ساهابىلەر[1] ئەنە شۇ سۇپىغا جايلىشىپ، شۇ يەرنى ماكان تۇتقانلىقى ئۈچۈن، «سۇپىغا ئورۇنلاشقانلار» ياكى «سۇپىنى ماكان تۇتقانلار» دېگەن مەنىدە «ئەسهابى سۇففە» ياكى «ئەهل ئەل ـ سۇففە» دەپ ئاتالغان. سوپىلارنىڭ خانىقادا ئولتۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خۇدانى ياد ئېتىشى بىلەن «ئەسهابى ـ سۇففە» ئارىسىدا مەلۇم باغلىنىش بار دېگەن پىكىر ئاساسىدا «تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنى مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا چىققان.

(4) «سەفى ـ ئەۋۋەل» — نامازدا سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقا قارىتا ئېيتىلغان بۇ سۆزنى تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇسىنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغانلارنىڭ پىكرىچە، سوپىلار ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان تائەت ـ ئىبادەتلىرى بىلەن ئاخىرەتتە سەپنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇڭا بۇ نام مۇشۇ سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ.

(5) «بەنۇس ـ سۇفا» — بۇ بەدەۋىي قەبىلىلەرنىڭ بىر تارمىقىنىڭ نامى بولۇپ، كەبىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى مۇشۇلار تەرىپىدىن قىلىنغان. بۇلارنىڭ هەق يولىدا سادىقلىق بىلەن قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن سوپىلارنىڭ ئاللاغا بولغان ئىخلاسى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار دەپ قارالغان.

(6) «پاكىز، ساپ» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «سافا»

---

[1] ساهابىلەر — سۆز مەنىسى دوست، هەمراھ دېگەنلىك بولۇپ، مۇهەممەد پەيغەمبەر بىلەن بىر سەپتە بولغان، هەمسۆهبەتتە بولغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەمدە بولغانلارغا قارىتا ئېيتىلىدىغان هۆرمەت سۆزى.

سۆزىنىڭ گراماتىكىلىق ئۆزگىرىشى بىلەن «سوفىيە» بولۇپ قالغان دېگەن قاراش.

(7) «بىر تەرەپتە تۇرماق، يۈز ئۆرۈمەك» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «سەۋف» (sawf) سۆزىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ قاراشنى ياقلىغۇچىلارنىڭ پىكرىچە، سوپىلار قەلبىنى ئاللاغا قارىتىپ، باشقا ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ يۈز ئۆرۈيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىلەن مۇشۇ سۆزنىڭ مەنىسى ناھايىتىمۇ يېقىن كېلىدۇ دەپ قارالغان.

يۇقىرىدىكى قاراشلار ئىچىدە بىر قەدەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ۋە ئومۇمىيراق بولغان قاراش (1) ۋە (2) تۈرلۈك قاراش بولۇپ، مەيلى تارىختا ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن، مەيلى ھازىرقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ قاراشلىرىدا بولسۇن، مانا شۇ ئىككى تۈرلۈك قاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندىكى كۆپىنچە ئالىملار «تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسى ئەرەبچىدىكى «سوف» (يۇڭ) سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن پىكىرنى ياقلايدۇ.

يۇقىرىدىكى قاراشلاردىن باشقا يېقىنقى تەتقىقاتلاردا يەنە بەزى ئاپتورلار بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە ئىلگىرىكىدىن تامامەن پەرقلىق بولغان قىياسلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىياتشۇناس ئىبراھىم ھەققۇلوفنىڭ پىكرىچە، شاھابىددىن سۇھرىۋەردى (1145 — 1234) «ئەۋارىفۇل مەئارىف» (بىلىش ئىنئامى) ناملىق ئەسىرىدە «سوفى» سۆزىنىڭ تۈركىي تىلغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.① ئەپسۇس، بۇ سۆزنىڭ تۈركىي تىللىرىدا نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىنى يازمىغان. ھەققۇلوف ئۆز كىتابىدا ئەزەربەيجان ئالىمى ئا. گ. ئەلىيېۋنىڭ «سوف» سۆزىنىڭ

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، تاشكەنت، 1991 - يىل، 8 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنبەسىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ سۈنى مۇقەددەس دەپ بىلىشتىن ئىبارەت قەدىمكى ئېتىقادى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىپ، «سۈف» «سۈۋ» (يەنى سۇ) سۆزىدىن كەلگەن دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى يېزىش بىلەن بىرگە، ئۆزىمۇ بۇ پىكىرگە مايىللىق بىلدۈرىدۇ.①

بىراق، بۇ يېڭى قاراشلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟ بۇنىڭغا كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ھۆكۈم چىقىرىشى مۇمكىن.

دەرۋەقە، بىر قىسىم ئالىملار تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى جەريانىدا، كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى بەزى دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ قالدۇقلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ قىياسلار ئاساسەن شامانىزمنىڭ قالدۇقلىرىغىلا قارىتىلغان.

سۈنى ئۇلۇغلاپ، مۇقەددەس بىلىش بىلەن «سۈف» سۆزىنىڭ مەنبەسى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقى ھازىرچە كىشىنى ئانچە قايىل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى سۈھرىۋەردىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ سۆزنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى كۆرسەتمىگەن. بۇ مەلۇمات سۈھرىۋەردىنىڭ ئەسلى يازمىسىدا بارمۇ ياكى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنى كۆچۈرگەن، مۇتائىلە قىلغان سوپىلار تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغانمۇ (بۇنداق ئەھۋاللار بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ)، بۇ نۇقتا ئەسەرنىڭ باش ـ ئاخىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشنى، ئىلمىي بىر ئۇسۇلدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسەر ئەينى دەۋرلەردىلا تۈركىي، پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان، مەدرىسە، خانىقالاردا كۆپ ئوقۇلغان. ئۇنى تەسەۋۋۇپ

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 1991 ـ يىل، 8 ـ بەت.

تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلغان. لېكىن يۇقىرىدىكى «سۇف» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە ئالاقىدار مەلۇمات ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان. بۇ بىر ئاز ئەجەبلىنەرلىك. يەنە كېلىپ، تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇسى ئۈستىدە تېخىچە ئېنىق بىر مەنبە يوق تۇرغان ئەھۋالدا بۇنداق مەلۇمات بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭ بىلەن «سۇفى» سۆزىنىڭ تۈركىي تىلغا مەنسۇپ بولۇشىنىڭ، شۇنداقلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەزەربەيجان ۋە ئۆزبېك ئالىملىرىنىڭ پەرەزلىرىنىڭ ئېھتىماللىقى يوق دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكىم كېيىنكى تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئايدىڭلىشىشى، ئىسپاتلىنىشىمۇ مۇمكىن.

ئەمما، ھازىرچە مېنىڭ قارىشىمدا، ئۇ ئاتالغۇنىڭ مەنبەسىنى يەنىلا شۇ ئېقىم بارلىققا كەلگەن جۇغراپىيىۋى مۇھىتتىكى تىللاردىن ئىزدەش ئەمەلىيەتكىمۇ، مەنتىقىغىمۇ ئۇيغۇن كۆرۈنىدۇ.

«تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بۇنداق ئېنىقسىزلىق، مۇرەككەپلىك ئارقىسىدا، بۇ ئاتالغۇ ئېتىمولوگىيىلىك ماھىيەتكە ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭدىكى ھەربىر ھەرپ ئۆزىگە خاس مەنىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېگەندەك قاراشلارمۇ ۋۇجۇدقا چىققان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «سۇف» سۆزىدىكى «س» — ساداقەت، سىيانەت، سەلا؛ «ۋ» — ۋەسىل، ۋەجد ، ۋاپا؛ «ف» — فەرەھ ، فەتەھە، فەرەجە (سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۇچۇن ئىزاھقا قارالسۇن) دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.①

يۇقىرىدا بىز «تەسەۋۋۇپ» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت» 6 - بەت. ئاپتور كىتابىدا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بەرمىگەن. بىز بەزى چۈشىنىكسىز سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ قويۇشنى لايىق كۆردۇق. (1) سىيانەت — ھىمايە قىلماق، قوغدىماق، ئاسرىماق، ساقلىماق؛ (2) سەلا — خىتاب، چاقىرىق، تەكلىپ؛ (3) ۋەجد — زوق، ھاياجان؛ (4) فەرەھ — خۇشاللىق؛ (5) فەتەھە — ئاچماق، باشلىماق؛ (6) فەرەجە — قۇتۇلۇش، قۇتقۇزۇش، ئېچىنىش.

www.uyghurkitap.com

ھەققىدىكى تۇرلۇك قاراشلار ۋە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان پىكىرلەر ئۇستىدە قىسقىچە توختالدۇق. ئەمدى «تەسەۋۋۇپ» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش مەنىسى يەنى سوپىلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئىستىمال مەنىسى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ ئۆتىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك.

## § 2 . «تەسەۋۋۇپ» نىڭ ئىستىلاھ مەنىسى

ئىستىلاھ — ئاتالغۇ، تېرمىن دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەلۇم بىر سۆزنىڭ ياكى ئاتالغۇنىڭ ئەسلى لۇغەت مەنىسىدىن باشقا مەلۇم بىر ساھەگە نىسبەتەن خاس مەنىگە ئىگە بولۇشى ياكى ئەمەلىي ئىستېمال مەنىسىگە ئىگە بولۇشىغا (يەنى لۇغەت مەنىسىدىن قىسمەن پەرقلىق ھالدا) نىسبەتەنمۇ ئىستىلاھ مەنىسى دەپ قوللىنىلىدۇ. بۇنى ئۆز گېپىمىز بىلەن ئىستېمال مەنىسى دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. بىز بۇ يەردە سوپىلارنىڭ قارشىدىكى «تەسەۋۋۇپ» سۆزىنىڭ ئىستېمال مەنىسى ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولغىنىمىز ئۈچۈن، يەنى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇپقا بەرگەن تەبىرلىرى ئۇستىدە توختالماقچى بولغىنىمىز ئۈچۈن، تەسەۋۋۇپنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى يەنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىستېمال مەنىسى دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

گەرچە سوپىلارنىڭ تەسەۋۋۇپقا بەرگەن تەبىرلىرىدە بىردەكلىك بولمىسىمۇ، ئەمما تۈپكى نىشان ياكى غايە جەھەتتە ئاساسەن ئورتاقلىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. دەسلەپكى مەزگىللەردە تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەردە ئومۇمەن تەسەۋۋۇپنىڭ نەپسنى يېڭىپ، قەلبنى ماسىۋادىن (ئاللادىن باشقا ھەممە نەرسىدىن) تازىلاشنى مەقسەت قىلغان ئەخلاقىي

چۈشەنچىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. شۇڭا سەرىيىي سەكاتى (ئۆلۈمى: 251/865)① «تەسەۋۋۇپ — گۈزەل ئەخلاقتۇر»② دېگەن. ئەلى بىننى سەھل ئەل ئىسفاھانى (ئۆلۈمى: 273/885) بولسا، «تەسەۋۋۇپ — ھەقتىن غەيرىدىن ئۈزاق ۋە ماسىۋادىن خالى بولماقتۇر»③ دەپ تەبىر بېرىدۇ. سەھل ئەت تۇستەرى (ئۆلۈمى: 283/896) بولسا، «ئاز يېمەك، ئاللانىڭ ھۇزۇرىدىكى راھەتكە ئىنتىلمەك ۋە ئىنسانلاردىن قەلبىنى ئۈزاق تۇتماقتۇر»④ دەپ شەرھلەيدۇ.

جۇنەيد باغدادى (ئۆلۈمى: 298/910) «تەسەۋۋۇپ ماسىۋا بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ ئاللا بىلەن بىللە بولماقتۇر»⑤ دېسە، ئەبۇ ياقۇپ (ئۆلۈمى: 330/942) «تەسەۋۋۇپ — ئىنسانلىقتا ئائىت بولغان سۈپەتلەرنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت»⑥ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئابدۇراھمان جامىنىڭ «باھارىستان» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير (967 — 1049) دىن «تەسەۋۋۇپ نېمە؟» دەپ سورالغاندا، «بېشىڭدا نېمە بولسا چىقىرىپ تاشلاش، قولۇڭدا نېمىكى بولسا ئۇنى قولدىن چىقىرىۋېتىش ۋە باشقىلاردىن ساڭا قانداق ئازار يەتسە رەنجىمەسلىك»⑦ دەپ جاۋاب بەرگەن.

دەسلەپكى باسقۇچتا تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەردە ئومۇمەن تەقۋاگەرلىك كۆپرەك تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان زاھىتلىقتا خاس چۈشەنچىلەر ئىدى. بۇلاردا ئومۇمەن تەسەۋۋۇپنى ئەخلاقىي نۇقتىدىن شەرھلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ پەلسەپىۋى

---

① 251/865 — مىلادىيە 865 ـ يىلى/ھىجرىيە 251 ـ يىلى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. باشقىلارمۇ ئوخشاش.

② ③ ④ سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، ئىستانبۇل، 1981 ـ يىل، 16 ـ، 17 ـ بەتلەر.

⑤ ⑥ ⑦ ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 3 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈكسەكلىككە قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن بولسا، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان زاھىتلىقنى بىر خىل رىياكارلىق (ئىككى يۈزلىمىلىك، شەكىللىۋازلىق) ھېسابلاپ، ئۇنى ئىنكار قىلىش خاھىشىنى ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپتىكى «ئىشق» چۈشەنچىسىنىڭ راۋاجلىنىپ بېرىشى بىلەن بۇ خاھىش تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. ئەھمەد يەسەۋى ئۆز «ھېكمەت» لىرىدە:

قۇل خاجەئەھمەد زاھىد بولما ئاشىق بولغىل،
بۇ يوللاردا بىباك يۈرمە سادىق بولغىل. ①

دېسە، ئەلىشىر نەۋائىي:

تەسەۋۋۇپ ئېمەس زۇھدۇ تەقۋىيۇ تائەت،
كى ئاندا رىيا يول تاپار بىتەۋەققۇف. ②

دەپ، تەسەۋۋۇپنىڭ مەنىسى رىياغا (ئىككى يۈزلىمىلىككە) يول ئاچىدىغان زۇھدۇ - تەقۋا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تەسەۋۋۇپقا ئىبنى ئەرەبىنىڭ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتى قوشۇلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەردە مۇشۇ تەلىمات ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى «ئەھلى ۋەھدەت» (بىرلىك تەرەپدارلىرى) دەپ ئاتالغان. بۇ ھال ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەخلاقىي يۆنىلىشكە نىسبەتەن كېيىنكى مەزگىللەردە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ راۋاجلىنىشى بىر

① ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت»، ئەسلى مەتىن ۋە ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدىكى تەرجىمىسى بىلەن نەشرگە تەييارلىغۇچى: دوكتور كەمال ئەراسلان، ئەنقەرە، 1991 - يىل (2 - نەشرى)، 24 - بەت. (تۆۋەندە قىسقارتىپ كەمال ئەراسلان دەپلا ئېلىنىدۇ.)

② ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 5 - بەت.

قەدەر گەۋدىلىكرەك بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى كېيىنكى چاغلاردا «ئەھلى ۋەھدەت» دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاش، تەسەۋۋۇپمۇ ئاساسەن ئۆزلۈكنى يوقىتىپ خۇدا بىلەن بىرلىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئۆزلۈكنى يوق قىلىش يولى سۈپىتىدە تەلقىن قىلىنىپ شۇ مەنىدە قوللىنىلغان. تەسەۋۋۇپنىڭ ئىستىلاھ مەنىسىمۇ ئاساسەن ئۇنىڭدىكى ۋەھدەت قارىشىغا قارىتىلغانىدى.

بىز تەسەۋۋۇپنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى ھەققىدىكى بۇ قىسقا پىكىرلىرىمىزنى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپقا بەرگەن تەبىرى ياكى مەنىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز:

قىلىب ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن،
نەۋائىي مۇنى بىل تەرىقى تەسەۋۋۇپ. ①

دېمەك، نەۋائىينىڭ نەزەرىدە تەسەۋۋۇپ، زاھىتلىق ياكى زۇھدۇ ـ تەقۋا ئەمەس، بەلكى ھەق (ئاللا) ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت. يەنى ئۆزلۈكتىن كېچىپ ھەق بىلەن بىرلىشىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى.

## § 3 . تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى

«تەسەۋۋۇپ» دېگەن نامنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتى بىر قەدەر كېيىنرەك بولسىمۇ، لېكىن، تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (بىز بۇ يەردە ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز) كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ② ھەتتا بەزى ئالىملار تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىنى يەنىمۇ

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئرىيەت» 5 ـ بەت.

② تەسەۋۋۇپنى IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان دېگەن قاراش بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغان ۋاقتى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرگە قارالسۇن: «شەرق ئەدەبىيولوگىيە خەزىنىسى»، بېيجىڭ 1990 ـ يىل، 3 ـ بەت؛ «ئىسلام دىنى تارىخى »، بېيجىڭ 1990 ـ يىل، 126 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى سۈرۈپ، «تەسەۋۋۇپ باشقا ئىسلامىي ئىلىملەرگە ئوخشاش پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋرىدە باشلانغان. تەسەۋۋۇپ نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى بولسا ھىجرىيە II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ»[1] دەپ قارايدۇ.

ئۇنداق بولسا تەسەۋۋۇپ قانداق پەيدا بولغان؟ ياكى بولمىسا خۇددى بىر قىسىم غەرب ئالىملىرى (مەسىلەن، E.H.Palmer ،R.Dozy) ئېيتقىنىدەك، باشقا دىنلاردىكى بۇ خىل چۈشەنچىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كۆرسەتكەن تەسىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنمۇ؟ تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى قانداق بولغان؟

تۆۋەندە دىققىتىمىزنى بۇ مەسىلىلەرگە قارىتىمىز.

## 1. تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسلار

تەسەۋۋۇپ تاسادىپىي ھالدا پەيدا بولغان ياكى سىرتقى تەسىرلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان تۈرتكىسى بىلەن ئاندىن ئوتتۇرىغا چىققان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدە بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئاساسى بار.

تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى مانا شۇ ئۆزگىرىشلەر — ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەر ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، چىرىكلىك، دىنغا بولغان ئېتىبارسىزلىق

① سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 172 - بەت.

قاتارلىق ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىپادىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئىسلام دىنىنى سىرتقا كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان غازاتلاردا بويسۇندۇرۇلغان ئەللەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تۈرلۈك ماددىي بايلىقلارنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بارا - بارا ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىشكە باشلىغانىدى. بۇ ئەھۋال ئۇمەۋىيىلەر دەۋرى (661 — 750) نىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ كۈچەيدى. ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دىنىي ئىشلار ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى ئىشلار بولۇپ، دىنىي ئىشلار بولسا ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنى دۇنيادىكى باشقا دىنلارغا ئوخشاش پەيدا بولۇپ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەت دىنى قىلىنغان بولماستىن، بەلكى دىن ھاكىمىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئەرەب خەلىپىلىكى ھاكىمىيىتى دىن ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت ئىدى. شۇڭا خەلقنىڭ نەزەرىدە، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر چوقۇم دىنىي ئىشلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى ھالىتىنى ساقلىشى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەت بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە دىن ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئاۋام خەلق ئىسلامنىڭ خۇددى پەيغەمبەر ۋە خەلىپىلەر دەۋرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولۇشىنى كۈتەتتى. لېكىن، رېئاللىق بولسا، «بۇ دەۋردىكى ئىسلامنىڭ قىياپىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپىلەر دەۋرىدىكى ئىسلامنىڭ قىياپىتى ئارىسىدا زور پەرق

بار»[1] لىقىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۈز بېرىشكە باشلىغان بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئېتىقادى كۈچلۈك بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاددىي خەلقنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيتتى. شۇڭا ئۇلاردا بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا مەلۇم دەرىجىدە نارازىلىق، قارشىلىق خاھىشى ئويغىنىشى، بۇ خىل كەيپىياتنى ئۆزگەرتىش ئىستىكى تۇغۇلۇشى تەبىئىي ئىدى. مۇقەررەركى، بۇنداق خاھىش، ئىستەكلەر ئەڭ ئالدى بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئەكس ئېتەتتى.

ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدا بولسا ھوقۇق تالىشىش، سىياسىي ئۈستۈنلۈك مەقسەت قىلىنغان تۈرلۈك ئىچكى نىزالار، سۈيىقەستلەر كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. ئومەۋىيلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەلىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىمام ھۈسەيىن كەربالادا سۈيىقەست بىلەن بوغۇزلاپ قەتلى قىلىندى. بۇنداق قان تۆكۈش، قىرغىنچىلىقلار ئابباسىيلار دەۋرى (750 — 1258) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئابباسىيلارنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇئابباس ئابدۇللاھ (ھۆكۈمرانلىق ۋاقتى: 750 — 754) ھاكىمىيەتنى ساپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئومەۋىيلەر خاندانىغا مەنسۇپ بولغانلارنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئومەۋىيلەر خەلىپىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى بۇزدۇرۇپ، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭەكلىرىگە ئوت قويۇپ، دارغا ئېسىپ سازايى قىلغانىدى. ئۇ يەنە ئومەۋىيلەردىن 90 ئادەمنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىش ھىيلىسى بىلەن ئۆلتۈردى. شۇڭا ئىسلام تارىخىدا ئەبۇئابباس ئابدۇللاھ «قانخور، قان تۆككۈچى» دېگەن مەنىدىكى «سەففاھ»

---

① ئەھمەد ھىلمى: «ئىسلام تارىخى»، ئىستانبۇل، 1980 ـ يىل، 2 ـ جىلد، 337 ـ بەت.

دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغاندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىققان ئەبۇ جافەر ئەل مەنسۇر (ھۆكۈمرانلىق دەۋرى: 754 — 775) قىرغىنچىلىقتا سەففاھتىن ئېشىپ چۈشتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىشىدا چوڭ رول ئوينىغان ئەبۇ مۇسلىمنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ قەستلەپ ئۆلتۈرگەنىدى. ھەنەفى مەزھىپىنىڭ ھەنەفى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەمۇ[①] ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ زىنداندا جان ئۈزگەن.[②]

ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان ھوقۇق تالىشىش كۆرەشلىرى، قىرغىنچىلىقلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈرلۈك بالايىئاپەتلىرى يەنىلا ئاددىي خەلقنىڭ ئۇستىگە كېلەتتى. تاياق - توقماقنىڭ ئوبيېكتى كۆپىنچە ھاللاردا يەنىلا ئاۋام خەلق بولاتتى. شۇڭا زۇلۇم سېلىۋاتقان بۇنداق تۈرلۈك سىياسىي توقۇنۇش، قىرغىنچىلىقلارغا قارىتا نارازىلىق خاھىشى تۇغۇلۇشى تەبىئىي ئىدى.

مانا بۇلار تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، تەسەۋۋۇپ ئىسلام مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن. ئەينى دەۋردىكى ئەرەب خەلىپىلىكى ئىمپېرىيىسىنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي داۋالغۇشلىرى، ھاكىمىيەت ئىچىدىكى نىزالار، ئەخلاقىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى، دىنىي ئىشلارغا ئېتىبارسىز قاراش قاتارلىق ئامىللار تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىسى بولغان

① ھەنەفى مەزھىپى (ھەنەفىيە) — سۈننىلىكتىكى تۆت چوڭ فىقىھ (ھوقۇقشۇناسلىق) مەزھىپىنىڭ بىرى. ئەبۇھەنىقە ئەن نومان ئاساس سالغان. شۇڭا ئۇنىڭ نامى بىلەن ھەنەفىيە دەپ ئاتالغان.

② «تۈرك ۋە ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى» (5 جىلدلىق)، 3 - جىلد 338 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاھىتلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلىغان ئىجتىمائىي ئاساسلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھاكىمىيەت ئۇستىدىكىلەرنىڭ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىشى نەتىجىسىدە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئەخلاقسىزلىق، چىرىكلىك كەيپىياتلىرى بىر تۈركۈم ئېتىقادى كۈچلۈك، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ياخشى كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمى ھېسابلانغان ئاددىي خەلقنىڭ ئىدىيىسىدە نارازىلىق خاھىشى ئويغىتىپ، بۇنداق ئىجتىمائىي كەيپىياتقا خاتىمە بېرىش ئىستىكى پەيدا قىلاتتى. ئىبىن خەلدۇن (1332 — 1406) نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «كۆپ ساندىكى دىنىي زاتلار، پاك دىل مۆتىۋەرلەر ئەخلاقىي بۇزغۇنچىلىق ھادىسىلىرىگە خاتىمە بېرىلىشىنى، ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋىتىنى توسۇشنى تەلەپ قىلاتتى.»①

ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكلەرگە، بۇزۇقچىلىقلارغا نارازى بولۇپ، بۇنداق ئىجتىمائىي كەيپىياتقا خاتىمە بېرىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بىر قىسىم كىشىلەر ھەتتا باغدادتا تەشكىلات قۇرۇپ، بۇنداق بۇزۇقچىلىقلارنى توسۇش ئۈچۈن پائالىيەتمۇ ئېلىپ بارغان. بىراق، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىمۇ بىردەك ئەمەس بولۇپ، بىر قىسىملىرى ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەر يول قويغان دائىرە ئىچىدە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر بۆلۈكلىرى «قۇرئان» ۋە سۈننەتكە تايىنىپ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش ياساشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

ھالبۇكى، بۇنداق نارازىلىق خاھىشىدىكىلەر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدىكى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتقان

① ئەھمەد ئەمىن: «ئەرەب ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى» (خەنزۇچە تەرجىمىسى)، بېيجىڭ، 1990 ـ يىل، 2 ـ قىسىم، 121 ـ بەت.

ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلار، چىرىكلىكنىڭ باش مەنبەسى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرى ئۈنچىلىك زور تەسىر قوزغىيالىشى، ئۈنۈمگە ئېرىشەلىشى قىيىن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن نارازى بولغان، ئېتىقادىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ، دىنىي ھايات ئىچىدە ياشاشنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىغا خىلاپ ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بەزى كىشىلەر بۇنداق بۇزۇقچىلىقلار بىلەن تولغان جەمئىيەتتىن ئۆزىنى تارتىپ، تەركىدۇنيالىق ـ زاھىتلىق يولىغا ماڭغانىدى. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەركىدۇنيا بولۇشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق پاسسىپ شەكىلدە بولسىمۇ رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇڭا ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا ئورتاق ھالدا، زاھىتلىق گەرچە رېئاللىققا بولغان پاسسىپ ھالدىكى نارازىلىق بولسىمۇ، شۇ تارىخىي شارائىتتا نىسبەتەن يەنىلا بەلگىلىك ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

دەسلەپكى باسقۇچتىكى بۇنداق دىنىي ئېتىقادقا سادىقلىق، ئەخلاقىي جەھەتتىن تۈرلۈك ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىك ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان ھالدا باشلانغان زاھىتلىقتىن ئىبارەت بۇ دىنىي پائالىيەت ئاساسەن ئايرىم شەخسلەرنىڭ يەككە ھالدىكى پائالىيەتلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئا. كىرىمىسكىينىڭ ئېنىقلىشىچە، سوپى سۆزى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قوللىنىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئاساسەن ئېتىقادى كۈچلۈك كامىل مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىشلىتىلگەن.①

① ئا. كىرىمىسكىي: «ئىران ئەدەبىياتى ۋە دەرۋىشلىك ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ تارىخى»، 3 توم، موسكۋا، 1914 — 1917؛ I توم، 1914 ـ يىل، 84 ـ بەت.

ئابدۇراھمان جامىنىڭ «نەفەھاتۇل ئۇنس» نامىلىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ دەسلەپ سوپى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان كىشى ئەبۇ ھاشىم سوپى (ئۆلۈمى: 150/767) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى خانىقامۇ سۈرىيىنىڭ رەملە شەھىرىدە بارلىققا كەلگەن ئەبۇ ھاشىم خانىقاسىدىن ئىبارەت.①

تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان زاھىتلىق «دەسلىپىدە بەسرەدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، دەسلەپكى دەۋردىكى سوپىلارنىڭ ھەممىسى زاھىتتۇر».② دەسلەپكى سوپىلار ئاساسەن بەسرە بىلەن كۇفەنى مەركەز قىلغان ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بەسرەدىكىلەر سۈننىلەردىن بولۇپ، ئۇلار ھەسەن ئەل بەسرى (ئۆلۈمى: 110/728)، مالىك ىبنى دىنار، فەزل ئەل رەققاشى، ئابدئەل ـ ۋاھىد بىننى زەيد (ئۆلۈمى: 177/793) قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇستاز تۇتقان. كۇفەدىكىلەر بولسا شىئەلىككە مايىل بولۇپ، ئۇلار رەبئى بىننى ھايشام، جابىر بىننى ھەييان، كۇلەيىب ئەل ـ شەيداۋى قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇستاز تۇتقان.③

## 2. تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرى

تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تەسەۋۋۇپ دەسلەپ پەيدا بولغاندا بەلگىلىك ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قاراشلارغا ئىگە بىر پىكىر ئېقىمى ياكى ئىدىيىۋى تەلىمات سۈپىتىدە پەيدا بولغان بولماستىن، بەلكى، ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان نارازىلىقنىڭ پاسسىپ ھالدىكى ئىپادىسى سۈپىتىدە ئايرىم كىشىلەرنىڭ يەككە ھالدىكى دىنىي پائالىيىتى بىلەن باشلانغان. دەسلەپكى

① ② سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر» 28 ـ بەت.

③ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (تۈركچە تەرجىمىسى)، 12 ـ جىلد، 1 ـ كىتاب، 27 ـ بەت.

باسقۇچتىكى زاھىتلارنىڭ تەركىدۇنيالىق يولىغا مېڭىشتىكى ئاساسىي مۇددىئاسى — ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى يوقاتماسلىق، نەپسانىيەتچىلىككە، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىك، ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئاللانى ياد ئېتىش ئىدى.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرى دۇنيادىكى باشقا دىنلارغا قارىغاندا بىر قەدەر كۈچلۈك. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر بولۇپ كەلدىم»① دېگەن ئىكەن. يەنە بىر ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەر «قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلار — ئەخلاقتا يېقىملىقراق بولغانلاردۇر»② دېگەن.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ تېخى ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن بىر مەزگىلدە، ئومەۋىيلەر ۋە ئابباسىيلار ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە كۆرۈلگەن ئەخلاقسىزلىق، چىرىكلىك، ئىشرەتۋازلىق ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقادى كۈچلۈك تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەچكە، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر ئەخلاقسىزلىق بىلەن تولغان جەمئىيەت ئىچىدىن ئايرىلىپ، ئېتىقادىغا سادىق بولۇپ، پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش يولىغا ماڭغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق.

شۇڭا، تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىدە ئالدى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىشنى، ئۇنىڭ

---

① ئىمام ئىسمائىل ئەل ـ بۇخارى: «ئەل ئەدەب ئەل مۇفرەد» («ئەدەب دۇردانىلىرى»)، تاشكەنت، 1990 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 91 ـ بەت، 273 ـ ھەدىس.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 90 ـ بەت، 272 ـ ھەدىس.

گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئۆرنەك قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەم بۇنى ئەخلاقىي جەھەتتىكى كامىللىقنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ. شۇڭلاشقا دەسلەپكى مەزگىللەردە تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەردە ئەخلاقىي خاھىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاددىي ـ ساددىلىق، مەئىشەتكە بېرىلمەسلىك، ئاز يېيىش، ئاز ئۇخلاش، ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق زاھىتلىق تۇرمۇشىنىڭ دەسلەپكى ئۆرنەكلىرىنى پەيغەمبەر ۋە ساھابىلەر تۇرمۇشلىرىدىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، كېچىسى قاتتىق ئۇخلاپ ئىبادەتنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، يۇمشاق تۆشەكلەردە ياتماستىن، بورا ئۈستىدىلا ياكى قاتتىقراق ئورۇندا يېتىپ ئۇخلاش؛ باشقىلارغا قارىغاندا ياخشى يېيىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، بىر نەچچە تال خورما يەپ قويۇپلا بولدى قىلىش قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئۆرنەكلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى.①

تەسەۋۋۇپتىكى قەلبنى ماسىۋادىن تازىلاپ، ئاللاغا قارىتىش، ئاللانى ياد ئېتىش (زىكرى) قاتارلىق دىنىي پائالىيەتنىڭ «قۇرئان» ۋە سۈننەتتە بەلگىلىك ئىدىيىۋى مەنبەسى بارلىقى تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەردە كۆپ قەيت قىلىنغان ۋە بۇ ھەقتە بىر قىسىم ئايەت، ھەدىسلەر دەلىل كەلتۈرۈلگەن. دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلارنىڭ ئاساسىي پائالىيىتى بولغان «زىكرى» (ياد ئەتمەك) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 30 ـ جىلد، 472 ـ بەت، «تەسەۋۋۇپ» ماددىسىغا قاراڭ.

«مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن.»
(سۈرە بەقەرە: 152)①

«پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەت. كەچتە، ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيت.» (سۈرە ئال ئىمران: 41)

«نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا، ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان هالەتلىرىڭلاردا ياد ئېتىڭلار.» (سۈرە نىسا: 103)

«پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان هالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە، ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن.» (سۈرە ئەئراف: 205)

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن…»
(سۈرە مۇزەممىل: 8)

«ئى مۆمىنلەر، ئاللانى كۆپ ياد قىلىڭلار.» (سۈرە ئەھزاب: 41)

«ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار.»
(سۈرە ئەھزاب: 41)

«ئاللا ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.» (سۈرە نەھل: 128)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان زاھىتلىقنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان» دا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىدە بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئاساسى بار ئىدى. دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئىبادەت قىلىش، ئاللانى ياد

---

① «قۇرئان» نىڭ مۇھەممەد سالىھ هاجىم تەرىپىدىن قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئاساس قىلغان هالدا، مەككىدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ۋە ماجىئەن تەرىپىدىن قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىسىدىنمۇ قىسمەن پايدىلاندىم. ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى كېڭەيتىش، چۈشەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن مۇھەممەد سالىھ تەرىپىدىن تىرناق ئىچىگە قوشۇمچە قىلىنغان يەشمىلەرنى قالدۇرۇپ، ئەسلى تېكىستنىڭ تەرجىمىسىنىلا ئالدىم. چۈنكى بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتلەر ئاساسەن ئىلمىي ئەسەرلەردە كۆپرەك نەقىل قىلىنغان ئايەتلەر بولغىنى ئۈچۈن «قۇرئان» دىكى ئەسلى مەنىسىنىلا ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

www.uyghurkitap.com

ئېتىشكە قاراتقانلىقىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنىڭ يوقىرىدىكىگە ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بولغانلىقىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ھۇزۇرلىرىغا، مەئىشەتلىرىگە بېرىلىشنىڭ، مال ـ دۇنيا يىغىشنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىڭمۇ «قۇرئان» دا ئۇچرايدىغانلىقى زاھىتلارنىڭ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا تۈرتكە بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن:

«ئۇ كۈنى مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت پاك قەلبى بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزىلىدۇ.» (سۈرە شۇئارا: 88 ـ 89)

دەسلەپىدە پەقەت ئاللانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭغا سادىقلىقىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە كۆڭۈلدىن ھەممىنى چىقىرىپ تاشلاپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشتىن ئىبارەت دىنىي پائالىيەت بىلەن باشلانغان تەسەۋۋۇپ بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ، تەپەككۇر دېڭىزىنىڭ قايناملىرىغا چوڭقۇرلاشقا قاراپ ماڭدى. تەنھالىق ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن دىققىتىنى ئاللانى ياد ئېتىشكە قاراتقان زاھىتلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەشغۇلىيىتىدىن بىر مەنا ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار دەسلەپىدە «قۇرئان» دىكى ئاللانى ياد ئېتىشكە دائىر ئايەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە كىشىلەردىن خالىي جايدا ئاللاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىستىكىدە بۇ يولغا — زاھىتلىققا قاراپ ماڭغان بولسا، ئەمدى ئۇلار «قۇرئان» دىكى ئايەتلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىلىرى بارلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «قۇرئان» نىڭ ھەم زاھىرى (تاشقى) ھەم باتىنى (ئىچكى) مەنىسى بارلىقىنى كۆرسىتىپ، بۇ مەنىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. تەسەۋۋۇپ ئەمدى دەسلەپتىكى نوقۇل دىنىي پائالىيەتلا ئەمەس، بەلكى بۇ پائالىيەتلەرنى نەزەرىيە

جەھەتتىن دەلىللەشكە قاراپ راۋاجلانغانىدى. بۇ تەسەۋۋۇپنىڭ بەلگىلىك نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە سىرتقى ئىدىيىلەرنىڭ، دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، شۇنداقلا ئۇلاردىن قىسمەن ئوزۇقلىنىشى تەبىئىي ئىدى. بۇ بەلكىم ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى بولسا كېرەك. لېكىن بۇ يەردە بىز بىر مەسىلىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىز، تەسەۋۋۇپنىڭ كېيىنكى تەلىماتلىرىغا ئاساسلىنىپلا، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەلىرىنى پۈتۈنلەي ھىندىستاندىن ياكى يۇنان پەلسەپىسى ۋە يېڭى پلاتونىزمدىن ياكى بولمىسا خرىستىئان ۋە يەھۇدى دىنلىرىدىن ئىزدەش، مېنىڭچە ئىلمىي ھەقىقەتكە ئانچە ئۇيغۇن كەلمىسە كېرەك. ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىدىيىۋى ئاساسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇنى «ئارىيانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ تەرەققىياتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس»① دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش (مەسىلەن، E. H. Palmer)، ھىندىستاننىڭ تىپىك «مەھسۇلى»② دەپ چۈشەندۈرۈش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلام دىنىنى سىرتقا كېڭەيتىش جەريانىدا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ زېمىن تېررىتورىيىسىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللىي تەركىبلەرمۇ مۇرەككەپلەشكەنىدى. بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر گەرچە كۆرۈنۈشتە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئېتىقادلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن بىراقلا ۋاز كېچەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ ئىنسانىيەت

① ② س. مارتىنوف: «غەرب ئىسلامشۇناسلىقىدىكى سوپىزمنىڭ ئونتولوگىيىسىگە دائىر مەسىلىلەر» — «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر» (روسچە ژۇرنال)، 1987 ـ يىل، 2 ـ سان، 55 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بولغان قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى بىلەن، خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا ئىدېئولوگىيە ساھەسىمۇ مەلۇم دەرىجىدە سىڭىشىش، تەسىر كۆرسىتىش، قوبۇل قىلىش ئارقىلىق يېڭىدىن ئىختىرا قىلىشتەك مەدەنىيەت ئالمىشىشىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزىدە كۆرسەتمەي قالمايتتى، ئەلۋەتتە. مانا شۇ تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىسلام زېمىنىدا ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدە بار بولغان مەدەنىيەت بىلەن قوشۇلۇپ ئەرەب خەلىپىلىكى تەۋەلىكىدىكى بارلىق خەلقلەر ئورتاق ياراتقان (گەرچە ئاتىلىشى توغرا بولمىسىمۇ) «ئەرەب مەدەنىيىتى»① بارلىققا كەلگەندى.

تەسەۋۋۇپنى باشقا دىنلاردىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن دېگەن قاراشلارغا كەلسەك، بۇ يەردە ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان شۇنداق بىر ھەقىقەت مەۋجۇتكى، ھەرقانداق دىندا مەلۇم دەرىجىدە تەسەۋۋۇپقا ئوخشاش پىكىر ئېقىملىرىغا يەنى مىستىسىزمغا زېمىن ھازىرلانغان بولىدۇ. چۈنكى خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ مەركىزى قىلغان دىن قىسمەن ھالدا بولسىمۇ ئىنساننىڭ ياراتقۇچىغا بولغان ئىنتىلىشى، ئۇنى بىلىشكە، تونۇشقا ئىنتىلىشىگە دائىر پىكىر - چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ خىل چۈشەنچىلەر مىستىسىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، راۋاجلىنىشىغا ئىدىيىۋى مەنبە ھازىرلايدۇ. شۇڭا ئەنگلىيىلىك دىنشۇناس، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جافېررى پالىندىر مىستىسىزمنىڭ ھەر قايسى

① گەرچە ئاتىلىشىدا «ئەرەب مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇ نوقۇل ئەرەبلەر ياراتقان مەدەنىيەت ئەمەس، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب خەلىپىلىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بارلىق خەلقلەر ئورتاق ياراتقان مەدەنىيەت ئىدى. پەقەت ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەرەب تىلى ئورتاق قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

دىنلارغا نىسبەتەن ئومۇمىيلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.[1] شۇنداق ئىكەن، بىز ئەلۋەتتە، سوپىزمنىڭ ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولغان باشقا پەلسەپىۋى سىستېمىلاردىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن دەپ ئويلىماسلىقىمىز كېرەك. مەلۇمكى، ئوخشاش بولغان ئىجتىمائىي شارائىت كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولغان ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەر ۋە قاراشلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. «شۈبھىسىزكى، ئاز بولمىغان ئوخشاشلىقلار سوپىزمنىڭ ئۆزىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. نىھايەت، دىنلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارماقلىرى كۆپلىگەن ئورتاقلىقلارغا ئىگىدۇ، ئاخىر.»[2]

بىز تەسەۋۋۇپنىڭ زاھىتلىق باسقۇچىدىكى زۇھدۇ تەقۋا، ئاللانى ياد ئېتىش (زىكرى) قاتارلىقلارنىڭ «قۇرئان» ۋە سۈننەتتە بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئاساسى بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. تۆۋەندە، تەسەۋۋۇپنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان چۈشەنچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ھەدىسلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ئاللا ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ئاللا ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، ئاللا ئۇلار بىلەن بىللىدۇر.» (سۈرە مۇجادەلە: 7)

«... بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز.»
(سۈرە قاف: 16)

① جافىررى پالىندىر: «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم»، بېيجىڭ، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ بەت.

② م. ئا. ئابدۇللايىۋ: «ئوتتۇرا ئەسىر سوپىزمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى» — «پەلسەپە مەسىلىلىرى» (موسكۋادا چىقىدىغان رۇس تىلىدىكى ئايلىق ژۇرنال)، موسكۋا، 1986 ـ يىل، 7 ـ سان، 87 ـ بەت.

تۈركىيىلىك ئالىم ئەھمەد ھىلمى «ئىسلام تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە، «تەسەۋۋۇپنىڭ مەنبەسى ئىسلامى ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن ‹قۇرئان› ۋە ھەدىسلەردىن بۇ مەنبەلەرنى كۆرسىتىش كۇپايىدۇر» دەپ تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ۋە ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:①

«ئاللانىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، ئاشكارىدۇر، مەخپىيدۇر.» (سۈرە ھەدىد: 3)

«مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ئاللانىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ ئۇ ئاللانىڭ تەرىپىدۇر.» (سۈرە بەقەرە: 115)

«ئۇلارنى سىلەر ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى ئاللا ئۆلتۈردى، ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، ئاللا ئاتتى.» (سۈرە ئەنفال: 17)

ھەدىسلەردىن مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرىدۇ:

«مېنىڭ ئاللا بىلەن شۇنداق بىر ۋاقتىم باركى، نە مۇرسەل نەبى ۋە نە مۇقەررەب مەلەكلەرمۇ ئارىغا كىرەلمەيدۇ.»②

ئەھمەد ھىلمى بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ۋەھدەتى ۋۇجۇد قارىشىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. لۇئىس ماسسىگنونمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتى نەتىجىسىدە، تەسەۋۋۇپنىڭ ئىسلام دىنى ئىچىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى، تەسەۋۋۇپنى ئىسلام دىنىغا سىرتتىن كىرگەن ياكى بولمىسا ئۇنى سىرتقى تەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشنىڭ

---

① ② ئەھمەد ھىلمى: «ئىسلام تارىخى»، 2 ـ جىلد، 379 ـ، 380 ـ بەتلەر.

توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتقان ۋە بۇ قارىشىدا قەتئىي چىڭ تۇرغانىدى.[①] پروفېسسور جافېررى پالىندىر ئۆزىنىڭ «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم» ناملىق ئەسىرىدە، يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن بىر قىسىم ئايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە شۇنداق يازىدۇ: «سوپىزم ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسىمىدىكى تەبىئىي تەرەققىيات بولۇپ، ئۇ ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىلىرىدىن كېيىن كۆرۈلگەن دۇنياۋى تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىشكە بولغان قارشىلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە تېخىمۇ ساپ ۋە تېخىمۇ ئىچكى خاسلىققا ئىگە دىنغا بولغان بىر خىل ئىنتىلىشتىن ئىبارەت. سوپىزم بىلەن غەيرىي ئىسلامىي مەنبەلەرنىڭ ھېچبىر باغلىنىشى يوقتەكلا تۇرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلغان. ھەتتا كېيىن رەسمىي يوسۇندا تەرەققىي قىلىپ، نىستورىيان دىنىدىن تارتىپ يېڭى پلاتونىزمغا قەدەر ھەر خىل ئىدىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ، سوپىلار بۇ ئىدىيىلەرنى يەنىلا ھەقىقىي يوسۇندا ئىسلام دىنىنىڭ دەپ قاراپ، ‹قۇرئان› نىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى سىرلارنى (يەنى باتىنى مەنىسىنى) ئىپادىلىگەنىدى.»[②]

تەسەۋۋۇپ ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن ئالىملار ھامان تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالمىغان. سەلچۇك ئەرايدىن بەي «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر» ناملىق كىتابىدا ئېنىق قىلىپ، «تەسەۋۋۇپنىڭ مەنبەسى كىتاب (‹قۇرئان›) ۋە سۇننەتتۇر»[③]

---

① لۇئىس ماسسىگنون: «ئىسلام مىستىسىزمىنىڭ خاس ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» (فرانسۇزچە)، 1954 ـ يىل، 81 ـ بەت. (جافېررى پالىندىر: «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم»، 155 ـ بەتكە قارالسۇن.)

② جافېررى پالىندىر: «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم»، 150 ـ بەت.

③ سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 28 ـ بەت.

دەپ يازىدۇ. ۋىليام ستوداتمۇ «ئىسلام دىنى بولمىغان بولسا، سوپىزم بولمىغان بولاتتى»[1] دەيدۇ.

دېمەك، تەسەۋۋۇپنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش — ئەينى دەۋردىكى ئەرەب خەلىپىلىكى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرىنىڭ مەنبەسىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزى ئىدى.

بىز بۇ پىكرىمىز بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا بەلگىلىك دەرىجىدە سىرتقى ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلىنىپ بارغانلىقىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز، ئەلۋەتتە. خۇددى تەسەۋۋۇپنى ئىسلام دىنىغا سىرتتىن كىرگەن دەپ قاراش توغرا بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە باشقا ئىدىيىۋى ئېقىملاردىن ئوزۇقلانغانلىقىنى تامامەن يوققا چىقىرىشمۇ توغرا ئەمەس. لېكىن، بىزنىڭ قارىشىمىز شۇكى، تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرىنى ئالدى بىلەن باشقا دىنلارنىڭ پىكىر ئېقىملىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەش كېرەك.

## § 4 . تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى

دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلارنىڭ بۇ يولغا مېڭىشتىكى تۈپ مۇددىئاسى — ئاللانى ياد ئېتىپ، ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كىشىنى ھەق يولىدىن ئازدۇرىدىغان ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن قەلبىنى تازىلاش، بۇ ئارقىلىق ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىپ ئەبەدىيلىك راھەتتىن

① شىن جىلى: «چەت ئەللەردىكى سوپىزم تەتقىقاتى» — «دۇنيا دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» (خەنزۇچە ژۇرنال)، 1986 - يىل، 3 - سان، 1 - بەت.

بەھرىمەن بولۇش ئىدى. خىلۋەتتە يېگانە ھالدا قەلبىنى ماسىۋادىن تازىلاپ، ئۇنى ئاللاغىلا قارىتىپ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىبادەت ئىچىگە كىرىپ كەتكەن زاھىتلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم زاھىت ـ سوپىلاردا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ساداقىتى ئارقىلىق ئاللانى تونۇش، ئۇنىڭغا يېتىش ئىستىكى ئويغىنىشقا باشلىغان. مانا — شۇنداق خاھىشلارنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەسىرەلىك تۇنجى ئايال سوپى رەبىئەتۇل ئادەۋىييە (717 — 801) نىڭ «ئىشق» قارىشى ئوتتۇرىغا چىقتى.

## 1. ئىلاھىي ئىشق

پەرىدىددىن ئەتتار (1145 — 1229) نىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» دىكى بايانىغا قارىغاندا، رەبىئە ئائىلىسىدىكى قىزلارنىڭ تۆتىنچىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى رەبىئە (يەنى تۆتىنچى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغانىكەن. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، باشقا ئاچا ـ سىڭىللىرى تىرىكچىلىك ئېھتىياجى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. بەسىرە شەھىرىدە قىسچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، بىر زالىم كىشى رەبىئەنى 6 تەڭگىگە قۇللۇققا سېتىۋەتكەن. ئۇ خوجايىنىنىڭ تاپشۇرغان ئىشلىرىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنكى پۈتۈن ۋاقتىنى ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى ساداقىتىگە، تەقۋادارلىقىغا قايىل بولغان خوجايىنى ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋەتكەن.① ئۇ ئۆمۈر بويى ياتلىق بولماي، ئۆمرىنى تائەت ـ ئىبادەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ پۈتۈن ئىشقىنى ئاللاغا بېغىشلىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاللا مەڭگۈلۈك گۈزەللىك

---

① پەرىدىددىن ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، ئىستانبۇل، 1983 ـ يىل (ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدىكى نەشرى)، 222 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇ گۈزەللىككە يېتىشنىڭ يولى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى چەكسىز ئىشقتىن ئىبارەت ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن «ھەقنى سۆيەمسەن؟» دەپ سورىشقاندا ، «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، كىشىلەر يەنە، «شەيتاننى ئۆچ كۆرەمسەن؟» دەپ سورىغان، ئۇ «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن. كىشىلەرنىڭ «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالىغا ، «شۇنىڭ ئۈچۈنكى رەھمان (ئاللا) سۆيگۈسى ئىچىمگە شۇنچىلىك تولۇپ كەتتىكى، شەيتانغا ئۆچمەنلىك قىلىش ئۇنىڭغا سىغمايدۇ.»[①] دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە «بىر كۈنى چۈشۈمدە پەيغەمبىرىمىزنى كۆردۈم. ئۇ مەندىن:

— ئەي رەبىئە! مېنى سۆيەمسەن؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— يا رەسۇلۇللا ! سېنى كىممۇ سۆيمىسۇن. لېكىن ھەق سۆيگۈسى ۋۇجۇدۇمنى شۇنچىلىك قاپلاپ كەتكەنكى، باشقا دوستلۇق ياكى ئۆچمەنلىككە ھېچ ئورۇن قالمىدى، دەپ جاۋاب بەردىم»[②] دېگەنىكەن.

رەبىئەنىڭ نەزەرىدىكى ئىشق «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) كە بولغان چىن ئىشق بولۇپ، ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنساننى ھۆسنى مۇتلەقكە يەتكۈزىدىغان يول پەقەتلا بىرلا، ئۇ بولسىمۇ «ساپ مۇھەببەت (ئىشق)» تىن ئىبارەت. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ساپ مۇھەببەت» خۇددى ياپونىيىلىك ئالىم ئىزۇتسۇتوشىھىكو (IzutsuToshihiko) ئۆز تەتقىقاتلىرىدا چۈشەندۈرگىنىدەك، ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدىغان، سۆيگۈچىنىڭ ئۆز ئوبيېكتىغا بولغان ساپ بىر خىل

① ② پەرىدىددىن ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، 279 ـ بەت.

مۇھەببىتىدىن ئىبارەت بولۇپ[1] ، ئۇ سۆيۈلگۈچىدىن مەنپەئەت، ھەق تەلەپ قىلمايدۇ، بۇنداق ئىشق پەقەت ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا يارىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇ خىل ئىشق پەقەت خۇدانىڭ لۇتفىدىن يەنى ھىممىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ۋۇجۇدىغا بۇنداق ئىلاھىي ئىشق چىرماشقان ئاشىقتا ھۆسنى مۇتلەقكە ئىنتىلىشتىن باشقا مۇددىئا ـ مەقسەت بولمايدۇ. «ھۆسنى مۇتلەق» كە يېتەلمىسە ئۇنىڭدىن زارلاپ ئىشقىدىن يالتايمايدۇ. بۇ يولدا ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئۆزى بىر بەخت، ئۇنىڭغا يەتكەن بىلەن ئوخشاش.

تەسەۋۋۇپتا ئىشق تەلىماتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، بارا ـ بارا دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلىقنى ئىنكار قىلىش خاھىشى ئىپادىلىنىشكە باشلىغانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە زاھىتنىڭ تەقۋاگەرلىكى پەقەت ئاخىرەتتىكى دوزاخ ئازابىدىن قورقۇش، جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ھەقتىن مەلۇم بەدەل، ھەق تەلەپ قىلغانلىق، مەنپەئەت ئۈچۈنلا تەقۋاغا بېرىلىپ تائەت قىلغانلىق، چىن دىلىدىن ئاللاغا سادىق بولغانلىق ئەمەس دەپ قارالدى. ۋۇجۇدى ئاللاغا بولغان ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق بولسا پەقەت ھۆسنى مۇتلەقنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچنەرسىنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئۇلاردا جەننەتتىن تەمەمۇ يوق، دوزاختىن قورقۇشمۇ يوق، پەقەت ئاللاغا بولغان چىن ئىشقلا بار، يەنى چەكسىز سادىقلىقلا بار. رەبىئەتۇل ئادەۋىيىە دائىم ئۆز ئىبادىتىدە شۇنداق مۇناجات ئېيتىدىكەن: «— خۇدايا پەرۋەردىگار! ئەگەر مەن ساڭا دوزاختىن قورقۇپ ئىبادەت قىلسام، مىنى دوزاخقا تاشلاپ كۆيدۈر، ئەگەر جەننەت ئۈمىدى بىلەن ئىبادەت قىلسام، جەننەتنى

---

① ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، بېيجىڭ، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 121 ـ، 122 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماڭا هارام قىل، . . . ئەگەر سېنى دەپ ئىبادەت قىلسام ماڭا دىدارىڭنى نېسىپ قىل . »① يەنە ئەتتارنىڭ نەقىل قىلىشىچە، بىر كۈنى رەبىئە قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەر: «بۇ نېمە هال؟ ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىشقانىكەن، رەبىئە ئۇلارغا: «جەننەتكە قارىغان ئىدىم، ئىگەم مېنى ئەدەبلىدى . » دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن .②

بۇ خىل قاراشلارنىڭ بىز تەسەۋۋۇپتا باشتىن - ئاخىرى داۋاملاشقانلىقىنى كۆرىمىز . ئەھمەد يەسەۋى «هېكمەت» لىرىدە:

ئىشقىڭ قىلدى شەيدا مېنى جۇملە ئالەم بىلدى مېنى،
قايغۇم سەن سەن تۈنى كۈنى ماڭا سەن ئوق كېرەكسەن.
ئە ئاللاھ زىهى مەنى سەن ياراتتىڭ جىسمۇجاننى،
قۇللۇق قىلسام تۈنى كۈنى ماڭا سەن ئوق كېرەكسەن .③

دېسە، يۇنۇس ئەمرا (ئۆلۈمى: 1320) :

ئىشقىڭ ئالدى بەندەن بەنى بانا سېنى گەرەك سېنى،
بەن ياناراm دۈنى گۈنى بانا سېنى گەرەك سېنى.④
(ئىشقىڭ ئالدى مەندىن مېنى ماڭا سەن كېرەكسەن،
مەن كۆيىمەن تۈنى كۈنى ماڭا سەن كېرەكسەن . )

دەيدۇ . ئەلىشىر نەۋائىي:

---

① پەرىدىددىن ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ، 233 _ ، 234 _ بەتلەر؛ ئىزۇتسۇ توشىهىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇسابىيسى» ، 153 _ بەت.
② پەرىدىددىن ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ، 231 _ بەت.
③ ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋانى هېكمەت» (تۈركچە) ، دوكتور كەمال ئەراسلاننىڭ كىرىش سۆزى، 22 _ بەت.
④ دوكتور ئابدۇراهمان گۈزەل: «تەككە شېئىرى» (تەسەۋۋۇپ شېئىرى) — «تۈرك تىلى» 1989 - يىل، ئوجاك — هازىران (6 سان بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلغان بىرلەشمە سان) ، 445 — 450 - سانلار، 361 _ بەت.

زاھىت سېنگە ھۆرۇ مېنگە جانانە كېرەك،
جەننەت سېنگە بولسۇن، مېنگە مەيخانە كېرەك.
مەيخانە ئارا ساقىيۇ پەيمانە كېرەك.
پەيمانە نېچە بولسا تولە يەنە كېرەك.①

دېسە، ھۇۋەيدا:

نە قىلاي جەننەتنى مەن ئاندا يۈزىنى كۆرمىسەم،
يارسىز جەننەت كۆرىنۇر كۆزىمە جايى خاراب.
بول ھۇۋەيدا يارىڭ دەۋزەخ ئارا كۆرسە يۈزىن،
ماڭا ئۇل جەننەت ئېرۇر، كەلسە رىزا مەن ھەر ئازاب.②

دەيدۇ.

تەسەۋۋۇپ رەبىئەتۇل ئادەۋىيىەنىڭ «ئىشق» تەلىماتى بىلەن ئۆزىگە خاس بولغان دەسلەپكى ئىدىيىۋى چۈشەنچىسىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئاساس ئۈستىگە بارا - بارا تولۇقلىنىپ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ باردى. لېكىن تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا ئىشق تەلىماتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق چۈشەنچە، كۆز قاراشلار مانا شۇ ئىشق كۆز قارىشىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە راۋاجلىنىپ بارغانىدى. شۇڭا ئىشق قارىشى تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىدىيىۋى تۈرتكە ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان قاراشلار ئاساسەن بۇ قاراشلارنىڭ تەرەققىياتى ئىدى. ئىشق تەلىماتى بارغانسېرى كېڭىيىپ، بەدىئىي تەپەككۇر ئۇچۇنمۇ ئىلھام

① «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق)، II توم، تاشكەنت، 1959 - يىل، 53 - بەت.
② «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»، 77 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنبەسى بولغانىدى. ئىشق كۆز قارىشى راۋاجلىنىپ بىرىپ مەجازى ئىشق (يەنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت) ۋە ھەقىقىي ئىشق دەپ ئايرىلدى. بۇ خىل ساپ ئىشقنى يەنى ئىلاھىي ئىشقنى مەزمۇن قىلغان تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچى شۇنچىلىك ئېشىپ باردىكى، پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدا ئاساسەن دېگۈدەك يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

ئىشق تەلىماتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى زاھىتلىق ئىنكار قىلىنىپلا قالماستىن، ھەتتا ئىلاھىي ئىشق بىلەن بىھوش بولغان سوپىلار ئۆزلىرىنى سوپى دەپ ئەمەس، ئاشىق دەپ ئاتاشقانىدى. جالالىددىن رۇمى بىر رۇبائىيسىدا ئىشقنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، بىزنى ئانا ئەمەس ئىشق تۇغقان دەپ يازىدۇ:

ئىشق بىزگە رەھنەما، راۋانىمىزدۇر،
بىزنى ئىشق تۇغقاندۇر، ئىشق ئانىمىزدۇر. ①

## 2. مەرىفەت②

رەبىئەتۇل ئادەۋىييەنىڭ ئىشق چۈشەنچىسىدە ئاللا «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، يېتىش ئارزۇسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغانىدى. بۇ قاراش تەرەققىي قىلىپ «ھۆسنى مۇتلەق» كە يېتىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىش، تونۇشتىن ئىبارەت مەنتىقىي ھالدىكى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلدى. بۇ زۇنۇن

① «جالالىددىن رۇمى شېئىرلىرىدىن» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت)، «بۇلاق» 1991 - يىل، 3 - سان، 88 - بەت.

② بۇ ئاتالغۇ تەسەۋۋۇپتا ئەسلى ئاتالغىنى بويىچە ئېلىنىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلمىدى. تۆۋەندە ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارمۇ ئوخشاش.

مىسىرى (ئۆلۈمى: 860) نىڭ «مەرىفەت» قارىشى ئىدى.

«مەرىفەت» (المعرفة) نىڭ سۆز مەنىسى «بىلىم، ئىلىم» دېگەندىن ئىبارەت. بىراق زۇنۇن مىسىرى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئادەتتىكى ئىلىملەر (知识) دىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «مەرىفەت» (神智) يەنى ئاللانى تونۇش، بىلىش ھەققىدىكى ئىلىم دەپ ئاتىدى. شۇڭا تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىدا «مەرىفەت» ھەقنى بىلمەك، ھەقنى تونۇماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«مەرىفەت» قارىشىنى زۇنۇن مىسىرىدىن ئىلگىرى گەرچە بۇ نام بىلەن ئاتىمىسىمۇ، بەزى سوپىلار ئىپادىلىگەنىدى. مەرۇف كەرھى (ئۆلۈمى: 815) نىڭ «ئاللاغا بولغان ئىشقنى ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇ خۇدانىڭ لۇتفىدۇر.»[1] دېگەن سۆزىمۇ بۇنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى ئىدى. چۈنكى ئىشقنى كىتابتىن ياكى باشقا بىلىملەر ئارقىلىق ئۆگەنگىلى بولمايدۇ، ئۇ ئەسلىدىلا ئاللانىڭ ئىلتىپاتى دەپ قاراشنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىشقنىڭ ئوبيېكتىغا بولغان تونۇش ئەكس ئەتكەنىدى.

ئەمما، ھەقنى بىلىش، تونۇش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى رەسمىي يوسۇندا كۆتۈرۈپ چىققان ۋە شەرھلىگەن كىشى زۇنۇن مىسىرى بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزلۈكتىن كېچىش كېرەك. ئاللانى تونۇش ئەقىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىشقنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋۇجۇدى ئىلاھىي ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق، مانا شۇ ئىشق قاينىمىدا ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ مەشۇقى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ ئىشقنى كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان شېرىن مەيگە تەمسىل قىلغان. ئىزۇتسۇ توشىھىكونىڭ

---

① ۋ.ۋ. نائۇمكىن: «غەززالىنىڭ ‹ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن› ئەسىرى» — نائۇمكىن ھەجىم جەھەتتىن خېلى چوڭ بولغان بۇ ماقالىسىنى ئۆزى ئەرەبچىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان غەززالىنىڭ مۇشۇ ئەسىرىگە سۆز بېشى ئورنىدا ئىلاۋە قىلغان. «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن» (تاللانغان تەرجىمە)، موسكۋا، 1980 ـ يىل، 73 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېنىقلىشىچە، تەسەۋۋۇپتا ئىشقنى مەيگە سىمۋول قىلغان تۇنجى سوپى زۇنۇن مىسرى بولغان.[1] بىزگە مەلۇم، تەسەۋۋۇپتىكى ئىشقنىڭ سىمۋولى بولغان مەي (بادە) پارس ۋە تۈركىي كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى قامرىغان ۋە سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغان سىمۋوللاردىن بىرى. پىكرىمىزنىڭ بۆلۈنمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى كېيىنگە قالدۇرىمىز.

زۇنۇن مىسرىنىڭ «مەرىفەت» قارىشىدىكى ھەقنى تونۇشنىڭ، بىلىشنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىشقنىڭ كېلىش مەنبەسى خۇددى مەرۇف كەرھى ئېيتقىنىدەك ئاللادىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقنى بىلىش ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىش، قەلبىنى يورۇتۇش كېرەك. مەنىۋى يۈكسىلىش بىر قانچە باسقۇچلار (مەقام) ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر مەقامدىن ئىككىنچى بىر مەقامغا ئۆتۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ھەربىر مەقامدا قويۇلىدىغان قاتتىق ئۆلچەملەر يەنى روھىي جەھەتتىن تاۋلىنىش، چېنىقىش جەريانلىرى بولىدۇ. بۇ جەريانلار ھال (كۆپلۈكى: ئەھۋال) دېيىلىدۇ. «نەفەھاتۇل ئۇنس» تا بايان قىلىنىشىچە، زۇنۇن مىسرى ئۈچ ئىلىم كەلتۈرگەن (يەنى، ئۈچ باسقۇچنى ئوتتۇرىغا قويغان). بۇلارنىڭ بىرىنچىسىنى ئاۋامۇ ۋە خاسمۇ[2] قوبۇل قىلغان؛ ئىككىنچىسىنى خاس قوبۇل قىلىپ، ئاۋام قوبۇل قىلمىغان. ئۈچىنچىسىنى بولسا ھەر ئىككىسى قوبۇل قىلمىغان. بۇ ئۈچ ئىلىم — تەۋبە، تەۋەككۈل - مۇھەببەت، ھەقىقەتتۇر.[3]

بۇ ئۈچ ئىلىم (يەنى، ئۈچ مەقام) زۇنۇن مىسرىنىڭ

---

① ئىزۇتسۇ توشھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 122 - بەت.

② ئاۋام (ئام) — ھەممە كىشىلەر، ئاۋام خەلق، كۆپچىلىك؛ خاس — ئالاھىدە، يۇقىرى تەبىقە؛ ئايرىم كىشىلەر؛ كىتابلاردا «خاسۇ ئام» ياكى «ئامۇ خاس» شەكىللىرىدە ئۇچرايدۇ.

③ سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 31 - بەت.

«مەرىفەت» قارىشىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بولۇپ، ھەقنى بىلىشنىڭ ئۈچ باسقۇچىدىن (مەقامىدىن) ئىبارەت ئىدى. زۇنۇن مىسرىنىڭ بۇ قاراشلىرىدا ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بايەزىد بەستامى، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ سۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ئامىللىرى ئېنىقلا ئىپادىلەنگەنىدى. شۇڭا ئۇ بىدئەت دەپ ئەيىبلىنىپ باغدادتا تەقىب ئاستىغا ئېلىنغانىدى.

## 3. تەۋھىد

زۇنۇن مىسرىنىڭ «مەرىفەت» تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى راۋاجلاندۇرغان، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىكى مەقامەت (بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئۈچ مەقام) ۋە ھال ھەققىدىكى پىكىرلەرنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ شەرھلىگەن سوپى سەرىيىي سەكاتى (ئۆلۈمى: 250/867) بولدى.

سەرىيىي سەكاتى گەرچە ئالاھىدە يېڭى بىر كۆز قاراشنى ۋۇجۇدقا چىقارمىغان بولسىمۇ، زۇنۇن مىسرىنىڭ قاراشلىرىنى كېڭەيتىپ شەرھلەپ، ئىنسان مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىش جەريانلىرى (مەقاملار) ئارقىلىق ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ ھەق بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، زۇنۇن مىسرى ئوتتۇرىغا قويغان ئاۋامۇ، خاسمۇ قوبۇل قىلمىغان ئۈچىنچى باسقۇچ — ھەقىقەت مەقامى ئىدى. سەكاتى بۇنى شەرھلەش ئۈچۈن «تەۋھىد» سۆزىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ سۆزنى ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى بولغان «بىرلىك، ئاللانىڭ يېگانىلىقى» مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىپ ھەققە قوشۇلۇپ كېتىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللانغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «تەۋھىد» تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسىي ئاتالغۇلاردىن بىرى سۈپىتىدە، ئىشق مەيدىن مەست بولغان ئاشىق سوپىلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەيدىغان بىر ئۇقۇم بولۇپ قالغانىدى.

## 4. مۇھاسىبە (ئۆزىنى كۆزەتمەك، تەكشۈرمەك)

زۇنۇن مىسىرى بىلەن زاماندىش بولغان خارىس مۇھاسىبى تەسەۋۋۇپنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئاساسلىرىنى بېيىتىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاتالغۇ ئېلىپ كىرگەنىدى.

خارىس مۇھاسىبى (ئۆلۈمى: 857) نىڭ ئاساسىي قارىشى «ئۆزىنى كۆزىتىش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش» تىن ئىبارەت بولۇپ، مۇشۇ مەنىدىكى «مۇھاسىبە» سۆزى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئاتالغانىدى. ئىزۇتسۇ توشىھىكو «مۇھاسىبىنى ئىلگىرىكى سوپىلاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، مۇھاسىبىنىڭ ئىنسانىيەت پسىخىكىسىغا قارىتا ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بارغان مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك.»[①] دەپ يازىدۇ.

مۇھاسىبى ئۆز تەلىماتلىرىنى شەرھلەپ «ئەر-رىئايەلى ھوقۇق ئاللاھ» («ئاللانىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش») ناملىق 61 بابتىن تەشكىل تاپقان بىر ئەسەر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن مۇھاسىبە (ئۆزىنى كۆزەتمەك) نىڭ ئۇسۇللىرى سۆزلەنگەن، ئىنساننىڭ سىرتقى پائالىيىتى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ خاھىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر شەرھلەنگەن. مۇھاسىبىنىڭ بۇ كىتابى تەسەۋۋۇپ ئەخلاقىدىكى قەلبنى تازىلاش چۈشەنچىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان بولۇپ، يى. ئې. بېرتېلىس «ئۇنىڭ سوپىزىم تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ناھايىتىمۇ زور. چۈنكى كېيىنكى ۋاقىتلار (X — XII ئەسىرلەر) دا سوپىلىق تەرىقەتلىرى ھەققىدە بىر نەرسە يازغان ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭدىن ناھايىتىمۇ كۆپ پايدىلانغان.»[②] دەپ يازغانىدى.

---

① ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 125 ـ، 126 ـ بەتلەر.

② يى. ئې. بېرتېلىس: «سوپىزىم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات»، 29 ـ، 30 ـ بەتلەر.

خارس مۇھاسبى ئۆزىنىڭ «مۇھاسىبە» كۆز قارشىغا ئاساسەن روھنىڭ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۈستۈن قىسمىدىكى روھ تەن بىلەن بىرلىشىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ھەقىقىي يوسۇندىكى روھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ روھتا ياراتقۇچى ئاللا ئۆزىنىڭ سىرلىرىنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن بولىدۇ. ئاستىنقى قىسمىدىكى روھ بولسا، تەننى ئاساس قىلغان، بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى بولغان «نەفس» (نەپس) تىن ئىبارەت. ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق قەبىھلىكلەر مانا شۇ نەپستىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا سوپىلىق يولىنى تۇتقان كىشى ئۇچۇن ئەڭ ئالىي مەقسەت — نەپسنى يېڭىش ، روھنى كىشەننىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئەركىن، ساپ ھالىتىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئىنساندىكى نەپستە زور بىر ئالۋاستى يوشۇرۇنغان، ئىنسان ئۇنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىدىكەن، ئۇ ئىنساننى گۇناھ پاتقىقىغا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا ئىنسان ھەر دەقىقىدە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ تۇرۇشى (يەنى مۇھاسىبە ئىچىدە بولۇشى) ۋە بۇ ئارقىلىق نەپسنى يېڭىشى كېرەك.

شۇندىن تارتىپ «مۇھاسىبە» مۇ تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم ئىستىلاھلىرىدىن (ئاتالغۇلىرىدىن ) بىرى بولۇپ قالدى.

## 5 . فەنا (فانا)

تەسەۋۋۇپتا «فەنا» (يوق بولۇش) ئاتالغۇسىنى دەسلەپ بولۇپ ئىشلەتكەن كىشى «سۇلتانۇل ئارىفىن» (ئارىفلارنىڭ سۇلتانى) دەپ شۆھرەت قازانغان، ئۆزىگە خاس قاراشلارغا ئىگە بولغان مۇتەپەككۇر ئەبۇ يەزىد بەستامى ياكى بايەزىد بەستامى (ئۆلۈمى: 262/875) دۇر.

ئۇ ئۆزىنىڭ «فەنا» قارىشىدا رەبىئەتۇل ئادەۋىييە ئوتتۇرىغا قويغان ئىشق قارىشىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋۇجۇدى ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق ئۇچۇن ئاخىرقى مەنزىل فەنا — يوق بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ يوق بولۇش ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقى ئىچىدە يوق بولۇپ كېتىشى، يەنى ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىشتىن ئىبارەت.

بەزى غەرب ئالىملىرى بايەزىد بەستامىنىڭ بىر ھىندىستانلىقتىن تەلىم ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ تەسىرىدە بۇ قاراشنى مەيدانغا چىقارغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى بەزى مەزمۇنلارنىڭ ھىندىستان دىنىي پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرى ھېسابلانغان «ئۇپانشاد» (Upanisad) ۋە «بخاگاۋاد-گىتا» (Bhagavadgita) دىكى مەزمۇنلارغا بەكمۇ يېقىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.①

تەسەۋۋۇپ ھەققىدە ئەتراپلىقراق ئىزدەنگەن يەنە بىر قىسىم ئالىملار بولسا يۇقىرىقى پىكىرنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

فرانسىيە ئالىمى كاررا دې ۋائۇكس (Carra de Vaux) غەززالى ھەققىدە يازغان كىتابىدا «ئىسلام تەسەۋۋۇپىدىكى ‹فەنا› نىڭ ھىندىلارنىڭ ‹نىرۋانا› سى بىلەن ھېچبىر باغلىنىشى يوق ئىكەنلىكى②نى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن چۈشەندۇرىدۇ.

ئاتاقلىق ئىرانشۇناس، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى تەسىرى چوڭ ئالىملاردىن بىرى يى. ئې. بېرتېلىسمۇ ئۆزىنىڭ «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات» دېگەن ئەسىرىدە، تەسەۋۋۇپتىكى «فەنا» چۈشەنچىسىنى بىر قىسىم غەرب ئالىملىرى كۆرسەتكەندەك ھىندىلارنىڭ بۇددا دىنىدىكى

---

① جافىررى پالىندىر: «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم»، (خەنزۇچە تەرجىمىسى)، بېيجىڭ، 1992 - يىل، 154 - بەت.

② كاررا دې ۋائۇكس: «غەززالى»، پارىژ، 1902 - يىل، 287 - بەت. (دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، ئەنقەرە، 1991 - يىل، 7 - نەشرى، 16 - بەتتىكى ⑧ ئىزاھقا قارالسۇن. بىز شۇ ئىزاھاتتىكى نەقىلدىن پايدىلاندۇق.)

«نىرۋانا» (Nirvana) دىن كېلىپ چىققان دېيىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، بۇ ئىككى چۈشەنچە ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوقلۇقىنى ئېنىق قەيت قىلىدۇ.① ئۇ تەسەۋۋۇپتىكى «فەنا» كۆز قارىشىنىڭ تەرەققىي قىلىپ «بەقا» (ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك) كۆز قارىشىغا راۋاجلىنىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ بۇددىزمدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە بولغان «نىرۋانا» دىن روشەن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ②.

بىزنىڭ قارىشىمىزدىمۇ، تەسەۋۋۇپتىكى «فەنا» قارىشىنى بۇددىزمدىكى «نىرۋانا» دىن كەلگەن دېيىش توغرا بولمىسا كېرەك. خۇددى بېرتېلىس كۆرسەتكىنىدەك، ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بولغان «بەقا» چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ بۇددىزمدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

«فەنا» — تەسەۋۋۇپتىكى ناھايىتىمۇ چىگىش، مۇرەككەپ مەسىلىلەردىن بىرى. ئۇنى سۆز مەنىسى بويىچە بىر ئېغىز سۆز بىلەن «ئۆلمەك، يوق بولماق» دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى مەنىسىنى شەرھلەش ئۈچۈن نەۋائىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا يۈز رىسالىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

دېدىڭ: «فەنا نېدۇر؟» مۇختەسەر دېيىن: «ئۆلمەك!»
كى شەرھىن تىلەسەڭ، يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.③
(«فەنا نېدۇر؟» دەپ سورىدىڭ، قىسقىلا دېسەم «ئۆلمەك!»
ئەمما شەرھىسىنى تەلەپ قىلساڭ، يۈز رىسالە بولىدۇ.)

مالاي تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى ھەمزە پانسۇرى ئۆزىنىڭ «ئەسرارئەل - ئارىفىن» («ئارىفلارنىڭ سىرلىرى») ناملىق ئەسىرىدە «فەنا» نى مۇنداق شەرھلەيدۇ: «‹فەنا› — يەنى ئۆلمەك، بۇ خۇدادىن باشقا ھەممە نەرسىنى يوق ئېتىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆلۈم ئىچىدە ئۆزىنىڭ

---

①② يى. ئې. بېرتېلىس: «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات»، 32 ـ بەت.
③ ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 27 ـ بەت.

پۈتۈنلەي ئۆلۈۋاتقانلىقىنى چۈشەنسە، ئۇنى فەنا بولدى (ئۆلدى، يوق بولدى) دېيىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭدا خۇدادىن ئۆزگىنىڭ ھەممىسى تېخى تولۇق يوقالمىغان بولىدۇ. بۇ فەنا دېيىلمەيدۇ. قاچانكى خۇدادىن باشقا ھەممە نەرسە يوق قىلىنسا، ھېچ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنىمۇ، كىمگە سېغىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، بىرلىككە ئېرىشىپ فەنا بولىدۇ...»[①]

بايەزىد بەستامىنىڭ فەنا قارىشى — ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق ئېتىش، ئۆزلۈكتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالماسلىق بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئاشىق ئۆز مەشۇقى بىلەن قوشۇلۇپ، بىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قاراشلىرى ئاساسىدا، «يىلان پوستىنى تاشلىغىنىدەك مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەرك ئەتتىم. بىر چاغدا ئۆز ماھىيىتىمگە قارىسام.... ئاھ، مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپتىمەن.»[②] دېگەنىدى. ئۆزلۈكنى فەنا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بەستامى يەنە، «سبحانى سبحانى مااعظم شائنى» — «سۇبھانى سۇبھانى مائەزىمە شانى» (ئۇلۇغمەن، ئۇلۇغمەن، شانىم شەرەپكە تولۇقمەن) دەپ، ئىسلام دىنىدا پەقەت ئاللاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندا قوللىنىلىدىغان «سۇبھان» سۆزىنى ئۆزىنىڭ فەنالىق ئىچىدىكى ھالىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەنىدى. ئۇ بۇ سۆزلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، «مەن ئۆزۈمدىكى ھەر قانداق قۇسۇرلاردىن قۇتۇلدۇم، جىسمىمدا خۇدادىن بۆلەك ھېچنەرسە قالمىدى. ئۇلۇغمەن، ئۇلۇغمەن، شان ـ شەرەپكە تولۇقمەن!»[③] دەيدۇ.

بەستامىنىڭ بۇ سۆزلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەللاجنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇ بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن «كاپىر» دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆز شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. لېكىن

① ھەمزە پانسۇري: «ئەسرار ئەل ـ ئارىفىن» (ئارىفلارنىڭ سىرلىرى) — م.ت. ستېپانيانىسنىڭ «سوپىزمنىڭ پەلسەپۋى قاراشلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان ۋ. ئى. بىراگىنىسكىي تەرىپىدىن قىلىنغان رۇسچە تەرجىمىسى. شۇ كىتاب، موسكۋا، 1987 ـ يىل، 147 ـ بەت.

② ③ رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 280 ـ، 281 ـ بەتلەر.

سوپىلار ئارىسىدا بولسا، «سۇلتانۇل ئارىفىن» دەپ نام ئالدى. ئەھلى سۈننەت ئارىسىدىمۇ چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە بولغان مۆتىدىل يول تۇتقان مۇتەسەۋۋۇپ جۇنەيد باغدادى (ئۆلۈمى: 911) بولسا، بايەزىدنىڭ بۇ سۆزلىرىدە «ئىسلامغا مۇخالىپ كېلىدىغان ھېچنەرسە يوقلۇقى»[1] نى كۆرگەنىدى. جۇنەيد بايەزىدنىڭ سۆزلىرىنى پەقەت خۇدا بىلەن بىرلىشىش خىيالىنىڭ چوڭقۇر قاينىمىغا چۆككەنلىكتىن ئىبارەت، دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بايەزىد ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ «سبحانى» دەپ خىتاب قىلىپ ئاڭسىز ھالدا تەكرار ـ تەكرار ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى خۇداغا قارىتا ئېيتىلغان.

جۇنەيدنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى قاراشلىرىمۇ ئاساسەن بەستامىنىڭ فەنا قارىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە «كىتاب ئەل ـ فەنا» ناملىق رىسالە يازغان. جۇنەيد سەرىيىي سەقاتى بىلەن مۇھاسىبىنىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئۇ ئۇستازلىرىنىڭ تەلىماتلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى سوپىلارنىڭ قاراشلىرى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئەھلى سۈننەت چەكتىن ئېشىپ كەتتى دەپ قارىغان يەرلىرىنى تۈزىتىپ، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى ئەھلى سۈننەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە راۋاجلاندۇرغانىدى. شۇڭا ئادەتتە سوپىلارغا ئۆچمەنلىك، زەھەرخەندىلىك كۆزلىرى بىلەن قارايدىغان ئەھلى سۈننەت ئىچىدىكى ئۆلىما فىقىھلار (قانۇنچىلار) مۇ جۇنەيدگە ھۆرمەت قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ مۆتىدىل يول تۇتقانىدى. شۇڭا ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن «تاۋۇس ئەل ئۆلىما» (ئۆلىمالار ئىچىدىكى توز) دەپ ئاتالغان. ئەتتارمۇ، «ئۇنى باغداد ئىچىدە سەيىيدۇت تائىفە» (ھەقىقەتچىلەر سۇلتانى) دەپ ئاتىشاتتى»[2] دەپ قەيت قىلغان.

ئەبۇ يەزىد بەستامى ئوتتۇرىغا قويغان فەنا كۆز قارىشى

---

① ي. ئې. بېرتېلىس: «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات»، 33 ـ بەت.
② پەرىدىددىن ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، 130 ـ بەت.

شۇندىن تارتىپ تەسەۋۋۇپتىكى ئاخىرقى، ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوقىتىش مەنزىلىنىڭ نامى بولدى. فەنا قارىشى ئۆزىنىڭ بارلىقىغا كىلىشىگە زىمىن بولغان ئىشق تەلىماتىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىغا يېتىشىدىكى ئالدىنقى شەرت — ئۆزلۈكتىن كېچىش، ئۆزلۈكنى يوقىتىش — فەنا بولۇش بولدى. تەسەۋۋۇپتىكى بۇ ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىشق كۆز قارىشى بىلەن بىرلىكتە شېئىرىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغان تېمىلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. نەۋائىي غەزەللىرىدىن بىرىدە شۇنداق يازغانىدى:

دېمە جامى فەنا ئىچرە ئېزىلمىشتۇر ئەجەل زەھرى،
نەۋائىي جان بېرىپ ئول جامنى چەكمەكتۇر ئارمانىم.①

ئۆز ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدا يېڭى قاراشلارنى ئۈزلۈكسىز ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، تېخىمۇ تولۇقلىنىپ، مۇرەككەپلىشىپ بېرىۋاتقان تەسەۋۋۇپنىڭ «ھۆسنى مۇتلەق» كە يېتىش يولىدىكى پىكىر تەرەققىياتى «فەنا» بىلەن تۈگەللەنمىدى. تەسەۋۋۇپتىكى مەنىۋى يۈكسىلىش جەريانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان چۈشەنچىلەرنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا يەنە بىر قاراش قوشۇلۇشى كېرەك بولاتتى. بۇ نۇقتىنى مۇتەسەۋۋىپلار ھېس قىلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە، مۇرەككەپ بىر روھىي ھالەت جەريانلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ ھەق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندىن كېيىنكى ھالەتنى يەنە «فەنا» دەپ ئاتاش توغرا بولمايتتى. چۈنكى فەنا دېمەك يوق بولۇش دېمەك. بۇ ئۆزلۈكنىڭ يوق بولۇپ ھەق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشىنى بىلدۈرىدۇ. ھەق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش بولسا

① ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ت. ئېلىيوپ)، ئۈرۈمچى، 1982 ـ يىل، 397 ـ بەت.

ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش دېگەن گەپ. شۇڭا ھەق بىلەن قوشۇلۇپ ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوق قىلغان ھالەت «فەنا» ئەمەس بەلكى «بەقا» دېيىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن فەنادىن بەقا چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ئىككىسى ئايرىلماس بىر جۈپ ئاتالغۇ بولۇپ قالدى. ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن (بەقا بولماق ئۈچۈن) ئالدىنقى شەرت ئۆزلۈكنى يوقىتىش — فەنا ئىدى. نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا:

ئەي نەۋائىي، دەۋلەتنى باقى تىلەرسەن ۋەسلىدىن،
ئانى كەسب ئەتمەك فەنا بولماي نى ئىمكان ئاقىبەت.①

«فەنا» ۋە «بەقا» — ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆزلۈكنى يوقىتىش ۋە ھەق بىلەن بىرلىشىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش مەنىسىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، «فەنافىللاھ»، «بەقابىللاھ» شەكلىدىمۇ قوللىنىلغان. ئەھمەد يەسەۋى «ھېكمەت» لىرىدە شۇنداق قوللانغانىدى:

لى مەئەللاھى مەقامىغا بارماغۇنچە،
ئەنتەمۇتۇ سارايىغە كىرمەگۈنچە،
فەنا فىللاھ دەرياسىغا چۆممەگۈنچە،
بەقابىللاھى گەۋھەرىدىن ئالسا بولماس.②

مانا شۇ فەنا قارىشىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يوق بولغانلىقىنى ئېيتقان ئاتاقلىق سوپى — مەنسۇر ھەللاجى ئىدى.

### 6. «ئەنەل ھەق»

«ئەنەل ھەق» تەسەۋۋۇپتىكى مەلۇم بىر كۆز قاراش ياكى چۈشەنچىنىڭ نامى ئەمەس. ئۇ پەقەت مەنسۇر ھەللاجىنىڭ پۈتۈن

① ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر»، 205 ـ بەت.
② ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت» — «بۇلاق»، ئومۇمىي 16 ـ سان، 182 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىسلام دۇنياسىغا داڭ كەتكەن بىر ئېغىز سۆزى. بۇ سۆز تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئەڭ كەسكىن باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى. ياپونىيىلىك ئىسلامشۇناس ئىزۇتسۇ توشىھىكو ئۆزىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى» ناملىق كىتابىنىڭ تەسەۋۋۇپ قىسمىدا، «دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوپىزمنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئۈچ مەشھۇر شەخس بار. ئۇلار — جۇنەيد، ئەبۇيەزىد بەستامى ۋە ھۇسەيىن مەنسۇر ھەللاجىدىن ئىبارەت»① دەپ يازغانىدى.

بۇ ئۈچ چوققىنىڭ بىرى بولغان مەنسۇر ھەللاجى (تولۇق ئىسمى ئەبۇل مۇغىس ئەل ـ ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ئەل بەيزەۋى بولۇپ، ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ ئىسمى، ھەللاج بولسا لەقىمى) ھىجرىيە 244 ـ يىلى (مىلادىيە 857 ـ يىلى) فارس ۋىلايىتىنىڭ بەيزا شەھىرى ئەتراپىدىكى تۇردا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياشلىقىدىنلا تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق سوپىلاردىن، جۈملىدىن جۇنەيد باغدادىدىن تەلىم ئالغانىدى. لېكىن تەسەۋۋۇپتا مۆتىدىل يول تۇتۇپ، ئۇنى ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش خاھىشىدىكى جۇنەيد ھەللاجىنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى دەسلەپكى پىكىرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلالمىغانىدى. شۇڭا ھەللاجى جۇنەيدنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ جاھان كەزدىلىككە ئاتلىنىدۇ. ئۈچ قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدۇ. ماۋارەئۇننەھر، ھىندىستانلارغا بارىدۇ. ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» دىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، ماچىن (خوتەن) غىمۇ كەلگەن②.

مەنسۇر ھەللاجى مانا شۇ جاھان كەزدىلىك ھاياتى ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى سۆزلەپ تارقاتقانىدى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىملىق ھەجدىن كېيىن 268/900 ـ يىلىدا باغدادقا قايتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن مۇرىتلار توپلانغانىدى. ئۇنىڭ

---

① ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 127 ـ بەت.
② پەرىدىددىن ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، 203 ـ بەت.

تەسەۋۋۇپقا دائىر سۆزلىرى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆلىما ـ مولللارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. ئەسلىدىلا تەسەۋۋۇپنى ئىسلامدىن چەتنەپ كەتتى دەپ ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئەھلى سۈننەت مەنسۇر ھەللاجىغا قارشى چىقىشقا باشلىدى. ھەللاجىنىڭ «ئەنەل ھەق» (مەن ھەقمەن) سۆزى ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىپ، ئۇ زىندانغا تاشلانغان. دوكتور كەمال ئەراسلاننىڭ پىكرىگە قارىغاندا ھەللاجى ئۆزىنىڭ دىۋانى — «تەۋاسىن» نى زىنداندا يازغان. ①

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ كۆز قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە بايەزىد بەستامىنىڭ فەنا قارىشىنىڭ راۋاجى بولۇپ، ھەللاجى ئۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەنىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم زىنداندىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۆز ئېتىقادىدىن، قاراشلىرىدىن يالتايمىغان، «ئەنەل ھەق» دەپ خىتاب قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم زىندانغا تاشلانغان. پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، كىشىلەر زىندانغا كېلىپ ئۇنىڭغا:

« — ئەي ھۇسەيىن! دېگەن سۆزۈڭ ئۈچۈن ئەپۇ سورىغىن، زىنداندىن قۇتۇلىسەن.» دېگىنىدە، ھۇسەيىن شۇنداق جاۋاب بەرگەن: «— مەن ئۆزرە سورىغىدەك نېمە دەپتىمەن. خالىقنى قويۇپ خەلققە يالۋۇرمايمەن (ياراتقۇچىدىن كېچىپ، مەخلۇققا يەنى ئىنسانغا يالۋۇرمايمەن)». ②

مەنسۇر ھەللاجى زىنداندىكى قىيناشلار ئالدىدىمۇ «ئەنەل ھەق» دەپ، قاراشلىرىدىن يانمىغانلىقى ئۈچۈن شۇ چاغدىكى باغدادنىڭ قازىسى ئۆمەر ھەممەدىنىڭ پەتىۋا بېرىشى بىلەن خەلىپىدىن مەنسۇرنى دارغا ئېسىش تەلەپ قىلىنغان. بەزى

---

① كەمال ئەراسلاننىڭ «دىۋانى ھېكمەت سەجمەلەر» گە ئىشلىگەن ئىزاھلىرىدىكى ھەللاجى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىزاھقا قاراڭ. شۇ كىتاب، 371 ـ بەت.

② پەرىدىددىن ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، 205 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەلۇماتلاردا مەنسۇرنىڭ مۇرشىدى جۇنەيددىن پەتىۋا چىقىرىش تەلەپ قىلىنغان، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» دا يېزىلىشىچە، جۇنەيددىن مەنسۇرغا پەتىۋا بېرىش تەلەپ قىلىنىپ، پەتىۋا ياز دېيىلگەن. «جۇنەيد ئۇچىسىدىكى سوپىلار تونىنى سېلىپ، ئۆلىما قىياپىتىگە كىرىپ» مۇنداق پەتىۋا چىقارغان: «بىز ئۇنىڭ زاھىرىغا ھۆكۈم قىلىمىزكى ئۆلۈمگە لايىقتۇر. باتىنىنى ئاللا بىلىدۇ.»

قازىنىڭ ھۆكۈمىگە خەلىپىنىڭ تەستىق سېلىشى بىلەن ھىجرىيىنىڭ 309 ـ يىلى (مىلادىيە 922 ـ يىلى) ئەتىيازدا ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى نەچچە كۈنگىچە دار ياغىچىغا ئېسىپ قويغان، تېنىنى نەچچە پارچە قىلىپ چاناپ كۆيدۈرۈپ كۈلىنى دەجلە دەرياسىغا سورىغان. مەنسۇر ھەللاجى دار ئالدىغا كەلگەندە خۇداغا شۇنداق ئىلتىجا قىلغان: «... سېنىڭ قۇللىرىڭ، ساڭا بولغان يېقىنلىقلىرى ۋە دىنغا بولغان سادىقلىقلىرى سەۋەبىدىن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە جەم بولدى. ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن! چۈنكى سەن ماڭا كۆرسەتكەن سىرلارنى ئۇلارغىمۇ كۆرسەتكەن بولساڭ، مېنى بۇنداق چۈشەنمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇلاردىن يوشۇرغان سىرلارنى مەندىنمۇ يوشۇرغان بولساڭ، بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلىمەس ئىدىم.»①

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى سوپىلارنى بىر ئاز چۆچۈتكەنىدى. ئۇلار رېئاللىقتا يۇزلەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى

---

① لۇئىس ماسسىگنون: «كىتابۇل ئەخبارىل ـ ھەللاج»، پارىژ، 1922 ـ يىل، 7 ـ، 8 ـ بەتلەر. (سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 118 ـ ۋە 138 ـ بەتلەرگە قاراڭ. شۇ كىتابتىكى نەقىلدىن ئېلىندى.)

ئىختىلاپ خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىدى. تەسەۋۋۇپقا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ئۇنىڭغا قارشى چىققانلار ئەھلى سۈننەتلا ئەمەس، يەنە مۇتەزىلىيلەرمۇ[1] بار ئىدى. چۈنكى تەسەۋۋۇپ ۋۇجۇدى مۇتلەقنى تۇيغۇ يەنى ئىشق ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ، بىلىشنىڭ ۋاستىسى ئىشق دەپ قارايتتى. مۇتەزىلىيلەر بولسا ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئەقىلچىلىك ئېقىمى بولۇپ، ئۇلار بىلىشتە ئەقىلنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى. شۇڭا تەسەۋۋۇپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە ئەقىلنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، تەسەۋۋۇپمۇ ئىسلام پەلسەپىسىدىكى تەسىرى چوڭراق بىر پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا ئېقىم ۋە خاھىشتىكىلەر بىلەن قارشىلىشىش ، ئىختىلاپ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. تەسەۋۋۇپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارمۇ كۆپىيىپ، تۈرلۈك ۋاستىلار بىلەن ئۆچمەنلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن. IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ بېرىشى، تەسەۋۋۇپتىكى يېڭى - يېڭى تەلىماتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەر قايسى ئېقىملار، مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ قارشىلىقلار ئىچىدە ئەھلى سۈننەت بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشكەن بولۇپ، ئۇلار سوپىلارنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇ ھەقتە گولدزىر (Goldziher) شۇنداق يازغانىدى: «IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باغدادتا ئورتودوكسلارنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، نامى چىققان سوپىلاردىن قىيىن - قىستاققا

① مۇتەزىلىيلەر (سۆز مەنىسى: ئايرىلىپ چىققانلار، يىراقلاشقانلار) ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئىلاھىيەتچى ئېقىملاردىن بىرى. ئۇلار ئەقىلنىڭ رولىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. شۇڭا ئۇلار بەزىدە «ئەقىلچىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىنمىغان بىرەرسىمۇ قالمىغان.»[1]

بۇ قارىمۇ قارشىلىقنىڭ يۇقىرى چېكى ھەللاجى بولدى. ھەللاجىنىڭ ساۋىقىدىن كېيىن، سوپىلار سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئاۋام خەلق چۈشىنەلەيدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان دائىرە ئىچىدە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى. تەسەۋۋۇپ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ قىيىن بىر دەۋرگە كېلىپ قالغانىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ ئالدىدا پەقەت بىرلا يول — ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلىشىش، ئۇلار يول قويغان دائىرە ئىچىدە پىكىر قىلىش يولى بار ئىدى. چۈنكى ئۇلار داۋاملىق ئۆز ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدا بۇ قىيىن باسقۇچقا دۇچ كېلىشى، تەسەۋۋۇپ بىلەن تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ، قارىمۇ قارشىلىقنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «سوپىزم ئاشۇ قىيىن باسقۇچنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تەرەققىي قىلىپ ئورتودوكسلارمۇ ئېتىبارسىز قارىيالمايدىغان بىر كۈچكە ئايلاندى ھەم ھەر خىل راتسىئونالىزملىق (ئەقىلچىلىك)، مىستىسىزملىق ۋە ترادىسىئونالىزملىق ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى ئورتودوكسال ئېتىقادقا ئېلىپ كىرگەن غەززالىدەك ‹ھۆججەتۇل ئىسلام› مەيدانغا كەلدى.»[2]

تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش خاھىشى دەسلەپكى سوپىلاردىن خارىس مۇھاسىبى ۋە جۇنەيد باغدادىلاردا خېلى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەنىدى. ئەمما، بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى

---

① ئى. گولدزىر: «ئىسلام ھەققىدە لېكسىيە» (س. ن. گىرىگورىياننىڭ كىتابىدىن نەقىل ئېلىندى). س. ن. گىرىگورىيان: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى: VI — XII ئەسىرلەرگىچە»، موسكۋا، 1960 - يىل، 49 - بەت.

② «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. دىن قىسمى»، 379 - بەت.

ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ، ئەھلى سۈننەت بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋەزىيىتىگە ھەقىقىي يوسۇندا خاتىمە بەرگەن كىشى مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس، پەيلاسوپ ھەم سوپى ئىمام غەززالى بولدى. بۇ باسقۇچ تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىدىكى بۇرۇلۇش باسقۇچى بولغانىدى.

## 7. غەززالىنىڭ تۆھپىسى

ئەبۇھامىد مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل غەززالى ھىجرىيە 450 - يىلى (مىلادىيە 1058 - يىلى) خوراساننىڭ تۇس شەھىرىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيە 505 - يىلى (مىلادىيە 1111 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئۆلىما - ئالىملىرىدىن جۇۋەينى، ئىمام ئەل ھەرەمەيىنلەردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى پەۋقۇلئاددە تالانتى ئۇنىڭ نامىنى تېزلا ئەتراپقا يايغانىدى. بۇ ھەقتە ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن دەۋر قەھرىمانىنى يارىتىدۇ، قەھرىمانمۇ دەۋر يارىتىدۇ، دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىغان زات — غەززالى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان پايتەخت باغدادتىكى نىزامىيە مەدرىسىدە مۇدەررىس بولۇش سۈپىتى بىلەن غەززالىنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە تارالغان، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بولۇپ قالغانىدى.» دەپ يازىدۇ.①

دەرۋەقە، غەززالىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىدىكى، ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئورنى ناھايىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، «ھۆججەتۇل ئىسلام» («ئىسلام دىنىنىڭ ھۆججىتى»)، «زەينۇددىن» («دىنىنىڭ زىننىتى») دېگەنگە ئوخشاش ھۆرمەت ناملىرىغا سازاۋەر بولغان. ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر كېيىن ئۆتكەن تەرىقەتچى پەيلاسوپ سەبۇكى ئۇنىڭغا: «ئەگەر

---

① ئىزۇتسۇ توشىھىكو، 88 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەممەدتىن كېيىنمۇ پەيغەمبەرلىك ۋاجىپ بولغاندا، بۇ ئۇلۇغ دەرىجىگە ئەل غەززالى مۇناسىپ ئىدى.»[①] دەپ تەرىپ بەرگەن.
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇ دەۋرلەردىلا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان. گېگېل ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان بولۇپ، ئەسەرلىرىدە ئۇنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا «شەرقنىڭ بۈيۈك ئەقىل - پاراستىنى ئىگىلىگەن دانا سكېپتىك[②] »[③] دەپ باھا بەرگەن.
غەززالىنىڭ ئىدىيىسى تولىمۇ مۇرەككەپ جەريانلار ئىچىدە تەرەققىي قىلغان. ئۇ شۇ دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۋاتقان تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ھەممىسى بىلەن دېگۈدەك ئۇچراشقان. نىزامۇل مۈلۈك تەسىس قىلدۇرغان نىزامىيە مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاساسىي دىققەت ئېتىبارى پەلسەپىگە قارىتىلغان. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلغىنى ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئارىستوتېل ئېقىمىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان فارابى (873 — 950) بىلەن ئىبنى سىنا (980 — 1037) لارنىڭ پەلسەپىسى بولۇپ، دەسلىپىدە غەززالى بۇلارنىڭ بەلگىلىك تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغانىدى. بىراق ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە زىددىيەت تۇغۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇ فارابى ۋە ئىبنى سىنالارنىڭ قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ، چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە كىرىشكەن ۋاقتىدا بولسا، ئىدىيىسىدە «ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بولغان شۈبھىلىنىشنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى

① غەززالى: «كىميايى سائەدەت تۈركى» — «شەرق يۇلتۇزى» (ئۆزبېكچە ئايلىق ژۇرنال)، 1992 - يىل، 7 - سان، 133 - بەت.
② سكېپتىسىزم (怀疑论، skepticism) — ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە قارىتا گۇمان - شۈبھە بىلەن قارايدىغان خاھىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا «گۇمانخورلۇق» دەپ ئاتالغان. بۇ ئېقىم ئەڭ دەسلىپىدە يۇنان پەلسەپىسىدە بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە، پەلسەپىدىكى مۇشۇ خىل خاھىشچىلارغا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.
③ گېگېل: «ئەسەرلەر»، Ⅱ توم، موسكۋا - لېنىنگراد، 1935 - يىل، رۇسچە نەشرى، 105 - بەت. (ۋ. ۋ. نائۇمكىن تەرجىمە قىلغان «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن» گە سۆز بېشى ئورنىدا بېرىلگەن ماقالىدىن ئېلىندى. شۇ كىتاب، 10 - بەت.)

ھېس قىلىدۇ.»[1]

غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئەقىل بىلەن ئېتىقادنىڭ كۈرىشى ئىدى. ئۇ ئەقىلنىڭ ھەقىقەتنى بىلەلىشىگە گۇمان بىلەن قارىغانىدى. بۇ گۇمانلىنىش ئاخىرى ئۇنىڭغا پەلسەپىنىڭ ئۇ بىلمەكچى بولغان ھەقىقەتنى بىلىشتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە قاتتىق داۋالغۇش پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى فارابى، ئىبنى سىنالارنىڭ قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىشقا ئۆتكەنىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا راتسىئونالىستىك خاھىش كۈچلۈك بولۇپ، بىلىشتە ئەقىلنىڭ رولىنىڭ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتى. غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدە ئىنچىل زىددىيەت ئىچىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان نەرسە مانا شۇ ئەقىلنىڭ بىلىشتىكى رولى مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ ئەقىلنىڭ دۇنيانى بىلىشتىكى رولىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، لېكىن مۇتلەق ھەقىقەتنى ئەقىل ئارقىلىق بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىدىن گۇمانلىناتتى. بۇ گۇمان، شۇبھىلىنىشنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدە زور بىر يىمىرىلىش پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نىزامىيە مەدرىسىدىكى مۇدەررىسلىك ئورنىدىن ئىستىپا بېرىپ، نام - ئابرۇيىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن جاھان كېزىشكە ئاتلىنىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا سوپىلارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىغىمۇ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئاللانى زىكرى قىلىپ ساماغا چۈشۈشلىرى ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى داۋالغۇشلارغا يول كۆرسەتكەندەك بولىدۇ. چۈنكى، سوپىلارنىڭ قارىشىدا مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ۋاسىتىسى ئەقىل ئەمەس بەلكى تۇيغۇ ئىدى. غەززالىنىڭ بىلىش ھەققىدە شۇبھە بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرىنىڭ تۈگۈنىمۇ

---

① ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 195 - بەت.

دەل مانا شۇ يەردە ئىدى.

غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ، داۋالغۇشلارنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسى بار ئىدى. كىشىلەردىكى ئېتىقاد قىزغىنلىقىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى، شەكىل ئۈچۈنلا دىنىي رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىپ، چىن دىلىدىن ئىخلاس بىلەن دىنغا بېرىلمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتەزىلىيلەرنىڭ راتسىئونالىستىك (ئەقىلچىلىك) قاراشلىرىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ قېلىشى، كىشىلەرنىڭ دۇنياۋى تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىشى قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئىجتىمائىي ئاساسلار ئىدى. غەززالىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «دەۋر ھەقىقەتەن ‹ئېغىر كېسەل›گە مۇپتىلا بولغانىدى.»①

چۈنكى ئەشئەرىيلەرنىڭ②كالام پەلسەپىسىمۇ، مۇتەزىلىيلەرنىڭ راتسىئونالىزمىمۇ قاتمال، دوگمىچىلىق ئاساسىدىكى شەكىلۋازلىق (فورمالىزم) قا تايانغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىزغىنلىقىنى قوزغاشتا ئاجىزلىق قىلاتتى. غەززالى دەۋرنىڭ بۇ «ئېغىر كېسىلى» نى داۋالاشنىڭ بىردىنبىر يولى — قۇرۇق شەكىلۋازلىققا ئايلىنىپ قالغان ئېتىقادنى يېڭىۋاشتىن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئېلىپ كىرىپ، «مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئابى ھايات بىلەن ئۇنى تىرىلدۈرۈش»③ دەپ ھېسابلىغانىدى. چۈنكى ئۇ جاھان كەزدىلىك ھاياتى ئىچىدە سوپىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللانى ياد ئېتىش، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ساماغا چۈشۈش ئارقىلىق قەلبىنى خۇدانىڭ نۇرى («نۇرى ئىلاھىييە») بىلەن پارلىتىشتىن

---

① ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 197 ـ بەت.

② ئەشئەرىيلەر — مۇتەكەللىملەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى مەدرىس پەلسەپىسى — كالام تەرەپدارلىرى. ئەبۇل ھەسەن ئەلى ئىبنى ئىسمائىل ئەل ـ ئەشئەرى (873 — 935) ئاساس سالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. كۆپىنچە «مۇتەكەللىملەر» (كالام تەرەپدارلىرى) دەپ ئاتىلىدۇ.

③ ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 197 ـ بەت.

ئىبارەت «تەجرىبە» سىنى ھېس قىلغان ۋە بۇنى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىزغىنلىقىنى جانلاندۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل دەپ قارىغانىدى.

غەززالى سوپىلاردىكى مانا شۇ ئىچكى قىزغىنلىق ئارقىلىق دەۋرنىڭ ئېغىر كېسىلىنى داۋالاش مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپتا قىسمەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىگە قارشى ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ، بۇ ئارقىلىق دىننى گۈللەندۈرۈش يولىنى تۇتۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىسلام ئەللىرىدە قايتا - قايتا نەشر قىلىنىپ قەدىرلىنىپ كېلىۋاتقان نوپۇزلۇق ئەسىرى «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن» («دىنىي ئىلىملەرنى تىرىلدۈرۈش») ناملىق تۆت جىلدلىق ئەسىرى مانا شۇ مەقسەتتە يېزىلغان. غەززالى بۇ ئەسىرىدىمۇ، باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ تەسەۋۋۇپنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق توختالغان.

غەززالى تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەتنى بىرلەشتۈرۈشتە، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپتىكى بەزى «پانتېئىزملىق ئېلېمېنتلارنى ۋە مۇقەددەس زات، مۇقەددەس قەبرىلەرگە چوقۇنۇش خاھىشلىرىنى چىقىرىپ تاشلىدى.»[①] ئۇ ئەھلى سۈننەت چەكتىن ئېشىپ كەتتى دەپ قارىغان بەستامى، ھەللاجىنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاش ئىدىيىلەرگە قارىتا بىر ئاز سىلىقلاپ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، «ئىنسانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى قوبۇل قىلالىغىدەك دەرىجىدە سۆزلىشىڭلار»[②] دېگەن ھەدىسنى قايتا تەكىتلەپ، «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ»[③] دېگەن ھەدىسكە تايىنىپ، سوپىلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى دەلىللىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە

---

① «ئىسلام دىنى تارىخى»، بېيجىڭ، 1990 - يىل، 248 - بەت.
② ③ ئەھمەد ھىلمى: «ئىسلام تارىخى»، II جىلد، 390 - بەت.

غەززالىنىڭ تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەتنى بىرلەشتۈرۈشتە تايانغان ئۇسۇللىرى ئىدى. ئۇ مانا شۇ ئاساستا ھەقنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش كېرەك، بارلىق بىلىملەر ئۆزىنى بىلىشتىن باشلىنىدۇ، دەپ قارىغان.

غەززالى تەسەۋۋۇپنىڭ ھەقنى بىلىش توغرىسىدىكى تەلىماتى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سۈننەتكە مۇخالىپ كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئالدى بىلەن ئاللا يولىدا ماڭغانلارنىڭ سوپىلار ئىكەنلىكى ماڭا ئايان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ گۈزەل تۇرمۇش، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى ئەڭ توغرا ئۇسۇل، ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ئەڭ ساپ پەزىلەت ... ئۇنداقتا تەسەۋۋۇپنىڭ يولىنى (تەرىقەتنى) ئادەتتىكىچە قىلىپ يەنە قانداق تەرىپلەش مۇمكىن؟ ساپلىق ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى، بۇ قەلبنى ئۇلۇغ ئاللادىن باشقا بارلىق نەرسىدىن پاك - پاكىز تازىلاش دېگەنلىك. بۇ ئۇسۇل ئىبادەت قىلغاندىكى نامازنىڭ ئاشكارا ھەرىكەتلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچلۇق يېرى، قەلب پۈتۈنلەي ئاللانى خىيال قىلىش ئىچىگە غەرق بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولسا ئاللادا فەنا بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.»①

غەززالى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنىپ سۈننەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن تەسەۋۋۇپ ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەرنىڭمۇ، ئاددىي خەلقنىڭمۇ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. تەسەۋۋۇپقا ئىلگىرى ئۆچمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان سۈننى مەزھىپىدىكى «ئىبنى ئەل جاۋزى ۋە ئىبنى قايىملارغا ئوخشاش ئالىملار

---

① جافىررى پاللىندىر: «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم»، 160 ـ، 161 ـ بەتلەر.

غەززالىنىڭ بۈيۈك مەنىۋى سالاھىيىتى ئالدىدا باش ئەگدى.»[1] شۇنىڭ بىلەن «سوپىزم ئىسلامدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولدى ۋە بۇ ئورۇننى 5 ـ 6 ئەسىردىن ئۆزۈنراق، يەنى ئىبنى ئابدۇۋاھابنىڭ ۋاھابىيلىق تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، سوپىزمغا قارشى ھەرىكەت قوزغالغانغا قەدەر ساقلىدى.»[2]

دېمەك، غەززالى تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەتنى بىرلەشتۈرۈپ، تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىدا بۇرۇلۇش ياساپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، تەسەۋۋۇپنى «قانۇنىي» ئورۇنغا ئىگە قىلغاندى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقشۇناس ئالىمى، ئۆز دىققەت ئېتىبارىنى ئاساسەن غەززالىغا قاراتقان غەززالىشۇناس ۋ. ۋ. نائۇمكىن (B. B. Haymkuh) غەززالى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان تەسەۋۋۇپنى «مونىستىك سوپىزم» (بىر مەنبەلىك سوپىزم) دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە، «غەززالى مونىستىك سوپىزم سىستېمىسىنى ياراتتى.»[3] دەپ كۆرسەتتى. مېنىڭچە، غەززالى تەسەۋۋۇپقا ئالاھىدە يېڭى كۆز قاراش ئېلىپ كىرمىدى، لېكىن ئۇنى ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «قانۇنىي» ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ غەززالىينىڭ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس.

## 8. ئىشراق

ئىشراق سۆزىنىڭ مەنىسى نۇرلىنىش، جىلۋىلىنىش،

---

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (تۈركچە تەرجىمىسى)، 12 ـ جىلد، 1 ـ كىتاب، 28 ـ بەت.

② «ئىسلام دىنى تارىخى»، 248 ـ بەت.

③ ۋ. ۋ. نائۇمكىن: «غەززالىنىڭ ‹ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن› ئەسىرى» — «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن»، موسكۋا، 1980 ـ يىل، 85 ـ بەت.

پارلاش دېگەنلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى پىكىر تەرەققىياتىدا ئىپادىلەنگەن قەلبنى ماسىۋادىن تازىلاش، ئۇنى پەقەت ئاللاغىلا قارىتىش ئۇچۇن مەشغۇل بولغان پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قەلبىنى تازىلاپ، پەقەت ئاللانى خىيال قىلىش بىلەن بەنت بولۇش، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئاللانىڭ خىيالىي قاينىمىغا چۆكۈش ئارقىلىق قەلبنى ئىلاھىي نۇر («نۇرى ئىلاھىييە») بىلەن يەنى ئاللانىڭ نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇش، قەلبنى يورۇتۇش مۇمكىن. ئۇلار بۇنى «تەجرىبە» دەپ ئاتاشقان. ياپونىيىلىك ئىسلامشۇناس ئىزۇتسۇ توشىھىكونىڭ ئېنىقلىشىغا قارىغاندا، بۇ «تەجرىبە» نىڭ دەسلەپكى كەشپىياتچىسى جۇنەيد باغدادى ئىكەن.①

تەسەۋۋۇپتىكى ئىشراق چۈشەنچىسىنىڭ نەزەرىيىسىگە قارىغاندا ئەمەلىيىتى يەنى «تەجرىبە»سى بۇرۇنراق ئوتتۇرىغا چىققان. غەززالىمۇ سوپىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ قەلبنى تازىلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەن ھەم بۇ ئۇسۇللار بىلەن تاۋلىنىپ، قەلبنى ماسىۋادىن پۈتۈنلەي تازىلاپ، «ئىشراق» قا (يەنى قەلبى نۇرلىنىشقا، پارلاشقا) ئېرىشكەن. ئۇ ئۆزى ھېس قىلغان «تەجرىبە» گە ئاساسەن، قەلبنىڭ ئاللانىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ پارلىشى ھەققىدە «مشكاتۇل ئەنۋار» ناملىق بىر كىتابچىمۇ يازغان. ئۇنىڭ بۇ كىتابى كېيىنكىلەرگە بولۇپمۇ سۇھرىۋەردىنىڭ ئىشراق پەلسەپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

تەسەۋۋۇپتا ئىشراق چۈشەنچىسى مەيدانغا چىققاندىن كېيىن، «قۇرئان» دىكى نۇر سۈرىسى ۋە باشقا سۈرىلەردىكى نۇرغا ئائىت مەزمۇنلار، ھەدىسلەردىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ نەزەرىيىسى قىسمەن ئىزاھلانغان.

---

① ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 128 ـ بەت.

«قۇرئان» دىكى نۇر سۈرىسىدە، «ئاللا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر .... ئۇ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.» (سۈرە نۇر: 35) دېيىلگەن بولۇپ، ئاللانىڭ 99 نامىنىڭ بىرسىمۇ نۇر ئىدى. ئۇلار شۇلارغا ئاساسلانغان ھالدا قەلب ماسىۋادىن تازىلانغاندىن كېيىن ئاللانىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ دەپ قارىغان ۋە بۇنى بىۋاستە سېزىشكە، ھېس قىلىشقا ئىنتىلگەن بولۇپ، قەلبنىڭ پارلىشىنى «تەجرىبە» دەپ ئاتىغان. شۇندىن باشلاپ تەسەۋۋۇپتىكى ئىشراق چۈشەنچىسىگە ماس ھالدا «نۇرى ئىلاھىييە»، «نۇرى مۇھەممەدىييە» ياكى «ھەقىقەتى مۇھەممەدىييە» دېگەنگە ئوخشاش چۈشەنچىلەرمۇ پەيدا بولغان. ھەتتا ئىبىن سىنامۇ ئىنساننىڭ بىلىمى ئەسلى نۇرنىڭ پارلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ دەپ قارىغانىدى.

تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ئىشراق چۈشەنچىسى ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى ئەقىل - پاراسەت، بىلىم قاراشلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، تەسەۋۋۇپ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا، قەدىمكى ئاشۇ قاراشلاردىنمۇ قىسمەن ئوزۇقلانغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «قەدىمدە، ئەرەبلەر خۇددى باشقا شەرق خەلقلىرىگە ئوخشاش ئەقىل - پاراسەت، بىلىمنى نۇر بىلەن باغلاپ، بىلىمى بار، ئەقىل - پاراسەتلىك ياكى ئاقىل كىشىنىڭ قەلبىدە چوقۇم نۇر بولىدۇ؛ ئەكسىچە، نادان، بىلىمسىز ئادەمنىڭ قەلبى چوقۇم قاراڭغۇ - زۇلمەت بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئوخشاشلا ھالدا، ئەرەبلەر قۇياش چىققان شەرقنى نۇرنىڭ ماكانى، قۇياش پاتىدىغان غەربنى قاراڭغۇلۇقنىڭ ماكانى دەپ ھېسابلىغان. ئەرەبلەر شەرقنى نۇر بىلەن ئۆزئارا باغلاپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشراقنى (جىلۋىلىنىشىنى، پارلاشنى) ئوبرازلىق ھالدا قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈشكە

سىمۋول قىلغان. بۇ ناھايىتىمۇ ئېنىقكى، بىۋاستە سېزىش تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھەتتا ئەرەبچىدە ئىشراق بىلەن شەرق دېگەن ئىككى سۆزنىڭ يىلتىزىنىڭ ئوخشاش (sharq شەرق) بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. كېيىن سوپىلار ئەرەبلەرنىڭ بۇ قارىشىنى قوبۇل قىلغان.»①

بۇلاردىن سىرت تەتقىقاتلاردا يەنە، ئىشراق قارىشىنىڭ پەيدا بولۇشىدا زەردۇشت دىنىنىڭ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈرىشىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىك (دۇئالىستىك) تەلىماتىنىڭ يالدامىلىرىنىڭ بەلگىلىك تەسىرى بارلىقى، شۇنداقلا ئىشراق چۈشەنچىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىدا يېڭى پلاتونىزمچىلارنىڭ «نۇرلىنىش» (流溢说) تەلىماتىنىڭ تەسىرىمۇ قويۇق ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

ئىشراق قارىشىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن رەسمىي يوسۇندا شەرھلەپ، ئايرىم بىر تەلىماتقا ئايلاندۇرغان كىشى — شەھابىددىن سۇھرىۋەردى (1151 — 1191) بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتى «ئىشراق پەلسەپىسى» دەپ ئاتالغان. سۇھرىۋەردى ئاساس سالغان بۇ تەلىمات ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئايرىم بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىپ، «ئىشراقىيۇن» (نۇرچىلار) دەپ ئاتالغان.

## 9. ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد (بارلىقنىڭ بىرلىكى)

تەسەۋۋۇپ دەسلەپكى ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دە جۇنەيد، بايەزىد بەستامى، مەنسۇر ھەللاجىدەك ئۈچ چوڭ چوققىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىدا، ئىبىن ئەرەبىگە ئوخشاش «ئىسلام

① «ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى» (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيا دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىسلام دىنى تەتقىقات بۆلۈمى تۈزگەن)، شەندۇڭ، 991 ـ يىل، 124 ـ بەت.

مىستىسىزمىنىڭ ئاتىسى»[1] نى، جالالىددىن رۇمىغا ئوخشاش «سوپىزىم تەرەققىياتىنىڭ ‹ئالتۇن دەۋرى› نى ھەقىقىي پايانىغا يەتكۈزگەن»[2] مۇتەپەككۇرنى مەيدانغا چىقارغان.

«ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى تۇنجى بولۇپ كىم، قاچان ئىشلەتكەنلىكى تا ھازىرغا قەدەر ئېنىق ئەمەس»[3] بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆز بىرىكمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان چۈشەنچە، قاراشلارنى رەسمىي يوسۇندا شەرھلەپ، پەلسەپىۋى تەلىماتقا ئايلاندۇرغان كىشىنىڭ ئىبنى ئەرەبى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا شەيخۇل ئەزەم (ئەش - شەيىخ ئەل - ئەكبەر) دەپ داڭ قازانغان ئەبۇبەكرى مۇھيىددىن ئىبنى ئەل - ئەرەبى مىلادىيە 1165 - يىلى (ھىجرىيە 560 - يىلى) 7 - ئاۋغۇستتا ئەندەلۇسىيە (ئىسپانىيە) نىڭ مۇرسىيە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەندەلۇسىيەدىكى مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان سېۋىلگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەلۇماتىنى مۇشۇ شەھەردە ئالغان. ئۇ ئۆسمۈر ۋاقتىدىلا ئەھمەد ئىبنۇل ئەسىرى ئىسىملىك بىر ياش سوپى بىلەن دوستلاشقان بولۇپ، تەسەۋۋۇپقا زور قىزىقىش بىلەن قارىغانىدى. ئىبنى ئەرەبى زېھنىي قۇۋۋىتى جەھەتتىكى پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن باتىنىي ئىلىملەرنى ياخشى ئىگىلىگەن ۋە مەلۇم ئۇتۇقتا ئېرىشكەن بولۇپ، تېخى ياش بولۇشىغا قارىماستىن ئەندەلۇسىيەدىكى ئىلاھىيەتچىلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ

---

① بۇ نىكولسوننىڭ سۆزى بولۇپ، م. ت. ستېپانيانىسنىڭ «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى. شۇ كىتاب، موسكۋا، 1987 - يىل، 78 - بەت، 2 - بابقا بېرىلگەن ئىزاھلارنىڭ ① گە قارالسۇن.

② ئى. د. جاۋەلىدزە: «تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى. I جالالىددىن رۇمى (دۇنيا قاراش مەسىلىلىرى)»، (رۇسچە)، تبىلىس، 1979 - يىل، 16 - بەت.

③ ئا. د. كىنىش: «كېيىنكى مۇسۇلمان ئەنئەنىلىرىدە ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتى» — «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزىم» (ماقالىلەر توپلىمى)، موسكۋا، 1989 - يىل، 8 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نامى شۇ ۋاقىتتىكى مەشھۇر پەيلاسوپ ئىبىن رۇشد (1126 — 1198) نىڭ قولىغىمۇ يەتكەن بولۇپ، ئىبىن رۇشدتا بۇ ياش سوپى بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى تۇغۇلغان.

ئۇچرىشىش ئىبىن رۇشدنىڭ ئۆيىدە بولغان. ئىبىن رۇشد ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ «ئىككى ھەقىقەت» تەلىماتىغا ئاساسلانغان ھالدا ھەقىقىي بىلىمگە پەقەت ئەقىل ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئىبىن ئەرەبى بولسا تېخى ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن (بۇ ئۇچرىشىش 1182 ـ يىلى بولغان) ياش يىگىت بولۇشىغا قارىماستىن، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر دەسلەپكى بىلىملىرى ئاساسىدا ھەقىقىي بىلىمگە نوقۇل ئەقىل بىلەنلا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەلكى تەسەۋۋۇپتىكى «كەشىف» يولى بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ (يەنى ئەقىل ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىپ ئەمەس، بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق ھېس قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ) دەپ قارايتتى. ئۇلار پەلسەپە ۋە تەسەۋۋۇپقا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشقان. ئىبىن رۇشدنىڭ بىلىش ھەققىدىكى سوئاللىرىغا ئىبىن ئەرەبى ئۆزىنىڭ قارىشى بويىچە، ئادەتتىكى بىلىملەر بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان مۇتلەق ھەقىقەتنى تەسەۋۋۇپتىكى مىستىكىلىق يول ئارقىلىق بىلىش مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ جاۋاب بەرگەن. «ئىبىن رۇشد سوپىنىڭ ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئالغان»[1].

ئىبىن ئەرەبىمۇ خۇددى ئىلگىرىكى سوپىلارغا ئوخشاش، تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەھەر كېزىشكە ئاتلانغان. تۇس، قاھىرە، يېرۇسالىملارنى ئايلانغاندىن كېيىن، 1201 ـ يىلى دەسلەپكى قېتىم مەككىگە ھەجگە بارغان ھەم ئىككى يىلغا يېقىن مەككىدە تۇرۇپ قالغان. بۇ ئارىلىقتا

---

① ئا. د. كىنىش: «ئىبىن ئەرەبىنىڭ دۇنيا قارىشى» — «دۇنيادىكى دىنلار. 1984» (يىللىق توپلام)، موسكۋا، 1984 ـ يىل، 82 ـ، 83 ـ بەتلەر

ئۇ «تاجۇر رەسائىل»، «رۇھۇل قۇدس» قاتارلىق ھەجمى كىچىكرەك ئەسەرلىرىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئەسىرى «فۇتۇھاتى مەككىيە» مۇ مۇشۇ ۋاقىتلاردا يېزىلىشقا باشلىغان. ئۇ يەنە مۇشۇ ۋاقىتتا مەككىدە بىر گۈزەل ساھىبجامالغا ئۆيلەنگەن ھەم ئۇنىڭغا بېغىشلاپ «تەرجۇمەن ئەل - ئەشۋاق» ناملىق شېئىرىي ئەسىرىنى يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە باغداد قاتارلىق بىر نەچچە شەھەرنى ئايلانغاندىن كېيىن كونياغا كەلگەن. ئۇنىڭ كونياغا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ھەققىدە ئامېرىكىلىق ئالىم ر. ج. ئائۇستىن ( R. W. J. Austin ) «ئەندەلۇسىيىلىك سوپى» ( Sufis of Andalusia ) ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق يازىدۇ: «ئىبنى ئەرەبىنىڭ كونياغا كېلىشى شەرقتىكى سوپىزمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدى. سەدرەددىن كونەۋى ئۇنىڭ يېقىن مۇرىتى بولۇپ، ئۆز ئۇستازىنىڭ تەلىماتلىرىنى تارقاتقۇچى ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئۇلۇغ ئەندەلۇسىيىلىك بىلەن پارس سوپىزمىنىڭ كۆپلىگەن نامايەندىلىرى، بولۇپمۇ جالالىددىن رۇمى ئارىسىدىكى زەنجىرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرغۇچى بولغانىدى.»①

ئىبنى ئەرەبى ئېھتىمال بۇ سەپەرلىرىدە يەنە كۆپلىگەن شەھەرلەرنى كەزگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ دەمەشققە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە ماكانلىشىپ، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە شۇ يەردە تۇرغان. ئۇنىڭ دەمەشقتىكى ھاياتى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر يىرىك ئەسەرلىرىنى تاماملىغان بىر دەۋر بولغانىدى. مانا شۇ دەۋردە ئۇ

---

① ئا. د. كىنىش: «ئىبنى ئەرەبىنىڭ دۇنيا قارىشى» — «دۇنيادىكى دىنلار. 1984» (يىللىق توپلام). موسكۋا، 1984 - يىل، 82 -، 83 - بەتلەر.

«فوتوھاتى مەككىيە» (مەككە فەتىھلىرى) ناملىق توت توملۇق 560 بابتىن تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىملىك، تەسەۋۋۇپنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى مۇپەسسەل بايان قىلىنغان ئەسەرنى يېزىپ تاماملىدى. تېخى 1964 - يىلىلا بۇ كىتابنىڭ يېڭى نەشرىنى يورۇققا چىقارغان ئو. يەھيا (O . Yahiya) شۇنداق يازىدۇ: «بۇ كىتاب باتىنىي ئىلىملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاز ئۇچرايدىغان نادىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنى، پەلسەپە، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق تەرەپلەردە ئىبىن خەلدۇننىڭ ‹مۇقەددىمە›سى بىلەن، ھوقۇقشۇناسلىق بويىچە شاتىبىنىڭ ‹مۇۋەفەقەت›ى بىلەن، رىتورىكا ساھەسىدە جۇرجانىنىڭ ‹ئەسرار ئەل - بەلەغە›سى بىلەن، گىراماتىكىدا سىباۋەيھىنىڭ ‹كىتاب›ى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ.»[1] بۇ ئەسەرنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلغانلاردىن كوربىن (H. Corbin) ئۇنى ئىبىن ئەرەبىنىڭ «روھىي خاتىرىسى» دەپ ئاتىسا، ئا. د. كىنىش (А. Д. Кнhbiщ) «تەسەۋۋۇپ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ ئاتىغاندى.[2]

ئىبىن ئەرەبى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە دائىر ئىككىنچى يىرىك ئەسىرى «فۇسۇسۇل ھىكەم» («ھېكمەت تاشلىرى») نى يازدى. بۇ ئەسەرگە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان شەرھلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئا. د. كىنىشنىڭ ئېنىقلىشىچە، «فۇسۇسۇل ھىكەم» گە يېزىلغان شەرھلەر 150 تىن ئاشىدىكەن.[3] ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى يېقىنقى ۋاقىتلاردىمۇ قايتا - قايتا نەشر قىلىنغان. مەسىلەن، 1946 - يىلى بېيرۇتتا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغانىدى، تېخى 1980 - يىلىلا ئىككىنچى نەشرى

---

① ② ③ ئا. د. كىنىش: «دۇنيادىكى دىنلار. 1984»، 84 - بەت.

يورۇققا چىقتى.

ئىبنى ئەرەبى 1240 ـ يىلى (ھىجرىيە 638 ـ يىلى) 22 ـ ئاپرېلدا دەمەشققە يېقىن بىر كىچىك شەھەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئوسمانلىلار ئىمپېرىيىسى (1299 — 1922) نىڭ سۇلتانلىرىدىن ياۋۇز سۇلتان سەلىم (ھاكىمىيەت دەۋرى: 1512 — 1520) شام (سۇرىيە) نى ئىشغال قىلغاندا، شەيخ ئەكبەر ئىبنى ئەرەبىگە مەقبەرە ياسىتىپ، مەقبەرىنىڭ يېنىغا بىر مەسچىت، مەدرىس سالدۇرغانىدى. بۇ جاي بۈگۈنكى كۈندىمۇ زىيارەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان زىيارەتگاھ بولۇپ قالدى.

ئىبنى ئەرەبى ئۆزىگە قەدەر بولغان بەش ئەسىر ئىچىدە تەسەۋۋۇپتا ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق ئىدىيە، چۈشەنچىلەرنى، سوپىلارنىڭ سۆزلىرىنى جەملەپ يۇغۇرۇپ، ئۇنى نەزەرىيىۋى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتىنى — «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتىنى ياراتتى. شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلار ئىبنى ئەرەبىگە، تەسەۋۋۇپنىڭ بەش ئەسىرلىك تەرەققىياتىنى خۇلاسىلەپ، ئۇنى «سىستېمىلاشتۇرغان تالانت ئىگىسى»[1] دەپ باھا بېرىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئىبنى ئەرەبىگە قەدەر بولغان تەرەققىياتى جەريانىدا قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا يېڭى كۆز قاراش، چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىدىيىۋى جەھەتتىن تولۇقلىنىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلار ئاساسەن ھەقىقەتنى قەلب ئارقىلىق ھېس قىلىپ بىلىشتىن ئىبارەت «تەجرىبە» نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار بولۇپ، نەزەرىيىۋىلىكى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئىبنى ئەرەبى ئەنە شۇ كۆز قاراش، چۈشەنچىلەرنى، ۋۇجۇدى

---

① بۇ سىممىل (A. Schimmel) نىڭ سۆزى بولۇپ، بىز ئا. د. كىنىشنىڭ ماقالىسىدىكى نەقىلدىن پايدىلاندۇق. (ئا. د. كىنىش: «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزم»، 8 ـ بەت.)

مۇتلەققە قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزلۈكنى يوق قىلىش (فەنا) ھەققىدىكى پىكىرلەرنى يۇغۇرۇپ، نەزەرىيىۋى جەھەتتىن دەلىللەپ چىقتى. «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» تەلىماتى، ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپتىكى بەش ئەسىرلىك ئىدىيىۋى جۇغلانمىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ئىدى. بەستامىنىڭ سۆزلىرى، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن شەرىئەتتىن چەتنەپ «ھۇلۇل» (سىڭىپ كېتىش) ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى دەپ ئەيىبلەنگەن «ئەنەل ھەق» سۆزىدە «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» (يەككە بارلىق) قارىشىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرىنى روشەن كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تەتقىقاتلاردا مەنسۇر ھەللاجى «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» تەلىماتىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ①

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» — تەسەۋۋۇپنى پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە دىققەتكە سازاۋەر قىلغان تەلىمات بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ياكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دېيىلگەندە ئومۇمەن مۇشۇ تەلىمات نەزەردە تۇتۇلغان. بۇ تەلىماتتىن كېيىن تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەرمۇ مۇشۇ تەلىماتقا مەركەزلەشكەن. «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى كۆپ ساندىكى مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ دۇنيا قارىشىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ئۈچۈن بەلگىلىك زېمىن يارىتىپ بەرگەن.

كېيىنكى بابتا تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ھەققىدىكى پىكىرلىرىمىزدە ئاساسەن «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنى مەركەز قىلغان ھالدا مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى ھەققىدە ئايرىم

---

① سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 135 — 140 ـ بەتكىچە قارالسۇن.

چۈشەنچە بەرمىدۇق.

## 10. «ۋەھدەتى شۇھۇد» (گۇۋاھلىقنىڭ بىرلىكى)

ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتلىرى تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىش بىلەن بىرگە، ئۇ ھايات ۋاقتىدىن باشلاپلا خۇددى ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىگە ئوخشاش مەلۇم توسقۇنلۇق، قارشىلىقلارغىمۇ ئۇچراشقا باشلىغان.

لېكىن «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلاردىكى تەسەۋۋۇپقا قارىتا ئۆچمەنلىك تۈسىنى ئالغان قارشىلىقلاردىن پەرقلىق يېرى شۇكى — ئۇلار «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا ئاساسلانغان ھالدا بۇنىڭغا قارشى يەنە بىر يېڭى تەلىماتنى تەسەۋۋۇپقا ئېلىپ كىردى.

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان «ۋەھدەتى شۇھۇد» (شاھىدلىقنىڭ بىرلىكى ياكى گۇۋاھلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتى، ئەمەلىيەتتە ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتىغا قارشى خاھىشلارنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنىدى.

«ۋەھدەتى شۇھۇد» قارىشىنى دەسلەپ بولۇپ XIV ئەسىردە كۇبرەۋىيە تەرىقىتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئىرانلىق سوپى ئەلە ئەد-دەۋلە ئەس - سىمنانى (1261 — 1336) ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، ئۇنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ رەسمىي تەلىماتقا ئايلاندۇرغان كىشى بولسا، بىزگە ئىمام رەببانى نامى بىلەن تونۇشلۇق بولغان ئەھمەد فارۇق سىرھىندى (1564 — 1624) ئىدى.

ئىمام رەببانى ھىندىستاننىڭ سىرھىندى شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خۇددى غەززالىغا ئوخشاش دىنىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشقان بولۇپ، «ۋەھدەتى شۇھۇد» تەلىماتىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

راۋاجلاندۇرۇپ، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد»قا قارشى ئايرىم تەلىماتقا ئايلاندۇرۇشمۇ، ئەنە شۇ مەقسەت يولىدىكى ئۇرۇنۇش ئىدى. ئۇ دىندا ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتى، دىنىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن «مۇجەددىدى ئەلفى سانى» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، ھەدىسلەردىن بىرىدە، ھەر ئەسىردە بىر مۇجەددىد (يېڭىلىغۇچى، ئىسلاھاتچى) مەيدانغا كېلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن[①] بولۇپ، ئىمام رەببانىي ئەنە شۇ مۇجەددىدلەردىن بىرى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدا يېڭىلاش ئېلىپ بارغان ۋاقتى ھىجرىيە يىل ھېسابى بويىچە بىرىنچى مىڭ يىل ئاخىرلىشىپ ئىككىنچى مىڭ يىلنىڭ باشلىنىشىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «ئىككىنچى مىڭ يىلدىكى مۇجەددىد» دېگەن مەنىدە «مۇجەددىدى ئەلفى سانى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئىمام رەببانىنىڭ «مەكتۇبات» ناملىق مەكتۇپ شەكلىدە يېزىلغان ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن رەببانىنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

«ۋەھدەتى شۇھۇد» تەلىماتى تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، سوپى قەلبىنى ماسىۋادىن تازىلاپ پاكلانغاندىن كېيىن، ئۇ پەقەت ۋەھدەتنىلا (يەنى پەقەت بىرلىكنىلا، يېگانىلىقنىلا) كۆرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆرۈنگەنلەرنىڭ ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى (كۆرۈنۈشى) ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ بىرلىكىگە يەنى يېگانە ئىكەنلىكىگە شاھىد (گۇۋاھ) بولىدۇ.

«ۋەھدەتى شۇھۇد» تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، سوپىنىڭ قەلبىنى ھەقتىن باشقا ھەممىدىن تازىلاپ، ھەقنى بىلىش يولىغا مېڭىشتىكى مەقسىتى، ھەق بىلەن قوشۇلۇپ بىرلىشىپ كېتىش (تەۋھىد) ئەمەس، بەلكى ھەقكە ھەقىقىي قۇللۇق قىلىش (ئۇبۇدىييەت)، بىلىش، چۈشىنىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئەس

① سەلچۇك ئەرايدىن: 153 ـ بەت.

- سىمنانى تەرىقەتلەردىكى ھەقنى بىلىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى بولغان شەرىئەت — تەرىقەت — ھەقىقەتتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنىڭ رەت تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ، ھەقىقەت — تەرىقەت — شەرىئەت قىلىغانىدى.[1] چۈنكى، ھەقىقىي بىلىم ئاللا كۆرسەتكەن توغرا يولغا باشلايدىغان شەرىئەتنى ياخشى چۈشىنىش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، شۇڭا ھەقنى بىلىشتىكى ئاخىرقى باسقۇچ شەرىئەت بولۇشى كېرەك. شەرىئەت باسقۇچى تولۇق ئورۇنلانسا سوپى ئاخىرقى مەقسىتىگە — ئۇبۇدىيەت (ئاللاغا قۇللۇقنى ئادا قىلىش) كە يېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبى «شۇھۇدى تەۋھىد» (بىر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق) كە ئېرىشىدۇ، دەپ قارالغان.

بۇ ئىككى تەلىماتنى ئاددىيراق قىلىپ چۈشەنسەك — «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى، ۋۇجۇد بىر، ئۇ بولسىمۇ ئاللا، ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى، شۇڭا ئىنسان قەلبىنى پاكلاپ، مەنىۋى كامىللىققا يەتكەندە، ئۆزلۈكنى يوقىتىپ، ئەسلىي ۋۇجۇدقا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ «ۋەھدەتى شۇھۇد» تەلىماتى بولسا، ئىنسان قەلبىنى ماسىۋادىن تازىلاپ، روھىي كامالەتكە ئېرىشكەندە، ئۇ كۆرۈنگەنلەرنىڭ ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى (تەجەللىسى) ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاللانىڭ يېگانىلىقىغا گۇۋاھ (شاھىد) بولىدۇ، كۆرۈنگەنلەر ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى، بىراق سۈپەت زاتتىن ئايرىم بولىدۇ، ئىنسان سۈپەتلەرنىڭ تەجەللىسىنى كۆرۈش ئارقىلىق ۋۇجۇدنىڭ (بارلىقنىڭ) پەقەت بىر ئىكەنلىكىگە شاھىد بولىدۇ،

---

① ئو. ف. ئاكىمۇشكىن: «سوپىلىق تەرىقەتلىرى: مەسىلىنىڭ مۇرەككەپ تۈگۈنى» — بۇ ماقالە ج. س. تىرىمىنگامنىڭ «ئىسلامدىكى سوپىلىق تەرىقەتلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە سۆز بېشى ئورنىدا بېرىلگەن. شۇ كىتاب، موسكۋا، 1989 - يىل، 6 - بەت.

ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىرلىشىپ كېتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

«ۋەھدەتى شۇھۇد» تەلىماتى ئىمام رەببانى تەرىپىدىن يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ راۋاجلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇمۇ تەسەۋۋۇپتىكى بىر تەلىمات سۈپىتىدە بەلگىلىك تارقىلىش دائىرىسىگە ئىگە بولدى. لېكىن بۇ تەلىمات «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىدەك مۇسۇلمان شەرقىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتەلمىگەندى. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى، تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى دېيىلگەندە ئاساسلىق قىلىپ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى تەسەۋۋۇپنىڭ ئومۇرتقىسى بولۇپ قالغانىدى.

*　*

يۇقىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان قاراشلارنى، تەلىماتلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەگەر رەبىئەتۇل ئادەۋىيە بىلەن زۇنۇن مىسرىنىڭ قاراشلىرىنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىنىڭ باشلىنىشى ۋە دەسلەپكى تەرەققىياتى دېسەك، ئۇ ھالدا خارس مۇھاسىبىدىن باشلاپ تەسەۋۋۇپ ئۆز ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» گە كىرگەنىدى. بۇ «ئالتۇن دەۋر» دىكى گۈللىنىش نەتىجىسىدە تەسەۋۋۇپ قاتتىق زەربىگە دۇچ كەلدى. بۇ ۋەزىيەتتە گەرچە ئىمام غەززالى بۇرۇلۇش ياساپ، ۋ. ۋ. نائۇمكىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «مونىستىك سوپىزم» نى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ قارىشىمىزدا، بۇ بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە تەسەۋۋۇپتا ئالاھىدە بىر يېڭى كۆز قاراش كۆزگە چېلىقمايدۇ. بەلكىم، تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىدىكى بۇ بىر ئەسىر ( XI ئەسىر ) ئۇنىڭ ئالدى ۋە كەيىندىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر قەدەر ئاز تەتقىق

قىلىنغىنى ئۈچۈن[1] شۇنداقتۇر. لېكىن بۇ بىر ئەسىر تەسەۋۋۇپنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز، تارقىلىش دائىرىسىمۇ كەڭ بولغان بىر دەۋر بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، نىكولسون (R. A. Nicholson) «ئىسلام مىستىسىزمىنىڭ ئاتىسى» دەپ باھا بەرگەن ئىبنى ئەرەبى مەيدانغا كەلدى ۋە تەسەۋۋۇپنىڭ بەش ئەسىرلىك ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنى خۇلاسىلەپ، تەسەۋۋۇپنىڭ بىر قەدەر سىستېمىلاشقان تەلىماتىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات جەريانىنى بەزى تەتقىقاتچى ئالىملار ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ئاسكېتىزم (زاھىتلىق)، مىستىسىزم، پانتېئىزم دەپلا ئۈچكە بۆلىدۇ.[2] بۇنىڭدا ئاساسەن تەسەۋۋۇپنىڭ تېخى نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولمىغان، پەقەت ئايرىم شەخسلەرنىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ زاھىتلىق يولىغا مېڭىشىدىنلا ئىبارەت بولغان زاھىدلىق باسقۇچى بىرىنچى باسقۇچ دەپ قارالسا، تەسەۋۋۇپنىڭ بەلگىلىك نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، سىرلىق تۈس ئېلىپ تەرەققىي قىلىش جەريانى مىستىسىزم دېيىلگەن. «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» كۆز قارىشىنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن بۇ تەلىمات پانتېئىزم دەپ ئاتىلىپ ئۈچىنچى باسقۇچ دەپ قارالغان. تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىياتشۇناس ئىبراھىم ھەققۇلوفمۇ، «تەسەۋۋۇپنىڭ بىر قانىتى مىستىسىزم بولسا، يەنە بىر قانىتى ئاسكېتىزم. بىراق ئۇنىڭ مەركىزىدە پانتېئىزم — ‹ۋەھدەتى ۋۇجۇد› غايىسى تۇرىدۇ.»[3] دەپ يازىدۇ.

دەرۋەقە، تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى زاھىتلىق

---

① ئى. پ. پېترۇشېۋسكىينىڭ قارىشىچە، تەسەۋۋۇپنىڭ باشقا دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشىغا سېلىشتۇرغاندا، XI ئەسىردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى تېخى ياخشى ئۆگىنىلمىگەن.

② كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلار شۇنداق بۆلىدۇ. مەسىلەن، س. م. دېمىدوف: «تۈركمەنىستاندا سوپىزىم»، ئاشخاباد، 1978 ـ يىل، رۇسچە، 3 ـ بەت. ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 3 ـ بەت.

③ ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 3 ـ بەت.

(ئاسكىتىزىم) تىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتى، ئىنساننىڭ خۇدانى تونۇشى ھەققىدە ئوتتۇرىغا چىققان قاراش، چۈشەنچىلەرنىڭ بارا - بارا مۇرەككەپلىشىپ، سىرلىق تۈس ئېلىپ بېرىشىغا نىسبەتەن مىستىسىزىم (ئەمەلىيەتتە، ئۇ مۇشۇ ئېقىمنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ بولسىمۇ) دەپ ئاتاشنىڭمۇ خاتاسى يوق. لېكىن «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنى پانتېئىزىم دېگەن نام ئاستىغا يىغىنچاقلىۋېتىش، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە مۇۋاپىق كېلەمدۇ - يوق؟ بۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مەسىلە. خېلى بۇرۇنلا بەزى ئالىملار «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنى پانتېئىزىم دەپ ئاتاشنىڭ تازا توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مېنىڭچىمۇ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» بىلەن پانتېئىزىم ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. شۇڭا ئۇنى ئاددىيلا ھالدا پانتېئىزىم دەپ ئاتاش بۇ تەلىماتنىڭ ماھىيىتىگە ئانچە ئۇيغۇن كەلمىسە كېرەك. بۇ ھەقتە كېيىنكى بابتا ئايرىم توختىلىمىز.

# II باب تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىرى (1)

ئادەتتە بىز ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا، كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇتەپەككۇرلار ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەر ۋە تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىدە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نەشرگە تەييارلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەسەر بېشىغا بېرىلگەن تەھرىر ئىلاۋىلىرىدە «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» دېگەن ئاتالغۇنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇنداق بولسا بىز بۇ نام ئاستىدا نېمىنى چۈشىنىمىز؟ ياكى «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» نىڭ تەبىرى نېمە؟

«تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» دېگەن بۇ نام ئومۇمىيلىق جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى، چۈشەنچىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنى بىز ئۆزىگە خاس بولغان بىر دىنىي پەلسەپە دەپ قارىغان ئىكەنمىز، «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» گە يۇزەكى بولسىمۇ تۆۋەندىكىچە تەبىر بېرىشىمىز مۇمكىن:

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى — «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتىغا ئاساسلانغان پەلسەپىۋى تەلىمات بولۇپ، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر گەرچە كۆرۈنۈشتە كۆپ بولسىمۇ، ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن پەقەت بىرلا بارلىق (مەۋجۇتلۇق) بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يەككە بارلىق نەزەرىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مانا شۇ ماھىيەت سۈپىتىدىكى يەككە بارلىق بىلەن ھادىسە سۈپىتىدىكى كۆپلۈك ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما، تەسەۋۋۇپ

www.uyghurkitap.com

پەلسەپىسىدىكى مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە — يەككە بارلىق بولغان ۋۇجۇدى مۇتلەق بىلەن ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ئەڭ مۇجەسسەملەشكەن ھالدىكى تەجەللىسى دەپ قارالغان ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بارلىق پىكىر، چۈشەنچىلەر مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ.

بۇ يۈزەكى تەبىرىمىزدىن كېيىن، تۆۋەندە تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىزگە ئۆتىمىز.

## 1 § . مەۋجۇدىيەت قارىشى

تەسەۋۋۇپتىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيەت قارىشى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى پۈتۈن چۈشەنچىلەر مۇشۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماكان، زامان چۈشەنچىلىرىمۇ مەۋجۇدىيەت قارىشى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى «لاموجودا لاالله» — «ئاللادىن باشقا بارلىق (مەۋجۇتلۇق) يوقتۇر» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قاراش ئاساسەن «تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى» ① بولغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا مۇجەسسەملەشكەن.

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا ئاساسەن، دۇنيادا پەقەت بىرلا بارلىق بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللادىن ئىبارەت، بۇ يەككە بارلىق «ۋۇجۇدى مۇتلەق» (مۇتلەق ۋۇجۇد، مۇتلەق بارلىق) بولۇپ، ئۇ ئەزەلىي ھەم ئەبەدىي، شۇڭا ئۇنى ماكان ۋە زامان نۇقتىسىدىن

---

① م.ت. ستېپانيانس: «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى»، موسكۋا، 1987 - يىل، 14 - بەت.

تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھېچقانداق بىر شەرتكە ياكى سەۋەبكە موھتاج ئەمەس، ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن مەۋجۇت، ئۇ پەيدا بولمايدۇ ھەم يوقالمايدۇ، ئۇ كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇ قارىشىغا ئاساسلىنىپ، بىردىنبىر ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقنىڭ «ۋۇجۇدى مۇتلەق» يەنى ئاللادىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى تۈرلۈك شەكىل، ھالەتلەردە كۆرۈنگەن شەيئىلەر، ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ (ئاللانىڭ) ناملىرى ۋە سۈپەتلىرى (ئەسما ۋە سىفات) نىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىكى تەجەللىسى (پارلاپ كۆرۈنۈشى، چاقنىشى) بولۇپ، ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ئۇلار مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت كۆرۈنۈش شەكلى جەھەتتىنلا مەۋجۇت. لېكىن بۇ كۆرۈنگەن شەكىل ماھىيەتنىڭ ئەينەن ئۆزى دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى ئاللاتائالا شەكىل ۋە سۈرەتلەردىن مۇستەسنا ھالدىكى مۇتلەق ۋۇجۇدتۇر. تەجەللى قىلغىنى بولسا ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت. شۇڭا ئۇلارنىڭ پىكرىچە، بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆپ كۆرۈنگەن شەيئىلەر پەقەت كۆلەڭگىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، پەقەت ھادىسە سۈپىتىدە مەۋجۇت، ماھىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. ئابدۇراھمان جامى بۇ ھەقتە ، «كائىناتتا نېمە بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيالدۇر ياكى ئەينەكلەردىكى ئەكسلەردۇر (كۆرۈنۈشلەردۇر) ياكى بولمىسا كۆلەڭگىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر»[1] دەيدۇ. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «ھالەتى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇقىمىنىڭ مۇشۇ مەزمۇندىكى بىر شېئىرى نەقىل قىلىنىدۇ:

سەن سەن ئەسلى ۋۇجۇد ھەر مەۋجۇد،
سەندىن ئۆزگە ۋۇجۇدغە نە ۋۇجۇد .[2]

---

① سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 120 - بەت.
② «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق) تاشكەنت، 1959 - يىل، II توم، 567 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(ھەممە بارلىقلارنىڭ ئەسلى ۋۇجۇدى سەندۇرسەن،
سەندىن باشقا بارلىق نېمە قىلسۇن.)

بۇ مەلۇماتلار «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشىنى ناھايىتىمۇ روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلاردا ھەقىقىي بارلىقنىڭ پەقەت «ۋۇجۇدى مۇتلەق» (مۇتلەق بارلىق) ئىكەنلىكى شەرھلەنگەن. بۇ تەلىماتتىكى يەككە بارلىق قارىشىنى جالالىددىن رۇمى تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەيدۇ: «ئەي روھىمىزنىڭ روھى! بىز كىمدۇرمىزكى ئۆزىمىزنى ۋۇجۇدقا (بارلىققا) ئىگە قىلىپ، سەن بىلەن بىللە ئوتتۇرىغا چىققىدەك، بىز بىر توپ ھېچلەرمىز (يوقلارمىز). بىزنىڭ بارلىقىمىزمۇ ھېچتۇر (يوقتۇر، ھېچنېمە ئەمەستۇر). سەن مۇتلەق بىر ۋۇجۇدسەنكى، زۇھۇر ئەيىنىكىدە فانىلار (يوقلۇقلار، يەنى كۆرۈنۈپ يوقايدىغان ئۆتكۈنچى بارلىق، ماھىيەتتىكى يوقلۇق) نى كۆرسىتىسەن. بىز ئارسلانلارمىز. لېكىن ھەقىقىي ئارسلانلار ئەمەس، ھەرىكەتلىرى ھەر ۋاقىت [ئۆرۈپ تۇرىدىغان] تىنچ شامالغا قادالغان بايراقنىڭ لەپىلدەشلىرىگە ئوخشاش ئارسلانلارمىز. بايراق سۈپىتىدىكى بۇ ئارسلانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى كۆرۈنىسىمۇ، ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەن شامال كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ كۆرۈنمىگەن ئاردا يوق دېيىلمىسۇن. بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز، ۋۇجۇدىمىز سېنىڭ ساخاۋىتىڭدۇر، سېنىڭ ئىجادىڭدىندۇر.»[1]

دېمەك، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، كائىناتتىكى مەۋجۇداتلار پەقەت ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق شەكىلدىكى كۆرۈنۈشى، ئەمەلىيەتتە، شەيئىلەر ئۆزىگە خاس ۋۇجۇدقا ئىگە ئەمەس، ئەگەر كائىناتتىكى بۇ تۈرلۈك شەكىللەر دىققەت بىلەن قارالسا، ئۇلارنىڭ قۇرۇق خىيال ياكى بولمىسا چۈشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ:

تەھقىق ئۇلىنسا نەقشىئى تەماسىلى كائىنات،
ياھابۇ ياخەيالۇ ياخۇد بىر فەسانەدۇر.[2]

---

① سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 120 - بەت.
② ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئىسلامىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىرى ۋە مەنبەلىرى» — «تۈرك تىلى ئاراشتىرمالىرى (تەتقىقاتلىرى) يىللىقى (TDAY) — بەللەتەن 1971» دىن ئايرىم بېسىلغان نۇسخىسى، ئەنقەرە، 1971 - يىل، 168 - بەت. (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئاپتور ئىسمى بىلەن بەت نومۇرىلا كۆرسىتىلىدۇ.)

(كائىناتتىكى تۈرلۈك شەكىللەر تەھقىق قىلىنسا،
يا چۈش ۋە يا خىيال ۋە ياكى بىر ئەپساندۇر.)
سۈرەتتە نەزەرئەيلەرسەن سەن بىلەن مەن بار،
ئەمماكى ھەقىقەتتە نە سەن بارۇ نە مەن بار.①

ئۇلارنىڭ قارىشىدا «ۋۇجۇدى مۇتلەق» بىر نۇر سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئاللا ئالەمنى ياراتماقچى بولغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن «نۇرى مۇھەممەدىيە» («مۇھەممەدنىڭ نۇرى») نى ياراتقان، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر مانا شۇ «نۇرى مۇھەممەدىيە» دىن بارلىققا كەلگەن.

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىدا، «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ بىر نۇر سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، ئۇنى بارلىقنىڭ ئەسلى مەنبەسى دەپ قارىغانلىقنى ئەزىزىددىن بىننى مۇھەممەد نەسەفىنىڭ②تۆۋەندىكى بايانلىرىدا ئېنىق كۆرىمىز: «ۋەھدەت ئەھلى③نىڭ پىكرىچە، ۋۇجۇد پەقەت بىر، ئۇ بولسىمۇ ھەقنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىبارەتتۇر. ئاللادىن باشقا ۋۇجۇد (بارلىق) يوقتۇر،

① ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئىسلامىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىرى ۋە مەنبەلىرى» - «تۈرك تىلى ئاراشتىرمالىرى (تەتقىقاتلىرى) يىللىقى (TDAY) — بەللەتەن 1971» دىن ئايرىم بېسىلغان نۇسخىسى، ئەنقەرە، 1971 - يىل، 168 - بەت.

② ئەزىزىددىن بىننى مۇھەممەد نەسەفى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر سوپى، بۇخارانىڭ نەسەف (بۈگۈنكى قەرشى) دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. شۇڭا يۇرتىنىڭ نامى ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولغان. ئۇ تەسەۋۋۇپقا دائىر كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، بولاردىن ئەڭ مەشھۇر بولغان «زۇبدەتۇل ھەقايىق»، «ئىنسانى كامىل»، «كەشفول ھەقايىق»، «مەقسەدى ئاقسا»، «مەبدە ۋە مەئاد»، «بەيان ئەتتەنزىل» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى قىممەتلىك بىرىنچى قول مەنبەلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا خېلى بۇرۇنلا ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە قىزىقىش بىلەن قارىغان. «ئىنسانى كامىل» ناملىق ئەسىرى 1967 - يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان.

③ ۋەھدەت ئەھلى يەنى «ئەھلى ۋەھدەت» (بىرلىك تەرەپدارلىرى) «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى تەرەپدارلىرىنى كۆرسىتىدۇ. نەسەفى ئېينى دەۋر ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكىدە مەۋجۇت بولغان پىكىر ئېقىملىرىنى «ئەھلى شەرىئەت»، «ئەھلى ھېكمەت»، «ئەھلى ۋەھدەت» دەپ ئۈچكە بۆلۈپ بايان قىلغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىگە قاراڭ: رۇستەم شۇكۇروف: «ئەزىزىددىن نەسەفى ۋە ئۇنىڭ ‹زۇبدەتۇل ھەقايىق› ناملىق رىسالىسى» — «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزىم» (ماقالىلەر توپلىمى)، موسكۋا، 1989 - يىل، 37 - بەت (ئاپتور نەسەفى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ پارسچىدىن رۇس تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى بەرگەن. بىز شۇ تەرجىمىدىن پايدىلاندۇق.)

بولۇشى مۇمكىنمۇ ئەمەس. ئۇلار يەنە، ۋۇجۇد گەرچە بىر بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋۇجۇدنىڭ زاھىرى (تاشقى) ھەم باتىنى (ئىچكى) ھالدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. باتىنى بىر نۇردۇركى، بۇ نۇر ئالەمنىڭ جېنىدۇر (روھىدۇر). ئالەم بۇ نۇر بىلەن تولغان. بۇ نۇرنىڭ چېكى يوقتۇر. ئۇ باش-ئاخىرى بولمىغان چەكسىز بىر دېڭىزدۇر. ھايات، ئىلىم، ئىرادە، قۇدرەت بۇ نۇر بىلەن تىك تۇرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ كۆرۈشى، ئاڭلىشى، سۆزلىشى، تەسەررۇپى، ھەرىكىتى بۇ نۇرنىڭ سايىسىدۇر. بەلكى ھەربىر شەيئى بۇ نۇردىن ئىبارەتتۇر. شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە پېئىللىرى بۇ نۇردىندۇر. گەرچە بارلىق شەيئىلەرنىڭ سۈپەت ۋە پېئىللىرى بۇ نۇر بولسىمۇ، ئەمما بۇ نۇردىن پەقەت بىردۇر. بارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەزاھىرىدۇر (كۆرۈنگەن يېرىدۇر). بۇ مەزاھىرنىڭ ھەربىرى بىر پەنجىرىگە ئوخشايدۇ. بۇ نۇرنىڭ سۈپىتى ئاشۇ پەنجىرىلەردىن كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ (نۇرنىڭ) ئەۋۋەلى ۋە ئاخىرى يوقتۇر. ئۇنىڭدا ئەدەم (يوقلۇق) ۋە فەنا (يوق بولماق) بولمايدۇ. يېڭى-يېڭى پەنجىرىلەر پەيدا بولىدۇ، كونىرايدۇ. كونىرىغانلىرى يەنە تۇپراققا قايتىدۇ، تۇپراقتا قايتىدىن كۆرۈنىدۇ (زۇھۇر قىلىدۇ). ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا بولىدۇ، ياشايدۇ ۋە ئۆلىدۇ. ھەقىقى كامىللىققا يېتىش ئۈچۈن شەرت بولغان ھەۋەس ۋە كۈچ ئۇلاردا ئۆزلۈكىدىن مەۋجۇتتۇر.

بۇ نۇر ئۆز كەمالىنى (قۇدرىتىنى)، ئەسما ۋە سىفەتىنى ئۆز مەزاھىرىندە (تەجەللىسىدە، كۆرۈنۈشىدە) مۇشاھىدە ئەتكىنى ئۈچۈن (كۆرگىنى ئۈچۈن)، ئۇلارغا (ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە) ئاشىقتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئادەمنىڭ روھىمۇ ئۆز جىسمىغا ئاشىقتۇر. چۈنكى ئادەمىي جىسىم ئادەمىي روھنىڭ سۈپىتىگە ئېرىشكەندۇر.

روھ ئۆز جىسمىنى، ئۆز جىسمىدىكى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى كۆرىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن «ئۆزىنى بىلگەن ئاللانى بىلىدۇ» دېيىلگەن.»[1]

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ۋەھدەتى ۋۇجۇد تەلىماتىنىڭ يەككە بارلىق قارىشىچە، كۆرۈنۈشتىكى كۆپلۈك، ماھىيەتتە بىرلىكتىن ئىبارەت. شۇڭا «كۆپ دېمەك بىر دېمەكتۇر، بىر دېمەك كۆپ دېمەكتۇر.»[2] بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت ماھىيەت ۋە ھادىسە پەرقى بار. ماھىيەتتە بولسا ۋەھدەت (بىرلىك)، ھادىسە سۈپىتىدە بولسا كەسرەتتۇر (كۆپلۈكتۇر). بۇنى ئىبىن ئەرەبىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «بار دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، شۇنداقلا يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ.» ئىبىن ئەرەبى بۇ پىكرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، «بار دېگىلىمۇ بولمايدۇ، يوق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. بەلكى، ئىپتىداسى يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، بار دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ (تەجەللى بولغان سۈپەتلەر) ئىپتىداسى بولمىغان قەدىمدە ھەقىقىي بارلىق بىلەن بىللە مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئالەمگە نىسبەتەن زامان نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئىلگىرى ياكى كېيىن دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.»[3] دەيدۇ. ئىبىن ئەرەبى تەلىماتلىرىنىڭ ھىمايىچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەزىزىددىن نەسەفى بۇنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، «ئەگەر سەن بۇ نۇرنىڭ ئالەمنىڭ روھى (جېنى) ئىكەنلىكىنى، ئالەمنىڭ بولسا مانا شۇ نۇرنىڭ مەزاھىرى ئىكەنلىكىنى ئۇققان بولساڭ، ئۇنداقتا، ئەگەر، ئىلگىرى بولغانلارمۇ بىز ئىدۇق، ھازىرقىلارمۇ بىز، كەلگۈسىدە بولىدىغانلارمۇ بىز، دېگۈچىلەر ھەقلىق، شۇنداقلا، بىز

① ئەزىزىددىن نەسەفى: «زۇبدەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەت جەۋھەرلىرى) — «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزىم» 54 - بەت (سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 122 - بەت.)
② ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 253 - بەت.
③ ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 257 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىمۇ يوق ئىدۇق، ھازىرمۇ مەۋجۇت ئەمەسمىز، كەلگۈسىدىمۇ يوقمىز، دېگۈچىلەرمۇ ھەقلىقتۇر.»[1] دەيدۇ.

بۇ مەلۇماتلار بىر تەرەپتىن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى بولغان ۋەھدەتى ۋۇجۇد تەلىماتىنى ئەكس ئەتتۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى زامان چۈشەنچىسىنىڭ مەۋجۇدىيەت قارىشى بولغان يەككە بارلىق قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى سۈپىتىدىكى كائىنات، ماھىيەتتە يوق، ھادىسە ھالىتىدە بولسا بار بولغىنى بىلەن، ئۇ ھالدا زامان نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ھادىسە سۈپىتىدە پەيدا بولىدۇ، مەۋجۇت بولىدۇ ۋە يوقىلىپ باشقا شەكىلدە تەجەللى بولىدۇ. لېكىن ماھىيەتتىن قارىغاندا بولسا سۈپەت زات بىلەن ئەزەلدىنلا بىللە مەۋجۇت بولۇپ، كائىنات يارىتىلىشتىن ئىلگىرىمۇ «ئىلمى ئىلاھى» دا مەلۇم ئىدى، دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇتەسەۋۋىپلار شەيئىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى «ئىلمى ئىلاھى» دا مەلۇم بولغان سۈرەتلىرىگە قارىتا «ئەيانى سابىتە» دېگەن نامنى قوللىنىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىدىكى «ئەيانى سابىتە» — شەيئىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى «ئىلمى ئىلاھى» (خۇدانىڭ ئىلمى) دا بەلگىلەنگەن سۈرەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر (يەنى، شەيئىلەرنىڭ يارىتىلىشتىن ئىلگىرى ئاللاغا ئايان بولغان تۈرلۈك شەكىللىرىدىن ئىبارەتتۇر). بۇلارنىڭ (ئەيانى سابىتەنىڭ) ئىستىداتلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشى سەۋەبىدىن ئاللانىڭ «ئەسما ۋە سىفەت» ىنىڭ (نام ۋە سۈپەتلىرىنىڭ) تەجەللىسىمۇ تۈرلۈك شەكىللەردە كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، مەۋجۇداتنىڭ

---

[1] ئەزىزىددىن نەسەفى: «زۇبدەتۇل ھەقايىق»، 54 ـ، 55 ـ بەتلەر.

كۆپلۈكى ۋە ھەرخىل شەكىللەردە كۆرۈنۈشىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇنىڭدىندۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا «ھەقىقىي بارلىق» («ۋۇجۇدى ھەقىقى») بىردۇر.

تەسەۋۋۇپتىكى «ئەيانى سابىتە» نى ئاددىيراق قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئىلگىرىكى «ئەسلى شەكلى» دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. ئىبىن ئەرەبى «ئەيانى سابىتە»نى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلايدۇ: «ھەق ۋاجىپ، خەلق مۇمكىندۇر. مۇمكىنىنىڭ ۋۇجۇدى[1] بولسا زىللىدۇر (كۆلەڭگىدىن ئىبارەتتۇر)، مەۋھۇمدۇر.»[2] سەييىد شەرىف جۇرجانى بولسا، «ئەيانى سابىتە» گە، «مۇمكىناتنىڭ ئىلاھىي ئىلىمدە بىلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ئىلاھىي ئىسىملارنىڭ ھەقىقەتلىرىنىڭ سۈرەتلىرىدۇر. ئەيان[3] ۋە ئەرۋاھ زىللى (كۆلەڭگە، سايە) بىر ۋۇجۇد بىلەن مەۋجۇتتۇر.» دەپ تەبىر بېرىدۇ.[4] جۇرجانى يەنە «بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەيانى سابىتە بىلەن، يەنى ئاللانىڭ ئەزەلىي ئىلىمدە مەلۇم ئىكەنلىكى بىلەن ئەزەلىي، زۇھۇرلىرى (كۆرۈنۈشلىرى) نۇقتىسىدىن — يارىتىلغاندىن كېيىنكى ھادىسە بولۇشى بىلەن، مەخلۇقات ھادىسىسى ئەزەلىي بولىدۇ.»[5] دەپ قەيت قىلىدۇ.

دېمەك، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىدىكى زامان چۈشەنچىسى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيەت قارىشى بولغان يەككە بارلىق تەلىماتىغا ماس ھالدا راۋاجلانغان بولۇپ،

---

① بۇ «ۋۇجۇدى ۋاجىپ» ۋە «ۋۇجۇدى مۇمكىن» نى كۆرسىتىدۇ. «ۋۇجۇدى ۋاجىپ» ھەقىنىڭ ۋۇجۇدى بولۇپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانداق بىر مەنبەگە، كۈچكە تايانمايدۇ، ئۆز - ئۆزىدىن مەۋجۇتلۇقتا ئىكەن. «ۋۇجۇدى مۇمكىن» شەيئىلەرنىڭ ۋۇجۇدى (بارلىقى) بولۇپ، بۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن شەرتكە يەنى «ۋۇجۇدى ۋاجىپ»قا موھتاج دەپ قارالغان.

② سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 125 - بەت.

③ ئەيان ئەسلى ئەين سۆزىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، لۇغەتلەردە ئۇنىڭ مەنىسى بەك كۆپ خىل ئىزاھلانغان. بۇلاردىن ئاساسلىقلىرى: كۆز، بۇلاق، نەق مال، پۇل، ئالتۇن، تاللانغان (مۇنەۋۋەر)، نەپس، زات قاتارلىقلار. بۇ ئورۇندا زات مەنىسىدە قوللانغان بولسا كېرەك.

④ ⑤ سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 125 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زامانمۇ ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن پەقەت بىر. ئۇنىڭ ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسى يوق. تەجەللى قىلغان سۈپەتلەر زات بىلەن ئەزەلدىنلا بىللە مەۋجۇت بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى سۈرەتلىرى (شەكىللىرى) مۇ ئەزەلدىن ئىلمى ئىلاھىدا مەلۇم ئىدى (ئەيانى سابىتە ئىدى). شۇڭا ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى بولغان كائىناتتىكى شەيئىلەرنى ماكانغا نىسبەتەن «ئىلگىرى، كېيىن دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.» شۇڭا ئۇلارنى «بار دېگىلىمۇ بولمايدۇ، يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ»، ياكى ئىبنى ئەرەبىنىڭ بۇ پىكىرلىرى تولۇق مۇجەسسەملەشكەن ئىككى قىرلىق سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھەم بار، ھەم يوق». بۇ بىر ئېغىز سۆز ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئىبنى رۇشدنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى ئىدى.

ئىبنى رۇشد تېخى ساقال - بۇرۇتىمۇ چىقمىغان ياش يىگىتكە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا (ئىبنى ئەرەبىگە) قاراپ: «بار» دېگەن. ئىبنى ئەرەبىمۇ «شۇنداق» (ياكى «بار») دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيلاسوپ سوپىنىڭ بۇ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى تولۇق چۈشەنگەنلىكىدىن رازى بولغان. لېكىن ئىبنى ئەرەبى بىر ئازدىن كېيىن «يوق» (ياكى «ياق») دەپ ئۆز پىكرىنى تولۇقلىغان. ئىبنى رۇشدنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ تاتىرىپ كەتكەن. چۈنكى ياش سوپى ئۇنىڭ (ئىبنى رۇشدنىڭ) پىكىرلىرىگە گۇمان بىلەن قارىغانىدى. ئۇ ئىبنى ئەرەبىدىن، «سەن ئىلاھىي تەجەللى ۋە زەۋق نەتىجىسىدە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىسەن؟ ئۇ ئۇسۇللار بىزنىڭ مۇشاھىدىگە چۆمگىنىمىزگە ئوخشامدۇ؟» دەپ سورىغان. ئىبنى ئەرەبى بولسا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئەڭ مۇجەسسەم ھالدا ئىپادىلەپ، «بار ۋە يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن.①

① م.ت. ستېپانيانس: «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى»، 27 - بەت.

ئىبنى ئەرەبىنىڭ بۇ سۆزىگە ئۇنىڭ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارشى يىغىنچاقلانغان بولۇپ، كائىناتتىكى مەۋجۇداتلار ھادىسە سۇپىتىدە تۇرلۇك شەكىللەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ماھىيەتتە بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ تەجەللىسى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ۋۇجۇدقا ئىگە ئەمەس، شۇڭا يوق. شۇڭا ئۇلار «ھەم بار، ھەم يوق» ياكى ئۇلارنى «بار دېگىلىمۇ بولمايدۇ، يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ.» بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئەزىزىددىن بىننى مۇھەممەد نەسەفىنىڭ «ئۆتمۇشتىكىلەرمۇ، ھازىرقىلارمۇ، كەلگۈسىدىكىلەرمۇ بىزدۇرمىز دېگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرىمۇ خاتا ئەمەس، شۇنداقلا، بىز ئۆتمۇشتىمۇ يوق ئىدۇق، ھازىرمۇ مەۋجۇت ئەمەسمىز، كەلگۈسىدىمۇ يوقتۇرمىز دېگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرىمۇ خاتا ئەمەس.» دېگەن سۆزلىرىدىمۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى زامان چۈشەنچىسى ناھايىتىمۇ ئېنىق ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە زاماننىڭمۇ خۇددى يەككە بارلىققا ئوخشاش بىرلا ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇنى بىز بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ شائىر مەۋلانە جالالىددىن رۇمى ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ روشەن كۆرىمىز. ئۇ زامان ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

ئۆتمۇش، كېلەچەك — بۇ سېنىڭ خىيالىڭ،
ھەر ئىككىسى بىردۇر، سانارسەن سەن ئىككى.①
بىر زەررىدە بىر ئۇمman، بىر زاماندا كۆپ زامان،
ئۇ ۋاقىتتىكى دېڭىز ئۇزۇلەر، باشتىن - ئاخىر ئۆز بارلىقىم.
ئايدىڭلاتۇر ئۇنىڭ جەمالى مېنىڭ قەترە زەررىلىرىمنى،
بۇ سەۋەبتىن كۆيەرمەن شام كەبى تا ئىشق يولىدا،

① ئې. د. جاۋەلىدزە: «تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى. 1 - قىسىم: جالالىددىن رۇمى (دۇنيا قاراش مەسىلىلىرى)»، تبىلىس، 1979 - يىل، 70 - بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تاكى تەك بىر زامان بولسۇن پۈتۈن زامانلىرىم مېنىڭ.①

دېمەك، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا ئاساسەن، زامان ۋە ماكانمۇ خۇددى ھەقىقىي بارلىق بىر بولغىنىغا ئوخشاشلا بىر، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى دېگەن ئۇقۇم ئەمەلىيەتتە پەقەت خىيالىي كۆرۈنۈشتىنلا ئىبارەت. «ئۇلارنىڭ پىكرىچە، زامان شۇنداقلا ماكان ئۇقۇمى پەقەت قۇرۇق خىيالدىنلا ئىبارەت. چۈنكى پۈتۈن دۇنيا پەقەت خىيالىي كۆرۈنۈشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، خۇددى غىلدىرەكنىڭ تېز ئايلىنىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان توختاۋسىز ئوت ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشايدۇ.»② ئۇلار يەنە، «پۈتۈن دۇنيا پۈتۈنلەي مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ (ئاللانىڭ) تەجەللىسىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، بىز ھەر دەقىقىدە فەنا ۋادىسىغا قايتىمىز، يەنى ئالەم ھەر دەقىقىدە يېڭىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە قايتىدىن يوقىلىدۇ. دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقىلىشىدىن ئىبارەت بۇ جەريان ھەر دەقىقە ئىچىدە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا بىز ئۇنى تۇرغۇن ھالەتتە ئىدراك قىلىمىز.»③ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى زامان چۈشەنچىسى زامانىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇن پەقەت بىرلا زامان — كەسرەتتىن قۇتۇلۇپ ۋەھدەتكە قوشۇلۇپ كېتىشتىن ئىبارەت ئاشۇ بىر دەقىقىلا مەۋجۇت. «ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆتمۈش مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى ئۇ پەقەت ئەقىل بىلەنلا ئىدراك قىلىنىدۇ. كەلگۈسىگە بولسا ھېچقاچان يېتەلمەيمىز، چۈنكى بىز بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدۇ.»④ شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ سوپىلارنىڭ قارىشىدىكى «زامان ئۇقۇمى، ئاجراتقىلى بولمايدىغان، مەڭگۈ يېڭىدىن باشلىنىپ تۇرىدىغان ئاشۇ دەقىقە»⑤ دىنلا ئىبارەتتۇر.⑥

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى زامان كاتېگورىيىسى گەرچە

---

① فەيزى ھالىجى: «مەۋلانەنىڭ شېئىر دۇنياسى» — «مىللىي مەدەنىيەت» (تۈرك تىلىدىكى ئايلىق ژۇرنال)، 1990 - يىل، 12 - سان (ئارالىك)، ئومۇمىي 79 - سان، 5 - بەت.

② ③ ④ ⑤ ⑥ ئې. د. جاۋەلىدزە، 69 - بەت.

ئومۇمىيلىق جەھەتتىن مېتافىزىكىلىق خاھىشقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، بۇ زامان كاتېگورىيىسى ئىچىگە ئاز بولمىغان دىئالېكتىك پىكىرلەر يوشۇرۇنغاندى (بۇ ھەقتە مۇشۇ بابنىڭ ئاخىرىدا ئايرىم توختىلىمىز).

## § 2 . ئالەم قارىشى

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا ئەڭ كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئىزدەنگەن مەسىلە — ئالەمنىڭ ماھىيىتى ، يەنى ئالەمنىڭ ئەسلى مەنبەسى مەسىلىسى. چۈنكى بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ئىزدىنىش، ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇش، ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان يۇناننىڭ پەيلاسوپلىرىدىن فالېس (Thales ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 624 — 547) ئالەمنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى «سۇ» دىن ئىزدەپ، «بارلىق سۇدىن پەيدا بولغان ۋە سۇغا قايتىدۇ» دەپ چۈشەندۇرسە، ئاناكسىماندىر (Anaximandros ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 610 — 546) مۇقىم شەكىلگە ۋە خاراكتېرگە ئىگە بولمىغان ماددا دەپ قاراپ، بۇنى «چەكسىزلىك» دەپ ئاتىغانىدى. ئاناكسىمېن (Anaximenes ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 588 — 525) بولسا كائىناتنىڭ مەنبەسىنى «ھاۋا» دەپ قارىسا، ھېراكلىت (Herakleitos ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 540 — 470) ئەسلى مەنبەنى «ئوت» دەپ قاراپ، «كائىنات ئوتتىن پەيدا بولغان، ئاخىرى يوقىلىپ ئوتقا قايتىدۇ» دېگەنىدى. پىفاگور (Pythagoras ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 580 — 500) ئەسلى مەنبە «سان» دېسە، دېموكرىت (Demokritos ،

www.uyghurkitap.com

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 460 — 370) «ئاتوم» دەپ قارىغان. سوقرات (Sokrates ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 469 — 399) ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى «مەقسەتچىلىك» (تېلېئولىگىزم) تەلىماتى بىلەن چۈشەندۈرسە، پلاتون (Platon ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 427 — 347) ئۆزىنىڭ «ئىدىيە» تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ چۈشەندۈرگەن. ئارىستوتېل (Aristoteles ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 384 — 322) يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ھەممىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقارغان «سۇبىستانسىيە» تەلىماتى بىلەن ئەسلى مەنبەنى شەرھلەيدۇ.

مەيلى شەرقنىڭ قەدىمكى پەيلاسوپلىرى بولمىسۇن، مەيلى غەربنىڭ بولمىسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋقەسىدىن تۇرۇپ كائىناتنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ مەنبەنى كونكرېت بىر ماددىدىن، شەيئىدىن ئىزدىسە، بەزىلىرى تاشقى ئالەمدىن ئىزدىگەن. كېيىنچە، ماركسىزم كلاسسىكلىرى بۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ئىككى خىل يۆنىلىشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇ ئىككى يۆنىلىشنى «ماتېرىيالىزم» ۋە «ئىدېئالىزم» دەپ ئاتىغانىدى. بىزگە مەلۇم، ماركسىزم كلاسسىكلىرى ھېچقاچان ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىدىيىۋى مىراسلارغا، مەيلى ئۇ ئىدېئالىستىك خاھىشقا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتمىغان. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلغار ئىدىيىلەردىن، دىئالېكتىك پىكىرلەردىن تەنقىدىي ئوزۇقلىنىپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

ئىسلام دىنى ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ، «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى قىلغان دىنىي پەلسەپە

بولغان تەسەۋۋۇپ، ئالەمنىڭ ھەممىگە قادىر، قۇدرەتلىك ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيەت قارىشىدا، بىر ئاللادىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، دەيدىغان يەككە بارلىق تەلىماتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ، كائىناتتىكى مەۋجۇتلۇقلارنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى باشتىمۇ ئازراق قىستۇرۇپ ئۆتكەنىدۇق. «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا ئاساسەن كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەر خىل سۇرەتلەردە (شەكىللەردە) كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپتا بۇ «تەجەللى» دېيىلىدۇ.

تەجەللى سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى «كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش» دېگەنلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىدا ھەقنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ قارىشىچە، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللا ئۆزىنى كۆرۈشنى ۋە كۆرسىتىشنى خالىغان ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن كائىناتنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) ئۆز ھۆسنىنى (گۈزەللىكىنى) كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە كائىناتنى ياراتقان.

يار ئۆزىن كۆرمەككە ئاينە ئىجاد ئەيلەمىش،
سۇرەتى ئىجاد ئالەمدىن بۇ مەنىدۇر غەرەز.①

دېمەك، يار يەنى ھۆسنى مۇتلەق ئۆزىنى كۆرمەك ئۈچۈن

---

① ئاگاھ سىررى لەۋەند — «TDAY. 1971»، 168 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەينەك ئورنىدا ئالەمنى يارانقان بولۇپ، ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت.

تەسەۋۋۇپ ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ زېمىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئالەمنىڭ ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى تەلىماتلىرى بىلەن چۈشەندۈرسىمۇ، لېكىن يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا، سوقراتقا ئاۋاز قوشۇپ، تېلېئولوگىزملىق[①] مەۋقەنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، سوپىلارنىڭ قارىشىچە، ھەق ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن كائىناتنى ئەينەك سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن كۆرۈنۈشلىرىدىن زوقلىنىش ئۈچۈن ئالەمنى يارانقان. ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرىدا ئومۇمىيلىق جەھەتتىن تېلېئولوگىزملىق مەۋقە ئىپادىلەنسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە كائىناتنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەردىن چۈشەندۈرۈش خاھىشىمۇ ئەكس ئەتكەن. بۇنىڭدىن سىرت سوپىلار يۇقىرىدىكى ئومۇمىي مەۋقەسىدىن چەتنىمىگەن ھالدا، كائىناتنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى يەنە بىر قانچە نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئى. د. جاۋەلىدزە تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ ئۈچ خىل نۇقتىئىنەزەرگە مەركەزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىكى ئاساسىي خاھىشلارغا ئاساسەن بۇ ئۈچ خىل قاراشنى «ئېستېتىك پرىنسىپ»، «ئىشقى پرىنسىپ»، «گېنوسېئولوگىيىلىك پرىنسىپ» («بىلىش پرىنسىپى») دەپ ئاتايدۇ.[②]

---

① تېلېئولوگىزم — (目的论، teleology) دۇنيانىڭ يارىتىلىشىنى مەلۇم بىر مەقسەتتە يارىتىلغان دەپ چۈشەندۈرىدىغان تەلىمات. سوقراتنىڭ پەلسەپە تەلىماتى ئاساسەن مانا شۇ مەقسەتچىلىك تەلىماتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ شەيئىلەرنى خۇدا مەلۇم مەقسەتلەر بىلەن يارىتىدۇ. شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ مەقسەتنىڭ جەريانىدىنلا ئىبارەت دەپ قارىغان.

② ئى. د. جاۋەلىدزە، 51 ـ بەت.

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن «ھۆسنى مۇتلەق ئۆز ھۆسنىنى كۆرمەك ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە كائىناتنى ياراتقان» دېگەن قاراش، تەسەۋۋۇپتىكى ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ مانا شۇ «ئېستېتىك پرىنسىپى» ئىدى. ئەمدى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ «ئىشقى پرىنسىپى» ۋە «گېنوسېئولوگىيىلىك پرىنسىپى» نى كۆرۈپ باقايلى.

تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ قارىشىچە، ۋۇجۇدى مۇتلەق ئۆزىنىڭ تەجەللى قىلغان ئەسما ۋە سىفەتىگە ئاشىق، چۈنكى ئۇ كائىناتتىن ئىبارەت ئەينەكتە كۆرۈنگەن ئۆز گۈزەللىكىگە ئۆزىنى ئاشىق قىلغان. شۇڭا، ئۆزىنىڭ تەجەللىسى بولغان بارلىق شەيئىلەرنىمۇ ئۆزىگە ئاشىق قىلىپ ياراتقان. بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئەزىزىددىن بىننى مۇھەممەد نەسەفىنىڭ «بۇ نۇر ئۆز كەمالىنى، ئەسما ۋە سىفەتىنى ئۆز مەزاھىرىدە (كۆرۈنۈشىدە) مۇشاھىدە ئەتكىنى ئۈچۈن (كۆرگىنى ئۈچۈن) ئۇلارغا (ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە) ئاشىقتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئادەمنىڭ روھىمۇ ئۆز جىسمىغا ئاشىقتۇر. چۈنكى ئادەمىي جىسىم ئادەمىي روھنىڭ سۈپىتىگە مەزھەردۇر (ئېرىشكەندۇر).» دېگەن سۆزلىرىمۇ مانان مۇشۇ قاراشنى ئىپادىلىگەندى. جالالىددىن رۇمىمۇ، «ئادەمنى ئەزەلدىن ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەتكەنىدىڭ. ئىشق غەلىيانى بىلەن ئالەم بارلىققا كەلدى»[1] دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھۆسنى مۇتلەق كائىناتتىن ئىبارەت ئەينەكنى يارىتىپ ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇلارغا ئاشىق بولغان ھەم ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە ئاشىق قىلغان. شۇڭا جالالىددىن رۇمى، «ھەق ئۈچۈن ئىشق ئۆلچەم بولارمىش»[2] دەيدۇ ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىشق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ.

---

① سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 120 ـ بەت.
② رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، 100 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي بارلىق پەقەت بىر يەنى ۋۇجۇدى مۇتلەق بولغانىكەن، ئۇ ھالدا مەنتىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى بۇ ئىشقنىڭ ئوبيېكتىمۇ، سۇبيېكتىمۇ پەقەت بىر، يەنى ئاشىقمۇ، مەشۇقمۇ ئەسلىدە بىر بولغان بولىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ نەزەرىدە «ئىشق — ئاللانىڭ لۇتفى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى مەشۇق ئەزەلدىنلا بارلىقلارنى ئۆزىگە ئاشىق قىلىپ ياراتقان بولۇپ، ئاشىقلارنىڭ كۆزلىرىدە ئۆز جامالىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغان.

چۇنكى سەن ئايىنەئى كەۋنە تەجەللا ئەيلەدىڭ،
ئۆز جەمالۇن جەشمئى ئاشىقدەن تەماشا ئەيلەدىڭ.①
(سەن كائىنات ئەينىكىگە تەجەللى قىلدىڭ،
ئۆز جامالىڭنى ئاشىقنىڭ كۆزىدە كۆرۈپ ھۇزۇرلاندىڭ.)

شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا، بىرلىكنىڭ كۆپ كۆرۈنۈشىگە سەۋەب بولغان نەرسە مانا شۇ ئىشق، ئەگەر مۇشۇ ئىشقتىن ئىبارەت توسالغۇ بولمىسا، ئالەم پەقەت بىرلىك ھالىتىدە كۆرۈنگەن بولاتتى. مۇھىيىددىن ئىبىن ئەرەبى بۇنى «ئەگەر ئىشق بولمىغان بولسا، بىرلىك ئۈزۈلۈپ قالمىغان (يەنى ئاشىق، مەشۇق دەپ كۆپلۈك شەكلىدە كۆرۈنمىگەن) بولاتتى.»② دەيدۇ. جالالىددىن رۇمى بولسا، «جۇملە (بارلىق شەيئىلەر) مەشۇقتىن ئىبارەتتۇر، ئاشىق پەردىدۇر. تىرىك بولغىنى پەقەت مەشۇقتۇر، ئاشىق بولسا مۇردەدۇر (ئۆلۈكتۇر).»③ دەيدۇ.

دېمەك، ئۇلارنىڭ قارىشىدا ھۆسنى مۇتلەق (مەشۇق) ئۆز ھۆسنىگە ئاشىق بولغىنى ئۈچۈن، ھۆسنىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ

① ئاگاھ سىررى لەۋەند — «TDAY . 1971»، 168 ـ بەت.
② ھەمزە پەنسۇرى: «ئەسرارئەل ئارىفىن» — م.ت. ستىپانيانىسنىڭ كىتابىغا ئىلاۋە قىلىنغان رۇسچە تەرجىمىسى، شۇ كىتاب، 149 ـ بەت.
③ سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 109 ـ بەت.

ئۆزىگە ئاشىق قىلىپ كائىناتنى ياراتقان. ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى مانا شۇ ئىشق. شۇڭا، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا شۇ ئىشق قاينىمىغا چۆكۈپ، مەشۇق بىلەن بىرلىشىپ كېتىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى بىرلىك ھالىتىگە قايتىش، تەسەۋۋۇپتىكى ئەڭ ئالىي مەقسەت بولغان.

مانا بۇ ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئىككىنچىسى بولغان «ئىشق پرىنسىپى» ئىدى.

بۇلاردىن باشقا، سوپىلار يەنە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى «ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ بىلىنمەكنى خالىغانلىقى ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن كائىناتنى ياراتقانلىقى» نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، بىر ھەدىسى قۇدسى[1] دا ئاللا نامىدىن شۇنداق دېيىلگەنىكەن: «مەن بىر يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم. بىلىنمەكنى ئىستىدىم ۋە بىلىنمەك ئۈچۈن دۇنيانى ياراتتىم.»[2]

شۇڭا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا، ئىنساننىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ھەقنى تونۇش، بىلىش دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەق بىلىنمەك ئۈچۈن كائىناتنى ياراتتى، يەنى تەجەللى قىلدى. شۇڭا كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەردە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. ئىنسانمۇ ھەقنىڭ تەجەللىسى، شۇڭا ئۇنىڭدا ھەقنىڭ سۈپەتلىرى ئەڭ مۇجەسسەم ھالدا تەجەللى بولغان. شۇڭا ھەقنى بىلىش، تونۇش ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشىدىن باشلىنىدۇ.

مانا بۇ ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبىنىڭ «گېنوسېئولوگىيىلىك پرىنسىپى» ئىدى.

ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى بۇ ئۈچ خىل

---

① ھەدىسى قۇدسى (مۇقەددەس ھەدىس) — مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاللانىڭ سۆزلىرى سۈپىتىدە ئېيتقان، يەتكۈزگەن سۆزلىرى مۇقەددەس ھەدىس دېيىلگەن. بۇنداق ھەدىسنىڭ سانى ناھايىتىمۇ جەكلىك.

② ئاگاھ سىررى لەۋەند — «TDAY . 1971» 168 - بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاراش ئەمەلىيەتتە، تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى بولغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنىڭ شەرھىسى بولۇپ، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ھەر خىل شەكىللەردە تەجەللى بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلىش ئىدى. شۇڭا، «بۇ ئۈچ پرىنسىپ بىر – بىرىنى تولۇقلاپ، تەبىئىي ھالدا بىرلىككە ئىگە بولغان.»[1]

يۇقىرىدا، تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ تەجەللىسى بولغان «سايە»، «كۆلەڭگە» سۈپىتىدىكى كائىناتنىڭ تەجەللى بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدىكى قاراشلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى بۇ تەجەللىنىڭ (كۆرۈنۈش) قانداق ۋە قايسى باسقۇچلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىمىز.

مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ قارىشىچە، تەجەللىنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى ھەر دەقىقە ئىچىدە يېڭى - يېڭىدىن تەجەللى بولۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن، تەجەللىلەرنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بىز بولساق كائىناتنى جىمجىت، تۇرغۇن ھالەتتە ھېسابلايمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا، كائىنات ھەر دەقىقە ئىچىدە يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، يوقىلىپ، يەنە قايتىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق بىر شەيئى بىر خىل شەكىلدىكى تەجەللىدىن يوقىلىپ، يەنە بىر خىل شەكىلدە تەجەللى بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كائىناتتا ھەر خىل سۈرەتلەردە كۆرۈنگەن شەيئىلەر ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ئەسما ۋە سىفاتىنىڭ بىۋاستە ھالدىكى تەجەللىسى (كۆرۈنۈشى) بولماستىن، بەلكى بىر نەچچە باسقۇچلاردىن كېيىنكى (تېخىمۇ ئېنىقراقى، بىر نەچچە ئالەمدىن كېيىنكى) كۆرۈنۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

---

① ئى. د. جاۋەلىدزە، 51 ـ بەت.

ئۇلار بۇنى «ھەزەراتى خەمس» (بەش مەرتىۋە) دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ بۇ «بەش مەرتىۋە»سى ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بەش مەرتىۋىسى بولۇپ، ھەقنىڭ كائىناتنى يارىتىشتىن ئىلگىرىكى يېگانە ۋۇجۇدى (يېگانە بارلىقى) ۋە ئۇنىڭ ئەسما ۋە سىفاتىنىڭ تەجەللى بولۇپ كۆپ كۆرۈنۈشىنىڭ باسقۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1) «ھەزەراتى غەيبى مۇتلەق» (مۇتلەق غايىبلىق مەرتىۋىسى) بولۇپ، بۇ مەرتىۋىگە «لاتەئەييۇن» (بىلىنمىگەن، مەلۇم بولمىغان، ئاشكارا بولمىغان)، «ئالەمى ئىتلاق» (ئەركىن ئالەم، ئازاد ئالەم)، «غەيبۇل غەيب» (غايىبلارنىڭ غايىبى)، «ھەقىقەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتنىڭ ھەقىقىتى)، «زاتى ئىلاھىيە» (خۇدانىڭ زاتى)، «ئەمايى مۇتلەق»[1] ، «غەيبى ھۇۋىييەت» (غايىب ھەقىقەت) ئىسىملىرى بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ زات مەرتىۋىسى بولۇپ، ئىدراكنىڭ سىرتىدا بولغىنى، يەنى بىلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ناملار بىلەن ئاتالغان، بۇ «ئەيانى سابىتە ۋە ھەقايىقى ئىلمىييە»[2] (ھەقىقەت ئىلمى) ئالىمى ھېسابلىنىدۇ.

2) «ئالەمى جەبەرۇت» (بۈيۈكلۈك ئالىمى) مەرتىۋىسى بولۇپ، بۇ ئاللانىڭ ئەسما ۋە سىفاتىنىڭ دەسلەپكى نامايان بولغان ئالىمى دەپ قارالغان. شۇڭا بۇ باسقۇچقا «تەئەييۇنى ئەۋۋەل» (بىرىنچى تەئەييۇن، دەسلەپكى ئاشكارىلىنىش)، «تەجەللىئى ئەۋۋەل» (دەسلەپكى تەجەللى)، «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە»، «ئەقلى ئەۋۋەل» (دەسلەپكى ئەقىل)، «روھى كۇللى» (بارلىق روھ، ئومۇمىي روھ)، «كىتابى مۇبىن» (ئاشكارا، ئوچۇق

---

① مۇھەممەد پەيغەمبەردىن «ئاللا ئالەمنى يارىتىشتىن ئىلگىرى نەدە ئىدى؟» دەپ سورالغاندا، «ئەمادا» ئىدى دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭغا «ئەما» دېيىلىشى خۇدادىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇنى كۆرەلمەيدىغانلىقىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك (ئاگاھ سىررى لەۋەند، 169 ـ بەت.) «ئەمايى مۇتلەق» مانا شۇنىڭغا قارىتىلغان.

② ئاگاھ سىررى لەۋەند، 170 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىتاب) دېگەنگە ئوخشاش ناملارمۇ قوللىنىلغان. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، بۇنىڭ «بۈيۈكلۈك ئالىمى» دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئەسما ۋە سىفاتنىڭ ئايرىم شەكىللەردە تەجەللى بولمىغانلىقى، زاتتىن ئايرىلىپ چىقمىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا سوپىلار بۇ مەرتىۋىنى يەنە «ۋەھدەتى مۇتلۇق» (مۇتلەق بىرلىك) دەپمۇ ئاتىغان.

سوپىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ بىرىنچىسى تەئەييۇن «لاھۇت ئالەمى» (ئىلاھىي ئالەم) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىرىنچى تەئەييۇندا (ياكى دەسلەپكى تەجەللىدە) مۇلۇك مەرتىۋىسى مەلەكۇت مەرتىۋىسىدىن، مەلەكۇت مەرتىۋىسى جەبەرۇتتىن، جەبەرۇت لاھۇتتىن ئايرىلمىغان بولۇپ[1]، بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەجەللى بولمىغان بولىدۇ.

3) «ئالەمى مەلەكۇت» ياكى «ئالەمى ئەرۋاھ» (پەرىشتىلەر ئالىمى ياكى روھلار ئالىمى) مەرتىۋىسى بولۇپ، بۇنىڭغا «تەئەييۇنى سانى» (ئىككىنچى تەئەييۇن، ئىككىنچى ئاشكارىلىنىش)، «سىدرەتۇل - مۇنتەھە»[2]، «بەرزاھى سۇغرا»[3]، «ئالەمى تەفسىل»[4]، «ئالەمى مىسال» (مىسال ئالىمى) دېگەنگە ئوخشاش ناملار بېرىلگەن.

4) «ئالەمى شەھادەت» (گۇۋاھلىق ئالىمى) مەرتىۋىسى بولۇپ، بۇنىڭغا «ئالەمى مۇلك» (ئالەم، دۇنيا مەنىسىدە بولۇپ، ماددىي ئالەمنى، يەنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيانى

---

① سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 126 ـ بەت.

② سىدرەتۇل مۇنتەھە — يەتتىنچى قات ئاسماندىكى بىر گۈزەل دەرەخ بولۇپ، بۇ ئىنسانىنىڭ ھەققە يېقىنلىشىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى ھېسابلىنىدۇ دېيىلگەن. مىراج كېچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرنى جەبرائىل مانا شۇ يەرگىچە ئېلىپ چىققانىكەن.

③ بەرزاھ — جەننەت بىلەن جەھەننەمنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا. ئادەم ئۆلگەندىن تارتىپ تاكى قىيامەتكىچە بولغان ۋاقىت مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. «بەرزاھى سۇغرا» — «كىچىك بەرزاھ» مەنىسىدە، يەنى «كىچىك ئارىلىق، قىسقا ئارىلىق» مەنىلىرىنى بىلدۈرسە كېرەك.

④ «ئالەمى تەفسىل» — تەپسىلىي ئالەم، ھەممە نەرسە تولۇق كۆرستىلگەن، تولۇق ئاشكارىلانغان (نامايان بولغان) ئالەم.

كۆرسىتىدۇ)، «ئالەمى ناسۇت» (ئىنسانىي ئالەم)، «ئالەمى ئەناسىر» (ئېلېمېنتلار ئالىمى، ئۇنسۇرلار ئالىمى)، «ئالەمى ئەفلاك ۋە ئەنجۇم» (ئاسمانلار ۋە يۇلتۇزلار ئالىمى)، «ئالەمى مەۋالىد» (پەيدا بولۇش، مەيدانغا كېلىش ئالىمى)، «ئالەمى ھېس» (سەزگۈ ئالىمى، يەنى بەش سەزگۈ ئەزا بىلەن بىلىش مۇمكىن بولغان ئالەم) دېگەنگە ئوخشاشناملار بېرىلگەن.

5) «ئالەمى ئىنسانى كامىل» مەرتىۋىسى بولۇپ، بۇ ئالدىنقى مەرتىۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن مەرتىۋىدۇر.[①]

سوپىلارنىڭ قارىشىچە، زات مەرتىۋىسى بولغان «مۇتلەق غايىبلىق مەرتىۋىسى» دە پەقەت ئاللانىڭ زاتى مەۋجۇت بولۇپ، سۈپەتلىرى تېخى زاتتىن ئايرىلىپ تەجەللى بولمىغان. زات مەرتىۋىسى ئەقىل - ئىدراكنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنى بىلىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، يەنە ئۇنى مەلۇم ماكان ۋە زامان ئىچىدە قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا بۇ مەرتىۋىگە «لاتەئەييۇن» (مەلۇم بولمايدىغان، ئاشكارا بولمايدىغان، يەنى مەلۇم ماكان ۋە زامانغا تەيىن ئېتىشكە بولمايدىغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىكى، ئاللانىڭ زاتىنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ماكان ۋە زاماندىن خالىي (لامەكان ۋە لايەزال ياكى لەمىيەزەل — ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى دىنىي ئەقىدىگە قارىتىلغان) ئىسمى بېرىلگەن.

ئۇلارنىڭ قارىشىدا، زات مەرتىۋىسى ئىدراكنىڭ سىرتىدا بولغىنى ئۈچۈن، ئاللانىڭ ئەسما ۋە سىفاتى تەجەللى بولغان مەرتىۋىلەرنى ئۈچ ئالەمگە بۆلىدۇ. بۇلار، «ئالەمى جەبەرۇت»

---

① بۇ بەش مەرتىۋە ھەققىدە: سەلچۇك ئەرايدىن، 125 ـ، 126 - بەتلەر؛ ئاگاھ سىررى لەۋەند، 170 - بەت؛ فۇئاد كۆپرۈلۈ، 308 - بەتتىكى (28) ئىزاھ؛ ئا. د. كنىش: «دۇنيادىكى دىنلار. 1984» 86 -بەت؛ ئې. د. جاۋەلىدزە، 56 - بەتلەرگە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

(ئۇلۇغلۇق ئالىمى)، «ئالەمى مەلەكۇت» (مەلەكلەر ئالىمى، پەرىشتىلەر ئالىمى)، «ئالەمى مۇلۇك»» (ھەرخىل شەكىل ۋە سۈرەتلەردىكى ماددىي ئالەم) دىن ئىبارەت.

ئەزىزىددىن بىننى مۇھەممەد نەسەفى بۇ ئۈچ ئالەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «زاھىرىي ئالەمدە (تاشقى ئالەمدە) باتىنىي (ئىچكى) ئالەمنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ. مۇلۇكتە مەلەكۇتنىڭ بەلگىلىرى بولىدۇ... مۇلۇك مەلەكۇتقا ئوخشايدۇ. مەلەكۇتنىڭ ئاساسى جەبەرۇتتا بولىدۇ. چۈنكى مۇلۇك مەلەكۇتقا گۇۋاھلىق قىلىدۇ. مەلەكۇت بولسا جەبەرۇتنى ئىسپاتلايدۇ.»[1] «جەبەرۇت ئالىمى مۇلۇك بىلەن مەلەكۇتنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولۇپ، ئۇ (جەبەرۇت) مەلەكۇت بىلەن مۇلۇككە ئاشىق. چۈنكى ئۇ مەلەكۇت بىلەن مۇلۇكتە ئۆز ھۆسنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى تاماشا قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مەلەكۇتمۇ مۇلۇككە ئاشىق. چۈنكى مۇلۇكتە مەلەكۇت ئۆزىنى نامايان قىلغان، مەلەكۇتتا بولسا جەبەرۇت نامايان بولغان.»[2]

نەسەفىنىڭ بۇ پىكىرلىرىدە، بىز كۆرۈپ ئۆتكەن «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللى بولۇپ ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ «ئىشقى پرىنسىپى» گەۋدىلەنگەنىدى. نەسەفى بۇ ئالەملەرنىڭ بىر - بىرىگە زىچ باغلانغانلىقىنى، بىرى بولمىسا، يەنە بىرىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ: «مەلەكۇت بولمىسا مۇلۇكنىڭ بولۇشى، مۇلۇك بولمىسا مەلەكۇتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەر ئىككىسى بىرلىكتە بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.»[3] غەززالىمۇ ئالەمنى ئۈچكە بۆلىدۇ: «ئالەم بىر نەچچە ئالەملەرگە بۆلۈنىدۇ: مۇلۇك ئالىمى — بۇ

① نەسەفى: «زۇبدەتۇل ھەقايىق»، 41 - بەت.
② نەسەفى: «زۇبدەتۇل ھەقايىق»، 56 - بەت.
③ نەسەفى: «زۇبدەتۇل ھەقايىق»، 65 - بەت.

تۇيغۇلارغا ئاشكارا ئالەم؛ مەلەكۇت ئالىمى — ئىچكى جەھەتتە ئەقىللەرگە مەلۇم ئالەم؛ جەبەرۇت ئالىمى — ئارىدىكى ئالەم بولۇپ، بۇ ئىككى ئالەمنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.»① ئۇ يەنە ئىنسانىنىمۇ خۇددى بۇ ئالەملەرگە ئوخشاش ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئالەم، مۇلۇك ... مەلەكۇت ... جەبەرۇت .... ئالەملىرىگە بۆلۈنىدۇ. ئادەممۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ: مۇلۇك ئالىمىگە سېزىش بىلىشتە تايىنىدىغان ھېسسىي بىلىش ئەزالىرىنىڭ ماس كېلىدۇ. مەلەكۇتقا مۇۋاپىق كېلىدىغىنى بولسا روھ، ئەقىل، كۈچ، ئىرادە قاتارلىقلاردۇر. جەبەرۇت ئالىمىگە ماس كېلىدىغىنى ھېس - تۇيغۇلاردىكى سەزگۈ ۋە ئۇنىڭدىكى كۈچلەردىن ئىبارەتتۇر.»②

تەسەۋۋۇپچىكى ئالەم قارىشى ئۇنىڭ يەككە بارلىق (ۋەھدەتى ۋۇجۇد) تەلىماتىنى يەنىمۇ تولۇقلىغان بولۇپ، ئۇلار «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشىغا تايانغان ھالدا پۈتۈن ئالەمنىڭ پەقەت بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە تىرىشقان. ھەرقايسى ئالەملەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى دەلىللەش ئاساسىدا چۈشەندۈرگەن. شۇڭا ھەمزە پەنسۇرى «ئەسرار ئەل ئارىفىن» («ئارىفلارنىڭ سىرلىرى») ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇنىڭ مەيلى (پاكى خاھىشى، يەنى ئۆزىنى كۆرمەكنى ئىستىگەنلىكى) پۈتۈن ئالەمگە نامايان بولغان (تەجەللى قىلغان). ئەۋۋىلىدىن ئاخىرىغىچە، مەخپىيدىن ئاشكارىغىچە ھەممىسى ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) مەيلىنىڭ تەجەللىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس.»، «بارلىق شەكىللەر

---

① ② ۋ. ۋ. نائۇمكىن: «ئېھيايى ئۇلۇم ئەددىن» نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، موسكۋا، 1980 - يىل، 299-، 300 - بەتلەر.

(سۇرەتلەر) ئۇنىڭ شەكىللىرى، بارلىق رەڭلەر ئۇنىڭ رەڭگى، بارلىق تاۋۇشلار ئۇنىڭ تاۋۇشلىرى، چۈنكى ئۇ يېگانە، ئۇنىڭ ھەمرىيى (شېرىكى) يوق.»① دەيدۇ. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، «مەن قارىغان ھەر قانداق بىر شەيئىدە ئاللانىڭ تەجەللىسىدىن باشقا بىر نەرسە كۆرمىدىم.»② دېگەنىكەن.

شۇڭا، سوپىلار بارلىقنىڭ ئەسلىدە پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى، ھەر تۈرلۈك سۇرەت - شەكىللەرنىڭ مانا شۇ يېگانە بارلىقنىڭ سۈپىتىنىڭ ھادىسە سۈپىتىدىكى كۆرۈنۈشلىرى ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ھالدا دېڭىز سۈيى بىلەن دولقۇنغا، شۇنىڭ ھەرخىل ھالەتلىرىگە سىمۋول قىلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى پارس تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان فەخرۇددىن ئىراقى (1213 — 1289) نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە ئېنىق كۆرىمىز: «ئىسسىقنىڭ تەسىرى بىلەن دېڭىز ئۈستىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن سۇ زەررىلىرى ھور دېيىلىدۇ. بۇلار يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىرىكىپ بۇلۇت ھاسىل قىلىدۇ. تامچە - تامچە بولۇپ تۆۋەنگە چۈشسە يامغۇر بولىدۇ. يامغۇر سۇلىرى قوشۇلۇپ دەريا بولىدۇ. تەكرار - تەكرار قوشۇلۇپ دېڭىز ھالىغا كېلىدۇ. دېمەك، دېڭىز، مۇز، ھور، بۇلۇت، يامغۇر، سەل، ئۆستەڭ .... ھەممىسى سۇنىڭ تۈرلۈك كۆرۈنۈشلىرى، ھەممىسىنىڭ ئەسلى سۇدۇر. شۇنىڭدەك كائىناتتا بار ھېسابلانغان نەرسىلەرمۇ تەڭرى سۈپەتلىرىنىڭ باشقا - باشقا كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ زاتى يەككىدۇر، يەنى ئاللادۇر.»③ ئۇ يەنە، «دېڭىز ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنىڭ قايناملىرىدىن دولقۇنلار كۆتۈرۈلىدۇ. كىشىلەر بۇنى دولقۇنلار دېيىشىدۇ. ئەمما، ھەقىقەتتە بولسا بۇلارنىڭ (دولقۇنلارنىڭ) ھەممىسى ئاشۇ دېڭىزدىنلا ئىبارەت»④ دەيدۇ. ھەمزە پەنسۇرىمۇ بۇنى سۇ بىلەن سۇنىڭ يۈزىدىكى

① ھەمزە پەنسۇرى: «ئەسرارئەل ئارىفىن» — م.ت. ستېپانيانس، «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى» ناملىق كىتابقا ئىلاۋە قىلىنغان، شۇ كىتاب، 143 - بەت.

② ھەمزە پەنسۇرى، 138 - بەت؛ ئۇ يەنە قالغان ئۈچ خەلىپىنىڭ مۇشۇ مەزمۇندىكى سۆزلىرىنى نەقىل قىلغان. بىز پەقەت بىرىنىلا نەقىل ئالدۇق.

③ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، ئۈرۈمچى، 1989 - يىل، 44 -، 45 - بەتلەر.

④ ھەمزە پەنسۇرى، 141 - بەت (ھەمزە پەنسۇرىغا كۆرسىتىلگەن بەت نومۇرى م.ت. ستېپانيانسنىڭ كىتابىنىڭ بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ).

كۆپۈككە سىمۋول قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ: «كۆپۈك — سۇنىڭ كۆپۈشى بىلەن قوپال (كۆرۈمسىز) شەكىلگە كىرسىمۇ، ئەمما، كۆپۈك سۇنى ئۆزىنىڭ باشلىنىشى قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ماھىيىتى — نەپىسلىكتىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس. پەقەت ئوكيانىنىڭ يۈزىدە كۆپۈك قوپال ھالەتتە پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ سۇدىن پەقەت مەجازىي (مېتافورا) ھالدا پەرقلىنىدۇ، يەنى سۇنىڭ كۆرۈنۈشى نەپىس، كۆپۈكنىڭ بولسا قوپال، لېكىن كۆپۈك ھەقىقىي ماھىيەتتە سۇدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ۋە ئىسمى سۇنىڭكىگە ئوخشىمىغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى كۆپۈك دېيىشىدۇ. ئەمما، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ شەكىلگىمۇ، بارلىققىمۇ ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسمىمۇ پەقەت خىيالىي بولۇپ، ھەقىقىي ئەمەس، چۈنكى كۆپۈك ھەر دائىم سۇدا قايتا - قايتا يوقىلىپ تۇرىدۇ.»[1]

شۇڭا سوپىلارنىڭ قارىشىچە، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان «ۋۇجۇدى مۇتلەق» بىلەن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى بولغان ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنى ئىنسان ئەخلاقىي جەھەتتىن تاكامۇللىشىپ ئۆز-لۈكتىن پۈتۈنلەي كېچىپ «فەنا» بولغاندا، كۆپۈك سۇنىڭ ئىچىدە غايىب بولغاندەك ھەقنىڭ ۋۇجۇدىدا يوقىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە، «فەنا مەقامىغا ئېرىشىپ، خۇددى تاشتەك مۇستەھكەم بولغاندا، تەۋھىدكە (بىرلىككە، يېگانىلىققا) قەدەم قويىدۇكى، بۇ خۇددى ‹يوشۇرۇن خەزىنە› دىكى بارلىققا ياكى كۆپۈكنىڭ سۇدا غايىب بولۇپ كۆپۈك بولمىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەمما ‹تەۋھىدكە قەدەم

---

① ھەمزە پەنسۇرى، 152 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىسىنى، — بۇ پەقەت ئىپادىلەش شەكلى (يەنى ئىپادىلىگۈچى سۆز) دىنلا ئىبارەت. چۈنكى، ماھىيەتتە كۆپۈك بىلەن سۇ ھېچقاچان ئىككى نەرسە ئەمەس.»[1] دەيدۇ.

تەسەۋۋۇپنىڭ مانا شۇ يېگانە بارلىق بولغان «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى بولۇپ كۆپ خىل شەكىللەردە كۆرۈنىدىغانلىقى، ھەقىقەتتە بولسا بارلىقنىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى «تەجەللى نەزەرىيىسى» ئاساسىدا شەيئىلەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، بىر خىل شەكىلدىن يەنە بىر خىل شەكىلگە ئۆزگىرىدىغانلىقى، كۆپلۈكتىن ئەسلىدىكى بىرلىك ھالىتىگە قايتىدىغانلىقى ھەققىدىكى «دەۋر نەزەرىيىسى» مەيدانغا كەلگەندى. بۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى مۇشۇ مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىرىي تۈرگە «دەۋرىييە» دەپ نام بېرىلگەندى.

«تەجەللى نەزەرىيىسى» گە ئاساسەن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرى ئۆز تەجەللىسىدىن پەيدا بولغان بىر قانچە ئالەمدىن ئۆتۈپ مۇلۇك ئالىمىگە يەنى بىز ياشاۋاتقان ماددىي ئالەمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. «دەۋر نەزەرىيىسى» گە ئاساسەن، «بۇ ماددىي ئالەمگە چۈشكەن يەككە بارلىق دەسلەپىدە ‹جەماد› (مىنېراللار، جانسىز ماددىلار)، ئاندىن ‹نەبات› (ئۆسۈملۈك)، ئاندىن كېيىن ‹ھايۋان›، ئۇنىڭدىن كېيىن ‹ئىنسان› شەكىللىرىدە تەجەللى قىلىپ، ئۇنىڭدىن ‹ئىنسانى كامىل› شەكلىگە كىرىدۇ ۋە ھەققە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. يەنى ‹ۋۇجۇدى مۇتلەق› تىن قانداق چىقىپ بۇ خاكدانغا (يەنى بۇ دۇنياغا) چۈشسە، قايتىدىن بۇ يەردىن چىقىپ ئەسلىگە قايتىدۇ.»[2]

مۇتەسەۋۋۇپلار، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىنىڭ ئالەملەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى بولغان ماددىي ئالەمگە

---

① ھەمزە پەنسۇرى، 148 ـ بەت.
② فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، 322 ـ بەت.

ياكى «ئالەمى سۇفلى» (تۆۋەنكى ئالەم) گە چۈشۈپ ھەر خىل شەكىللەردە كۆرۈنۈشى، بىر خىل شەكىلدىن باشقا بىر خىل ھالەتكە ئۆتۈشى ۋە يەنە ۋۇجۇدى مۇتلەققە قايتىشىدىن ئىبارەت ئايلانما ھەرىكەتنى خۇددى بىر چەمبەر شەكىللىك دائىرىگە ئوخشاتقان بولۇپ، بۇ دەۋرىي ھەرىكەتنى «قەۋسى نۇزۇل» ۋە «قەۋسى ئۇرۇج» دەپ ئىككىگە بۆلگەن.①

«قەۋسى نۇزۇل» — ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ «ئەسما ۋە سىفات»ىنىڭ «ياي شەكلىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشكەن باسقۇچلىرىدۇر.»② ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى بۇ باسقۇچلارنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: «ۋۇجۇدى مۇتلەق»تىن ئايرىلىپ چىققان «نۇرى ئىلاھى» (ئىلاھىي نۇر) تەرتىپ بويىچە «ئەقلى كۇللى»دىن «ئۇقۇلى تىس» (توققۇز ئەقىل) قا، ئۇلاردىن «نۇقۇس تىس» (توققۇز نەپس) قا، ئۇلاردىن «ئەفلاكى تىس» (توققۇز پەلەك، توققۇز ئاسمان) قا، ئۇلاردىن «تەبايى ئەربا» (تۆت خىل تەبىئەت، تۆت خىل خۇلق، يەنى ئىسسىق، سوغۇق، قۇرغاق، ھۆلدىن ئىبارەت تۆت خىل تەبىئەت) غا، ئۇلاردىن «ئەناسىرى ئەربا» (تۆت ئاناسىر) غا ئۆتىدۇ. بۇ مەبدە (باشلانغان جاي) ياكى «قەۋسى نۇزۇل» دېيىلىدۇ.③ «قەۋسى ئۇرۇج» — تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ قەۋس (ياي) شەكلىدە قىلىنغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ: «‹قەۋسى نۇزۇل› ئارقىلىق ‹ئالەمى غايىب› تىن ‹ئالەمى شۇھۇد› (گۇۋاھلىق ئالىمى) قا چۈشكەن بارلىق، دەسلەپتە مەدەنلەرگە (جەمادقا)، ئاندىن نەباتقا (ئۆسۈملۈككە)، ئاندىن ھايۋانغا، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسان سۈرىتىدە تەجەللى قىلىدۇ. ئىنساندىن ‹ئىنسانى كامىل› غا ئۆتكەن ‹نۇرى ئىلاھى› ئارقىلىق قايتىپ ‹ئىنسانى كامىل› دىن ھەق تەئالاغا (ۋۇجۇدى مۇتلەققە) ئۇلىشىدۇ.»④

بۇ ئىككىنچى ئايلانما (دەۋر) بولۇپ، مەئاد (قايتىپ

---

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، 322 ـ بەت.
② ③ ④ ئابدۇراخمان گۈزەل، 322 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بارىدىغان جاي) ياكى «قەۋسى ئۇرۇج» (ياي شەكىللىك يۇقىرى ئۆرلەش) دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ «ئىلاھىي نۇر» ئۆز «دەۋر» ىيسىنى (ئايلىنىشىنى) تاماملايدۇ.

مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ «دەۋر نەزەرىيىسى» دىكى «ئىلاھىي نۇر» نىڭ «ۋۇجۇدى مۇتلەق» تىن چىقىپ چەمبەر شەكىللىك ئايلانما ھاسىل قىلىپ تەجەللى قىلىش ۋە ئاخىرىدا ئەسلىگە قايتىش جەريانىنى تۆۋەندىكىدەك سخېما بىلەن كۆرسىتىش مۇمكىن:




«دەۋر نەزەرىيىسى» ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئىسلام دىنىدىكى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن روھنىڭ يەنە ئەسلىدىكى دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت روھ ئۆلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەقىدىلەر ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. شۇڭا ئىبنى ئەرەبىمۇ «ئەۋۋەلىدىن ئاخىرىغا قەدەر بارلىق مەۋجۇداتلار پەقەت بىر خۇدادىن پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قايتىدۇ.»① دېگەن.

---

① ئىبنى ئەرەبى: «فۇسۇسۇل ھىكەم» (ھېكمەت گۆھەرلىرى)، بېيرۇت، 1980 - يىل، ئەرەبچە نەشرى، 49- بەت (م.ت. ستېپانيانسنىڭ كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى؛ م.ت. ستېپانيانس، 19 - بەت).

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دىنىي پەلسەپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى، تەرەققىياتى ۋە يوقىلىشىنى ئۆزىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىستىكىسى بولغان ئىدېئالىستىك مەۋقەدە تۇرۇپ كۆزىتىدۇ، چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىش جەريانلىرى ۋە يوقىلىشىنى «نۇرى ئىلاھىيە» نىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە تەجەللى قىلىشى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ئەسلىگە قايتىپ «ۋۇجۇدى مۇتلەق» قە قوشۇلۇپ كېتىش جەريانىدىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى «دەۋر نەزەرىيىسى» مۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەسەۋۋۇپتىكى «دەۋر نەزەرىيىسى» ئومۇمىيلىق جەھەتتە، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى پەقەت روھنىڭ ئايلىنىشىدىنلا ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرىدىغان «ئايلانمىچىلىق» قارىشىغا ياتىدۇ.

لېكىن بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى «دەۋر نەزەرىيىسى» گەرچە ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ئىدېئالىستىك تەلىمات بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى «نۇرى ئىلاھى» نىڭ دەۋرىي ھالدا تەجەللى قىلىنىش جەريانى ھەققىدىكى قاراشلاردا دىئالېكتىك تەپەككۇرنىڭ ئىزنالىرى ناھايىتىمۇ روشەن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

«دەۋر نەزەرىيىسى» بويىچە قارىغاندا، «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ «ئەسما ۋە سىفات» ىنىڭ تەجەللىسى بولغان كائىنات «ئىلاھىي نۇر» نىڭ بىردىنلا پارلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن بولماستىن، بەلكى، بۇ نۇرنىڭ تەدرىجىي پارلىشى يەنى تەجەللى قىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. بۇ نۇرنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تەجەللى قىلىشى («قەۋسى نۇزۇل») بىلەن دەسلەپ «ئەقلى كۇللى» بارلىققا كەلگەن. تەرتىپ بويىچە، ئەڭ تۆۋەنگە

www.uyghurkitap.com

چۈشكەندە «تۆت ئاناسىر» يەنى ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق پەيدا بولغان. بۇ نۇرنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەپ تەجەللى قىلىشى بىلەن («قەۋسى ئۇرۇج») تۆت ئاناسىردىن تەدرىجىي ھالدا مىنېراللار بارلىققا كەلگەن. ئاندىن كېيىن تەرتىپ بويىچە ئۆسۈملۈك (نەبات)، ھايۋان، ئىنسان بارلىققا كەلگەن. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ نۇر يۇقىرىغا ئۆرلەپ تەجەللىي قىلغاندىكى ھەر قايسى باسقۇچلاردا پەيدا بولغان مەۋجۇداتلارنىڭ بىر ھالەتتىن ئىككىنچى ھالەتكە ئۆتۈشى بولۇپ، ھەر قايسى باسقۇچتا پەيدا بولغان مەۋجۇداتلار ئۆزىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىغا قارىغاندا بىر بالداق تەرەققىي قىلغان، مۇكەممەللەشكەن مەۋجۇداتلار ئىدى.

جالالىددىن رۇمى «دەۋر نەزەرىيىسى» نى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

امده‌اول باقلیم جماد وزجمادی درنباتی او فتاد
سالها اندرنباتی عمرکرد وزجمادی یاد ناورداز نبرد
وز نباتی چون بحیوانی فتاد نامدش حال نباتی هیچ یاد①

ئەۋۋەل ئالەمگە كەلگەنتى جەماد،
جەمادىدىن بارلىققا كەلدى نەبات.
يىللارچە ئۆمۈر كەچۈرۈپ نەبات،
جەمادنى يېتىپ دۇنياغا كەلگىنىنى قىلمىدى ياد.
نەباتتىن ھايۋانغا ئۆتكەندە بولسا،
نەباتتىكى ھالىنى تامامەن ئەيلىمىدى ياد.

مەۋلانە مەسنەۋىلىرىدىن يەنە بىرىدە شۇنداق يازىدۇ:

---

① فۇئاد كۆپرۈلۈ، 323 ـ بەت؛ ئې. د. جاۋەلىدزە، 63 ـ بەت؛ (فۇئاد كۆپرۈلۈ شېئىرنىڭ تەرجىمىسىنى بەرمىگەن، پارسچىسىنىلا مىسال كەلتۈرگەن. بىز بۇ شېئىرنىڭ ۋە كېيىنكى بىر نەچچە شېئىرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە پېشقەدەم ئۇستاز شۈكۈر يالقىن ئاكىنىڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۈكۈر ئاكىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز. ئۇنىڭدىن سىرت ئې. د. جاۋەلىدزەنىڭ كىتابىدا ئۇچرايدىغان نەقىللەرنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىدىنمۇ قىسمەن پايدىلاندۇق.)

ازجمادی مردم و نامی شدم وز نما مردم بحیوان برزدم
مردم از حیوانی و ادم شدم پس چه ترسم‌کی زمردن کم شدم
جملهٔ دیگر بمیرم ازبشر تابر ارم از ملائك بال وپر
وز مالك هم یایدم جستن زجو کل شیی هالك الا وجهه
بار دیگر ازمالك قربان شوم
انچه اندرو هم نایدان شوم

جەماددىن مۆردە (ئۆلۈك) دېگەن نامغا ئىگە بولىمەن. ئۆنىگدىن ھايۋان بولۇپ پەيدا بولىمەن ۋە ھايۋاندىن ئۆلۈپ ئادەمگە ئايلىنىمەن. [شۇنداق ئىكەن] ماڭا ئۆلۈپ يوقىلىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بەشەردە (ئىنسانلىقتا) ئۆلۈپ، پۈتۈن يېڭى قىياپەتكە ئىگە بولۇپ مالائىكىلەردىن بىر بەلگە ئېلىش ئۈچۈن (يەنى ئىنساندا ئۆلۈپ، مالائىكە بولۇپ پەيدا بولۇش ئۈچۈن) قانات قاقىمەن. ئەمما، مەلەكنى ھەم (مالائىكىلەر ئالىمىنى) چوقۇم تەرك ئېتىمەن. چۈنكى، «ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) ۋەجھىدىن (يۈزىدىن) باشقا ھەممە نەرسە ھالاك بولغۇچىدۇر (ئۆلگۈچىدۇر)». مالائىكىلەر ئالىمىدىمۇ مەن يەنە ئۆلىمەن.①

بۇ مىسرالاردىنمۇ «دەۋر نەزەرىيىسى» دە ئىپادىلەنگەن دىئالېكتىك پىكىرلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى باسقۇچنىڭ ئالدىنقى باسقۇچنى ئىنكار قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، ئالدىنقى باسقۇچتىكى ھالىتىگە قارىغاندا تاكامۇللىشىشقا قاراپ ماڭغانلىقى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. «. . . سەن خاك (تۇپراق) ئىدىڭ، گىياھقا ئايلاندىڭ، نەبات (ئۆسۈملۈك) دۇنياسىدىن بىر قەترە قان بولۇپ ھايۋانات دۇنياسىغا ئۆتتۈڭ، نىھايەت، ھايۋان دۇنياسىدىن — ئالەمى ئىنسانىيەتكە. مانا بۇ قالتىس مۆجىزە!»② دەيدۇ مەۋلانە

تەسەۋۋۇپتىكى «دەۋر نەزەرىيىسى» گەرچە يۇقىرىدىكى

① فۇئاد كۆپرۈلۈ، 323 ـ بەت؛ ئى. د. جاۋەلىدزە، 63 ـ 64 ـ بەتلەر.
② رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، تاشكەنت، 1986 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 238 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانلىرىنى «ئىلاھىي نۇر» نىڭ تەجەللىسى دەپ قارىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئىسلام دىنى تەلىماتىدىكى ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى تەلىماتلاردىن روشەن ھالدا پەرقلىنەتتى. شۇنداقلا، تەرەققىياتنى ئىنكار قىلىدىغان مېتافىزىك قاراش — «ئايلانمىچىلىق» تىنمۇ قىسمەن پەرق قىلاتتى. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش دىئالېكتىك ئۆزگىرىش جەريانى ئىپادىلەنگەن مىسرالارنى بىز جالالىددىن رۇمىنىڭ مەسنەۋىلىرىدە كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئۇ شۇنداق يازىدۇ:

اول جمادی بودی اخرنبسات کشتی
انکه شدی تو حیوان این بر توچون نهانست
کشتی ازان پس انسان باعلم وعقل وایمان
بنکرچه کل شد ان تن کوجزوء خاکدانست

دەسلەپىدە جەماد (مېنېراللار) پەيدا بولغانىدى، ئاندىن نەبات (ئۆسۈملۈك) بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن (ئۆسۈملۈكتىن) ھايۋانغا ئۆتتۇڭ، لېكىن بۇ جەريانلار ساڭا نامەلۇمدۇر. ئۇنىڭدىن (ھايۋاندىن) ئىلىم، ئەقىل ۋە ئىمان ئىگىسى بولغان ئىنسانغا ئۆتتى. گەرچە ھەممىسى ئۇنىڭدىن (تۇپراقتىن) مۇكەممەللىشىپ بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، تەن يەنىلا خاكداننىڭ (خاكدان — دۇنيا دېگەن مەنىدە، سۆزنىڭ يىلتىزى خاك — تۇپراق سۆزى بولۇپ، بىز تۇرۇۋاتقان ماددىي دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە مەۋلانە تەن تۇپراقنىڭ بىر قىسمىدۇر دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن) بىر بۆلىكىدۇر.①

ئۇلارنىڭ «دەۋر نەزەرىيىسى» دىكى «نۇرى ئىلاھى» نىڭ تەجەللى قىلىش تەرتىپى ئەمەلىيەتتە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاددىي ھالەتتىن تاكامۇللىشىشقا قاراپ ماڭىدىغانلىقى، كېيىنكى باسقۇچتىكى تەرەققىيات ھامان ئالدىنقى باسقۇچنى ئۆزگە مەنبە قىلسىمۇ، يەنە ئۆزىنىڭ كونا ھالىتىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق

---

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، 323 ـ بەت.

يېڭى ھالەتكە ئۆتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت دىئالېكتىكىلىق
ئۆزگىرىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۇرگەنىدى. گەرچە، ئۇلار بۇ
ئۆزگىرىش جەريانىنى پەقەت «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ
سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى دەپ چۈشەندۇرسىمۇ، لېكىن
تەجەللىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچتىكى تەرتىپىدە ۋە بۇ باسقۇچتىكى
شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە يوقىلىپ
باشقا بىر شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولۇشىدىن
ئىبارەت تەرەققىيات جەريانلىرى ھەققىدىكى تونۇشىدا، شەيئىلەر
تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيىتىنى ئاڭسىز يوسۇندا
بولسىمۇ ئىپادىلىگەنىدى. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى «دەۋر
نەزەرىيىسى» مەلۇم تەرەپلەردە ئىستىخىيىلىك ھالدا شەيئىلەر
تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقانلىقى بىلەن
بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە. «رۇمىنىڭ تەلىماتىدىكى بۇ
تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئاساسىنى دىئالېكتىك ئۆزگىرىش
قاپلىغان — دەپ يازىدۇ ئى. د. جاۋەلىدزە — بۇ خىل سەكرەپ
تەرەققىي قىلىش، تەرەققىياتنىڭ كېيىنكى باسقۇچى ئۆزىنىڭ
بارلىققا كېلىش سەۋەبىنى ئىنكار قىلغاندا مەيدانغا كېلىدۇ.
كرىستال (جەماد) پەيدا بولىدۇ ۋە يوقىلىدۇ، بىراق ئۆزىنىڭ
كرىستاللىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلىمىغان ھالدا ئۆسۈملۈككە
ئايلىنىدۇ. ئۆسۈملۈك پەيدا بولۇپ، يوقىلىدۇ. ئەمما سۈپەت
جەھەتتىن ئۆسۈملۈكنى ئىنكار قىلىپ ھايۋانغا ئۆزگىرىدۇ...»①

## 3 § . ئىنسان قارىشى

ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتى نېمە؟ ياكى ئىنسان دېگەن
نېمە؟ بۇ ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدا ئۈزلۈكسىز ھالدا جاۋاب

① ئى. د. جاۋەلىدزە، 63 ـ بەت.

ئىزدەپ كەلگەن بىر چوڭ سىر. كارل ماركس «تارىخ — ئۆز مەقسىتى يولىدا ئىنتىلىپ كېتىۋاتقان ئىنسانىنىڭ پائالىيىتىدىنلا ئىبارەت»[1] دېگەنىدى. ئىنتىلىۋاتقان مەقسەتلەردىن ئەڭ ئالدىنقىسى دەل ئىنسانىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئىنسانىيەت تارىخى — ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىز بۇ تارىخنىڭ ھەربىر بەتلىرىدە مەيلى روشەن بولسۇن، مەيلى غۇۋا بولسۇن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسانىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرىمىز.

مەلۇمكى، تارىختىكى ھەر قانداق بىر دىن، ھەر قانداق بىر پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي تەلىماتلاردا ئىنسان ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ «ئىنسان» دىن ئىبارەت بۇ سىرنى يېشىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى يارقىن ئىپادىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، دىندىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىنسانىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇش يولىدىكى ئىنتىلىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

يۇنانىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىردە ئۆتكەن پەيلاسوپى پىروتاگور (Protagoras) ئىنسانىنى كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشنىڭ مىزانى قىلغان بولۇپ، «ئىنسان كائىناتنىڭ مىزانى» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ياشىغان ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى ۋاڭ فۇجى (王夫之، 1616 — 1692) بولسا، «ئىنسان كائىناتنىڭ روھى» دەپ تەبىر بەردى. ھىندىستانىنىڭ ئەڭ قەدىمكى دىنىي كىتابلىرى بولغان «ئۇپانشاد»تا، «ئىنساندىن مۇھىمراق ھېچنېمە يوق»[2] دېيىلگەنىكەن.

---

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، II توم، خەنزۇچە نەشرى، 119- بەت.
② «شەرق ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، بېيجىڭ، 1990 - يىل، 34 - بەت.

«قۇرئان» دا ئېيتىلىشىچە، ئاللا ھاياتلىقتىكى تۇنجى ئىنسان — ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقاندىن كېيىن، ئەرشتىكى بارلىق مالائىكە - پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. ئىبلىس (شەيتان) سەجدە قىلىشتىن باش تارتقىنى ئۈچۈن، مەڭگۈلۈك لەنەتكە دۇچار بولغان.[1] كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىسلام دىنىدىمۇ، ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىنلا ئۇلۇغلانغانلىقى سۆزلەنگەن.

مانا شۇ زېمىن ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ، راۋاجلانغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە ئەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان مەسىلە — ئىنسان ئىدى.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئىنسانمۇ ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە (سۈرەتتە) مەۋجۇت، ئەمەلىيەتتە بولسا پەقەت ئەسلى ۋۇجۇدلا مەۋجۇتتۇر. لېكىن، «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ تەجەللىسى دەپ قارالغان ئىنسان، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلار تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى «ئىنسان مەركەزلىك»[2] پەلسەپە دەپمۇ ئاتىغان.

تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللانىڭ سۈپەتلىرى («سىفاتى ئىلاھىيە») نىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسىدىن ئىبارەت. ئەمما ئىنساندا بولسا ئاللانىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرى تولۇق ۋە مۇجەسسەم ھالدا تەجەللى قىلغان. شۇڭا، ئىنسان، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» (ئاللانىڭ سىرلىرىنىڭ نۇسخىسى) بولۇپ، «ھۆسنى مۇتلەق» ئىنسان ئارقىلىق ئۆز ھۆسنىنى (گۈزەللىكىنى) كۆرگەن. ھەتتا غەززالىي ئۆزىنىڭ ئەڭ

① «قۇرئان كەرىم» 38 - سۈرە ساد، 71 — 78- ئايەتكىچە قارالسۇن.
② نەجدەت ئەكمىجى: «ئىنسان تەسەۋۋۇپتا قايتا ئىشلەنگەن ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان» — «مىللىي مەدەنىيەت» (M. K)، 1990 - يىل، ئارالىك، ئومۇمىي 79 - سان، 20 - بەت.

www.uyghurkitap.com

نوپۇزلۇق ئەسىرى «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن» دە، پەيغەمبەرنىڭ «ئاللا ئادەمنى (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) ئۆزىگە ئوخشىتىپ خەلق ئەتكەن (ياراتقان)»① دېگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ھەم بۇ سۆزنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقتا يەنى ئەقىل بىلەن چۈشىنىشكە بولىدىغان، ئەمما كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولمايدىغان ئىچكى ئوخشاشلىقتا قارىتىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.②

مۇھيىددىن ئىبنى ئەرەبىمۇ «فۇسۇسۇل ھىكەم» ناملىق ئەسىرىدە، «ئىنسانغا ئىھتىمام كۆرسەتكەن (يەنى، ئىنسانغا ئەھمىيەت بەرگەن) كىشى، ئاللاغا ئىھتىمام كۆرسەتكەن بولىدۇ.»، «ئاللا ئىنساننى شۇ قەدەر ئۇلۇغلىغانكى، كۆكلەر ۋە يەردىكى ئەڭ ئالىيدىن ئەڭ تۆۋەنگە قەدەر ھەممە شەيئىنى ئۇنىڭ (ئىنساننىڭ) باشقۇرۇشىغا بەرگەن»③ دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە ئىنسان، «زاتەن ۋە سۈرەتەن (ماھىيەت ۋە سىرتقى شەكىل) جەم ۋە تەپسىلىي (توپلانغان، جەم بولغان ۋە ئەتراپلىق، تەپسىلىي ھالدا) زاھىرەن ۋە باتىنەن (تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتلەردە) ھەقنىڭ تولۇق تەجەللىسىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن، ئىنسانىز ئالەمنىڭ كەمالى زۇھۇرغا (تولۇق كۆرۈنۈشكە، تولۇق نامايان بولۇشقا) قابىلىيىتى يوقتۇر.... ھەزرىتى ئىلاھىيەتتە بولغان جەمئىييەتى ئەسمائىييە ئىنساندا زاھىردۇر (يەنى، ئىلاھىيەت مەرتىۋىسىدىكى بارلىق ئىسىملارنىڭ يىغىندىسى ئىنساندا نامايان بولغان).... زۇھۇر جەھەتى بىلەن (كۆرۈنۈش جەھەتتىن) ئادەم ئالەمنىڭ نەتىجىسى ۋە سەمەرىسىدۇر.»④ دېگەنىدى.

بۇ پىكىرنى بىز ئىبنى ئەرەبىدىن ئىلگىرى ياشىغان بۈيۈك

---

① غەززالى: «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن» (رۇسچە تەرجىمە)، موسكۋا، 1980 ـ يىل، 214 ـ بەت.
② غەززالى: «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن»، 214 ـ، 215 ـ بەتلەر.
③ نەجدەت ئەكىجى، — «M. K»، 20 ـ بەت.
④ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، 320 ـ بەتتىكى [38] ئىزاھقا قاراڭ.

مۇتەپەككۇر شائىر ئۆمەر ھەييام (1048 — 1122) دىمۇ ئۇچرىتىمىز:

دۇنيانىڭ تىلىكى، سەمەرىمۇ بىز،
ئەقىل كۆزىن قارىسى — جەۋھەرىمۇ بىز.
دۇگىلەك جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى — گۆھەرىمۇ بىز.①

مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ نەزەرىدە، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدات ئىنسانغا مۇجەسسەملەشكەن. چۈنكى، كائىناتتىكى شەيئىلەردە تارقاق، قىسمەن ھالدا تەجەللى بولغان ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا توپلانغان. شۇڭا كائىناتتىكى ھەر قانداق شەيئىنىڭ بەلگىلىرى ئىنساندا بار. جالالىددىن رۇمى بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

هرچه درافاق موجودات هست
همچنین تمسال در انفسست

ھەرنېمكى مەۋجۇت بولسا ئالەمدە،
تىمسالى ئۇنىڭ باردۇر ئادەمدە.②

شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بارلىق شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كائىنات «ئالەمى كۇبرا» (ماكرو ئالەم) بولسا، مانا شۇ ماكرو ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىنسان «ئالەمى سۇغرا» (مىكرو ئالەم) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياكى كائىنات بىر «چوڭ كىتاب» بولسا، ئىنسان مانا شۇ كىتابنىڭ ھەممە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «كىچىك كىتاب»

---

① ئۆمەر ھەييام: «رۇبائىيلار»، تاشكەنت، 1976 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 5 - بەت.
② ئاگاھ سىررى لەۋەند، — «1971. TDAY»، 170 - 171 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇر. جالالىددىن رۇمى يەنە «ئىنسان بۈيۈك بىر مۆجىزە، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسە يېزىلغان»[①] دەيدۇ. لېكىن بىر قىسىم مۇتەسەۋۋىپلار خۇددى دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈ ئېيتقاندەك، بۇنىڭغا قانائەت قىلماستىن، ئىنساننىڭ «ئالەمى كۇبرا»، كائىناتنىڭ بولسا «ئالەمى سۇغرا» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.[②] جالالىددىن رۇمى ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى.

گەر كۆرۈنۈشتە بولساڭمۇ «ئالەمى ئەسغەر»،
ھەقىقەتتە سەندۇرسەن «ئالەمى ئەكبەر».

دېمەك، مەۋلانەنىڭ نەزەرىدە، ئىنسان گەرچە كۆرۈنۈشتە (سۇرەتتە) «ئالەمى ئەسغەر» (كىچىك ئالەم، مىكرو ئالەم) بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە (مەنىدە) «ئالەمى ئەكبەر» (چوڭ ئالەم، ماكرو ئالەم) دۇر.

تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ بۇ قەدەر يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى — ئىنساننىڭ قەلبى (كۆڭلى) ئاللانىڭ سىرلىرىنىڭ ماكانى دەپ قارالغانلىقىدا ئىدى. يەنى، ئىنسان «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق مۇقەددەس دەپ قارالغان. جالالىددىن رۇمى بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا ئېنىق بايان قىلىدۇ:

ای نسخهٔ اسرار الهی که توئی
وی اینهٔ جمال شاهی کەتوئی
بیرون ز تو نیست هرانچه درعالم هست
درخود بطلب هرانچه خواهی که توئی

سەن ئىلاھىي سىرلارنىڭ نۇسخىسىدۇرسەن؛ سەن شاھ جامالىنىڭ (ئاللانىڭ گۈزەللىكىنىڭ) ئەينىكىدۇرسەن. ئالەمدىكى ھەر قانداق نەرسە

---

① جالالىددىن رۇمى: «ئىچىمدىكى ئىچىمدىدۇر»، تاشكەنت، 1997 ـ يىل، 51 ـ بەت.
② فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، 310 ـ بەت.

سەندىن تاشقىرى ئەمەستۇر (يەنى، ئالەمدىكى ھەممە نەرسە سەندە باردۇر). سەن
نېمىكى ئىزدىسەڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن.①

شۇڭا ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئىنسان ئاللانى سىرتقى ئالەمدىن ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ئىزدىشى لازىم. چۈنكى، ئىنساننىڭ قەلبى ئاللانىڭ كەبىسى، يەنى ئاللانىڭ ئۆيىدۇر. شۇڭا مەۋلانە جالالىددىن رۇمى «مەسنەۋى» سىدە:

ئايا سىز جان چېكىپ ھەرلەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھىنى،
ئانى ئىزدەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھى — سىز، ئىلاھىي - سىز.②

دەپ يازغانىدى. ئۇ يەنە،

بىر جان بار جېنىڭدا ئۇ جاننى ئىزدە،
بەدەن تېغىدىكى سىرلىق مۇجەۋھەرنى ئىزدە!
ئەي يۇرۇپ كېتىشۋاتقان دوست، پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن ئىزدە،
ئەمما سىرتتىن ئەمەس، ئىزدىگىنىڭنى ئۆز ئىچىڭدىن ئىزدە!③

دەپ خىتاب قىلىدۇ. يۇنۇس ئەمرا (1240؟— 1320) مۇ،

Hak cihana tolidur kimseler Haki bilmez,
Ani sen senden iste o senden ayru olmaz.

ھەق جاھانغا تولغاندۇر كىمسىلەر (ئادەملەر) ھەقنى بىلمەس،
ئۇنى سەن سەندىن ئىستە، ئۇ سەندىن ئايرىم بولماس.④

دەيدۇ. ئۇ بۇ پىكىرلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بايان قىلىپ:

① ئى. د. جاۋەلىدزە، 142 - بەت.
② رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، (ئۆزبېكچە)، 46 - بەت.
③ فەيزى ھالىچى، — «K.M» 79 - سان، 5 - بەت.
④ دوكتور فەرۇق. ك. تىمۇرتاش: «يۇنۇس ئەمرا دىۋانى»، ئەنقەرە، 1986 - يىل، 55 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

Cok cehdedip istedim, gogu aradim,
Hic mekanda bulmadim, buldum insan icinde.

كۆپ تىرىشىپ ئىستىدىم، يەرۇ كۆكنى ئىزدىدىم،
ھېچبىر ماكاندىن تاپالمىدىم، تاپتىم ئىنسان ئىچىندە①.

دەيدۇ.

ئەزەربەيجان شائىرى سەيىد ئىمادىددىن نەسىمى (1369 — 1417) ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ تۆپ سەۋەبىنى — ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللانىڭ سىرلىرى بارلىقى، قەلب ئۆيىدە ئاللا بارلىقىنى بايان قىلىدۇ:

چۈنكى بىلدىڭ مۆمىننىڭ قەلبىدە بىر ئاللا بار،
نېچۈن ئىززەت ئەتمەدىڭ ئول بەيتتە (ئۆيدە) كىم ئاللا بار.
..................................
ھەرنە بار ئادەمدە بار، ئادەمدىن ئىستە ھەقنى سەن،
ئولما ئىبلىس شەقى ئادەمدە سىررۇللاھ بار.②
(ھەر نېمە بولسا ئادەمدە بار، ئادەمدىن ئىستە ھەقنى (ئاللانى) سەن، ئىبلىسقا ئوخشاش شەقىي (بۇزۇق) بولما، ئادەمدە ئاللانىڭ سىرلىرى بار.
يەنى ئىبلىسقا (شەيتانغا) ئوخشاش ئادەمگە باش ئېگىشتىن بويۇن تولغاپ لەنەتكە دۇچار بولغان بىتەلەي بولمىغىن، ئىنساندا ئاللانىڭ سىرلىرى باردۇر.)

جالالىددىن رۇمىمۇ شېئىرلىرىدىن بىرىدە، «سەن قىممىتىڭ ۋە چۈشەنچەڭ بىلەن ئىككى ئالەمگە تەڭسەن. ئەمما،

---

① ۋ. ب. كۇدېلىن: «يۇنۇس ئەمرانىڭ شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1980 ـ يىل، 45 ـ بەت.
② ئاگاھ سىررى لەۋەند، 171 ـ بەت؛ نەجدەت ئەكىجى، 20 ـ بەت.

نېمە قىلايكى، ئۆز باھايىڭنى بىلمەيۋاتسەن»[1] دېگەندى.

پەرىدىددىن ئەتتار «مەنتىقۇتتەير» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، «نېمىكى ئىزدەۋاتقان بولساڭ، نېمىكى ئېيتىۋاتقان بولساڭ، ئۇ — سەن ئۆزۈڭسەن. ئۆزۈڭنى چۈشەن، يۈز مەرتىۋە ئۆزۈڭنى چۈشەن.»[2] دەپ خىتاب قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ تەسىرىدە، تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى بايان قىلىپ «لىسانۇتتەير» نى يازغان ئەلىشىر نەۋائىي «قۇشلار تىلى» («لىسانۇتتەير») نىڭ ئاخىرقى قىسمىدا شۇنداق دېگەندى:

مۇندەگەر ياخشى تەخەييۇل ئەيلەسەڭ،
ياكى ئىش سىررىن تەئەممۇل ئەيلەسەڭ،
مۇتتەسىف بولساڭ سىفا تىللاھ ئىلە،
جەزىم ئېتەرسەن خاتىرى ئاگاھ ئىلە —
كىم سەن ئۇق سەن ھەر نەكىم مەقسۇد ئېرۇر،
سەندىن ئۆزگە يوق نېكىم مەۋجۇد ئېرۇر،
زاتىنىڭ ئىجمالىغە تەفسىلسەن،
ھەم ۋۇجۇد ئىشكالىغا تەۋىلسەن،
ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تەفەككۇر ئەيلەگىل،
ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدىن ئىستەگىل.[3]

بۇ مىسرالارنىڭ مەنىسىنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، موللا سىدىق يەركەندىنىڭ نەسرىي شەكلىدىكى

① جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، تاشكەنت، 1997 - يىل، 22 - بەت.

② مۇھەممەدجان ئىمامنەزەروف: «ھەقىقەت ۋە مەجاز» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1988 - يىل، 4 - سان، 181 - بەت. (ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسى ھەجمى خېلى چوڭ ماقالە بولۇپ، «شەرق يۇلتۇزى» نىڭ ئۈچ ساندا ئېلان قىلىنغان. نەۋائىي بىلەن ئەتتار ئىجادىيىتىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىگە بېغىشلانغان.)

③ مۇھەممەدجان ئىمامنەزەروف: «ھەقىقەت ۋە مەجاز» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1991 - يىل 4 - سان، 165 - بەت.

www.uyghurkitap.com

يەشمىسىنمۇ ئىلاۋە قىلىمىز:

ئەگەر سەن بۇنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرسەڭ ياكى ئىشق سىرلىرىنى دىققەت بىلەن مۇلاھىزە قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئاللانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكىنىڭدە، ھوشيار دىلىڭدا، مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتىشقا جۈرئەت ھاسىل بولغانلىقىنى سېزىسەن: يارىتقان ھەممە نەرسىدىن ئاساسىي مەقسەت پەقەت سەن ئۆزۈڭ! سېنىڭ زاتىڭدىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس! سەن ئۆز زاتىڭ بىلەن ھەم ئىچچام ھەم تەپسىلىيسەن. شۇنداقلا بارلىق مۇشكۇللەرنى چۈشىنىپ يەتكۈچىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدۇڭ ھەققىدە تەپەككۇر قىلغىن، كىمنى ئىزدىمەكچى بولساڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن. ①

تۈركىيىلىك ئالىم ئەھمەد ھىلمى ئۆزىنىڭ «ئىسلام تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى تەسەۋۋۇپقا دائىر بايانلاردا تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

«دەردىڭنىڭ چارىسى سەندە ۋە چۈشىنىشىڭدىدۇر،
خەستىلىكىڭمۇ ئۆزۈڭدىن ۋە كۆرۈنۈشىڭدىدۇر.
سەن ھەر شەيئىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدىغان شۇنداق بىر كىتابسەنكى،
يوشۇرۇن سىرلار سېنىڭ ھەرپلىرىڭ بىلەن زۇھۇرغا كېلۇر.
سەن ئۆزۈڭنى كىچىككىنە بىر جىسىم ھېسابلايسەن،
ھالبۇكى ئەڭ بۈيۈك ئالەم سەندە توپلانغاندۇر.
ئۆز سىرتىڭدا ھېچبىر نەرسىگە ئېھتىياجىڭ يوقتۇر.
چۈشەنچەڭ سەندە ۋە چۈشەنگەن نەرسە سەندىدۇر.» ②

ئېھتىمال، ئەلىنىڭ بۇ سۆزلىرىمۇ تەسەۋۋۇپتىكى

---

① نەۋائىي: «لىسانۇتتەير» — موللاسىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى، «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 73 - بەت.
② ئەھمەد ھىلمى: «ئىسلام تارىخى»، ئىستانبۇل، 1980 - يىل، 2 - جىلد، 383 -، 384 - بەتلەر.

پىكىرلەرنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى مەزمۇن قىلىنغان ئەسەرلەردە ھەم بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىنسان پەۋقۇلئاددە ئۇلۇغلانغان. بۇ بىزگە تەسەۋۋۇپتا ئىنسان ھەققىدىكى تەپەككۇرنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ كائىناتتىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بۇنداق «ئىنسان مەركەزلىك» تەلىماتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشقان كىشىدە، ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى ھەققىدە، «ئىنسان دېمەك ئىلاھ يەنى خۇدا دېمەكتۇر. خۇدا — ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر.» دېگەن چۈشەنچە ھاسىل بولۇپ، ئۇلارنى «ئاتېئىستلار» دەپ ئاتىشى تۇرغانلا گەپ. ئەھلى سۈننەتنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى بۇ ئىدىيىلەرنى «دەھرىيلىك»، «ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك» دەپ ئەيىبلەشلىرىنىڭ ھەم بۇ پىكىرنى ياقلىغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە ئىدى. چۈنكى تەسەۋۋۇپتىكى «ئىنسان مەركەزلىك» ئىدىيىسى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىدىن خېلىلا چەتنىگەن بولۇپ، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرى يول قويىدىغان تەپەككۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن سۆز ئارىلىقىدا بىر مەسىلىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەسەۋۋۇپتىكى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش «خۇدا — ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر» دېگەندەك پىكىرلەر، گەرچە كۆرۈنۈشتە مەنتىق جەھەتتىن «ئىنسان دېمەك خۇدا دېمەكتۇر، ئىنسان خۇدا بولغانىكەن، دېمەك خۇدا يوق، خۇدا ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا ئىمكان بېرىپ، ئاتېئىزمغا پاكىت ئىزدىگۈچىلەرنى «يېمىرىلمەس» پاكىتلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارغا دەستەك

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ پىكىرلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى «ئاتېئىزملىق خاھىش» نىڭ تامامەن ئەكسىچە بىر خاھىشنى دەلىللەيتتى. يەنى ئۇ خۇداسىزلىقنى ئەمەس بەلكى خۇدا بارلىقنى، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىقنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى دەلىللەش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلارنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپ — بىر دىنىي پەلسەپە (ئەلۋەتتە، دىنىي پەلسەپە بولسىلا ئۇنىڭدا ئاتېئىستىك ئىدىيە، خاھىش بولمايدۇ دېمەكچى ئەمەسمىز)، يەنە كېلىپ مونىستىك دىن (بىر خۇدالىق دىن) بولغان ئىسلام دىنى ئىچىدە بارلىققا كېلىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ ئۇل تېشىنى ئىسلام دىنىدىكى ئاللانىڭ يەككە - يېگانىلىقى ھەققىدىكى ئەقىدىلەر تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىكى تۈپكى ئېتىقاد بولغان «**لاالەالاللە**— ئاللادىن باشقا ئىلاھ (خۇدا) يوقتۇر» دېگەن ئەقىدىنى راۋاجلاندۇرۇپ، «**لاموجود الاالله**— ئاللادىن باشقا مەۋجۇتلۇق (بارلىق) يوقتۇر» دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ ئەمەلىيەتتە، خۇدانىڭ يېگانىلىقىنى، ئۇنىڭ تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە ئىنتىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ھەقىقىي بارلىقنىڭ پەقەت يېگانە ئاللا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق بارلىقنىڭ ماھىيەتتە مەۋجۇت ئەمەسلىكى، پەقەت قۇرۇق سايە ئىكەنلىكىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئالەمنىڭ پەقەت بىر ئاللا بىلەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، يەنى بارلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئاللا ئىكەنلىكىنى، ئاللا بولغاچقا ئالەمنىڭ بار ئىكەنلىكىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈردۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، كائىنات پەقەت ھەقىقىي بارلىق ھېسابلانغان ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىدىنلا ئىبارەت، يەنى ئاللانىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى دەپ قارىلىدۇ. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ قارىشىدا،

ئىنسان ئاللانىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنىڭ مۇجەسسەم ھالدىكى تەجەللىسى بولغىنى ئۈچۈن، كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ بەلگىلىرى ئىنساندا بار (يەنى، كائىناتتا قىسمەن ھالدا تەجەللى قىلغان سۈپەتلەر ئىنسانغا جەملەنگىنى ئۈچۈن)، ۋۇجۇدى مۇتلۇق ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئالەمگە نامايان قىلغان سۈپەتلىرىنى ئىنساندىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە «شەكىل» ئىچىگە ئىخچاملاپ، ھەممىنى ئۇنىڭغا سىغدۇرۇپ نامايان قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى مانا شۇ ئىنساندا كۆرگەن. شۇڭا ئىنسانغا ئاللانىڭ قۇدرەت سىرلىرى جەملەنگەن بولۇپ، ئۇ (ئىنسان) ئەنە شۇ سىرلارنىڭ ماكانىدۇر. شۇڭا ئۇ سىرتقى كۆرۈنۈشتە ئىنسان (يارىتىلغۇچى) بولغىنى بىلەن، ھەقىقىي ماھىيەتتە بار بولغىنى يەنىلا ئاشۇ قۇدرەت ئىگىسىدىن ئىبارەت. ئىبنى ئەرەبىنىڭ بىز كۆرۈپ ئۆتكەن پىكىرلىرىدىمۇ ئىنسان پەقەت ھەممە تەرەپلەردە ئاللانىڭ «ئەسما ۋە سىفات»نى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگىنى ئۈچۈن، يەنى تەجەللى ئېتىبارى بىلەن كائىناتنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئۇ يەنە «بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز پەقەت ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا دەلىللەيدۇ.»[1] دەيدۇ.

مۇتەسەۋۋۇپلار ئىنساننىڭ مۇنداق مۇقەددەس، ئۇلۇغ بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئۈستىدە يەنە ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىنلا يارانقۇچى تەرىپىدىن ئۇلۇغلانغانلىقى (ئەرشتىكى بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانغا تەزىم قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى)نى، ئۇنىڭ ھەتتا مالائىكىلەردىنمۇ ئۈستۈن قويۇلۇپ، مالائىكىلەر بىلمەيدىغان ئىلىملەر ئىنسانغا بىلدۈرۈلگەنلىكى[2] قاتارلىق تەپسىلاتلارنى دەلىل كۆرسىتىدۇ.

---

① ئى. د. جاۋەلىدزە، 141 ـ بەت.

② «قۇرئان»دا ئېيتىلىشىچە، ئاللا تۇنجى ئىنسان — ئادەم ئاتىنى يارانقاندا، ئۇنىڭغا بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، بۇلارنى ھەتتا پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدىكەن، پەقەت ئادەمگىلا ئۆگىتىلگەنىكەن. بۇ تەسەۋۋۇپتا ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئىلىم سۈپىتىدە تەجەللى بولۇشى دەپ قارالغان.

www.uyghurkitap.com

خۇدانىڭ ئىنسان قەلبىدە ئىكەنلىكى، يەنى قەلبىنىڭ ئاللانىڭ ماكانى ئىكەنلىكى، شۇڭا ئاللانى ئىنسان ئۆزىدىن ئىزدىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى پىكىرلەرمۇ ھەدىسلەردە ئوچۇق ئىپادىلەنگەنىدى. بىر ھەدىسى قۇدسىدا (مۇقەددەس ھەدىستە):
«مەن تۆۋەنگىمۇ، يۇقىرىغىمۇ، ئاسمانغىمۇ، زېمىنغىمۇ جايلاشمىغان، مەن ھەتتا ئەرشتىمۇ ئەمەسمەن. بىلگىنكى، مانا بۇ — ھەق يولى. مەن ئەركىن ھالدا ئېتىقادلىق ئىنساننىڭ قەلبىگە جايلاشقانمەن. ئەگەر سەن مېنى ئىزدىسەڭ، ئېتىقادلىق ئىنساننىڭ قەلبىدىن ئىزدە»[1] دېيىلگەنىكەن.

دېمەك، تەسەۋۋۇپتىكى «خۇدا ئۆزۈڭدۇرسەن، ئۇنى تاشقىرىدىن ئەمەس، ئۆزۈڭدىن ئىستە» دېگەن خىتابلار، ماھىيەتتە، «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، ئىنسانلا مەۋجۇت» دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى «ھەقىقەتتە ئىنسان مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت خۇدالا مەۋجۇت» دېگەن ئىدىيىنى ئىپادىلەيتتى. شۇڭا يۇنۇس ئەمرا:

Her gelen oldur giden ol gorinen oldur goren ol
Ulvivusuflicumletenoldurbanagorinen[2]

(ھەربىر كېلىۋاتقانمۇ ئۇدۇر، كېتىۋاتقانمۇ ئۇدۇر، كۆرۈنۈۋاتقانمۇ ئۇ، كۆرۈۋاتقانمۇ ئۇ (ئاللا).
ماڭا كۆرۈنگەن ئەڭ ئالىيدىن ئەڭ تۆۋەنگە قەدەر ھەممە بارلىق ئۇدۇر.)

دەيدۇ.

شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ئىنسان ئۆزلۈكىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئەسلى ۋۇجۇدقا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، «مەن»، «سەن» دېگەن ئۇقۇملار مەۋجۇت بولمايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا پەقەت

---

① ئى. د. جاۋەلىدزە، 143 ـ بەت.
② فەرۇق. ك. تىمۇرتاش: «يۇنۇس ئەمرا دىۋانى»، 9 ـ بەت.

بىرلا ۋۇجۇد يەنى «ۋۇجۇدى مۇتلەق» لا مەۋجۇت بولىدۇ. يەنى ئاشىقمۇ، مەشۇقمۇ پەقەت ئاشۇ بىرلا ۋۇجۇدتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا سۆزلەنگەن سۆز پەقەت ئاشۇ يېگانە بارلىقنىڭ سۆزى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ۋەھدەتكە ئېرىشكەن ئاشىق، ئەسلىدە ئاشىقنىڭمۇ، مەشۇقنىڭمۇ بىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ - دە، مەنسۇر ھەللاجىغا ئوخشاش «ئەنەل ھەق» (مەن خۇدا) دەپ خىتاب قىلىدۇ، بايەزىد بەستامىغا ئوخشاش «سۇبھانى مائەزىمە شانى — ئۇلۇغمەن، شانۇ - شەرەپكە تولۇقمەن، [شۇڭا] ئۆزۈمگە تەسبىھ ئېيتىمەن.» دەپ جار سېلىشىمۇ، جۇنەيد باغدادىغا ئوخشاش «مافىل - ۋۇجۇدى سىۋاللاھ — ۋۇجۇدۇمدا ئاللادىن باشقا ھېچنەرسە يوق» دېيىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئۇلارنىڭ قارىشىدا، بۇ پىكىرلەر پەقەت ھەقىقىي بارلىقنىڭ ئاللا ئىكەنلىكىگە ئېيتىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ «ئىنسان خۇدادۇر» دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ. شۇڭا، ئىبنى ئەرەبى «فىرئەۋننىڭ ‹مەن خۇدا› دېيىشى بىلەن ھەللاجىنىڭ ‹ئەنەل ھەق› (مەن خۇدا) دېيىشى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار»[①] دەيدۇ. مەلۇمكى، فىرئەۋن رىۋايەتتىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشىغا كۆنمەي خۇدالىق دەۋاسى قىلغان شەخس. مەنسۇر ھەللاجى تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان بىر سىما. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلىشىغا سەۋەب بولغان «ئەنەل ھەق» سۆزى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يوقالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ كەڭ تارقالغاندى. ھەللاجىدىن كېيىن ياشىغان تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرىدىن جالالىددىن رۇمى، يۇنۇس ئەمرا، ئەھمەد يەسەۋى، ئابدۇراھمان جامى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەنسۇر ھەللاجىنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى خاتا چۈشىنىلگەنلىكىنى،

---

① سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 149 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ «ئەنەل ھەق» دېيىشى، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي بارلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئاللا ئىكەنلىكىگە قارىتىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. يۇنۇس ئەمرا «ئەنەل ھەق» نى ھەللاجىدىنمۇ يۇقىرىراق سادا بىلەن ئېيتىپ:

«Eenel Hakk» Bin yil toprakda yatursam koymayam
Nevaktgerekolursaisknefesinurigelem ①

مىڭ يىل تۇپراقتا ياتسام قويماسمەن «ئەنەل ھەق» نى،
نە ۋاقىت كېرەك بولسا ئىشق نەپسىنى ئۇرۇپ كېلىمەن.

دەپ خىتاب قىلسا، يۇنۇس ئەمرانىڭ يول باشچىلىرىدىن بولغان يەسەۋى ئەپسۇس ئىچىدە:

بىلمەدىلەر موللىلار ئەنەل ھەقنى مەناسىن،
قال ئەھلىگە ھال ئىلمىن ھەق كۆرمىدى مۇناسىپ. ②

دەيدۇ. يەسەۋى «ئەنەل ھەق» نىڭ ئەسلى مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن دانا بولۇشى كېرەك، ئادەتتىكى موللىلار ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ، دەپ كېلىپ يەنە شۇنداق ھېكمەت ئېيتىدۇ:

ئەنەل ھەقنى مەنىسىنى بىلمەس نادان،
دانا كېرەك بۇ يوللارنى بىلىپ باشدەن،
مەنى بىلگەن خاس ئاشىقلار بولدى جانان،
بۇ سىرلارنى ئەرش ئۈستىدە كۆردۈم. ③
.................................
ئەپسۇس مەنسۇر، ھۆرلۈك بىلەن بولدى ئەدا،
بىر سۆز بىلەن يارەنلەردىن بولدى جۇدا،

---

① فەرۇق. ك. تىمۇرتاش: «يۇنۇس ئەمرا دىۋانى»، 101 - بەت.
② دوكتور كەمال ئەراسلان: «دىۋانى ھېكمەت سەچمەلەر»، 324 - بەت.
③ ئەھمەد يەسەۋى: «ھېكمەتلەر كۈللىياتىدىن»، — «شەرق يۇلتۇزى»، 1992 - يىل، 1 - سان، 13 - بەت.

هالى دىلىن ھېچكىم بىلمەس، تەڭرى گۇۋاھ،
قانلا يۇتۇپ، مەن ھەم گۇۋاھ بولدۇم مانا.①

يەسەۋىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىبنى ئەرەبىنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، «ئەنەل ھەق» نىڭ ئەسلى مەنىسى «مەن خۇدا» دېگەننى ئەمەس، ئەكسىچە، «مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەقىقىي بارلىق مەن ئەمەس، بەلكى ھەقتۇر (ئاللادۇر)» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى.
دېمەك، يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇپتىكى «خۇدا سەن ئۆزۈڭدۇرسەن، ئۇنى سىرتتىن ئىزدىمە، ئۆزۈڭدىن ئىزدە» دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» كۆز قارىشىنىڭ شەرھىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بۇنداق پىكىرلىرى بىلەن ماھىيەتتە خۇدانىڭ يوقلۇقىنى ئەمەس، بەلكى بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىقنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە تىرىشقان. شۇنداق ئىكەن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنساننى ئۇلۇغلاپ ئېيتىلغان سۆزلەرنى ئەسلى ماھىيىتىدىن ئايرىپ تۇرۇپ، پەقەت سىرتقى شەكلىگە قاراپلا خۇدانى ئىنكار قىلغان، «خۇداسىزلىق» (ئاتېئىزم) نىڭ ئىپادىلىرى دەپ چۈشىنىش، بۇ پىكىرلەرنىڭ ئەسلى مەنىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.
دەرۋەقە، مەنسۇر ھەللاجى «ئەنەل ھەق» ئۈچۈن دارغا ئېسىلدى، ئىمادىددىن نەسىمىنىڭ تېرىسى سويۇلدى، بابا رەھىم مەشرەپمۇ ھەللاجىغا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق گۇناھىمۇ «كۇپۇرلۇق، دەھرىيلىك، بىدئەتلىق» ئىدى. شۇ «گۇناھلىرى» بىلەن دارغا ئېسىلغىنى، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى «ئاتېئىستىك

① ئەھمەد يەسەۋى: «ھېكمەتلەر كۈللىياتىدىن»، — «شەرق يۇلتۇزى»، 1992 - يىل، 1 - سان، 13 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدىيە» ، «خۇداسىزلىق خاھىشى» نى ئىپادىلىگەن دەپ تەھلىل قىلىساق توغرا بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق يۈزەكى تەھلىل قىلىنسا، ئۇ ھالدا مەنسۇر ھەللاجىنى «ئاتېئىستلارنىڭ پېشۋاسى» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەللاجىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن قان يۇتۇپ ئەلەم چەككەن ئەھمەد يەسەۋى، يۇنۇس ئەمرا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەللاجىغا ئاۋاز قوشۇپ «مەنسۇر سۇپەت» بولغان كلاسسىكلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىدىيىسىدە «ئاتېئىستىك خاھىش» ئىپادىلەنگەن بولامدۇ؟! شۇنداق تەھلىل قىلىشقا توغرا كەلسە، جالالىددىن رۇمىنىڭ:

ئايا سىز جان چېكىپ ھەرلەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھنى،
ئانى ئىزدەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھى — سىز، ئىلاھى — سىز.

دېگەن مىسرالىرىنى مەۋلانەنىڭ ئىدىيىسىدىكى «خۇداسىزلىق خاھىشى» نىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى دېيىش كېرەك بولامدۇ؟

ئەپسۇس، مەۋلانەنىڭ ئەسەرلىرى ئابدۇراھمان جامى تەرىپىدىن «پەھلەۋى قۇرئان» («پارس تىلىدىكى ‹قۇرئان›») دەپ تەرىپلىنىپ، ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلام دۇنياسىدا قەدىرلىنىپ كەلمەكتە. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش مىسرالار بىلەن ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن جالالىددىن رۇمى ئۆز سۆزىنى خاتا چۈشەنگۈچىلەرگە جاۋابەن شۇنداق دېگەنىدى:

جانىم تېنىمدە بولغانچە «قۇرئان» نىڭ قۇلىدۇرمەن،
مۇھەممەدنىڭ يولىغا چېچىلغان تۇپرىقىدۇرمەن،
بىرسى سۆزلىرىمدىن بۇنىڭدىن باشقا مەنا چىقارسا،
ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىنمۇ بىزارمەن، چىقارغان مەنىسىدىنمۇ بىزارمەن.①

---

① جالالىددىن رۇمى: «مەسنەۋى — تەرجىمە ۋە شەرھى» (تەرجىمە ۋە شەرھىنى ئىشلىگۈچى ئابدۇلباقى گۆلپىنارلى)، ئىستانبۇل، 1990 - يىل، I جىلد، 10 - بەت.

يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپتىكى بۇنداق پىكىرلەر، شېئىرىي مىسرالار ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن «كۇپۇرلۇق، بىدئەتلىك ....» دەپ ئەيىبلەنگەن. ئەمما، شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، ھەر قانداق بىر دىن شۇ دىندا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزھەپ، ئېقىمنىڭ قېلىپلىشىپ، ئادەت تۈسى ئېلىپ كەتكەن دىنىي ئەقىدىلىرىگە، دوگمىلىرىغا، دىنىي مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان ھەر قانداق سۆز - ھەرىكەتنى «كۇپۇرلۇق، بىدئەتلىك ...» دەپ ئەيىبلەيدۇ ھەم ئۇلارغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدا كۆپىنچە ئېتىقاد شەكلى، دىنىي ھېسسىياتقا ئاساسلىنىدۇ. لېكىن، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ تەلىپى بولسا مەسىلىگە ئىلىم نۇقتىسىدىن قاراپ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن بىز تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنسان قارىشىغا دائىر مەزمۇنلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، مىسرالارنىڭ سىرتقى شەكلىدىكى مەنىسىنىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسان قاراشلىرى گەرچە نۇرغۇن تەرەپلەردە ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىدىن خېلىلا چەتنىگەن، سىرتقى ئىپادىلىنىش شەكلىدە ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىگە زىت كېلىدىغان بىر قىسىم قاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىنساننى ئۇلۇغلاپ، ئىنساننىڭ كائىناتنىڭ گۈلتاجى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئىنسان ئاللانىڭ ئەڭ زور مۆجىزىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئارقىلىق، بۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ يەنىلا ئاللاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە يەنىلا خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى گەرچە دىنىي ئەقىدىلەر دائىرىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هالقىپ پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ يۇكسەكلىكىگە قاراپ راۋاجلانغان بولسىمۇ، ئالەمنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى يەنىلا ئاللا دەپ قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە يەنىلا ئاللا تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىجاد قىلىپ، تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇللىرى، سىمۋوللىرى ئارقىلىق ئاللاغا بولغان ئىنتىلىشنى ئىپادىلىگەن، ھەقىقىي بارلىقنىڭ ئاللا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بەزى ئەسەرلەر ۋە مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئىدىيىسى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، بۇ ئىدىيىنىڭ ئەسلى مەنبەسىگە، ماھىيىتىگە ئەھمىيەتسىز قاراپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خۇلاسىلەرنى چىقىرىش، تەھلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، مېنىڭچە ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

مەلۇمكى، ئاتېئىزم ھەر قانداق دىن، ئىلاھقا قارشى تۇرىدۇ، ھەر قانداق بىر ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئاتېئىست بولسا مانا شۇ تەلىماتنىڭ ياقىلىغۇچىسى، تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت.

تەسەۋۋۇپ بولسا دىن ئىچىدە بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلغان دىنىي پەلسەپە بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىنىڭ نېگىزىدە يەنىلا ئاللا تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بار مۇتەپەككۇرلارنى خاتا ھالدا «ئاتېئىست» ياكى «ئاتېئىستىك خاھىش» نى ئىپادىلىگەن دەپ تەھلىل قىلىشقا بولمايدۇ.

ئېنسىكلوپېدىيىلەردە «ئاتېئىست» سۆزىنىڭ «ئەركىن مۇتەپەككۇر» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ①

---

① «برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» «ئاتېئىزم» ماددىسىغا قاراڭ. «دۇنيا دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 1983 - يىل 1 - سانىغا شۇ ماددا تەرجىمە قىلىپ بېسىلغان، شۇ ژۇرنال 30 - بەت.

دۇرۇس، تەسەۋۋۇپ بىر پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇش سۈپىتى بىلەن دىن يولىغا قويمايدىغان بىر قىسىم ئىنچىكە مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا بەلگىلىك زېمىن ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىدېئولوگىيىسىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە گۇمانىستىك ئىدىيىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، مۇتەسەۋۋىپلارنى ئۆز نۆۋىتىدە، مەلۇم مەنىدە «ئەركىن مۇتەپەككۇر» دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما بۇ يەردىكى «ئەركىن مۇتەپەككۇر» سۆزى ھەرگىزمۇ «ئاتېئىست» سۆزى بىلەن مەنىداش ئورۇندا تۇرالمايدۇ. چۈنكى، تەسەۋۋۇپتىكى بۇ «ئەركىن مۇتەپەككۇرلار» نىڭ «ئەركىن تەپەككۇرى» ئەمەلىيەتتە قاتمال، شەكىلۋازلىققا پېتىپ قالغان دىنىي ئەقىدىلەرگە قارىغۇلارچە ئەگەشمەستىن، بەلكى ھەقنى تونۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن سادىقلىقنى ئىپادىلەش يولىدا قانات يايغان بولۇپ، بۇ تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە يەنىلا ئاللا تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى مانا شۇ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئايرىپ قاراپ، ئۇلارنى «ئاتېئىست» ياكى «ئاتېئىستىك خاھىشنى ئىلگىرى سۈرگەن» دېيىش مەسىلىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمىسە كېرەك.

ئا. د. كنىش كلاسسىكلار ئىدىيىسىدىكى بۇ خىل كۆرۈنۈشنىكى «دەھرىيلىك» كە قاراپلا ئۇلارغا «ئاتېئىست» دەپ نىسبەت بېرىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، «مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇنىڭ دىۋانىدىكى (بۇ يەردە ئا. د. كنىش سەئىدى، ھافىزى، نىزامىغا ئوخشاش شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پىكىرلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەرەپلىمە تەھلىلگە قارىتىۋاتىدۇ.) بىر قىسىم ‹دەھرىيلىك› ئىپادىلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىسبەتەن، ئۇنىڭغا ‹ پانتېئىستىك › قاراشلار دەپ نىسبەت بېرىش ۋە تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ‹ ماتېرىيالىستىك ۋە ئاتېئىستىك خاھىشلار › دەپ مۇلاھىزە قىلىشقا بولمايدۇ»[1] دەيدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمىز بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە ئىنساننىڭ ئۇلۇغلانغانلىقىنى، تەسەۋۋۇپنىڭ «ئىنسان مەركەزلىك» پەلسەپە بولغانلىقىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز. ئەمما، يۇقىرىدىكى پىكىرلەرنى تەكىتلەشتىكى مۇددىئايىمىز، پەقەت مەسىلىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىش ۋە مۇشۇ ئاساستا يەكۈن چىقىرىشنى تەۋسىيە قىلىشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

## § 4. «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» ۋە پانتېئىزم

ئالدىنقى بابنىڭ ئاخىرىدا «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئاساسەن پانتېئىزملىق تەلىمات دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق.

دەرۋەقە، شەرق پەلسەپىسى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ئەسەرلەردە، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى جۈملىدىن ئۇنىڭ ئاساسىي قارىشى بولغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنى پانتېئىزم دېگەن نام ئاستىدا تەھلىل قىلىش بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قالغان. بۇ تەلىماتقا قارىتا «پانتېئىزمنىڭ ئوڭ قانىتى»، «روھانىيەتچىل پانتېئىزم»، «مىستىك پانتېئىزم»، «ئىدېئالىستىك پانتېئىزم» دېگەنگە ئوخشاش ناملار قوللىنىلغان.

مۇشۇنداق ناملار بىلەن ئاتاش تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ

[1] ئا. د. كنش: «كېيىنكى مۇسۇلمان ئىرادىتسىيىسىدە ئىبىن ئەرەبىنىڭ تەلىماتى» — «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزم» (ماقالىلەر توپلىمى) موسكۋا، 1989 - يىل، 14 - بەت.

ئەسلى ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ ياكى تەسەۋۋۇپنىڭ ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بېرەلەمدۇ؟ ئۇنداقتا پانتېئىزمنىڭ ئۆزى قانداق تەلىمات؟ ئالدىغا بىر قاتار ئېنىقلىغۇچىلار قوشۇپ ئىشلىتىلگەن پانتېئىزمچۇ؟ تەسەۋۋۇپ زادى پانتېئىزممۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مەسىلىلەر.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى پانتېئىزم دەپ قاراش گەرچە بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قالغان بولسىمۇ، تەسەۋۋۇپ ھەققىدە ئىچكىرىلەپ ئىزدەنگەن ئالىملار تەسەۋۋۇپ بىلەن پانتېئىزم ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بارلىقىنى كۆرسىتىشكەندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە بىر مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالغانىدى.

تۆۋەندە بىز مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مۇنازىرىلەرگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆزىمىزنىڭ دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

«پانتېئىزم» (Pantheism) ئاتالغۇسىنىڭ پەلسەپە ساھەسىگە كىرگىنىگە تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ تولاند (John Toland، 1670 — 1722) تەرىپىدىن تۇنجى بولۇپ پەلسەپە ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلگەنىدى.

«Pantheism» ئاتالغۇسى گرېك تىلىدىكى «ھەممە» دېگەن مەنىدىكى «Pan» سۆزى بىلەن «خۇدا، ئىلاھ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «theos» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، «ھەممە خۇدا» يەنى «خۇدا ھەممە نەرسىدە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا بۇ ئىككى سۆزنى «قوشۇپ ئالغاندا، پانتېئىزم تەبىئەت تەڭرى، ياكى تەڭرى تەبىئەت دېگەننى، جانلىق ئىستېمال مەنىسىدە تەبىئەت بىلەن ئىلاھىيەتنىڭ بىرلىكى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.»[1]

ئۇنداقتا پانتېئىزم دېگەن نېمە؟

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، ئۈرۈمچى، 1986 - يىل، 68 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ پەلسەپە قىسمىدا پانتېئىزمغا تۆۋەندىكىچە تەبىر بېرىلگەن: «پانتېئىزم» (Pantheism) — خۇدا بىلەن پۈتۈن ئالەمنى ياكى تەبىئەتنى بىردەك ھېسابلايدىغان پەلسەپىۋى نەزەرىيىدىن ئىبارەت. ئۇ، پۈتۈن ئالەم ئەسلىدىنلا ئىلاھىيلىققا ئىگە ياكى ئىلاھىي پرىنسىپنى (سەۋەبنى) ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، كائىنات خۇدانىڭ ئىچىدە مەۋجۇت، خۇدا شەيئىلەرنىڭ ئىچكى سەۋەبى دەپ قارايدۇ.»①

رۇسچە «پەلسەپە ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە، پانتېئىزم — «خۇدا بىلەن كائىناتنى بىرلەشتۈرىدىغان، بەزىدە ئۇلارنى بىر دەپ قارايدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات»② دەپ تەبىر بېرىلگەن.

30 توملۇق «چوڭ سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىمۇ، «پانتېئىزم — خۇدا بىلەن دۇنيانى بىر دەپ قارايدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات»③ دەپ ئىزاھلانغان. م. روزىنتال، پ. يۈدىنلارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» دە، «پانتېئىزم — بىر پەلسەپىۋى تەلىمات. بۇ تەلىماتقا ئاساسەن، خۇدا ئۆزىگە خاسلىقى بولمىغان مەنبە. بۇ مەنبە تەبىئەتنىڭ سىرتىدا بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ پانتېئىزم خۇدانى تەبىئەتكە سىڭدۈرۈپ، تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنبەنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.»④ دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قىسقىسى، بۇ تەبىرلەرنىڭ ھەممىسىدە، پانتېئىزمنىڭ خۇدا بىلەن تەبىئەت بىر، خۇدا تەبىئەتنىڭ ئىچىدە دەپ قاراپ،

---

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. پەلسەپە قىسمى»، I جىلد، 199 ـ بەت.
② «پەلسەپە ئېنسىكلوپېدىيىسى»، موسكۋا، 1967 ـ يىل، 206 ـ بەت.
③ «چوڭ سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، XIX توم، 150 ـ بەت، «پانتېئىزم» ماددىسىغا قاراڭ.
④ «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» (م. روزىنتال، پ. يۈدىنلار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، موسكۋا، 1954 ـ يىل، 440 ـ بەت.

تەبىئەتتىن تاشقىرى خۇدا بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. مانا بۇ پانتېئىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى.

پەلسەپە تارىخىغا دائىر ئىلمىي ئەسەرلەردە، پانتېئىزمنىڭ تۈرلۈك تارماقلارغا بۆلۈنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ تارماقلار ئاساسەن ئىككى يۆنىلىشكە ئايرىلغان، بۇ ئىككى يۆنىلىشمۇ يەنە تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتالغان: ماتېرىيالىستىك پانتېئىزم ۋە ئىدېئالىستىك پانتېئىزم، ناتۇرالىستىك پانتېئىزم ۋە مىستىك پانتېئىزم، ئوڭ قانات ۋە سول قانات دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان.①

ئاكادېمىك ئى. مۇمىنوف «مىرزا بېدىلنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، پانتېئىزمنى ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ئىككى ئېقىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ دەپ، بۇ ئىككى ئېقىمنىڭ بىرى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» ئىكەنلىكى، بۇلارنىڭ ئاساسىي تەلىماتى «كائىنات خۇدادا» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدىغانلىقى، يەنە بىرىنىڭ «ۋەھدەتى مەۋجۇت» ئېقىمى بولۇپ، ئۇلار «خۇدا كائىناتتا» دېگەن تەلىماتقا تايىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.②

«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتابتا بۇ ئىككى يۆنىلىش ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيمىز: «پانتېئىزم ئىككى ئاساسىي ئېقىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ‹ۋەھدەتى مەۋجۇت› ئېقىمى بولۇپ، تەڭرىنىڭ پەقەت تەبىئەت ئىچىدىلا مەۋجۇتلۇقىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ ماددىي مەۋجۇتلۇقتىكى بىردەكلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. بۇ

---

① س. ج. رىزاقۇلىزادە: «X — XII ئەسىرلەردە ئەزەربەيجاندا پانتېئىزم»، باكۇ، 1982 - يىل (رۇسچە)، 14 - بەت.

② ئى. مۇمىنوف: «مىرزا بېدىلنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى»، تاشكەنت، 1957 - يىل، رۇسچە نەشرى، 41 - بەت.

خىل كۆز قاراش بويىچە، تەڭرى تەبىئەتتىن ئايرىم، تەبىئەتتىن غەيرىي ۋە تەبىئەتنى يارىتىۋچى نەرسە بولماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ ئۆزى، تەبىئەت پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتىدىن ئىبارەت. بۇ پانتېئىزمنىڭ سول شەكلى بولۇپ، ناتۇرال پانتېئىزمدىن ئىبارەت. پانتېئىزمنىڭ ئىككىنچى ئېقىمى ‹ۋەھدەتى ۋۇجۇد› بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئوڭ شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ‹ۋەھدەتى ۋۇجۇد› دۇنيانىڭ ماھىيىتى تەڭرى، دۇنيا ۋە تەبىئەت تەڭرىنىڭ ئىجادىيىتى، دۇنيا پەقەت ماھىيەتتە تەڭرى بولغانلىقى بىلەنلا بىردەكلىككە ئىگە، قالغان مەۋجۇدات تەڭرىنىڭ شولىسى، ئىپادىسى ۋە نۇر ئويۇنى دەپ قارايدۇ. مانا بۇ روھانىيەتچىل پانتېئىزم ئېقىمىنىڭ تۈپ كۆز قارىشى. سوپىزم ئەنە شۇ خىل روھانىيەتچىل پانتېئىزم، يېڭى پلاتونىزم ۋە تەركىدۇنياچىلىق (ئاسكىتىزم) ئامىللىرىدىن ھاسىل بولغان.»[1]

دېمەك، ئادەتتە ئىلمىي ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان پانتېئىزمنىڭ سول قانىتى ياكى ناتۇرالىستىك پانتېئىزم ۋە ياكى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ ماتېرىيالىستىك پانتېئىزم دەپ ئاتالغان پەلسەپىۋى تەلىمات ئاساسەن پانتېئىزمنىڭ ئومۇمىي تەبىرىدە كۆرسىتىلگەن «خۇدا بىلەن تەبىئەت بىر، خۇدا تەبىئەتنىڭ سىرتىدا بولماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت» دېگەن قاراشنى ياقلايتتى. بۇنىڭ ئەكسى ھېسابلىنىپ، پانتېئىزمنىڭ ئوڭ قانىتى، مىستىك پانتېئىزم ياكى روھانىيەتچىل پانتېئىزم ۋە ياكى ئىدېئالىستىك پانتېئىزم دېگەنگە ئوخشاشناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن پەلسەپىۋى تەلىمات («ۋەھدەتى ۋۇجۇد») بولسا، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق خۇدا، ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس،

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، 68 ــ، 69 ـ بەتلەر.

پەقەت خۇدانىڭ كۆلەڭگىسى، سايىسىدىنلا ئىبارەت دەپ قارايتتى.

ئەگەر پانتېئىزم بىز تەسىرلەردە كۆرگىنىمىزدەك، خۇدا بىلەن پۈتۈن ئالەم پاكى تەسئەتنى بىر دەپ قارايدىغان، خۇدا تەبىئەتنىڭ ئۆزىدە، تەبىئەتنى تاشقىرى ئىلاھ يوق دەپ ھېسابلايدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا پانتېئىزمنى بۇنداق يۈنىلىشلەرگە بۆلۈش ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى، ئېنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مۇرەككەپ بىر مەسىلە. بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا ئايدىڭلىشىشى مۇمكىن.

ئېھتىمال، پانتېئىزم دېگەن نام ئاستىدا تەلقىن قىلىنىپ كېلىۋاتقان تەلىماتلارنىڭ خاھىش جەھەتتە روشەن پەرقلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى يوقىرىقىدەك تۈرلۈك ناملارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولسا كېرەك. بەلكى «پانتېئىزم» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ تەتقىقاتلاردىكى قوللىنىلىشىدىمۇ مەلۇم ئېنىقسىزلىقلار، مۈجمەللىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن.① شۇڭا «پانتېئىزم» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسى، پانتېئىستىك پەلسەپىۋى تەلىماتنىڭ ئەسلى ماھىيىتى، خاراكتېرى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ.

مەلۇمكى، ماتېرىيالىزم دۇنيانىڭ مەنبەسىنىڭ ماددا ئىكەنلىكىنى، ماددا ئىنسان ئېڭىغا بېقىنمىغان ھالدىكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. روھ يەنى ئاڭ ئىككىلەمچى، ماددىنىڭ ئىنكاسى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، لېنىن: «ماتېرىيالىزمنىڭ توپ ئالدىنقى شەرتى — تاشقى

① س. ج. رىزاقۇلىزادە، 8 — 19 ـ بەتلەرگىچە؛ (ئاپتور كىتابىنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ باش قىسمىدا پانتېئىزم ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ، ئۇنىڭ قوللىنىلىشىدىكى تۈرلۈك ئېنىقسىزلىقلار، مۈجمەللىكلەرنى كۆرسىتىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيانى ئىنىراپ قىلىش، نەرسىلەرنىڭ بىزنىڭ ئىڭىمىزدىن تاشقىرى ئىكەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ ئىڭىمىزغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىنىراپ قىلىش»[1] دېگەنىدى.

پانتېئىزم بولسا، ماھىيەتتە تېئىزم (خۇدا بار دېگەن تەلىمات) نىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، گەرچە خۇدانى تەبىئەت دۇنياسى ئىچىگە قويۇپ، تەبىئەت بىلەن بىر دەپ قارىسىمۇ، ماددىي دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنىراپ قىلىسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ماددىي مەۋجۇتلۇقنىڭ تۈپ سەۋەبىنى خۇدا دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىسمى («خۇدا ھەممە شەيئىدە») دىنىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «بۇنداق تەۋرىنىش پۈتۈنلەي تەبىئىي ئىدى. چۈنكى، پانتېئىزم ساپ ھالدىكى ماتېرىيالىزممۇ، شۇنداقلا ساپ ھالدىكى ئىدېئالىزممۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ماتېرىيالىستىك ئېلېمېنتلارنىمۇ، ئىدېئالىستىك ئېلېمېنتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەقىل بىر ئۇقۇم»[2] ئىدى. شۇڭا، ئۇنى مۇتلەق ھالدا «ماتېرىيالىستىك» ياكى «ئىدېئالىستىك» دەپ بۆلۈش پانتېئىزمنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. بۇنداق ئايرىلمىغان ھالەتتىمۇ پانتېئىزم دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزى پەلسەپە تارىخىدا كۆپىنچە ئىلغار پەلسەپىۋى ئىدىيەلەرنى ئىپادىلەپ، شۇنىڭغا قارىتا قوللىنىلىپ كەلگەن. ئەگەر پانتېئىزمدىكى قايسى تەرەپتىكى ئېلېمېنتلار كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، پەقەت «ماتېرىيالىستىك خاھىش» دېگەن نام بىلەن پانتېئىزمدىكى ماتېرىيالىستىك ئېلېمېنتلارنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇ ئېلېمېنتلارنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىگە قاراپلا ئۇنى ئايرىم بىر يۆنىلىش سۈپىتىدە

---

① ۋ. ئى. لېنىن: «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، بېيجىڭ، 1972 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 129 - بەت.

② ئې. د. جاۋەلىدزە، 93 - بەت.

«ماتېرىيالىستىك پانتېئىزم» دېيىش ياكى بولمىسا بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، ناتۇرال پانتېئىزمنى (يەنى «ماتېرىيالىستىك پانتېئىزم»نى) ماتېرىيالىزم بىلەن بىر (ئوخشاش) دەپ قاراش[1] مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك.

پانتېئىزمدىكى ماتېرىيالىستىك ئېلېمېنتلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن سپىنوزا (Spinoza، 1632 — 1677) نىڭ ئۆزى پانتېئىزم بىلەن ماتېرىيالىزمنى بىر (ئوخشاش) دەپ ھېسابلاشقا قارشى چىققانىدى. كېيىن گېگېل، فېيېرباخلارمۇ شۇنداق پوزىتسىيىدە بولدى.[2]

ئەگەر پانتېئىزملىق قاراشلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئاساسەن، «خۇدا ھەممىدە» (خۇدا ھەممە نەرسىدە) دەپ ئىپادىلەنگەن شەكلىگە «ماتېرىيالىستىك» ياكى «ناتۇرالىستىك» ئېقىم، «ھەممە خۇدادا» دەپ ئىپادىلەنسە «ئىدېئالىستىك»، «مىستىك» ئېقىم دەپ نام بېرىلسە، ئۇ ھالدا، بەزى ئەھۋاللاردا بۇ ئېقىملارنىڭ بىرىگە مەنسۇپ دەپ يەكۈن چىقىرىلغان پانتېئىستلارنىڭ ئىدىيىسى يەنە بىر خىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭغا نىمە دەپ نام بېرىش كېرەك؟ بۇ يەردە ماھىيەتلىك نۇقتا، ئۇ ياكى بۇ شەكىلدە ئىپادىلەنمىسۇن، بۇ شەكىل ئىچىدىكى مەنا پانتېئىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئىپادىلىدىمۇ ـ يوق، بۇ شەكىل ئاستىدا پانتېئىزمدىكى قايسى خاھىش ئىپادىلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالايلۇق، سپىنوزا پانتېئىزمنى يېڭى بىر قىياپەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ماتېرىيالىستىك ئېلېمېنتلارنى تېخىمۇ

---

① ئە. ئەخمىدوف: «ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەرەب ـ مۇسۇلمان پەلسەپىسى»، باكۇ، 1980-يىل (رۇسچە) 13-بەت (س. ج. رىزاقۇلىزادە، 16-بەتكە قارالسۇن).

② س. ج. رىزاقۇلىزادە، 16 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. شۇڭا ئۇ پەلسەپە تارىخىدا پانتېئىزمنىڭ يۇقىرى چوققىلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. ئۇنىڭ پانتېئىستىك تەلىماتلىرى ئادەتتە ناتۇرال پانتېئىزم دېيىلىدۇ. دەرۋەقە بۇنىڭ ھېچبىر خاتاسى يوق. لېكىن، سپىنوزا ئۆزىنىڭ پانتېئىزملىق قاراشلىرىدا يەنە، «ھەممە شەيئى پەقەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن، خۇدادا مەۋجۇت بولىدۇ. ئىلاھسىز (يەنى، خۇدا يوق ھالدا) ھېچقانداق بىر شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ، مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.»[①] دەيدۇ.

ئەگەر ھەممە پەقەت خۇدادا مەۋجۇت دەپ قاراش پانتېئىزمنىڭ «ئوڭ قانىتى» ياكى «مىستىك پانتېئىزم» ۋە ياكى «روھانىيەتچىل پانتېئىزم» دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا «سپىنوزانى مىستىك پانتېئىزمنىڭ تىپىك ۋەكىلى دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.»[②]

ھالبۇكى، سپىنوزانىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ پانتېئىستىك پەلسەپىسىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى چەتكە قاقمايتتى. ئېھتىمال بۇ يەردە، پانتېئىزمدا، جۈملىدىن سپىنوزانىڭ قارىشىدا، خۇدا بىلەن تەبىئەت بىر، خۇدا تەبىئەتنىڭ ئىچىدە بولغانىكەن، يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى، «ھەممە شەيئى تەبىئەتتە، تەبىئەت بولمىسا ھېچقانداق شەيئى بولمايدۇ» دېگەن مەنىدە چۈشىنىشىمۇ مۇمكىنغۇ دېگەن سوئال تۇغۇلار. توغرا، ئۇنىڭ قارىشىدىكى خۇدا دۇنيانىڭ سىرتىدا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ئۆزىدە، دېگەن بۇ سۆزلەرنى خۇددى شۇنداق مەنىدە چۈشىنىش ھەم مۇمكىن. لېكىن، شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا، تېخىمۇ كەڭرەك مەنىدىن ئېيتساق ئىدېئولوگىيە تارىخىدا ئايرىم

---

① ب. سپىنوزا: «تاللانغان ئەسەرلەر» (ئىككى توملۇق)، موسكۋا، 1957-يىلى، I توم، 373-بەت؛ (رىزاقۇلىزادە كەلتۈرگەن نەقىلدىن ئېلىندى، 17-بەت.)

② س. ج. رىزاقۇلىزادە، 17 - بەت.

مۇتەپەككۇرلارنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپۋى تەلىماتلىرىدا بەزى سۆز - ئاتالغۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلى لۇغەت مەنىسىدىن پەرقلىق هالدا خاس مەنىلەرگە ئىگە قىلىنىپمۇ قوللىنىلغان. بۇ ئىلىم ئەهلىگە چۈشىنىشلىك. سپىنوزا دەل شۇنداق پەيلاسوپلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدىكى تەبىئەت، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى رەڭگا رەڭ تەبىئەت دۇنياسى بولماستىن، بەلكى ماددىي بولمىغان سۇبستانسىيىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا سپىنوزا، «تەبىئەت بىلەن ماددىنى بىر (ئوخشاش) دەپ هېسابلاشقا قارشى» ئىدى.①

سپىنوزانىڭ قارىشىچە، «سۇبستانسىيە سۇپىتىدىكى تەبىئەت پارچىلانمايدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەت ئىنسان ئەقلىنىڭ ئوبيېكتىلا بولىدۇ.»② ئۇ تەبىئەتنى ئىككىگە بۆلگەن بولۇپ، ئۇلار «تەبىئەتتىن پەيدا بولغان تەبىئەت» ۋە «تەبىئەتنى پەيدا قىلغان تەبىئەت» تىن ئىبارەت ئىدى. سپىنوزا پەقەت كېيىنكى تەبىئەت يەنى «تەبىئەتنى پەيدا قىلىدىغان تەبىئەت» نى خۇدا دەپ ئاتىغان. دېمەك، سپىنوزانىڭ نەزەرىدىكى ماددىي بولمىغان تەبىئەت ياكى خۇدا ئەمەلىيەتتە شەيئىلەرنىڭ سۇبستانسىيىسىنى كۆرسىتەتتى. ئەمما سپىنوزا بۇنى سۇبستانسىيە دەپ ئەمەس خۇدا دەپ ئاتىغان بولۇپ، مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىچكى سەۋەبى خۇدا دەپ قارىغانىدى. مانا بۇ پاتنېئىزمنىڭ يا ماتېرىيالىزمغا يا ئىدېئالىزمغا ياتماسلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى. ئۇنىڭ ئىدېئالىزمدىن پەرقلىنىدىغان يېرى، ئۇ تەبىئەتنىڭ ماددىيلىقىنى، مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ماتېرىيالىزمدىن پەرقلىنىدىغان يېرى، ئۇ خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلاتتى.

سپىنوزانىڭ قارىشىدىكى خۇدا ماددىي بولمىغان، شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرتىدا بولمىغان خۇدا بولۇپ، ئېتىقاد

① س. ج. رىزا قۇلىزادە، 17 - بەت.
② «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. پەلسەپە قىسمى»، II جىلد، 834 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى

ئوبيېكتى بولغان تەڭداشسىز ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە خۇدا ئەمەس، بەلكى ئىرادىسى، مەقسىتى بولمىغان، ئىلاھىي پەرمانلارنى چىقىرالمايدىغان خۇدا ئىدى. يەنى، دىنغا خاس خۇدا ئەمەس، پانتېئىزمغا خاس خۇدا ئىدى.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، پانتېئىستىك ئىدىيىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىگە قاراپلا ئۇنداق ياكى بۇنداق يۈنىلىشلەرگە بۆلۈۋېتىش، پانتېئىزمنىڭ ماھىيىتىگە ھېچبىر تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى.

پانتېئىزمغا بېرىلگەن تەبىرلەرنىڭ ئۆزىدىلا بۇ تەلىماتنىڭ «خۇدا تەبىئەتتە، تەبىئەت بىلەن بىر» دەپ قارايدىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدىكى بۇ پىكىرلەرگە يەنە ئايرىم «ناتۇرالىستىك پانتېئىزم» دەپ نام بېرىلسە، ئۇ ھالدا پانتېئىزمنىڭ تەبىرى ئاساسەن ناتۇرالىستىك پانتېئىزمغىلا قارىتىلغان بولۇپ قالىدۇ. لېكىن بۇ تەبىرلەر «ناتۇرالىستىك پانتېئىزم» غا ئەمەس پەقەت «پانتېئىزم» غىلا بېرىلگەن تەبىر ئىدى. چۈنكى «پانتېئىزم» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مېغىزى دەل «خۇدا بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكى» بولۇپ، ناتۇرالىستىك دېيىلمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا «خۇدانىڭ تەبىئەتتە ئىكەنلىكى، تەبىئەت بىلەن بىرلىكى » دىن ئىبارەت پەلسەپىۋى تەلىماتنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى، پانتېئىزمنى ئىككىگە بۆلۈشكە زۆرۈرىيەت تۇغدۇرۇپ، «پانتېئىزمنىڭ ئوڭ قانىتى»، «روھانىيەتچىل پانتېئىزم»، «ئىدېئالىستىك پانتېئىزم»، «مىستىك پانتېئىزم» دېگەنگە ئوخشاشناملار بىلەن ئاتالغان تەلىمات — «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قا كېلەيلى.

بۇ دەل مۇشۇ تېمىمىزنىڭ بېشىدىلا تىلغا ئېلىنغان،

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى پانتېئىزممۇ ـ ئەمەسمۇ؟ دېگەن مۇھاكىمىگە سەۋەب بولغان مەسىلە ئىدى.

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا قارىتا ئاتالغان «پانتېئىزمنىڭ ئۇلۇغ قانىتى»، «مىستىك پانتېئىزم» دېگەندەك نامىلاردىنمۇ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى بىلەن پانتېئىزم ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرقلەر بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ ئىككى تەلىمات ئارىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەرگە قاراپ باقايلى.

پانتېئىزم خۇدانى ئىنكار قىلمىسىمۇ، دۇنيانى خۇدا ياراتقان دەپ قارىمايدۇ. خۇدا تەبىئەت بىلەن بىر، تەبىئەتنىڭ ئىچىدە دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە تەڭداشسىز غايىبانە كۈچ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

بىراق، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» بولسا، بىز ئالەم قارىشى، مەۋجۇدىيەت قاراشلىرىدا ئېنىق كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، پۈتۈن ئالەمنى ئاللا ياراتقان، ئالەم پەقەت ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى دەپ قارايدۇ.

پانتېئىزم خۇدا مەۋجۇت دەپ قاراش بىلەن بىرگە، تەبىئەتنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. يەنى خۇدامۇ، تەبىئەتمۇ مەۋجۇت دەيدۇ.

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى بولسا، **«لاموجودالاالله»** (ئاللادىن باشقا مەۋجۇتلۇق يوق) دەپ قارايدىغان تەلىمات بولۇپ، كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. پۈتۈن ئالەمنى پەقەت «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەجەللىسىدىنلا ئىبارەت، ئەمەلىيەتتە بولسا مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدۇ.

تەھقىق ئۇلىنسا نەقشى تەماسىلى كائىنات،
يا چۇش ياكى خىيال ۋە ياكى بىر ئەپسانىدۇر.

..........................................

سۇرەتتە نەزەر ئەيلەرسەن سەن بىلەن مەن بار،
ئەمماكى ھەقىقەتتە نە سەن بارۇ نە مەن بار.

دېمەك، ئۇلارنىڭ قارىشىدا، كائىنات دىققەت بىلەن قارىلىدىغان بولسا چۇش ياكى ئەپسانىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس، كۆرۈنۈشتە «سەن»، «مەن»لەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقتىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ھەتتا بەزى مۇتەسەۋۋىپلار، ھەقىقىي بارلىقنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەقىقىي بارلىقنى بىر دەپ بىلمەسلىك كۆپ خۇدالىق ھېسابلىنىدۇ دەپ قارىغان.① جالالىددىن رۇمىمۇ مەسنەۋىلىرىدە، «مەسنەۋىمىز بىرلىك دۇكىنىدۇر، بىردىن ئارتۇق ھەر قانداق نەرسە كۆرسەڭ بۇتتۇر»② دېيىش ئارقىلىق، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ھەقىقىي بارلىق بىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە، ھەقىقىي بارلىق — «ۋۇجۇدى مۇتلەق»تىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، مەسنەۋىلىرىنىڭ مانا شۇ ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بېغىشلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ: «ھەر دۇكاندا ئايرىم بىر سەنئەت، ھەر دۇكاندا ئايرىم

---

① ئەزىزىددىن نەسەفى: «زۇبدەتۇل ھەقايىق»، 55 ـ بەت.
② دوكتور جالالىددىن چەلەبى: «ھەزرىتى مەۋلانەدە ئىلىم»، كونيا، 1993 ـ يىلى، 49 ـ بەت.

بىر كار (ئىش، پائالىيەت) بار. ئەي ئوغۇل، مەسنەۋىمۇ يوقلۇق دۇكىنىدۇر.»[1] دېمەك، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى تەبىئەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. تەبىئەتنى پەقەت كۆلەڭگە، سايە دەپلا قارايدۇ. بۇ تەرەپتە ئۇ پانتېئىزم بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

مەلۇمكى، پانتېئىزم خۇدانىڭ ئەزەلىي ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما تەسەۋۋۇپ بولسا، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق ھېسابلانغان «ۋۇجۇدى مۇتلەق»نىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر بارلىق پەقەت ئاللا دەپ قارىشىمۇ، ئىسلام دىنىدىكى ئاللا ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي، ئۇنىڭ ئىپتىداسى، ئىنتىھاسى يوق دېگەن ئەقىدە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەندى. شۇڭا، تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى مەنىۋى كامىللىققا ئېرىشىپ ئۆزلۈكنى يوقىتىش (فەنا) ئارقىلىق ئەسلى ۋۇجۇد بىلەن بىرلىشىپ (تەۋھىد) ئەبەدىيلىك (بەقا) كە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەگەر خۇدا بىلەن تەبىئەتنىڭ سۇبستانسىيلىك بىرلىكى پانتېئىزمنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكى[2] ياكى ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكى پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى بۇ تەرەپتە، پانتېئىزم بىلەن كەسكىن چېگرا ئايرىيدۇ.

پانتېئىزمنىڭ قارىشىدا، خۇدا بىلەن تەبىئەت بىر، شۇڭا ئۇلارنىڭ سۇبستانسىيىسى بىر ياكى ئوخشاش. سپىنوزانىڭ قاراشلىرى بويىچە ئېيتقاندا، تەبىئەتنى «تەبىئەتنى پەيدا قىلىدىغان تەبىئەت» يەنى خۇدا پەيدا قىلغان بولۇپ، «تەبىئەتتىن

① دوكتور جالالىددىن چەلەبى: «ھەزرىتى مەۋلانەدە ئىلىم»، كونيا، 1993 - يىلى، 49 - بەت.

② ئە. ئىخمىدوف: «ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەرەب - مۇسۇلمان پەلسەپىسى»، 13 - بەت. (رىزا قۇلىزادە، 16 - بەتكە قارالسۇن.)

پەيدا بولغان تەبىئەت» بىلەن «تەبىئەتنى پەيدا قىلـــدىغان تەبىئەت» نىڭ سۇبستانسىيىسى بىر. يەنى خۇدا بىلەن تەبىئەتنىڭ سۇبستانسىيىسى بىر (ئوخشاش) بولىدۇ.

لېكىن، تەسەۋۋۇپنىڭ يەنى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنىڭ قارىشىچە، خىيالىي كۆلەڭگىدىنلا ئىبارەت بولغان كائىــنات «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ «ئەسما ۋە سىفات» ىنىڭ (ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ) تەجەللىسى، «ئەسما ۋە سىفات» زاتىنىڭ ئۆزى ئەمەس.

دېمەك، كائىناتتا كۆرۈنگىنى زاتىنىڭ (سۇبستانسىيىنىڭ) ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نامــلىرى، سۈپەتلــىرىنــىڭ (ئاكسىدىنسىيىنىڭ) تۈرلۈك شەكىللەردە ئىپادىلىنىشــىدىنلا ئىبارەت. شۇڭا كائىناتقا نىسبەتەن، ئۇنى پەيدا قىلغان مەنبە (سۇبستانسىيە) يەنىلا تەجەللى بولغان «ئەسما ۋە سىفات» تىنلا ئىبارەت. يەنى «ۋۇجۇدى مۇتلەق» قە نىسبەتەن سۇبستانسىيە «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ ئۆز زاتىدىن ئىبارەت. ئالەمگە نىسبەتەن سۇبستانسىيە «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت.

بۇ تەرەپتىمۇ پانتېئىزم ئۇچۇن زۆرۈر بولغان خۇسۇسىيەت «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىدا كۆرۈلمەيدۇ.

پانتېئىزم بىــلەن «ۋەھدەتــى ۋۇجۇد» تەلــىماتــى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق پەرقلەر (يەنە كېلىپ ئىپادىلىنىــش شەكلىدىلا ئەمەس بەلكى تۈپكى قاراشلار جەھەتتە) روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقىپ تۇرغاچقا، تەسەۋۋۇپنى ئەتراپلىقراق تەتقىق قىلغان، شۇنداقلا پانتېئىزمنىمۇ ياخشى چۈشەنگەن تەتقىقاتچىلاردا بۇ ئىككى تەلىماتنى بىر دەپ قاراش، يەنى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى پانتېئىستىــك تەلــىمات دەپ قاراشقا نــىسبەتەن ئىككىلىنىش پەيدا بولغان. بۇ تېگىرقاش، ئۇلارغا تەسەۋۋۇپنى پانتېئىزم دەپ ئاتاشنىڭ ياكى شۇنداق قاراشنىڭ تازا مۇۋاپىق

بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغان.

تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ بىرى، جالالىددىن رۇمىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەسلى مەتىن ۋە ئىنگىلىزچە تەرجىمىسى بىلەن 8 توملۇق قىلىپ نەشر قىلدۇرغان ئاتاقلىق شەرقشۇناس رەينولد نىكولسونمۇ دەسلەپتە جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىدىيىسىنى پانتېئىزم دەپ ھېسابلىغان بولۇپ، كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە، «بىر ۋاقىتلاردا رۇمىنىڭ غەزەللىرىنى مەنمۇ پانتېئىستىك دەپ ھېسابلىغانىدىم. ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم ناھايىتىمۇ ئاز ئىدى.»[1] دەپ يازىدۇ.

ھەتتا گېگېلمۇ ئىلاھىيەتشۇناس پروفېسور ف. ئا. تولۇك (F.A.Tholouk) نىڭ جالالىددىن رۇمى شېئىرىيىتىنى «پانتېئىستىك ئىزاھلىشى»نى پەلسەپە نۇقتىسىدىن تۇرۇپ بىر تەرەپلىمە ھەم خاتا دەپ تەنقىدلىگەنىدى.[2]

تەسەۋۋۇپتىكى ئىككى چوڭ سىما بولغان جالالىددىن رۇمى بىلەن يۇنۇس ئەمرانى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم مونوگرافىيىلەر يازغان گىرۇزىن ئالىمى ئې. د. جاۋەلىدزەمۇ پانتېئىزم بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەرنى سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلايدۇ: «ئەڭ ئالدى بىلەن نەزەرگە ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، سوپىزم كوسمولوگىيىسىدە (ئالەم قارىشىدا) خۇدا ئۆز ئىرادىسى بويىچە دۇنيانى ياراتقان

---

① ئې. د. جاۋەلىدزەنىڭ كىتابىنىڭ 91 - بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى.
② ئا. د. كنىش: «كېيىنكى مۇسۇلمان ئىرادىتسىيىسىدە ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتى» — «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزم»، 14 - بەت (ئا. د. كنىش گېگېلنىڭ «روھ پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل قىلغان.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېگانە يارانقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ پرىنسىپ جەھەتتە پانتېئىزم ئۇقۇمىغا زىت كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، سوپىلارنىڭ پىكرىچە، خۇدا پۈتۈنلەي تەجرىبىدىن تاشقىرى بولۇپ، غايىب ئالەمدە (رېئاللىقتىن تاشقىرىدىكى ئالەمدە) تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ ۋە ئۇنى ئەقىل بىلەن بىلىش تامامەن مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. بۇمۇ پانتېئىزمغا ماس كەلمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، سوپىلار گەرچە كائىناتتا خۇدانىڭ ھۆسنى (گۈزەللىكى) ئەكس ئېتىدۇ دەپ قارىسىمۇ، ئەمما، ئۇلار كائىناتنى ئەينەك دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇ ساپ ھالدىكى مىستىك تەلىمات بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ئەينەكتە ئەكس ئەتكىنىنىڭ قۇياشنىڭ شولىسى ئىكەنلىكىنى، سۇبستانسىيە بولغان قۇياشنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئۇلار تەبىئەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ ھەم ئۇنى (تەبىئەتنى) قۇرۇق خىيالىي كۆرۈنۈش دەپ قارايدۇ. نىھايەت، ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار يەككە بارلىق (ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد)نى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، خۇدا بىلەن تەبىئەتنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، پەقەت خۇدانىڭلا مەۋجۇتلۇقىنى ئالاھىدە كۆچەپ تەكىتلەيدۇ ۋە تەبىئەتنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقىنى (مەۋجۇتلۇقىنى) ئىنكار قىلىدۇ. پانتېئىزم دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ تۇرغان خاسلىقى بولسا — خۇدا ۋە تەبىئەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت.»[1]

ئەمدى، تەسەۋۋۇپنىڭ بەش ئەسىرلىك ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنى خۇلاسىلەپ، بىر قەدەر سىستېمىلاشتۇرۇش ئارقىلىق «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن

---

[1] ئى. د. جاۋەلىدزە: «تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى. جالالىددىن رۇمى (دۇنيا قاراش مەسىلىلىرى)» 93 -، 94 - بەتلەر.

ئىبنى ئەرەبى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا نەزەر سېلىپ باقايلى.

ئا. د. كنىش ئىبنى ئەرەبىنىڭ ۋەكىللىك ئىككى ئەسىرى «فۇسۇسۇل ھىكەم» بىلەن «فۇتۇھاتى مەككىيە» ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى بىلەن پانتېئىزم ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بارلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتىنى پانتېئىزم دەپ قاراش بۇ تەلىماتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى مېتافىزىكىلىق تەلىمات دەپ ئاتايدۇ. ئۇ «كېيىنكى مۇسۇلمان ئەنئەنىسىدە ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتى» ناملىق ماقالىسىدە بۇ ھەقتە شۇنداق يازىدۇ: «بۇ يەردە بىز ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتلىرىنى پانتېئىستىك دەپ تەبىر بېرىپ قۇرۇق كۆككە كۆتۈرۈشكە قارىتا ئەستايىدىللىراق مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئىككىنچى قوللار (يەنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشماستىن، كېيىنكىلەرنىڭ شەرھلىرى، تەرجىملىرى ئارقىلىق تونۇشقان دېگەن مەنىدە) ئارقىلىق تونۇشقان كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلار ئۇنى (ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتلىرىنى) مۇشۇنداق ئاتاشقان (يەنى، پانتېئىزم دەپ ئاتىغان). مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ تەبىر، ئۇنىڭ مېتافىزىكىلىق تەلىماتلىرىنى خاتا چۈشىنىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن كونا قېلىپتا توختاپ قېلىشتىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس بولۇپ، شەيخنىڭ (ئىبنى ئەرەبىنىڭ) تەلىماتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە ھېچنېمە بېرەلمەيدۇ.»[1] ئۇ بۇ ھەقتە يەنە «ئەڭ ئالدى بىلەن ئىبنى ئەرەبىنىڭ مېتافىزىكىسىدىكى تەجرىبىدىن تاشقىرى (transzendent) مۇتلەق بارلىق (ھەق) بىلەن يارىتىلغان دۇنيا (خەلق) ئوتتۇرىسىدا پانتېئىزم تەلەپ قىلىدىغان سۇبستانسىيىلىك ئورتاقلىق ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس»[2] دەپ

---

① ئا. د. كنىش: «كېيىنكى مۇسۇلمان ئەنئەنىسىدە ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتى» — «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزم»، 11 ـ بەت.

② ئا. د. كنىش، — «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزم»، 11 ـ، 12 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يازىدۇ.

ئا. د. كنىش پانتېئىزم بىلەن «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەرنى ئىبنى ئەرەبىنىڭ تەلىماتلىرىدىن پاكىتلارنى نەقىل كەلتۇرۇپ بىر نەچچە نۇقتىلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى خۇلاسىلەپ، «قىسقىسى، شەيخنىڭ مېتافىزىكىسىدا بىز ھېچقانداق پانتېئىزمنى تاپالمايمىز.»[1] دەپ يازىدۇ.

ياپونىيىلىك ئىسلامشۇناس ئىزۇتسۇ توشىھىكومۇ ئۆزىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى» ناملىق ئەسىرىدە «ئىبنى ئەرەبى ھەرگىزمۇ ئومۇمىي مەنادىكى پانتېئىست ئەمەس. ئۇنى ئاددىيلا ھالدا پانتېئىزمنىڭ تىپىك ۋەكىلى قىلىپ تەتقىق قىلغان غەربىي ياۋروپا ئىسلامشۇناسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ نۇقتىغا كەلگەندە ناھايىتى زور دەرىجىدە خاتالاشقان»[2] دەپ يازغانىدى.

تۈركىيە ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى جۈملىدىن «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئۆمەر فەرىدكامىنىڭ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد»، ئىسمائىل فەننىنىڭ «‹ۋەھدەتى ۋۇجۇد› ۋە مۇھىيىددىن ئەرەبى»، سەلچۇك ئەرايدىنىنىڭ «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر» ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» بىلەن پانتېئىزم بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنى بىر دەپ ھېسابلاشقا بولمايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

دېمەك، تەسەۋۋۇپ ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىزدەنگەن تەتقىقاتچىلار خېلى بۇرۇنلا ئۇنى پانتېئىزم دەپ قاراش بىلەن بۇ تەلىماتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى

① ئا. د. كنىش، — «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزم»، 11-، 12 - بەتلەر.
② ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 254 - بەت.

بولمايدىغانلىقى، شۇنداقلا پانتېئىزمنىڭ ئەسلى مەنىسىگمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان. بۇنىڭ بىلەن بەزى تەتقىقاتچىلار تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى، يەنى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنى «پانتېئىزم» دەپ ئەمەس، بەلكى بۇ تەلىماتنىڭ ئۆزىگە بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا بىر نام بىلەن ئاتاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئىزۇتسۇ توشىھىكو ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئىپادىلەپ، «ئەنگلىيىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى ئەڭ چوڭ نوپۇز بولغان نىكولسون تەسەۋۋۇپنى ئاددىيلا ھالدا بىر خىل تىپىك پانتېئىزمغا يىغىنچاقلىغان.[①] بۇ خاھىشنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىم، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى پانتېئىزم (Pantheism ، خۇدا ھەممىدە دەيدىغان تەلىمات) ئەمەس، بەلكى پانېنتېئىزم (Panentheism ، ھەممە خۇدانىڭ ئىچىدە ) دەپ قارىلىشى كېرەك.»[②] دەپ يازىدۇ. «پانېنتېئىزم» ( Panentheism ) ئاتالغۇسىنى 1828 - يىلى نېمىس پەيلاسوپى كارل كرائۇزې (K. Krause ، 1781 — 1832) پانتېئىزمنىڭ ئەكسىچە مەنىدىكى ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئىلىم ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەنىدى.

«Panentheism» — گرېك تىلىدىكى «ھەممە» مەنىسىدىكى «pan» سۆزى بىلەن، «خۇدا، ئىلاھ» مەنىسىدىكى «theos» سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئىچىدە، دا، تە» مەنىسىدىكى «en» قوشۇمچىسىنىڭ قىستۇرۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، «Pan en theos ھەممە خۇدانىڭ ئىچىدە» ياكى «ھەممە شەيئى

---

① ئىزۇتسۇ ئۆز كىتابىدا نىكولسوننىڭ 1921 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئىسلام تەتقىقاتى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن پايدىلانغان. نىكولسون ئۆزىنىڭ جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىدىيىسىنى پانتېئىزم دەپ ھېسابلىغانلىقىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى 1928 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىدا قەيت قىلغان. ئېھتىمال، ئىزۇتسۇ نىكولسوننىڭ بۇ كىتابىنى كۆرمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

② ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 135 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇدادا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

Panentheism دىنىي پەلسەپىۋى تەلىمات بولۇپ، دۇنيانى خۇدا ياراتقان، دۇنيا خۇدانىڭ نامايان بولۇشىدىنلا ئىبارەت دەپ قاراپ، پەقەت خۇدانىڭلا مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. پۈتۈن ئالەمنىڭ ئونتولوگىيىلىك مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. «يەنى ئۇ كۆپىنچە مىستىك تەپەككۇرنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ ھالدا، بۇ چۈشەنچىلەر، خۇدا بىلەن تەبىئەتنىڭ ئونتولوگىيىلىك مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن پانتېئىزمغا پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ.»①

شۇنداق تۇرۇقلۇق، پانتېئىزمغا زىت كېلىدىغان بىر تەلىماتنى پانتېئىزم دەپ ئاتاپ، مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئەمەلىيەتتە، تەسەۋۋۇپنىڭ پانتېئىزمدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغانلىقى يۇقىرىدا قىسمەن سېلىشتۇرما قىلىنغان تەرەپلەردىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىغۇ؟

تەسەۋۋۇپ ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئەسلى مەزمۇندا پانتېئىزمدىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. يەنە كېلىپ پانتېئىزمنىڭ ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى بولغان «خۇدامۇ، تەبىئەتمۇ مەۋجۇتلۇقى ھەم ئۇلارنىڭ سۇبستانسىيىلىك بىرلىكى» «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىدا ئۇچرىمايتتى.

شۇڭا بىزنىڭ قارىشىمىزدا، تەسەۋۋۇپ پانتېئىزم بىلەن پەرقلىق بولغان ئۆزگىچە خاس ئايرىم بىر ئۇقۇم. ئەگەر پانتېئىزم بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەر (بىر-بىرىگە زىت كېلىدىغان تەرەپلەر) ئېتىبارغا ئېلىنسا، ئۇ ھالدا تەسەۋۋۇپنى پانتېئىزمغا قوشۇۋېلىپ، پانتېئىزمنىمۇ ئەسلى ماھىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان يۆنىلىشلەرگە بۆلۈشنىڭ

① ئي.د.جاۋەلىدزە، 94 ـ بەت.

زۆرۇرىيىتى قالماسلىقىمۇ مۇمكىن.
تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرى خۇدانىڭمۇ، تەبىئەتنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان پانتېئىزم بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت خۇدانىڭلا مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان پانېنتېئىزم بىلەن بىر قەدەر يېقىنراق بولغاچقا، بەزى ئالىملار تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى «پانېنتېئىزم» دەپ قاراشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. ئې. د. جاۋەلىدزەمۇ تەسەۋۋۇپ بىلەن پانتېئىزم ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار پەرقلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، تەسەۋۋۇپنى پانتېئىزم ئەمەس بەلكى پانېنتېئىزم دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.
مېنىڭچىمۇ، Panentheism تەسەۋۋۇپنىڭ يەككە بارلىق («ۋەھدەتى ۋۇجۇد») تەلىماتىغا بىر ئاز ئۇيغۇن كېلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن تەسەۋۋۇپنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتاشمۇ تەسەۋۋۇپنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەمدۇ - يوق، بۇ كېيىنكى تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئايدىڭلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# Ⅲ باب تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىرى (2)

## 1 § . تەسەۋۋۇپتىكى دىئالېكتىك ئىدىيىلەر

تەسەۋۋۇپ ماددىي دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى «بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى» دەپ قارىسىمۇ، مانا شۇ تەجەللىدىن پەيدا بولغان «خىيالىي بارلىق»، «كۆلەڭگە» سۈپىتىدىكى دۇنيانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەريانىنى چۈشەندۈرگەندە ئىستىخىيىلىك ھالدا بولسىمۇ، دىئالېكتىك كۆز قاراشلارنى ئىپادىلىگەن.

تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق شەيئى ئۆزىنىڭ زىت تەرىپى ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ. «ھەر قانداق شەيئىنىڭ سۈپىتى زىت تەرىپى ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ.»① دەيدۇ، جالالىددىن رۇمى. شۇڭا ھەر قانداق شەيئى ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىنى شەرت قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىردىنبىر يېگانە بارلىق بولغان «مۇتلەق بارلىق» (ۋۇجۇدى مۇتلەق) نىڭ تەجەللى ئېتىبارى بىلەن زىت تەرىپى «ئەدەمى مۇتلەق» (مۇتلەق يوقلۇق) بولىدۇ. يەنى «خەيرى مەھز» (خالىس ياخشىلىق) ۋە

---

① جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، تاشكەنت، 1997 ـ يىل، 74 ـ بەت.

«ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) بىلەن بىر بولغان «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ نامايان بولۇش (كۆرۈنۈش) ئېتىبارى بىلەن زىت تەرىپى (يەنى، بىردىنبىر يېگانە بارلىقنىڭ ماھىيەتتە تەڭدىشى، زىت تەرىپى بولمايدۇ، دېمەكچى) «ئەدەمى مۇتلەق» (مۇتلەق يوقلۇق)، «لا ھۆسن» (خۇنۇكلۇك)، «لاخەير» (يامانلىق) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇ «يوقلۇق»، «خۇنۇكلۇك»، «يامانلىق» ئەسلى مۇستەقىل مەۋجۇت ئەمەس. بۇلار پەقەت يېگانە بارلىقنىڭ يەنى «مۇتلەق بارلىق» نىڭ يوقلۇق شەكلىدىكى ئىپادىسىدىنلا ئىبارەت. بۇلار پەقەت تەجەللى ئېتىبارى بىلەن ۋاقىتلىق زاھىر بولىدۇ (ئاشكارا بولىدۇ.)[1].

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ زىت تەرەپلەر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇلار پەقەت كۆرۈنۈشتىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەكسى بولغان «بارلىق»، «گۈزەللىك»، «ياخشىلىق» نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. جالالىددىن رۇمىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتساق، «دۇنيانىڭ نامايان بولۇشى (كۆرۈنۈشى) ئۈچۈن، رەڭلەر ئۆزلىرىنىڭ زىت رەڭلىرىنىڭ بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق رەڭلەر (قىزىل، يېشىل، سېرىق ۋە باشقىلار) نىڭ ئاساسى ئىلاھىي نۇردىن ئىبارەت. ئىنسان ئەقلى تامامەن رەڭلەر دۇنياسىغا غەرق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ رەڭلەر ئۇنىڭ ئىلاھىي نۇرنى ئىدراك قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. لېكىن كېچە بولۇپ بۇ رەڭلەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغاندا بولسا، ئۇ (ئىنسان) رەڭنى تونۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى نۇر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.[2]
شۇڭا جالالىددىن رۇمى: «بۇ دۇنيا زىتلار ئالىمىدۇر.» دەيدۇ.[3]

---

[1] فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل، 7 ـ نەشرى، 308 ـ، 309 ـ بەتلەر.
[2] ئى. د. جاۋەلىدزە، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر.
[3] سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 204 ـ بەت.

ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى بۇ قارىمۇ قارشىلىق، پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشتىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئىچكى ماھىيەتتىكى زىتلىق ئەمەس ئىدى. كۆرۈنۈشتە قارىمۇ قارشى مەۋجۇت بولغان شەيئىلەر ئەمەلىيەتتە بارلىقنىڭ يەنى ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقنىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن زىتلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. جالالىددىن رۇمىنىڭ قارىشىچە، «زىتلىق ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىنى مەيدانغا كەلتۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار بىر - بىرىدىن قاچىدۇ (يىراقلايدۇ). ئەگەر دۇنيادا رەڭلىك رەڭگا رەڭلىك (ھەر خىللىق) مەۋجۇت بولسا، ھەم ئۇلار قارىمۇ قارشى ھادىسىلەر، شەيئىلەر سۈپىتىدە ئۇچراشسا، ئۇنداقتا، ئۇلار دېڭىزنىڭ كۆپۈكىگىلا ئوخشايدۇ، دېڭىزنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ.»①
ئەبۇ ھامىد ئەل - غەززالىمۇ شەيئىلەرنىڭ زىت تەرىپى ئارقىلىق

ئاشكارا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە، بۇ قارىمۇ قارشىلىق ماھىيەتتە بارلىقنىڭ يېگانىلىقىنى دەلىللەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: «ئەگەر قۇياش دائىم نۇر چېچىپ، پاتمىغىنىدا ئىدى، بىز ھېچقاچان شەيئىلەرنىڭ قۇياش چاقناپ تۇرغاندا بىز كۆرگەن رەڭگىدىن سىرت ئۇنىڭ باشقا خىل رەڭگىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلەلمىگەن بولار ئىدۇق. قۇياش پاتقاندا، بىز ئۇنىڭ باشقا كۆرۈنۈشتە مەۋجۇت بولغىنىنى بىلىمىز. بۇ ئارقىلىق بىز شەيئىلەرنىڭ ئەڭ روشەن نامايان بولۇشى نۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمىز. دېمەك، ئەڭ يارقىن نامايان بولغىنى (كۆرۈنگىنى) خۇدادىن ئىبارەت. ئەمما ئەقىل ئۇنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا تەققاسلىغىدەك (سېلىشتۇرغىدەك) بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەستۇر.②
جالالىددىن رۇمىمۇ «خۇش نەرسىلەر ناخۇشلاردىن بۆلەك

① ② ئې. د. جاۋەلىدزە: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر.

ئەمەستۇر، چۈنكى ناخۇش نەرسىلەر بولمىسا، خۇش نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس»① دەيدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى يەنى قارىمۇ قارشىلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەققىدىكى دىئالېكتىك پىكىرلەرمۇ ماھىيەتتە يەنىلا ئۇلارنىڭ يەككە بارلىق كۆز قارىشىنى دەلىللەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار «خىيالىي كۆرۈنۈش» تىنىلا ئىبارەت دەپ ھېسابلىغان بۇ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھامان ئۆزىنىڭ زىت تەرىپىنى شەرت قىلغان ھالدا يەنى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ قارىشىچە، ئىلاھىي نۇرنىڭ تەجەللى قىلىشىدىن پەيدا بولغان دۇنيا، بىر پەيدا بولغىنىچە جىمجىت تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭىدىن يارىتىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بۇنى «خەلقى جەدىدە» («يېڭى يارىتىلىش») دەپ ئاتىغان.

جالالىددىن رۇمى: «ئۇلۇغ ئاللا ئىنسانىنى ھەرلەھزە يېڭىدىن يارىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى يوللايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە، ئىككىنچىسى ئۈچىنچىسىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. پەقەت ئىنسان بۇنىڭدىن — ئۆزىدىن غاپىلدۇر (يەنى ئۆزىنى تونۇمايدۇ)»② دەيدۇ. ئۇ يەنە «دۇنيا ھەر نەپەستە يېڭىدىن يارىتىلىپ تۇرىدۇ»③ دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «خەلقى جەدىدە» (يېڭى يارىتىلىش) ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئىچىدە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. دۇنيا ھەر دەقىقىدە يوقىلىپ، يەنە قايتىدىن يارىتىلىپ (تەجەللى

---

① جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 112 ـ بەت.
② جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 157 ـ بەت.
③ سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 204 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ) تۇرىدۇ. بىز بولساق ئۇنىڭ سىرتقى ھالىتىگە قاراپ جىمجىت، تۇرغۇن دەپ ھېسابلايمىز، ئەمەلىيەتتە دۇنيادا بىر دەقىقىمۇ جىمجىتلىق، تۇرغۇنلۇق بولمايدۇ. كېيىنكى دەقىقىدىكى دۇنيا ئالدىنقى دەقىقىدىكى دۇنيانىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى يېڭىدىن يارىتىلغان دۇنيادۇر. «دەريادا سۇ دائىم ئاقىدۇ. ئاققان تامچىلار قايتىلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىسى كېلىدۇ. لېكىن بىز تولۇق بايقىمايمىز. چۈنكى ئېقىمنىڭ دائىمىيلىقى ئۇنىڭ ھاياتىدىن دالالەتتۇر.»①

جالالىددىن رۇمى «مەسنەۋى» سىدە مۇنداق يازىدۇ: «ۋاقىت ئۆتۈپ تۇرىدۇ ۋە يېڭى دەۋر كېلىدۇ. ئاي، بۇرۇنقى ئاينىڭ ئۆزى شۇ، لېكىن سۇ، بۇرۇنقى سۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى يېڭى سۇدۇر. ھەققانىيەت، ئەقىل - پاراسەت ئىلگىرىكى ھەققانىيەت، ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئۆزى شۇ، لېكىن زامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىر دەۋرنىڭ كەينىدىن يەنە بىر دەۋر كېلىپ تۇرىدۇ... ئەمما بۇ چۈشەنچىلەر ئەبەدىيلىك ۋە ئۆزگەرمەستۇر.»②

دېمەك، ئۇلار گەرچە ھەرىكەتنى دۇنيادىكى ماددىنىڭ ھەرىكىتى دەپ قارىمىغان بولسىمۇ، پەقەت «ئىلاھىي» نۇرنىڭ ئۈزلۈكسىز نۇرلىنىپ، چاقناپ تۇرۇشىدىنلا ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرسىمۇ، مانا شۇ پىكىرلىرى ئىچىدە مەلۇم مەنىدە «بىر دەرياغا ئىككى قېتىم سەكرىگىلى بولمايدۇ» غانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى.

«پۈتۈن ئالەم يۈگۈرەيدۇ، ... لېكىن ھەر خىل شەكىللەردە يۈگۈرەيدۇ (ھەرىكەت قىلىدۇ). ئىنسان بىر خىل كۆرۈنۈشتە يۈگۈرسە، ئۆسۈملۈك يەنە بىر خىل شەكىلدە يۈگۈرەيدۇ. لېكىن روھنىڭ يۈگۈرۈشى (ھەرىكىتى)

---

① رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، 202 ـ بەت.

② ئې. د. جاۋەلىدزە، 79 ـ، 80 ـ بەتلەر.

ئۇلارنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىنىدۇ»، «بىز ئولتۇرىمىز، ئەمما هەرىكەت قىلىپ تۇرىمىز. ئورۇن ئۆزگەرمەيدۇ، لېكىن سەن بۇنى (هەرىكەتنى) كۆرەلمەيسەن»① دېيىش ئارقىلىق مەۋلانە دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك هەرىكەت ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى، هەتتا بىزگە جىمجىت كۆرۈنگەن شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ توختاۋسىز هەرىكەت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

جالالىددىن رۇمى دۇنيادىكى هەرىكەتلەرنىڭ ئىچكى سەۋەبىنى روهنىڭ هەرىكىتى دەپ قارىسىمۇ، لېكىن شەيئىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ زىت تەرىپى بىلەن كۈرەش قىلىش ئىچىدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. مەۋلانە: «بۇ دۇنيا زىتلار ئالىمىدۇر. هەر قانداق شەيئى زاتى بىلەن قائىمدۇر (يەنى، هەر قانداق شەيئى ئۆزىنىڭ زاتى ياكى ئەسلى مەنبەسى بىلەن تىك تۇرىدۇ؛ هەر قانداق شەيئى ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنبەسى بىلەن مەۋجۇت بولالايدۇ) ۋە هەر قانداق شەيئى ئىزافىيدۇر (نىسپىيدۇر)»② دەپ يازىدۇ.

دېمەك، مەۋلانەنىڭ قارىشىدا، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر زىتلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ. هەر قانداق شەيئى نىسپىي بولىدۇ. مۇتلەق نەرسە بولمايدۇ. مۇتلەقلىق پەقەت شەيئىلەرنىڭ زاتى بولغان «ۋۇجۇدى مۇتلەق» (مۇتلەق بارلىق) قىلا خاس. ئۇنىڭدىن باشقا هەر قانداق مەۋجۇتلۇق پەقەت نىسپىيلىك ئىچىدە مەۋجۇت.

ئۆزىنىڭ زىت تەرەپلىرى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولغان شەيئىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ «زىددىيەتلەر ئالىمى» نىڭ ئىچىدىكى شەيئىلەر هەر دائىم جەڭ قىلىپ، كۈرىشىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيا «زىددىيەتلەر جېڭىدۇر»③ مەۋلانە مۇنداق يازىدۇ: «ئەگەر سەن دۇنياغا دىققەت بىلەن نەزەر سالىدىغان

① ئى. د. جاۋەلىدزە، 72 ـ بەت.
② سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 204 ـ بەت.
③ رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۇيغۇرچە)، 63 ـ بەت.

بولساڭ، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي كۆرەشتىن (جەڭدىن) ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقايسەن. خۇددى دىندار دىنسىز (دەھرىي) بىلەن كۆرەش قىلغىنىغا ئوخشاش، ئاتوممۇ ئاتوم بىلەن كۆرەش قىلىپ تۇرىدۇ... بىر ئاتوم سولغا قاراپ ھەرىكەت قىلسا، يەنە بىرى ئوڭغا قاراپ ھەرىكەت قىلىپ نامەلۇملۇقنى ئىزدەيدۇ... بىر ئاتوم يۇقىرىغا ئۆرلىسە، يەنە بىرسى تۆۋەنگە چۈشىدۇ. ئۇلار گويا تۇرغۇن ھالەتتە كۆرۈنىدۇ، لېكىن سەن مانا شۇ ‹ھەرىكەتسىز› دۇنيادىكى ئۇلارنىڭ كۈرىشىگە قارىغىن، بۇ دۇنيا مانا شۇ كۆرەش ئىچىدىدۇر.»①

بىز تەسەۋۋۇپتىكى «دەۋر نەزەرىيىسى» ھەققىدىكى بايانلىرىمىزدا، شەيئىلەرنىڭ تەجەللى بولۇشىنىڭ تەدرىجىي بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ تەدرىجىي نامايان بولۇش جەريانى بولۇپمۇ تۆۋەندىن - يۇقىرىغا ئۆرلەش («قەۋسى ئۇرۇج») جەريانىنىڭ شەيئىلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى تېخىمۇ دىققەتنى جەلپ قىلاتتى. بۇ تەرەققىيات جەريانىنىڭ «جەماد (مىنېراللار) — نەبات (ئۆسۈملۈك) — ھايۋان — ئىنسان» دىن ئىبارەت تەدرىجىي مۇكەممەللىككە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەنىدۇق.

ئۇلار گەرچە، بۇ تەدرىجىي جەرياننى نۇرنىڭ بىر خىل ھالەتتىكى شەكىلدە تەجەللى قىلىشىدىن يەنە بىر خىل ھالەتتە تەجەللى بولۇشىغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت دەپ قارىسىمۇ، بۇ تەجەللى بولۇش جەريانى قانۇنىيەتلىك تەدرىجىي بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى.

مەۋلانە جالالىددىن رۇمى قەيت قىلغىنىدەك (ئالدىنقى بابقا قارالسۇن)، مېنېرالدىن ئۆسۈملۈك بارلىققا كەلدى. بىراق ئۆسۈملۈك ئۆزىنىڭ مېنېرالدىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئويلاپمۇ

① ئي.د. جاۋەلىدزە، 72 ـ بەت.

قويمىدى. ئۆسۈملۈكتىن ھايۋان بارلىققا كەلدى. لېكىن ھايۋان ئۆزىنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ ئۆسۈملۈك بولغانلىقىنى زادىلا ياد ئەتمىدى. دېمەك، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى ئىنكار قىلغان ھالدا يېڭى بىر ھالەتكە ئۆتتى. لېكىن بۇ يېڭى ھالىتىنىڭ سەۋەبى ئالدىنقى شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. مانا شۇنداق ئىنكارنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق بىر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر ھالەتكە ئۆتۈپ تەدرىجىي ھالدا ئاددىي ھالەتتىن مۇكەممەللىككە تەرەققىي قىلدى ۋە ئىنسانغا ئايلاندى.

دېمەك، ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى شەيئىلەرنىڭ تەجەللىي بولۇپ، پەيدا بولۇش جەريانى سىرتقى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ھامان دىئالېكتىك تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. بىز بۇ ھەقتە ئالدىنقى بابتىمۇ ئازراق توختالغانىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە يەنە تەكرارلاپ يىكىرنى ئۇزارتىشنى ھاجەتسىز دەپ قارايمىز.

ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات ئارقىلىق پەيدا بولغان، قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى، زىت تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان دۇنيا پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشتىلا مانا شۇنداق دىئالېكتىك قانۇنىيەتلەرگە ماس ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. ماھىيەتتە بولسا قۇرۇق خىيالىي كۆرۈنۈشتىنلا ئىبارەت ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، خىيالىي كۆرۈنۈشتىنلا ئىبارەت بولغان بۇ دۇنيانىڭ «خىيالىي» مەۋجۇتلۇقىنى يەنىلا دىئالېكتىك قانۇنىيەتلەرگە ماس ھالدا (ئەلۋەتتە ئاڭسىز يوسۇندا) چۈشەندۈرگەنىدى.

مەلۇمكى، دىئالېكتىكا تەرەققىياتنىڭ ئىككىنچى دەۋرىدىكى ئەڭ يۇقىرى چوققا بولغان گېگېلنىڭ دىئالېكتىكىسىمۇ ئەمەلىيەتتە، ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيادىكى ماددا ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى «مۇتلەق ئىدىيە» (absoluteidea) نىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە قوزغۇلغانىدى. (ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە تەسەۋۋۇپتىكى دىئالېكتىك پىكىرلەرنى گېگېلنىڭ دىئالېكتىكىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى، دېمەكچى ئەمەسمىز.)

ئېھتىمال، جالالىددىن رۇمى شېئىرىيىتىدە ئىپادىلەنگەن دىئالېكتىك ئىدىيەلەرنىڭ گېگېلنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، مەھلىيا قىلغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ قىسمەن ئورتاقلىقلاردا بولسا كېرەك.

جالالىددىن رۇمىنىڭ شېئىرلىرى دىيوككېرتىنىڭ تەرجىمىلىرى ئارقىلىق گېرمانىيىدە ياخشى تونۇلغانىدى. گېگېل ۋە گيوتې ئۆز ئەسەرلىرىدە رۇمى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان.

گېگېل ئۆزىنىڭ دىئالېكتىك مېتودىنى يارىتىشتا جالالىددىن رۇمىدىن زور ئىلھام ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى «روھ پەلسەپىسى» دە جالالىددىن رۇمىنىڭ بىر قاتار شېئىرلىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ ۋە رۇمىغا ئاپىرىن ئېيتىدۇ. تۆۋەندىكى شېئىر گېگېل نەقىل كەلتۈرگەن شېئىرلارنىڭ بىرىدۇر:

ساماۋى تەخت ئۈستىدە يەر تۇزاڭدىن ئاسمان نەرسىلىرىگىچە،
ھىجراندا ۋە كۆرىشىش شاتلىقىدا سىنىڭ بارلىق كۆرگەنلىرىڭ — ھەممىسى مەن.
«ئىنجىل» . . . . «قۇرئان» — ھەممىسى مەن.
كەبە ۋە خۇداغا قۇربانلىق تەييارلاپ تەلپۈنگۈچىلەرنىڭ جايى — ھەممىسى مەن.
ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن،
ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق ھەممىسى مەن.
پەرىشتىلەر ۋە جىنلار، روھ ۋە دىۋىلەر — ھەممىسى مەن.
مېنىڭ بەلگەم — نىشانسىز، مېنىڭ جايىم — ماكانسىز.
مەندە نە بەدەن، نە جان بولسۇن، چۈنكى ئۆزۈم جانلارنىڭ جېنى؛

ئۆزۈمدىن ئىككىلىكنى ھەيدىدىم ۋە كۆردۈمكى، ئىككى دۇنيا بىردۇر. مەن شاھىنىڭ قۇلى ۋە مەن دۇنيانىڭ شاھى، مەن بىرلىكمەن ۋە كۆپلۈكمەن. مەن ھەم تاق، ھەم مېھمانلار بىلەن بىللە ئولتۇرىمەن.

.........................................

گېگېل شۇ ئەسىردە جالالىددىن رۇمى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز ‹بىرلىك› ئېگىنى ئۇنىڭ ئەڭ نەپىس ساپلىقى ۋە ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا جەزمەن مۇسۇلمانلارغا مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئاجايىپ جالالىددىن رۇمى شېئىرلىرىدا روھنىڭ ‹يېگانە زات› بىلەن بىرلىكى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. ئىشقنىڭ بىرلىكى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بۇ روھىي بىرلىك — چەكلىك ۋە ئەھمىيەتسىز نەرسىلەردىن ھالقىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش (يۈكسىلىش)؛ تەبىئىي شەيئىلەر ۋە روھىي شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا، تەبىئەتتىكى ۋە تەجرىبە دۇنياسىدىكى روھنىڭ تاشقى خاسلىقى ۋە ۋاقىتلىقلىقى چەتكە قېقىلىدۇ.»①

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى دىئالېكتىك پىكىرلەر بىز كۆرۈپ ئۆتكەن بىر نەچچە نۇقتىلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇنىڭدا بەزى كاتېگورىيىلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تەسەۋۋۇپتىكى دىئالېكتىك تەپەككۇرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرغان جالالىددىن رۇمىنىڭ ئۆزى بىر چوڭ نامايەندە. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە دىئالېكتىك تەپەككۇر يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ

---

① «دۇنيا دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» (خەنزۇچە)، 1983 ـ يىل، 2 ـ سان، 36 ـ بەت. ژۇرنالنىڭ بۇ ساندا گېگېل «روھ پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرگەن جالالىددىن رۇمىنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئىنگلىز تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان (باشقا شېئىرلار ئۈچۈن شۇ ژۇرنالغا قاراڭسۇن). بىز مىسال ئالغان شېئىرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلماي، ۋ. زاھىدوف «تەسەۋۋۇپ ھەققىدە» («بۇلاق»، 20 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە نەقىل كەلتۈرگەن شېئىردىن پايدىلاندۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەخسۇس ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر تېما. بىز دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى دىئالېكتىك قاراشلارنى يۇقىرىدىكى بىر نەچچە نۇقتىلاردا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

## 2 § . بىلىش نەزەرىيىسى (گنوسېئولوگىيە)

تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدا ھازىرغا قەدەر تېخى ياخشى ئۆگىنىلمىگەن ۋە تولۇق يورۇتۇلمىغان مۇرەككەپ تەرەپلەردىن بىرى — تەسەۋۋۇپنىڭ گنوسېئولوگىيىسى (بىلىش نەزەرىيىسى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، بىز تەسەۋۋۇپنى بىر دىنىي پەلسەپە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىكەنمىز، ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەي ئۆتۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا بۇ ھەقتە بىزدىن ئىلگىرى ئىزدەنگەنلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا يۈزەكى بولسىمۇ دەسلەپكى ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ھاسىل قىلغان تونۇشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەھلىل ئېلىپ بارماقچىمىز.

### 1. ھەقىقەت ۋە ئۇنى بىلىش

بىز ئالدىنقى بابتا تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ئالەمنىڭ يارىتىلىش يەنى ئاللانىڭ «ئەسما ۋە سىفات» ىنىڭ تەجەللىسى بولۇش سەۋەبلىرىدىن بىرىنى، «مەن بىر يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم. بىلىنمەكنى خالىدىم ۋە بىلىنىش ئۈچۈن دۇنيانى ياراتتىم» دېگەن ھەدىسى قۇدسى ئاساسىدا چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق. گرۇزىن ئالىمى ئې. د. جاۋەلىدزە بولسا بۇ قاراشنى ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ «گنوسېئولوگىيىلىك

پرىنسىپى» دەپ ئاتىغانىدى (ئالدىنقى بابقا قارالسۇن).

ئۇنداق بولسا، ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىنى مانا شۇ «بىلىش نەزەرىيىسى پرىنسىپى» بويىچە چۈشەندۈرگەن مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ قارىشىدا بىلىشنىڭ جەريانى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلاردا بىلىشنىڭ قايسى شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؟ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدىكى بىلىشنىڭ باسقۇچلىرى قايسىلار؟

تەسەۋۋۇپ ھەقىقىي بارلىق پەقەت بىر، ئۇ بولسىمۇ «ۋۇجۇدى مۇتلەق» (مۇتلەق بارلىق) يەنى ئاللا، دەپ قارىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى بىردىنبىر «مۇتلەق ھەقىقەت» شۈبھىسىزكى «ۋۇجۇدى مۇتلەق» تىن ئىبارەت بولاتتى. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ «مۇتلەق ھەقىقەت» نى بىلگىلى بولامدۇ - يوق؟ مانا بۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئەڭ ئاساسىي مەسىلە. بىز تەسەۋۋۇپتىكى بىلىش نەزەرىيىسىدە بۇ مەسىلىگە قارىتا سكېپتىسىزم (skepticism، گۇمانخورلۇق، گۇمانلىنىش، 怀疑论) لىق خاھىشىنىڭمۇ، ئاگنوستىسىزم (agnosticism، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى، 不可知论) لىق خاھىشىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرىمىز. لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغىنى يەنىلا بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى ئىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانى ھەققىدىكى بايانلىرىمىزدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار ھەقنى تونۇش، بىلىشنى «مەرىفەت» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئىلىم» دېگەنلىك بولسىمۇ، تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىدا ئاللانى بىلىش، تونۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ «مەرىفەتۇللاھ» دەپ قوللىنىدۇ.

«مەرىفەتۇللاھ» نىڭ مەنىسى «ئاللانى بىلمەك، ئاللانى

تونۇماق» دېگەندىن ئىبارەت.

تەسەۋۋۇپتا ھەقىقەتنى بىلىش ئەقىل يولى بىلەن ئەمەس بەلكى تۇيغۇ يەنى ئىشق يولى بىلەن بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ جەھەتتە ئەشئەرىيلەرنىڭ كالام پەلسەپىسىدىنمۇ، مۇتەزىلىيلەرنىڭ راتسىئونالىزمى (ئەقىلچىلىك) دىنمۇ ئۆزگىچە بىر مەۋقەدە تۇرىدۇ.

ئۇلار ئەقىلنىڭ رولىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن «مۇتلەق ھەقىقەت» نى بىلىشتە ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىلىش جەريانى ئەقلىي، مەنتىقىي تەپەككۇرغا ئەمەس، بەلكى ھېسسىي تۇيغۇغا تايىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بىلىش شەكلى ياكى بىلىشنىڭ ئالىي باسقۇچى ئەقلىي بىلىش ئەمەس، بەلكى ھېسسىي — ئىنتۇئىتىۋ بىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئىنتۇئىتسىيە» (intuition بىۋاسىتە سېزىم، 直觉) لاتىن تىلىدىكى «intuitio» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ سۆز مەنىسى «دىققەت بىلەن كۆزىتىش، ئىنچىكىلىك بىلەن قاراش» دېگەنلىك بولىدۇ. پەلسەپىدە ئۇ ھېسسىي بىلىشنىڭ بىر خىل شەكلىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، «بىۋاسىتە سېزىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

بىۋاسىتە سېزىم (ئىنتۇئىتسىيە) — ئىلگىرىكى تەجرىبىلەردىن ھاسىل قىلىغان بىلىم جۇغلانمىلىرى ئاساسىدا تاسادىپىي ياكى تۇيۇقسىزلا (تەجرىبىگە تايانماستىنلا) شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارى ۋە بۇ ئىقتىداردىن پەيدا بولغان پىكىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

«بىۋاسىتە سېزىم» ئاتالغۇسى ئوخشاش بولمىغان پەلسەپىۋى ئېقىملاردا تۈرلۈك مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىۋاسىتە سېزىمنىڭ بىلىش جەريانىدىكى رولىنى، بولۇپمۇ ئىلمىي بايقاش، ئىجادىي تەپەككۇر جەريانىدىكى رولىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەمما، ئۇنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان بىلىش جەريانىدىن ئايرىپ قاراپ، بىۋاسىتە سېزىمنى ئەقلىي بىلىش بىلەن قارشى ئورۇنغا قويۇشقا قارشى تۇرىدۇ.

مىستىك ئېقىملاردا بولسا بۇ ئۇقۇم كۆپىنچە، بىلىشنىڭ ئالىي شەكلى دەپ قارىلىپ، ئەقلىي بىلىشكە قارشى ئورۇنغا قويۇلغان. چۈنكى، مىستىك ئېقىملارنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدىكى بىلىشنىڭ ئوبيېكتى كۆپىنچە تەجرىبىدىن تاشقىرى بولغان بارلىق بولۇپ، ئۇنى سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن بىلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ئىچكى سېزىم ئارقىلىق بىلىش مۇمكىن دەپ قارالغان. شۇڭا، «‹مىستىك ئىنتۇئىتسىيە› نوقۇل ھالدا ‹ئۆزىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش› يەنى ئۆز - ئۆزىنى ئانالىز قىلىش، ئۆز - ئۆزىنى كۆزىتىشكە قارىتىلغان.»①

ئىسلام دىنىدىكى مىستىسىزملىق ئېقىم بولغان تەسەۋۋۇپمۇ ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى بىلىشنىڭ ئالىي شەكلى بولغان ھېسسىي — ئىنتۇئىتىۋ (بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق) بىلىشتە، ئاساسىي بىلىش ئورگىنى قەلب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىلىش ئوبيېكتى بولغان «مۇتلەق ھەقىقەت» يەنى «مۇتلەق بارلىق» (ۋۇجۇدى مۇتلەق) نىڭ ئۆزى، رۇمىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «بەلگە، ئالامەتلەرگە ئىگە ئەمەس، لېكىن مىڭلىغان بەلگە، ئالامەتلەر ئۇنى يارقىن نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.»②

ئۇنى بىلىش ئۇ قەدەر ئاسان ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ پىنھانلىقى

---

① م. ت. ستېپانيانس: «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى»، 33 - بەت.
② ئې. د. جاۋەلىدزە، 36 - بەت.

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئاشكارا، ئاشكارىلىقى بىلەن پىنھان. نەۋائىي مۇنداق يازىدۇ:

سىنى تاپماق بەسى مۇشكۇلدۇر، تاپماسلىغ ئاسانكىم،
ئېرۇر پەيدالىغىڭ پىنھان، ۋەلى پىنھانلىغىڭ پەيدا .①

ھەقىقەتنى تونۇش، بىلىش ئۈچۈن قەلب كۆزى كېرەك. كۆرۈش ئەزاسى بولغان كۆز بىلەن ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا جالالىددىن رۇمى شېئىرلىرىدىن بىرىدە، «كۆزۈڭنى يۇم، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل»② دەپ خىتاب قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىدا، مانا شۇ قەلب ئارقىلىق ھەقىقەتكە يېتىپ بارىدىغان ۋاسىتە ئىشق. ھەقىقەت يەنى «مۇتلەق بارلىق» بولغان ئاللا — مەشۇق. ئاشىق ئۆز مەشۇقىغا بولغان چەكسىز ئىشق ئارقىلىق ئۇنى تونۇشى، بىلەلىشى مۇمكىن.

لېكىن، مۇتەسەۋۋىپ مۇتەپەككۇرلار ئەقىلنىڭ بىلىشتىكى رولىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقارمايدۇ.

ھەركى بائەقىل ئاشنە باشەد،
ئەز ھەمە ئەيبھا جۇدا باشەد.③

(ھەركىمكى ئەقىل بىلەن ئاشنا بولسا، بارلىق قۇسۇرلاردىن قۇتۇلىدۇ)

دەيدۇ شەيخ سەنائىي (1080 — 1140) .

جالالىددىن رۇمىمۇ «ئەقىل ئىنسان ۋۇجۇدىدا بىر ئەمىرگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋۇجۇد رەئىيەتلىرى (پۇقرالىرى) ئۇنىڭغا بويسۇنسا، بارچە ئىشلىرى يۈرۈشىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ھەممىسى يولدىن چىقىدۇ»④ دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەقىل ئىلاھىي بىر نۇردىن ئىبارەت.

---

① ئەلىشىر نەۋائىي: «خەزايىنۇل مەئانى I — غەرەيىبۇسسىغەر»، تاشكەنت، 1959 ـ يىل، 24 ـ بەت (تۆۋەندە «خەزايىنۇل مەئانى» دەپلا ئېلىنىدۇ).
② رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، ئۇيغۇرچە، 159 ـ بەت.
③ ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 88 ـ بەت.
④ جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 54 ـ بەت.

ئۇلار ئىككى خىل ئەقىل بار دەپ قارايدۇ: 1) «ئەقلى كۇللى» (پۈتۈن ئەقىل، ئومۇمىي ئەقىل). «دەۋر نەزەرىيىسى» دە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئىلاھىي نۇر» (نۇرى ئىلاھى) نىڭ دەسلەپكى تەجەللىسى «ئەقلى كۇللى» بولۇپ، ئۇ ئىلاھىي، قۇدرەتلىك، مۇتلەق ئەقىلدۇر. شۇڭا ئۇ خۇدانىڭ پائال تەجەللىسى دەپ قارىلىدۇ. 2) «ئەقلى جۇزئىي» (قىسمەن ئەقىل، ئايرىم ئەقىل). بۇ ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتى ۋە باشقىلارغا تېگىشلىك ئەقىل. بەزى سوپىلار «ئەقلى جۇزئىي» نى يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ دەپ قارىغان: (1) «ئەقلى مەئاد» — بۇ ئىنساننى ئاخىرەتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئەقىل بولۇپ، ئىلىم ۋە ئىرپان بىلەن تەربىيىلەنگەن ئىنساننى ئاخىرەتنى ئويلاشقا يېتەكلەيدىغان ئەقىلدۇر. شۇڭا «ئەقلى مەئاد» نى سۆز مەنىسى بويىچە «ئاخىرەت ئەقلى» («مەئاد» نىڭ مەنىسى قايتىپ بارىدىغان جاي، بارار جاي دېگەنلىك بولۇپ، مەجازى مەنىدە، يەنى كۆچمە مەنىدە ئاخىرەت دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ) دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. (2) «ئەقلى مەئاش». «مەئاش» نىڭ مەنىسى تىرىكچىلىك، ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەر دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئەقىلنى «ياشاش ئەقلى» ياكى «تىرىكچىلىك ئەقلى» دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. «ئەقلى مەئاش» — ئىنساننىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى، هاياتنى چۈشىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەقىل بولۇپ هېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، «ئەقلى مەئاد» ئىمان ساهىبلىرىغا (ئىمانلىق كىشىلەرگە، ئېتىقادى كۈچلۈك كىشىلەرگە) خاس بولۇپ، «ئەقلى مەئاش» بولسا هەممە كىشىلەردە بولىدۇ.[1]

جالالىددىن رۇمى «ئەقلى كۇللى» هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل (ئەقلى كۇللى) بىر مەرتە ئۆز چېهرىنى ۋە قىياپىتىنى كۆرسىتىدىغان بولسا، كۆزمۇ ئۇنىڭ نۇرىدا تۈن قاراڭغۇلۇقىغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ.»[2] ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇستاپانىڭ ساۋاتى يوق دېيىشىدۇ. بىراق بۇ ئۇنىڭ يېزىش ۋە ئوقۇشى

---

① بۇ هەقتە تۆۋەندىكىگە قارالسۇن: كەمال ئەراسلان: «دىۋانى هېكمەت سەچمەلەر»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل، 2 ـ نەشرى، 403 ـ بەت.

② ئې. د. جاۋەلىدزە، 58 ـ بەت.

بولمىغىنى ئۈچۈن ئەمەس. ئۇنىڭ يېزىش، ئوقۇش، بىلىم ۋە ھېكمەتنى ئانىدىن تۇغما بولۇپ، بۇلارنى كېيىن ئوقۇپ قولغا كەلتۈرمىگىنى ئۈچۈن، ئۇنى ساۋاتسىز دېيىشىدۇ. ئەسلىدە، دۇنيادا ئۇ بىلمىگەن نېمە بار؟ ھەممە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ. جۇزئىي ئەقىلنىڭ كۆللى ئەقىلدە بولمىغان نېمىسى بار؟ ئۇ كۆرمىگەن نەرسىنى ئۆزىدىن تېپىش، يارىتىش قابىلىيىتىدىن ئۇزاق. ئادەملەر يازغان كىتابلار — ئۇلار بەرپا قىلغان بىنالار ئەمەستۇر. ئادەملەر بۇنىڭغا ھېچنەرسە ئىلاۋە قىلغانلىرى يوق. ئۆزلۈكىدىن يېڭى نەرسە تاپقانلار كۆللى ئەقىلدۇر. چۈنكى، جۇزئىي ئەقىل ئۆگىنىشكە — كۆللى ئەقىلنىڭ ئۆگىتىشىگە موھتاجدۇر. ئەقلى كۆللى مۇئەللىمدۇر. ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە ئېھتىياجى يوق.» «خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بارچە سەنئەتلەردىمۇ جۇزئىي ئەقىل ئىگىسى ئۆگىنىشكە موھتاج. ئەقلى كۆللى بولسا ھەممە نەرسىنى ئۆگەتكەن، تاپقان ۋە مەيدانغا كەلتۈرگەندۇر. ئەقلى كۆللىنى جۇزئىيگە باغلىغان ۋەلىيلەر ۋە نەبىيلەردۇر. مەسىلەن، قول، پۇت، كۆز، قۇلاق ۋە ئىنساننىڭ بارچە تۇيغۇلىرى قەلب ۋە ئەقىلدىن ئۆگىنىش قابىلىيىتىگە ئىگىدۇر. ئەقىل ۋە قەلبسىز ئىنسان تۇيغۇلىرىنىڭ ھېچبىرى ھەرىكەتكە كەلمەس ئىدى. سېنىڭ جىسمىڭ قەلبىڭ ۋە ئەقلىڭگە نىسبەتەن قوپال ۋە قېلىندۇر. ئەقىل ۋە قەلبىڭ بولسا — لەتىپ (نازۇك). قوپال جىسمىڭ نازۇك بولغانلار ئارقىلىق تىنىك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە لاتاپىتىمۇ قەلب ۋە ئەقلىڭ شاراپىتى بىلەندۇر. ئۇلارسىز جىسمىڭ ھۇرۇن، ئىشىياقماس، ئىپلاس ۋە كىردۇر. جۇزئىي ئەقىلمۇ كۆللى ئەقىلنىڭ ۋاستىسى. ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ. ئۇ كۆللى ئەقىلنىڭ ئالدىدا ناھايىتىمۇ قوپالدۇر.»[1]

---

① جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 121 ـ بەت.

مەۋلانە ئەقىلنىڭ بىلىشتىكى رولىنى يەنى ئەقلىي بىلىشنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايدۇ. «بىر نەرسىنى چۈشىنىش، بىر نەرسىنى ئەستە ساقلاش — بۇ ئەقىلنىڭ ئىشى» دەيدۇ ئۇ. ئۇ بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل — ئىنساننىڭ قولى، ئۇچۇشتىكى قانىتىدۇر. ئۇلارغا ئىگە بولالمىغىنىڭدا ئەقىلنى يېتەكچى قىل. مەيلى سەن زەپەر قۇچقۇچى بول ۋە ياكى غەلىبە ئىزدىگۈچى بولغىن، مەيلى سەن كۆرگۈچى بول ۋە ياكى كۆرمەكنى ئىزدىگۈچى بول، ئەقىل ئاچقۇچىسىز بۇ ئىشىكنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئېچىلمىسا سېنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىڭ بىكار. لېكىن ئەقىل ئارىسىدىمۇ پەرق زور بولىدۇ. بەزى ئەقىل گوياكى قۇياشقا ئوخشايدۇ. بەزىسى بولسا تۆۋەنرەكتىكى ۋېنېراغا ئوخشايدۇ. بەزىسى شامغا ئوخشىسا، يەنە بەزىسى ئوت ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشايدۇ.»①

روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئەقىلنىڭ رولىنى، ئەقلىي بىلىملەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ئەقىل، ئادەتتىكى ئىلىملەرنى ئىگىلەشتە شۇنداق زور قۇدرەتكە ئىگە. لېكىن ھەقىقەتنى بىلىشتە ئۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. يەنى، ئەقىل ئىلىم (بىز قوللىنىۋاتقان ئىلىم ـ پەن) خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى، يول باشلىغۇچىسى. بىراق «مەرىپەت» (ئاللانى بىلىش، تونۇش) بوسۇغىسىغا كەلگەن ھامان ئۇ ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز. «ئەقلىڭ سېنى پادىشاھ دەرۋازىسىغا ئېلىپ كەلگەنگە قەدەر ياخشىدۇر. دەرۋازا ئالدىدا سەن ئۇنى ھەيدە. چۈنكى ئۇ ئەمدى زەرەرلىكتۇر، يولۇڭنى توسقۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن. ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچ. ئەمدى سېنىڭ ‹نېمە ئۈچۈن؟ نېمىگە؟› لەر بىلەن ئىشىڭ يوق»② دەيدۇ جالالىددىن رۇمى.

---

① ئى. د. جاۋەلىدزە، 131 ـ بەت.
② جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 100 ـ بەت.

ئەمدى، بۇ سەپەردە ئۇلارغا يول باشچى ئەقىل ئەمەس، بەلكى ئىشق، يەنى بىز پەلسەپىۋى ئاتالغۇ بىلەن ئېيتقان ئىنتۇئىتسىيە (بىۋاسىتە سېزىم) دىن ئىبارەت. ئەقىل بۇ يوللاردا ئاجىزلىق قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتساق، «ئەقىلغا ئىشق دەلىل بولىدۇ.» نەۋائىي يازىدۇ:

ئەقلغە ئىشق دەلىل ئولمىسا، كۆر،
نى قالۇر چۇنكى كېتەر دال، خىرەد.①
(ئەقىلغا ئىشق دەلىل بولمىسا، ئۇنىڭدىكى دال ھەرپى، يەنى خىرەد (ئەقىل) سۆزىدىكى «د» ھەرپى يوق بولۇپ كەتسە، ئۇ خىرە بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئەقىل قالمايدۇ.)

شۇڭا نەۋائىي ئىشق سەپىرىگە كىرىشتىن ئاۋۋال ئەقىلنى يوق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ:

يارەب، ئەت ئىشق نەۋائىيغا نەسىپ،
كۆڭلىدىن لىك بۇرۇن ئال خىرەد.②

شۇڭا، ئۇلارنىڭ قارىشىدا ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ بىردىنبىر ۋاسىتىسى ئىشق. ھەتتا جالالىددىن رۇمى:

ئىشق بىزگە رەھنەما، راۋانىمىزدۇر.
بىزنى ئىشق تۇغقاندۇر، ئىشق ئانىمىزدۇر.

دەپ يازىدۇ.

ئۇلارنىڭ بىلىش ۋاسىتىسى بولغان ئىشق بىر خىل ئىچكى

① ئەلىشىرنەۋائىي: «غەزەللەر»، 348 ـ بەت.
② ئەلىشىرنەۋائىي: «غەزەللەر»، 215 ـ بەت.

بىۋاسىتە سېزىم. ئۇنىڭ بىلىشى، بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىز بولغان كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز، تەنىنىڭ ئوبيېكت بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشىدىن ھاسىل قىلغان ھېسسىي بىلىشىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار بۇ بىلىش جەريانىدا قەلب (ئاساسىي بىلىش ئورگىنى) بىلەن كۆرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئاڭلايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ھالىتىنى «ۋەجد» دەپ ئاتىشىدۇ.

«ۋەجد» — «ھاياجانلىنىش، خۇرسەنلىك، شادلىق» مەنىلىرىدىكى سۆز بولۇپ، تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىدا ئىشق نەتىجىسىدىكى مەستخۇشلۇقتا ئۆزىنى ئۇنتۇپ بىھوشلىنىش، مەست بولۇشنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار ئاللاغا بولغان چەكسىز ئىشق بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ سەرخۇش بولۇپ، «ۋەجد» ئىچىدە ھەقنى بىلمەكچى بولىدۇ. «ۋەجد» ئىچىدە ئىچكى بىر ھاياجانلىنىش، ئۆزلۈكنى ئۇنتۇش ئارقىلىق «زەۋق» تاپىدۇ. «زەۋق» — سۆز مەنىسى جەھەتتىن «خۇرسەنلىك، شادلىق؛ لەززەت، مەززە، كەيپ» مەنىلىرىنى بېرىدۇ. تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىدا، ئىشق شارابىدىن مەست بولۇپ، سەرخۇشلۇق ئىچىدە لەززەتلىنىش يەنى ھەقنى كۆرۈپ مەستلىكتە چۆكۈش، بىھوشلىنىش، ھاياجاندىن ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوقىتىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەسەۋۋۇپتىكى ھېسسىي — بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق بىلىش ئەمەلىيەتتە شەخسنىڭ ئىچكى روھىي ھالەتلىرى ئارقىلىق ئاندىن ھاسىل بولىدۇ.

شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا، بىلىش ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىش بولۇپ، ھەر قانداق ئىلىم ئۆزىنى بىلىشتىن باشلىنىدۇ. ئۆزىنى بىلگەندە ئاندىن ھەقىقەتنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇلار بۇ پىكرىنى «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلەر» دېگەن ھەدىس بىلەن دەلىللەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى بىلدى ئېرسە ھەقنى بىلدى،
خۇدادىن قورقتىيۇ ئىنسابقا كەلدى. ①

دەيدۇ ئەھمەد يەسەۋى.

ئۆزىنى بىلىش ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى پاكلاشتىن باشلىنىدۇ. قەلبنى پاكلاش قەلبدىن ماسىۋاللاھنى چىقىرىپ تاشلاش دېمەك. مەشۇقنى (ھەقنى) ئۆز قەلبىگە باشلىماقچى بولغان ئاشىق ئالدى بىلەن قەلبىنى تازىلىشى شەرت. نەۋائىي شۇنداق يازىدۇ:

دېسەڭ نەۋائىي، جان ئارا مەھبۇب بولغاي جىلۋىگەر،
ئەۋۋەل كۆڭۈل كۆزگۈسىدىن مەھۋ ئەيلە نەقشى ماسىۋا. ②

ھەقتىن ئۆزگىگە كۆڭۈل قويغان كىشىنىڭ بۇ ھەقىقەتنى بىلىپ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىزدىگەن ھەقىقەت — «ۋۇجۇدى مۇتلەق». ئۇنى پەقەت قەلب كۆزگۈسىدە ئىشق كۆزى بىلەن كۆرۈش مۇمكىن، بىلىش مۇمكىن. قەلب پاكلانمىسا ئۇنداق قەلبدە ئىشق بولمايدۇ. ھەقنى بولسا تېخىمۇ بىلەلمەيدۇ. نەۋائىي يەنە شۇنداق دەيدۇ:

كىمكى خەيالىغا كېلۇر ماسىۋا،
لافى مۇھەببەت ئاڭا ئېرمەس راۋا.
ئەيكى بۇ گەۋھەرگە تىلەرسەن مەكان،
بىلكى ئانىڭ كانى ئېرۇر لامەكان. ③

لېكىن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئۆزىنى پاكلاپ، ئۆزلۈكتىن

① كەمال ئەراسلان تەييارلىغان «دىۋانى ھېكمەت سىچمەلەر»، 274 ـ بەت.
② «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق)، II توم، تاشكەنت، 1959 ـ يىل، 73 ـ بەت.
③ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، II توم، 151 ـ بەت.

كېچىپ ھەقىقەتسىرى قەدەم قويۇش ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس. «ۋەجد»، «زەۋق» تىنىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، بۇ بىلىش ئىچكى روھىي ھالەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا، پەقەت ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوق قىلغاندىلا ئاندىن ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىن. ئۆزلۈكتىن كېچىشتىن مەقسەت ئۆزىنىڭ ئەسلى بارلىقى بولغان يەككە بارلىقنى بىلىش يەنى ئۇنىڭغا قايتىشتىن ئىبارەت.

بۇ بىر قاتار پىسخىك ـ فىزىئولوگىيىلىك (روھىي ـ جىسمانىي) باسقۇچلار ئارقىلىق بولىدۇ. بۇنى ئاتاقلىق تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتچىسى، شەرقشۇناس يې. ئې. بېرتېلس خېلى ئەتراپلىق يورۇتقان.①

تەسەۋۋۇپتىكى ھەقنى بىلىش يولى ياكى باسقۇچلىرى چوڭ جەھەتتىن تۆت باسقۇچ بويىچە بولىدۇ: (1) شەرىئەت؛ (2) تەرىقەت؛ (3) مەرىفەت؛ (4) ھەقىقەت.

**شەرىئەت** — بارلىق مۇسۇلمانلار ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان قانۇن. سوپىلار ئۇچۇنمۇ شۇنداق. ئالدى بىلەن «قۇرئان»، ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەنلەرنى تولۇق ئورۇنداش كېرەك. بۇ تەييارلىق باسقۇچى. شەرىئەتنى تولۇق ئورۇندىماستىن تەرىقەتكە ئۆتۈشكە بولمايدۇ، دەپ قارالغان. ئەھمەد يەسەۋى بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

ئۆتتى ئۆمرۈم شەرىئەتكە يېتەلمەدىم،
شەرىئەتسىز تەرىقەتكە ئۆتەلمەدىم.
ھەقىقەتسىز مەرىفەتكە باقالمادىم،
قاتىغ يولدۇر، پىرسىز نىچۇك ئۆتەر دوستلار.②

---

① بۇ ھەقتە يې. ئې. بېرتېلس: «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات»، موسكۋا، 1965 ـ يىل، 36 — 39 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

② ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت»، «بۇلاق» ئومۇمىي 16 ـ سان، 166 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

تەرىقەت — يول دېمەكتۇر. تەييارلىقمىنى تولۇق ھازىرلىغان سوپى بۇ يولغا قەدەم بېسىشى مۇمكىن. ۋ. ئا. ژۇكوۋىسكىي (В. А. Жуковский) «شەرىئەت — ‹قانۇن›، تەرىقەت — ‹يول›. ‹قانۇن› ۋۇجۇد ۋە قەلبنى تەربىيىلەيدۇ. ‹يول› كۆڭۈلنى پاكلاپ، روھنى نۇرلاندۇرىدۇ.»① دەيدۇ. ئەھمەد يەسەۋى بولسا شەرىئەتنى ئىماننىڭ پوستى، تەرىقەتنى مېغىزى دەپ ئاتايدۇ:

پوستى ئىمان شەرىئەتتۇر مەغزى تەرىق،
تەرق كىرگەن ھەقتىن ئۇلۇش ئالدى دوستلار.②

ئۇلارنىڭ قارىشىدا، تەرىقەتنى — يولنى يول باشچىسىز مېڭىپ بولمايدۇ. بۇ يول باشلىغۇچى تەسەۋۋۇپتا «مۇرشىد» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەقنى ئىزدىگۈچى تالىپ «مۇرىد» دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، بۇ يولدا جەزمەن بىر مەنزىلگە يېتەكچى — مۇرشىد بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭسىز مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدۇ. يەسەۋى بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

تەرىقەتكە شەرىئەتسىز كىرگەنلەرنى،
شەيتان كېلىپ ئىمانىنى ئالۇر ئەرمىش.
ئۇشبۇ يولنى پىرسىز دەۋا قىلغانلارنى،
سەرسان بولۇپ ئارا يولدا قالۇر ئەرمىش.③

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى پىرىنى

① ژۇكوۋسكىي: «پارس مىستىكلىرىنىڭ قارىشىدىكى ئىنسان ۋە بىلىش»، سانكىت پېتربۇرگ، 1895 ـ يىل، 18 ـ بەت.
② «دىۋانى ھېكمەت سىچمىلەر»، 80 ـ بەت.
③ ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت»، «بۇلاق»، 16 ـ سان، 183 ـ بەت.

مۇھەممەد پەيغەمبەر دەپ ئاتايدۇ. كېيىنكى تەرىقەتلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى سىلسىلەسىنى (مەنىۋى زەنجىرىنى، نەسەبىنى) ئەبۇبەكر ياكى ئەلى ئارقىلىق پەيغەمبەرگە باغلايدۇ. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ نەزەرىدە ئەسلى پىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىدۇر:

پىرى مۇغان ھەق مۇستافا بىشەك بىلىڭ،
قايدا بارساڭ ۋەسفىن ئەيتىپ تازىم قىلىڭ.①

ھەقكە ئىنتىلگەن چىن ئاشىققا ئىشق شارابىنى پىرى مۇغان ئۆزى بېرىدۇ، دەيدۇ مەشرەپ:

ۋەھدەت مەيىنى پىرى مۇغان ئىلكىدە ئىچتىم،
مەنسۇر كەبى دارغا باشىمنى ئاسا قالدىم.②

**مەرىفەت** — ھەقنى بىلىش، تونۇش دېمەك. بۇ ھەقتە ئىلگىرىمۇ خېلى تەپسىلىي توختالغانمىز. تەرىقەتنى تولۇق بېسىپ ئۆتكەن ئاشىق ھەقىقەتكە يېتەلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئاز بولمىغان مۇرەككەپ روھىي باسقۇچلار — مەقاملاردىن كېيىن ئاندىن بىلىشكە بولىدىغان ھەقىقەت. ئۇلار بۇ مەقاملارنى يەتتىگە بۆلىدۇ:

بىرىنچى مەقام (باسقۇچ) — «تەۋبە». ئەلىشىر نەۋائىي «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا «تەۋبە» ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «تەۋبە — يامان ئىشلارنىڭ قەبىھلىكىگە چۈشىنىپ يېتىشتۇر... تەۋبە — يامانلىق يولىنىڭ تۈگەنچىسىدۇر، ھىدايەت يولىغا مېڭىشنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئەنانىيەت (بوشاڭلىق، سۇسلۇق) غەپلەتتىن سەسكەنمەكتۇر، بەشەرىيەت (ئىنسانلىق) ئۇيقۇسىدىن

① كەمال ئەراسلان: «دىۋانى ھېكمەت سەچمىلەر»، 64 ـ بەت.
② «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»، 53 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئويغانماقتۇر. ئۆزىنى، نامۇناسىپ ھالىنى بىلىپ يېتىشتۇر، يارىماس مەخپىيەتلىرىنى ئاشكارىلاشتۇر... نەپسىنىڭ كەينىگە مېڭىش ۋە كۆڭلىگە كەلگەننى ئىشلەشتىن ئۆزگىرىش ياساش، روھىي بىسەرەمجانلىقتىن نەپرەتلىنىشتۇر. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشنى تاشلاشتۇر. ھەق تەرەپتىن نىجات ۋاقتىنىڭ يەتكەنلىكىدۇر.»[1]

دېمەك، ئۆزىنى پاكلاپ ھەقىقەتكە قاراپ مېڭىشنىڭ تۇنجى قەدىمى «تەۋبە» بولۇپ، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ھەقكە قاراپ يول تۇتۇشقا كىرىشىش دېمەكتۇر.

ئىككىنچى مەقام — «ۋەرە» بولۇپ، مەنىسى تەقۋا، تەقۋادارلىق، پەرھىزكارلىق قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىستىلاھ مەنىسى ھارامدىن، گۇناھتىن ئۆزىنى تارتىش، يىراق تۇرۇش دېمەكتۇر. غەززالى «ۋەرە» نۇقتىسىدىن ئىنسانلارنى تۆتكە بۆلىدۇ:

(1) ئادىل كىشىلەرنىڭ ۋەرەئى. بۇ ھارام ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتقانلارنىڭ ۋەرەئى.

(2) سالىھلارنىڭ ۋەرەئى. ھالاللىقى ھەققىدە پەتىۋا چىقىرىلغان بولسىمۇ، بىرئاز شۈبھىلىك بولغان يەنى ھاراملىق ئېھتىمالىمۇ بولۇپ قالغان نەرسىلەردىن، ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقانلارنىڭ ۋەرەئى.

(3) مۇتتەقىلەرنىڭ ۋەرەئى. ھالال ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، باشقا بىر ھارامنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول ئاچىدىغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتقانلارنىڭ ۋەرەئى.

(4) سىددىقلارنىڭ ۋەرەئى. نەپستىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈن ۋاقتى بىلەن ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغانلارنىڭ ۋەرەئى.[2]

ئۈچىنچى مەقام — «زۇھد» بولۇپ، لۇغەت مەنىسى، تەرك ئەتمەك، ئۆزىنى تارتماق... قاتارلىق مەنىلەردە كېلىدۇ.

---

① ئەلىشىر نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، قەشقەر، 1990 ـ يىل، 88 ـ، 89 ـ بەتلەر.
② «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (تەييارلىغۇچى: ئىسمائىل ئۆزجان) ئىستانبۇل، 1991 ـ يىل، 350 ـ بەت.

جۇنەيد باغدادى زۇھد ھەققىدە «زۇھد قولنى مۈلۈكتىن خالىي تۇتۇش، دىلنى ھەقتىن ئۆزگە نەرسىدىن پاك ساقلاش دېمەكتۇر.»[1] دەيدۇ. غەززالى بولسا «زۇھد دۇنيادىن ئىختىيارىي رەۋىشتە ۋاز كېچىش ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن قايغۇرماسلىقتۇر»[2] دەپ تەبىر بېرىدۇ. نەۋائىيمۇ «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تا زۇھد ھەققىدە خېلى كەڭ مەلۇمات بېرىدۇ: «زۇھد دېمەك — نەپسنى ئۆلتۈرۈش، دۇنيا ئارزۇلىرىدىن كېچىش، مال - مەنسەپ خىيالىدىن كۆڭۈل ئۈزۈشتۇر. ئار - نومۇسنىڭ بۇتلىرىنى پاچاقلاش ئۇچۇن، ئۆزىنى تۈزەپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن رىيازەت يولىنى تۇتۇشتۇر.»[3]

تۆتىنچى مەقام — «فەقر» بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «كەمبەغەللىك، يوقسۇللۇق» مەنىلىرىنى بېرىدۇ. تەسەۋۋۇپتا كۆپىنچە «فەقرۇ فەنا» (كەمبەغەللىك ۋە يوقلۇق) شەكلىدە قوللىنىلىپ، ئۆزلۈكتىن پۈتۈنلەي كەچكەن ھالەتنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. «فەقر» — تەسەۋۋۇپتا ئومۇمەن ھېچنەرسىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يېتىش، ماسىۋاغا (دۇنيا مۈلۈكلىرىگە) كۆڭۈلدىن ئورۇن بەرمەسلىك، ھەممىنى ھەقنىڭ رازىلىقىغا بېغىشلىماق مەنىلىرىدە قوللىنىلغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «الفقر فخرى» (ئەل فەقرۇ فەخرى — فەقر مېنىڭ ئىپتىخارىمدۇر، يوقسۇزلۇق مېنىڭ ئىپتىخارىمدۇر) دېگەن سۆزىنى ئۆزلىرىگە ئۆرنەك قىلغان. نەۋائىي كۆڭۈلدىن فەقر ئارزۇسىنى بىر دەقىقىمۇ يىراق قىلمىغان كىشىنى ھەق ئۈمىدسىز قويمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ:

كىمكى كۆڭلىدىن ئانى فەقرى ئارزۇسى كەتمىگەي،

---

[1] [2] نەجمىددىن كامىلوف: «تەسەۋۋۇپ»، 1 - كىتاب، تاشكەنت، 1996 - يىل، 26 - بەت.

[3] نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 92 -، 93 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ دۇرۇر ئۇمىدكىم ھەق ئانى نائۇمىد ئەتمىگەي.[1]

بەشىنچى مەقام — «سەبر» (سەۋر) بولۇپ، مەنىسى بالا ـ قازالارغا نالاپ، شىكايەت قىلماسلىق، سەۋر قىلىش دېمەكتۇر.

«سەبر — نەپسىنىڭ خاھىشلىرىدىن ۋە جىسمانىي لەززەتلىنىشلەردىن ئۆزىنى يىغىشتۇر. . . . ھەق يولىدا قاتتىق ـ يىرىككە ئۆزىنى كۆندۈرۈشتۇر. . . سەبر قاتتىق، ئەمما نەتىجىسى پايدىلىق ...»[2] دەيدۇ نەۋائىي.

دېمەك، ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھەق يولىغا كىرگەن كىشى نېمە كۆلپەتلەر كۆرمىسۇن، زارلىماسلىقى، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشى يەنى سەۋر قىلىشى كېرەك. ئەنە شۇندا، ھەق ۋىسالىغا يېتەلەيدۇ.

ئالتىنچى مەقام — «تەۋەككۇل» بولۇپ، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنى ئاللاغا تاپشۇرۇش دېمەكتۇر. «تەۋەككۇل دېمەك، يول ۋاسىتىلىرىنى كېرەك قىلماستىن، توغرا يولدا مېڭىۋېرىش، سەۋەب ۋە ئۆزرىنى قويۇپ، ھەممىنى ئاللادىن كۆرۈش. . . . تەۋەككۇل ئەھلى مەقسەت ۋادىسىغا قەدەم قويىدىكەن، يولىنىڭ ئۇزۇقىنى ئاللانىڭ ئېھسانى ۋە ئىنئامى دەپ بىلىدۇ.»[3]

يەتتىنچى مەقام — «رىزا» بولۇپ، مەنىسى «رازىلىق، مەمنۇنىيەت» دېمەكتۇر. رىزا تەۋەككۇل ۋە سەبرنى تاماملىغاندىن كېيىنكى مەنىۋى يۈكسىلىشتۇر. يەنى، خۇدانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش دېگەنلىك. ئەلىشىر نەۋائىي رىزا ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «رىزا دېمەك، ئۆز دىلىنىڭ مەيل ـ

① نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 118ـ بەت.
② نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب» 103 ـ، 104 ـ بەتلەر.
③ نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب» 96 ـبەت.

خاھىشىدىن كېچىشتۇر، كۆڭلى خالىمىغان ئىشنى خۇدانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشتۇر. ئۆز كۆڭلى تىلىمىگەن ئىشنىڭ بېجىرىلىشىنى ئۆزىگە پەرز دەپ بىلىشتۇر ۋە مەھبۇبنىڭ ھەقىقىي رىزاسى بىلەن تىرىلىشتۇر. بۇ مەقام سالىكنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەقاماتى ۋە يۇقىرى دەرەجاتىدۇر.»①

بۇ جەريانلار قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىش ئارقىلىق مەنىۋى كامىللىققا يېتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بېرتېلىسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتساق، تەسەۋۋۇپتىكى «پسىخولوگىيىلىك نەزەرىيە»② بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مانا شۇ روھىي يۈكسىلىش جەريانلىرى ئەمەلىيەتتە ھەقنى بىلىش، تونۇش ئۈچۈن بولغاچقا، ئادەتتە «مەرىفەت» باسقۇچى ئايرىم تىلغا ئېلىنىپ كەتمەي، پەقەت ئۈچ باسقۇچلا كۆرسىتىلىدۇ.

**ھەقىقەت** — ئۆزلۈكتىن پۈتۈنلەي كېچىپ، ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق ئېتىش دېمەك. ئۇلارنىڭ بىلىشكە ئىنتىلگەن ھەقىقىتى مانا شۇ. يەنى ھەقىقىي بارلىقنىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشىنىش، شۇنىڭ بىلەن ئەسلى ۋۇجۇدقا قايتىشقا ئىنتىلىش — بۇ ھەقنى بىلىشنىڭ ئومۇمىي جەريانى. يەسەۋى بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

شەرىئەتنى شەرايىتىن بىلگەن ئاشىق،
تەرىقەتنىڭ مەناسىنى بىلۇر دوستلار.
تەرىقەتنى ئىشلەرنى ئەدا قىلىپ،
ھەقىقەتنى دەرياسىغا باتار دوستلار.③

---

① نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 118 ـ بەت.
② يې. ئې. بېرتېلىس، 36 ـ بەت.
③ كەمال ئەراسلان: «دىۋانى ھېكمەت سەچمەلەر»، 31 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygharkitap.com

بۇ باسقۇچلار ئاساسەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى رېئال ھاياتقا تەتبىقلاپ، ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئەمەل قىلىدىغان تەرىقەتلەرنىڭ پائالىيەت جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرىنىڭ پىكرىچە، قەلب ئىشق ئارقىلىق بىلگەن ھەقىقەتنى ئېغىز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. يەنى ھېس قىلغاننى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. جالالىددىن رۇمىدىن «ئىشق نېمىدۇر؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ «ماڭا ئوخشاش بولساڭ بىلىسەن»[1] دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، ئۇنى تونۇش، بىلىش جەريانىنى يەنى ئاشىقنىڭ مەشۇقنى بىلىشنى پەقەت سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن، لېكىن بىۋاستە چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سىمۋوللىرىدىن مەي، ئىشق، پەرۋانە، شام، گۈل، بۇلبۇل. . . دېگەنگە ئوخشاش سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئوبرازلار مەيدانغا كەلگەن. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى شائىرلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى ئىشق يولىغا ئاتاپ مەي تەلەپ قىلىپ يازغان لىرىك شېئىرلىرىدىكى مەي (بادە)، ساقىي، يار، جانان دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەجازى مەنىدىكى سىمۋوللار ئىدى.

ساقىي — ھەق تەرەپكە قەدەم قويغان ئاشىقنىڭ ئىلاھىي ئىشق ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدىغان يولباشچى — مۇرشىدنىڭ سىمۋولى، مەي بولسا ئىلاھىي ئىشقنىڭ سىمۋولى، مەيخانە — ھەق دەرگاھىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

جالالىددىن رۇمى رۇبائىلىرىدىن بىرىدە: «باغ، بوستان، گۈل، بۇلبۇل، ساما، مەشۇق ھەممىسى بىر باھانىدۇر. مەقسەت

---

[1] سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 110 ـ بەت.

قىلىنغان ئۇ (ھەق) دۇر»[1] دەپ يازىدۇ.
ئەلىشىر نەۋائىيمۇ ئۆزىنىڭ «خەزايىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق تۆت دىۋان (چاھار دىۋان) دىن تۈزۈلگەن ئەسىرىدىكى تۈنجى غەزىلىدىلا ئېنىق قىلىپ:

سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇت ئېرۇر،
بىلمەيىن نەفىي ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن، زاھىدا.[2]
(زاھىت، سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جام، مەي بار،
ئۇقماستىن مەيخانە ئەھلىنى رەت قىلىپ (ئەيىبلەپ) يۈرمە)

دەپ يازغانىدى.
شۇڭا تەسەۋۋۇپتىكى بۇ پەلسەپىۋى تەلىماتلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن سىمۋوللار مۇتەپەككۇر شائىرلارنى شۇنچىلىك مەھلىيا قىلغان ئىدىكى، ئۇلارنىڭ لىرىكىلىرىنى تەسەۋۋۇپتىن بىخەۋەر كىشى دەسلەپ كۆرسە يار ۋەسلىگە يېتەلمەي شاراب ئىچىپ مەست بولۇشنىلا مەزمۇن قىلغان ئەسەرلەر دەپ چۈشىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇ سىمۋوللارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىچە مەنىلەرگە ئىگە ئىدى.
تەسەۋۋۇپتىكى بىلىش باسقۇچلىرى ئىبىن ئەرەبىنىڭ بۇ پىكىرلىرىگە ناھايىتىمۇ يېقىن بولۇپ، بىلىش باسقۇچلىرىمۇ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنگەن: (1) ئىلمەل يەقىن؛ (2) ئەينەل يەقىن؛ (3) ھەقىقەل يەقىن.
«يەقىن» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئىشەنچ، بىرەر نەرسىگە قەتئىي ئىشىنىش» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ.

## 2. بىلىشنىڭ باسقۇچلىرى

يۇقىرىدا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ

---

① جالالىددىن چەلەبى: «ھەزرىتى مەۋلانەدە ئىلىم»، كونيا، 1993 ـ يىل، 44 ـ بەت.
② ئەلىشىر نەۋائىي: «خەزايىنۇل مەئانى»، تاشكەنت، 1959 ـ يىل، 21 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئاساسى بىلىش شەكلى، بىلىش ۋاستىسى ۋە جەريانلار ھەققىدە توختالدۇق. تۆۋەندە بىلىشنىڭ باسقۇچلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز. ئىبىن ئەرەبى ئىنسان بىلىملىرىنى، ئۈچكە بۆلگەن بولۇپ، بىرىنچىسى، ئەقلىي - ھېسسىي بىلىملەر، ئىككىنچىسى، ھال ئىلمى (ھالەت، مەھال ئىلمىمۇ دېگەن)، ئۈچىنچىسى، سىررۇ ئەسرار ئىلمى. بىرىنچى ئىلىم زاھىرىي پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىلمى بولسا، ئىككىنچى ئىلىم ھال مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن سوپىلارنىڭ ئىلمى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ۋەجد ھالىتىدە كەشىپ ئېتىلگەن ئىلىم. ئۈچىنچى ئىلىم — ئەۋلىيالار ئىلمى. بۇ ئىلىم مۇقەددەس روھلار ئارقىلىق كېلىپ، نۇر سۈپىتىدە قەلبكە كىرىدۇ. ①

بىلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى «ئىلمەل يەقىن» يەنى «ئىشەنچلىك بىلىملەر» (يەنى «بىلىم ئارقىلىق ئىشىنىش») بولۇپ، بۇ بىرەر نەرسە ھەققىدە كىتابلاردىن ئوقۇپ بىلگەنلەر ئاساسىدىكى بىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، دەريانى كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشى جۇغراپىيىگە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇپ دەريا ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ئىلمەل يەقىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ماڭا نەچچە قېتىم ئىسپات قىلغان، گەرچە تەجرىبەمدە سىناپ كۆرمىگەن بولساممۇ، ئەمما ياخشى بىلىمەن، ئوغا زەھەرلەيدۇ، ئوت كۆيدۈرىدۇ.» بۇ ئۆگىنىش، ئوقۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان بىلىش ئىدى.

ئىككىنچى باسقۇچ — «ئەينەل يەقىن» يەنى «تولۇق ئىشەنچ». بۇ بىر شەيئىنى كۆرۈپ، مۇشاھىدە قىلىپ ھاسىل

---

① نەجمىددىن كاملوف: «تەسەۋۋۇپ»، 1 ـ كىتاب، تاشكەنت، 1996 ـ يىل، 38 ـ بەت.

قىلىنغان بىلىم. دەريانى كۆرمىگەن كىشىنىڭ جۇغراپىيە كىتابلىرىدىن ھاسىل قىلغان بىلىملىرىگە ئاساسلىنىپ دەريا ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ئەمەس، بەلكى دەريا بويىغا بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن دەريانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى يۇقىرىدىكى ئىزاھ بويىچە «مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئوغا زەھەرلەيدۇ، ئوت كۆيدۈرىدۇ». بۇ ئەمەلىيەتتە تەجرىبىگە تايانغان بىلىش ئىدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ — «ھەققەل يەقىن» — «ھەقىقىي ئىشەنچ». دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۈزۈپ كۆرۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىلىش ياكى «مەن ئۆزۈم ئوتتا كۆيۈپ، ئوغا ئىچىپ كۆردۈم، ئوغا زەھەرلەيدۇ، ئوت كۆيدۈرىدۇ»[1] دېگەن بىلىشتۇر.

بىلىشنىڭ بۇ ئۈچ باسقۇچىنى بەزى سوپىلار «شەرىئەت، تەرىقەت، ھەقىقەت» تىن ئىبارەت مەنىۋى يۈكسىلىش جەريانلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ قارىغان. خوجا ئەھمەد يەسەۋى ئېيتىدۇ:

قۇل خاجە ئەھمەد ھەقنى دائىم ئىزلەپ ئۆتتى،
ئىلمۇلىيەقىن شەرىئەتتىن سۆزلەپ ئۆتتى،
ئەينۇلىيەقىن تەرىقەتتە بوزلاپ ئۆتتى،
ھەققۇلىيەقىن ھەقىقەتتە ئەيدىم مانا.[2]

دېمەك، بىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى بولغان «ھەققەل يەقىن» ھەقىقەتنى بىلگەن باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا بىلگۈچى بىلەن بىلىنگۈچى بىر بولۇپ كېتىدۇ. مۇھىيىددىن ئىبنى ئەرەبى:

---

① يى. ئې. بېرتېلىس، 38 ـ، 39 ـ بەتلەر؛ رادى فىش، (ئۇيغۇرچە) 217 ـ بەت.
② ئەھمەد يەسەۋى: «ھېكمەت كۇللىياتىدىن»، «شەرق يۇلتۇزى»، 1992 ـ يىل، 1 ـ سان، 15 ـ بەت.

«بىلىش (چۈشىنىش) — بىلگۈچى بىلەن بىلىنگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى پەردىدۇر»① دەيدۇ. يۈنۈس ئەمرامۇ،

Aynel — yakin gorupdur Yunus mecnun oluupdur
Bir ile bir olupdur hakkal — yakin icinde

ئەينەل يەقىن كۆرۈپ يۈنۈس سارالڭ (مەجنۇن) بولدى،
ھەققەل يەقىن ئىچىدە بىر بىلەن قوشۇلۇپ بىر بولۇپ كەتتى.②

دەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ باسقۇچلارنىڭ يۇقىرىسى بولغان ئۈچىنچى باسقۇچ پۈتۈنلەي ھەق ئىلكىدە يوق بولۇپ كەتكەن باسقۇچ بولۇپ، بىلگەن ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى دەپ بېرەلمەيدۇ.

نۇكتەئى تەۋھىدنى بىلگەن قىلالمىدى بايان،
كىم بايان قىلدىم دېسە بىلگىلكى قىلمايدۇر بىلىپ.③

دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش جەريانى، بىلىش ئۇسۇلى، باسقۇچلىرى پۈتۈنلەي ئىچكى بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق بىلىش بولۇپ، ئىچكى روھىي ھالەتنىكى تەرەققىيات ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار گەرچە ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىن دەپ قارىسىمۇ، بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بىلىشنىڭ ئاخىرقى پەللىسىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى — بىرلىككە ئېرىشىشكە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئۆزلۈكىنى

---

① ھەمزە پەنسۇرى: «ئەسرار ئەل ئارىفىن» — «سوپىزمنىڭ پەلسەپۋى قاراشلىرى» ناملىق كىتابقا ئىلاۋە قىلىنغان رۇسچە تەرجىمە، شۇ كىتاب، 149 ـ بەت. (تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن بەت نومۇرى مۇشۇ كىتابنىڭ بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.)
② فەرۇق.ك. تېمۇرتاش: «يۈنۈس ئەمرا دىۋانى»، 107 ـ بەت.
③ نەۋائىي: «خەزايىنۇل مەئانى»، 75 ـ بەت.

ئۇنتۇشنى، تامامەن يوق بولۇپ كېتىش (فەنا) نى ئالدىنقى شەرت قىلغان.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇتەسەۋۋۇپلار «مۇتلەق ھەقىقەت» نى بىلىش مۇمكىن دەپ قاراپ ئۇنى بىلىشكە ئىنتىلسىمۇ، بۇ بىلىش ئارقىلىق، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھەقنىڭ «ئەسما ۋە سىفات» ى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ئارقىلىق ئەسلى ۋۇجۇدقا — بىرلىككە قايتىش مۇمكىن دەپ ھېسابلايدۇ، لېكىن ھەقنىڭ زاتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، يەنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنى تەن ئالىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ زېمىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھىيەت قارىشىنى چەتكە قاقمىغان. ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرىنى جاھالىدىن رۇمىدىمۇ ۋە باشقا مۇتەپەككۇرلاردىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلگىلى بولمايدۇ دېگەن قارىشى ھەققىدە، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتچىسى م. ت. ستېپانيانس خانىم ئىبنى ئەرەبىنى تەتقىق قىلىپ يازغان «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى» ناملىق كىتابچىسىدا، «سوپىلارنىڭ مۇتلەقلىكىنى (Absolute يەنى ھەقنى) بىلگىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەپەككۇرى بىلىش يولىنى توسۇمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇ بىلىش جەريانىنىڭ چەكسىزلىكىنى، ھەقىقەت ئىزدەشنىڭ ھەر ۋاقىت زۆرۈرلۈكىنى تەستىقلايدۇ (مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ)» [1] دەپ يازىدۇ.

## 3 § . ئەخلاقىي تەلىماتلار

### 1. ئەخلاق قاراشلىرى

تەسەۋۋۇپ مەيدانغا كېلىشىدىنلا بىر تۈرلۈك دىنىي ئەخلاق سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەندى. شۇندىن تارتىپ ئۇ تەرەققىي

[1] م.ت. ستېپانيانس: «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى»، 43 ـ بەت.

قىلىپ بىر پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانغا قەدەر بولسۇن ۋە بىر دىنىي پەلسەپە سۈپىتىدە راۋاجلىنىش جەريانىدا بولسۇن، يەنىلا ئەخلاقىي تەشەببۇسنى ۋە ئەمەلىيەتنى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغانىدى. شۇڭا ئىبنى ئەرەبى تەسەۋۋۇپنىڭ باتىنەن (ئىچكى جەھەتتىن) ھەم زاھىرەن (تاشقى كۆرۈنۈش) ھەم ئىلاھىي ئەخلاق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەردىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا تەسەۋۋۇپ بىر تۈرلۈك ئەخلاق سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. سەرىيى سەكاتىي تەسەۋۋۇپ «گۈزەل ئەخلاقتۇر»[1] دېسە، پەرىدىددىن ئەتتار «تەسەۋۋۇپ بىر تۈرلۈك ئەدەپتىن ئىبارەتتۇر»[2] دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى ئەخلاق ئاساسەن روھىي جەھەتتىن پاكلىنىپ مەنىۋى كامالەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بولۇپ، بۇ ئەخلاقنىڭ تۈپ غايىسى ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى بەشەرىي سۈپەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئىلاھىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىنىڭلار»[3] دېگەن ھەدىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي غايىسى قىلغان بولۇپ، كامىل ئىنسان بولۇشنى ئەخلاقىي تاكامۇللۇقنىڭ ئۆلچىمى دەپ بىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدىن بىرىدە «مەن گۈزەل ئەخلاقنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم»[4] دېيىلگەن بولۇپ، بۇ تەسەۋۋۇپتىكى ئەخلاقىي تەشەببۇسلارنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى مەنبەسى ئىدى. يەنە بىر ھەدىستە «ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلۈڭلار» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ نەپسنى يېڭىش يەنى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قارىتىلغانىدى. شۇڭا تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتىدا ئەڭ

---

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 30 ـ توم، 471 ـ بەت.
② ئا. مۇھەممەدخوجايېۋ: «پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ دۇنيا قارىشى»، دۈشەنبە، 1974 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، 90 ـ بەت.
③ جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 19 ـ بەت.
④ سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، 28 ـ بەت.

ئالدىنقى ۋە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان تەشەببۇس نەپسىنى ئۆلتۈرۈش، نەپس بىلەن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەردىنمۇ بۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. «تەسەۋۋۇپ نېمە؟» دېگەن سوئالغا شەيخ نۇرى «تەسەۋۋۇپ — نەپس لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىشتۇر»① دەپ جاۋاب بەرگەن. شەيخ سەفىي ئالىمشاھ بولسا، «تەسەۋۋۇپ — خۇدا يولىدا نەپسىنى كەچمەكتۇر»② دەيدۇ. ئاتاقلىق سوپى شائىر باباتاھىر (؟ — 1019) «تەسەۋۋۇپ — ئۆلۈمى يوق ھايات ۋە ھاياتى بولمىغان ئۆلۈمدۇر، يەنى نەپسانىي - ھايۋانىي ھاياتتا ئۆلمەك ۋە ئىنسانىي ھاياتتا ياشىماق»③ دەپ تەبىر بېرىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەسەۋۋۇپتىكى ئەخلاقنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش، نەپسنىڭ خاھىشى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى يېڭىشتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆز نەپسىنىڭ خاھىشلىرىدىن كېچىش، ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇش تولىمۇ قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياۋ بىلەن كۈرەش قىلىش، ئۇنى يېڭىش چوڭ جەڭ ئەمەس، بەلكى ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش، نەپسىنى يېڭىش ھەقىقىي مەنىدىكى چوڭ جەڭ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنلەر بىلەن بولغان بىر چوڭ جەڭدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ شۇنداق دېگەنىكەن: «ئەمدى كىچىك جىھادتىن (جەڭدىن) چوڭ جىھادقا ئۆتىمىز». بۇنىڭغا ھەيران بولغان ساھابىلەر سوراپتۇ: «يا رەسۇلۇللا، بىز شۇنداق چوڭ بىر جەڭ قىلدۇق، شۇنىڭدىن قايتىپ كېلىۋاتىمىز. ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جىھاد قانداق بولىدۇ؟» پەيغەمبەر ئۇلارغا: «ئاساسىي چوڭ جىھاد ئىنساننىڭ

①②③ نەجمىددىن كامىلوف: «تەسەۋۋۇپ»، 1 - كىتاب، 133 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆز نەپسى بىلەن قىلغان جىھادىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.①

ئۆز نەپسىنى يېڭىش، نەپس بىلەن كۆرەش قىلىشنىڭ ھەقىقىي جەڭ ئىكەنلىكى، ناھايىتىمۇ ئېغىر ھەم قاتتىق كۆرەش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئالاھىدە قەيت قىلغان:

3589. بۇ دۇنيا يېغىدۇر ۋۇجۇد بىر يېغى،
بۇ ئىككى يېغىنىڭ يېيىغلىق ئاغى.

3591. بۇلار ئىچرە قاتتىق، يامانراق يېغى —
ۋۇجۇد — نەپس، چىقارۇر پىتنە ھەر چېغى.

بۇ قاراشنى تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى XVIII ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇللا خاراباتىمۇ يۇقىرىدىكى ھەدىسنى شېئىرىي يول بىلەن چۈشەندۈرۈپ بايان قىلىدۇ:

ئەيدىلەر ئۈممەتكە تاجىلئەنبىيا،
جەڭى ئەسغەر، جەڭى ئەكبەر دېدىيا.
جەڭى ئەسغەر جەڭى كافىرلار بىلە،
جەڭى ئەكبەر جەڭى ئۆز نەفسى بىلە②.
ئەر ئېمەس كافىر بىلەن جەڭ ئەيلەگەن،
ئەربۇدۇر نەفسى بىلەن جەڭ ئەيلەگەن.

نەپس — روھىي پاكلىنىش، مەنىۋى يۈكسىلىشتىكى ئەشەددىي دۈشمەن. قەلبنى پاكلىماي تۇرۇپ ھەق يولىغا قەدەم

① ئىسمائىل ئۆزجان: «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 252 ـ بەت.
② ئابدۇللا خاراباتى: «مەسنەۋى خاراباتى»، قەشقەر، 1986 ـ يىل، 101 ـ، 102 ـ بەتلەر.

قويغىلى بولمايدۇ. قەلب ئۆيى تازىلانغاندىلا ئۇنىڭدا ھەق جىلۋىسى تەجەللى قىلىشى مۇمكىن. جالالىددىن رۇمىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «كىشى ئىچىنى قانچە پاكىز تۇتسا، شۇنچە ئالدىنقى سەپكە ئۆتىدۇ.»[1] قەلبنى پاكلاش نەپسنى يېڭىش، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش دېمەكتۇر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، نەپس ئىنساننى ھەقتىن يىراقلاشتۇرىدىغان دۈشمەن. شۇڭا ئۇنى يوقىتىش، ئۇنىڭ خاھىشىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىش، يەنى ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. «ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلمەك» نىڭ مەنىسى شۇ.

ئۇلار نەپس ھەققىدە چوڭقۇر مۇشاھىدە ئېلىپ بېرىشقان بولۇپ، نەپسنى يەتتىگە بۆلگەن.

(1) «نەفسى ئەممارە» (يامان يولغا ئۈندىگۈچى نەپس). بۇ ئىنساننى مال ـ دۇنياغا قىزىقتۇرىدىغان، شەھۋەتكە، تۈرلۈك ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە باشلايدىغان، قىزىقتۇرىدىغان نەپس بولۇپ، ئادەتتە تىلغا ئېلىنىدىغان، ئىنساننى يولدىن ئازدۇرۇپ يامانلىقلارغا باشلايدىغان نەپس (يەنى نەپس بالاسى). مانا شۇ «نەفسى ئەممارە» دىن ئىبارەتتۇر. بۇ بارلىق يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ.

(2) «نەفسى لەۋۋامە» (مالامەت نەپسى). بۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەش، يامان يوللارغا ماڭماسلىقنى، رىياغا (ئىككى يۈزلىمىلىككە) يول قويماسلىقنى ئويلاش، يەنى توۋا قىلىشقا ئۈندەيدىغان نەپس.

(3) «نەفسى مۇلھىمە» (ئىلھاملاندۇرغۇچى نەپس). بۇ ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان نەپس.

(4) «نەفسى مۇتمەئىننە» (تىنچلاندۇرىدىغان، خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىدىغان نەپس). بۇ ياخشىلىققا ئىشەنچ

[1] جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 108 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاسىل قىلغان، ئەسكى خۇيلاردىن خالاس بولۇپ، روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن نەپس.

(5) «نەفسى رازىيىيە» (رازى بولغان نەپس) . بۇ خۇدادىن كەلگەن ھەر قانداق كۈلپەتلەرگە، قازاغا سەۋر قىلىپ رازى بولغان نەپس.

(6) «نەفسى مەرزىييە» (رازى بولۇنغان نەپس) . بۇ ئاللانىڭ رازى بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قەلب شادلىققا، خۇشاللىققا تولغان نەپس.

(7) «نەفسى زەكىييە» ياكى «نەفسى سەفىييە» (پاكلانغان، تازىلانغان، ھەممىدىن خالاس بولغان، ساپ نەپس) . بۇ پۈتۈنلەي پاكلانغان، بارلىق ناچار خۇيلاردىن قۇتۇلۇپ قەلب ساپلانغان نەپس.

ئۇلارنىڭ قارىشىدا، قەلب تەدرىجىي ھالدا ئەڭ ئاخىرقى ساپ، پاكلانغان نەپسكە يېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەلبدە خۇدادىن باشقا ھېچنەرسە قالمايدۇ.

نەپس بىلەن كۈرەش قىلىش «ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلمەك» ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ كۈرەشنىڭ جەريانلىرىنىمۇ ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ، ئۇنى «ئۆلۈم» نىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆرۈنۈشلىرى دەپ بىلگەن. بۇ «ئۆلۈم» لەر: (1) «مەۋتى ئەبيەز» (ئاق ئۆلۈم) ؛ (2) «مەۋتى ئەسۇەد» (قارا ئۆلۈم) ؛ (3) «مەۋتى ئەخمەر» (قىزىل ئۆلۈم) ؛ (4) «مەۋتى ئەزخەر» (يېشىل ئۆلۈم) .

بۇلارنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ سوئال - جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان «دەھرۇننەجاد» (ئازاد زامان) ناملىق ئەسىرىدىكى مۇشۇ مەسىلە مەزمۇن قىلىنغان بىر سوئال - جاۋابنى ئەينەن كەلتۈردۇق:

كىشىكىم ھايات تۆرت ئۆلۈم باردۇر،
ئەگەر ئۇچراسا رەنجۇ ئازاردۇر.
ئۆلۈملەر ئېرۇر يەئنى ئاقۇ ـ قىزىل،
يەنە ئىككىسىدۇر قارا ۋە ياشىل.
بۇ قايىسى ئۆلۈمدۇر بەيان ئەيلەگىل،
مىسالنى بىزگە ئەيان ئەيلەگىل؟

جەۋاب: مۇقبىل رەۋشەندىل. . . . . تەسەۋۋۇپ زەبانىنىــــى جارى قىلىپ ئەيدىكىم: . . . . ئاگاھ بولغىلكى، ئۆلمەسدىن ئىلگەرى تۆرت ئۆلۈم باردۇر، ئاق ۋە قىزىل، قارا ۋە ياشىل دېدىڭ، «ئاق ئۆلۈم» دېگەن تەرىقەت يولىدىكى ئاچلىقتۇر، ئەھلى رىيازەت ھەمىشە روزە تۇتقىسىدۇر، ئۆزىگە ئاچ بولماقنى لازىم تۇتۇبدۇر. «قىزىل ئۆلۈم» دەپ ئۇنىــــى ئەيتىپدۇرلەركى، ياخشى لىباسلار مېھرىدىن كېچىپ، كۆھنە فەقىرانە لىباسلار كەيسە. «قارا ئۆلۈم» ئولدۇركى، خەلايىقدىن ئازار ۋە ئەلەم يەتسە ئاڭا سەبرە قىلماغلىقدۇر. «ياشىل ئۆلۈم» ئولدۇركـى، نەفسىنىــــڭ خاھىشىدىن كېچىپ، ئانىڭ زىددىدە ئىش قىلماغلىقدۇر.»[1]

دېمەك، تەسەۋۋۇپ بىر تۇرلۇك ئەخلاقىي كامىللىقنى ئۆز غايىسى قىلغان تەلىمات بولغاچقا، ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنىڭ ئۇلىنى ئىنسانىنىڭ ئۆز نەپسىگە قارشى كۇرەش قىلىشى، نەپسىنى يېڭىشى ئۇستىگە قۇرغان.

دەر ھەقىقەت، ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تۇرلۇك يامان ئىشلارنى، ئەخلاقسىزلىقلارنى بارلىققا كەلتۇرىدىغان ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە، شەخسىيەتچىلىككە، نەپسانىيەتچىلىككە قارشىــــى تۇرۇشنى ۋە نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكنى تەشۋىق قىلىش ناھايىتىمۇ توغرا ۋە ئىجابىي تەشەببۇسلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ جۇملىدىن تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك، نەپس بىلەن

[1] ئابدۇرېھىم نىزارى: «دەھرۇننەجاد»، قەشقەر، 1988 ـ يىلى، 89 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

كۆرەش قىلىش ۋە ئۇنى يېڭىش ھەققىدىكى پىكىرلەر مەلۇم تەرەپلەردە بەلگىلىك ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

لېكىن، تەسەۋۋۇپتىكى نەپسكە قارشى كۆرەش قىلىش، نەپسىنىڭ خاھىشىغا يول قويماسلىق قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە، بىز ئادەتتە ئىلغار ئەخلاقىي تەشەببۇسلار دەپ ھېسابلايدىغان ھەر خىل يامان خىياللارنىڭ، ھاۋايى - ھەۋەسلەرنىڭ كەينىگە كىرىشكە، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىشكە قارشى تۇرۇپ، كىشىلەرنى شەرمى - ھايالىق، ئەخلاقلىق، ئالىيجاناب بولۇشقا ئۈندەيدىغان ئەخلاقىي تەشەببۇسلار ئىچىدىكى نەپسكە بېرىلمەسلىك دائىرىسىدىن خېلى بەكلا ھالقىپ كەتكەن تەشەببۇسلار ئىدى. شۇڭا بۇ تەشەببۇسلاردا كىچىك پېئىللىق، يۇمشاق سۆزلۈك، كەمتەرلىك، كەڭ قورساقلىق، سېخىي، كۆيۈمچان بولۇشتەك كۆپلىگەن ئىلغار قاراشلار، ئاكتىپ ئامىللار ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، تەمەخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق، كىبىر قاتارلىق ناچار خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش، بۇنداق ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇش تەشۋىق قىلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئىنساندىكى نورمال ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدىكى تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى ئىنتىلىشلەر، كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ - ھەۋەسلەر، ئىنسانىي تۇيغۇلارمۇ نەپسكە بېرىلگەنلىك، نەپسىنىڭ قۇلى بولغانلىق دەپ قارالغان. بۇنداق چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ھالدىكى «نەپس بىلەن كۆرەش قىلىش»، «نەپسىنى يېڭىش» تەشەببۇسلىرى، ئەمەلىيەتتە ئىنسان تەبىئىتى، ئىنسانىي ئارزۇ - ئىنتىلىشلەرنى، ھايات سۆيگۈسىنى بوغۇشقا، ھەممىدىن ۋاز كېچىش، ھەممىنى تەرك ئېتىشكە تەشەببۇس قىلىشتەك تەركىدۇنيالىق تەشەببۇسلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تەسەۋۋۇپتىكى «نەپس بىلەن كۆرەش قىلىش» قارشىنىڭ پاسسىپ، سەلبىي تەرەپلىرى ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي قارىشىچە، نەپسنى يەڭگەندىن كېيىن ئىنساندىكى مەنمەنلىك، كىبىر، تەكەببۇرلۇق، ھەسەت، تەمە قاتارلىق ئىللەتلەر يوقايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىدا، بۇلاردىن پۈتۈنلەي خالاس بولماي تۇرۇپ ئەخلاقىي كامىللىققا يېتىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان. كىبىر، مەنمەنلىك، ھەسەت، قۇسۇر ئىزدەش، ئۆچمەنلىك، يەنى دۇشمەنلىك، يامانلىق قاتارلىق ناچار خاھىشلاردىن خالاس بولۇشنى ئەخلاقىي كامىللىق يولىدىكى ئالدىنقى شەرتلەر دەپ ھېسابلىغان. كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق، شېرىن سۇخەن، خۇش مۇئامىلە، كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ دائىملىق ئادىتى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. پەرىدىدىن ئەتتار «پەندنامە» سىدە شۇنداق يازىدۇ: «ئەخمەقلىقنىڭ بەلگىسى تۆتتۇر: ئۇز ئەيىبىنى كۆرمەستىن باشقىلارنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدىمەك؛ ئۆزى پىخسىق تۇرۇپ باشقىلاردىن جۆمەردلىك (سېخىيلىق، قولى ئوچۇقلۇق) كۇتمەك؛ ئەسكى خۇيى (مىجەزى) بىلەن كىشىلەرنى بىئارام قىلماق؛ ئەسكى مىجەزلىك، جېدەلخور بولماق.»①

يۇقىرىدىكى ناچار ئىللەتلەر تەسەۋۋۇپ ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە كىچىك - كىچىك ھېكايەتلەر ئارقىلىق جانلىق، ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. جالالىددىن رۇمى مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇقنى تۆۋەندىكى ھېكايەت بىلەن بايان قىلىپ، تەنقىد قىلىدۇ:

... بىر كۈنى بىر تىلچى ئالىم كېمىگە قويدى قەدەم،
— سەرفۇ - نەھۋى بىلەمسەن كېمىچى، — سورىدى شۇدەم.

---

① مۇستافا ئۇسلۇ: «مەۋلانەنىڭ ئىلىك مۇرشىدى پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ ‹پەندنامە› سىدىكى روھ ۋە ئەخلاق تەربىيىسىگە دائىر تەسەۋۋۇپىي ئۇنسۇرلار» — «مىللىي مەدەنىيەت»، 1990 - يىل، ئارالىك، 79 - سان، 17 - بەت (تۆۋەندە ژۇرنال ئىسمى قىسقارتىلىپ «M. K» دەپ ئېلىنىدۇ).

— ياق، ياق، نەدىن بىلەي، بىلمەيمەن ھەتتا بىر سۆز.
ئالىم دەر:
— يېرىم ئۆمرۈڭ ئۆتۈپتۇ زايا، ئەپسۇس.
كېمىچى يۇتۇپ رەنجى ئەلەم قالدى ئويلىنىپ،
شۇئان دېڭىزدا كۆتۈرۈلدى دولقۇن تولغىنىپ.
— بىلەمسىز سۇ ئۈزۈشنى ھەزرىتىم؟ — سورىدى كېمىچى.
— ياق، ياق، قورقىمەن سۇدىن، ئۈزۈشنى بىلىش نەدىكى.
شۇندا كېمىچى تىلىغا كېلۇر مۇقەررەر بۇ سۆز:
— ئۇنداقتا پۈتۈن ئۆمرىڭىز زايا كېتىپتۇ ئەپسۇس.»①

تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتىدا ئىگە ـ چاقىسىز ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش، ئازار بەرمەسلىك، قولىدىن كەلسە ياردەم بېرىش تەشەببۇس قىلىنغان. ئەھمەد يەسەۋى بۇ ھەقتە «ھېكمەت» لىرىدە شۇنداق دەيدۇ:

قايدا كۆرسەڭ كۆڭلى سۇنۇق مەرھەم بولغىل،
ئانداغ مەزلۇم يولدا قالسا ھەمدەم بولغىل.
......................
ئاقىل ئېرسەڭ غەرىبلەرنى كۆڭلىن ئەۋلا،
مۇستاپادەك ئىلىنى كېزىپ يېتىم كەۋلا،
دۇنياپەرەس ناجىنىسلەردىن بويۇن تاۋلا،
بويۇن تاۋلاپ دەريا بولۇپ تاشتىم مانا.②
قۇلنى كۆرسەم خىزمەت قىلىپ قۇلى بولدۇم،
تۇپراق سۈپەت يول ئۈستىدە يولى بولدۇم.③
..........................
يېتىم كۆرسەڭىز ئاغرىتمەڭىزلەر،
غەرىبنى كۆرسەڭىز داغ ئېتمەڭىزلەر.④

ئابدۇللا خاراباتىدىمۇ بۇ پىكىرلەر روشەن ئىپادىلەنگەن:

---

① رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، 85 ـ بەت.
② كەمال ئەراسلان: «دىۋانى ھېكمەت سەچمەلەر»، 48 ـ، 50 ـ بەتلەر.
③ كەمال ئەراسلان: 106 ـ بەت.
④ كەمال ئەراسلان: 282 ـ بەت.

ئال خەبەر كۈن - تۈن يېتىمنىڭ ھالىدىن،
ئالماغىل ھەرگىز ئانىڭ پۇل - مالىدىن.
يېتىم كۆڭلىنى شاد ئەتكەن ئەمىنىدۇر،
يېتىم كۆڭلىنى ئاغرىتقان لەئىندۇر.①

ئاجىزلارنى، يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەش، ئۇلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىدا ئالاھىدە تەكىتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، تەسەۋۋۇپتا بۇ تەشەببۇسلار تېخىمۇ كۈچەپ تەشەببۇس قىلىنغان.

سوپى ئاللايار بولسا، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ جاپا چېكىپ بىر پارچە نان تاپساڭ ئۇنى ئۆزۈڭ يالغۇز يېمەستىن يېرىمىنى باشقىلارغا بەر، باشقىلارنىمۇ تويغۇز دەپ كىشىلەرنى ساخاۋەتلىك، كۆيۈمچان بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ:

ئەگەر ئۈچ كۈندە تاپساڭ پارچەئى نان،
يېمە يالغۇز ئانى يارۇمىن قىل ئېھسان.②

تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتىدا يۇقىرىدىكى مىسرالاردا ئىپادىلىنىپ تۇرغىنىدەك جۇۋانمەردلىك (سېخىيلىق، قولى ئوچۇقلۇق) ئالاھىدە ئورۇندا تۇرغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ يولغا كىرگەنلەر مال - دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، جۇۋانمەرد، قورسىقى كەڭ بولۇشى كېرەك، باشقىلاردىن رەنجى - ئازار كۆرسىمۇ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىش لازىم دەپ قارالغان. شۇڭا سوپى ئاللا يار «چىن ئەر بولساڭ خۇددى يەرگە ئوخشاش ئېغىر بېسىق بول» دەيدۇ:

① ئابدۇللا خاراباتى: «مەسنەۋى خاراباتى»، 121 -، 122 - بەتلەر.
② «ئىرشادىل ئائىزىن شەرھى سەباتىل ئاجىزىن»، قازان، 1902 - يىل، 227 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەل ئەي ئىنسان ئەگەر بولساڭ چىن ئەردەك،
ئاغىرلىق پىشەقىل دۇنيادا يەردەك.

ئاتاڭ يەردۇر سىنىڭ يەردەك قۇللۇق قىل،
يامانلىق ئەيلىگەنگە ياخشىلىق قىل.①

سوپى شائىرنىڭ قارىشىدا، ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ تەبىئىتىدە خۇددى تۇپراقتەك كەمتەرلىك، ئېغىرلىق بولۇشى، ئۇ تۇپراققا ئوخشاش ئالەمگە نەپ بېرىدىغان، پايدا يەتكۈزىدىغان بولۇشى كېرەك. شائىرنىڭ بۇ پىكىرلىرى بىر قاراشقا كىشىلەرنى قۇللۇققا ئۈندىگەندەك قىلسىمۇ، يەنە ئۇنىڭدا كىشىلەرنى ئېغىر بېسىق، كەڭ قورساق بولۇش، باشقىلاردىن رەنج كۆرسىمۇ ئۆچ ـ ئاداۋەت تۇتماسلىق، قولىدىن كەلسە ياخشىلىق قىلىش، خۇددى تۇپراققا ئوخشاش پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلغانلىقىدەك ئەخلاق تەشەببۇسلىرىمۇ ئەكس ئەتكەنىدى.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي غايىسى — ئىنسانىي كامىللىق، يەنى كامىل ئىنسان بولۇش. بۇ مەنىۋى كامالەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. رادى فىش ئۆزىنىڭ «جالالىددىن رۇمى» ناملىق ئەسىرىدە «ئۇنىڭ مەقسىتى كامالەتكە يەتكەن ئىنسان بولۇش، شۇنىڭغا ئېرىشىش ئىدى»② دەپ يازىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى «كامىل ئىنسان» (ئىنسانى كامىل) قانداق ئادەم؟ ياكى قانداق ئادەم كامىل ئىنسان بولىدۇ؟

ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى كامىل ئىنسان ئۆزلۈكتىن كېچىپ، مەنىۋى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن، قەلبىدە ئىشقتىن باشقا

---

① «ئىمرشادىل ئائىزىن شەرھى سەباتىل ئاجىزىن»، 212 ـ بەت.
② رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، (ئۇيغۇرچە)، 296 ـ، 297 ـ بەتلەر.

ھېچنەرسە بولمىغان، بارلىق قۇسۇر - نۇقسانلاردىن خالاس بولغان، شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئۆز - ئۆزىنى چۈشەنگەن ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئىنسان — ئىنسانى كامىل ئىدى»① دەيدۇ. شۇڭا ئۇ: «ئىنسانى كامىل — مەقسەت، ئالەمنىڭ گۈلتاجىدۇر»② جالالىددىن رۇمىنىڭ قارىشىدا بولسا، «بۇنداق كىشىلەر دۇنيانىڭ خوجىسى بولىدۇ. سەپەرگە چىقىشسا ئاي ۋە كۈن ئۇلارغا ياستۇق بولىدۇ. ئات مىنىپ ماڭسا يەتتە قات ئاسمان ئايىغى ئاستىدا قالىدۇ. ئۇلار يۇلتۇز پىيالىسىدىن مەي ئىچىشىدۇ. بىر - بىرى بىلەن ھەقىقەت ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئەتىرگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ. قامەتلىرى چىناردەك راۋۇرۇس. قانلىق دولقۇنلار قۇتراپ ئۆز قايىنىمىغا ئالسىمۇ ئۇلارنىڭ كىيىمىگە قىلچە داغ تەگمەيدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سانسىزلىغان تىكەنلەر سانجىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە يەنىلا تەبەسسۇم ئويناپ تۇرىدۇ. ئۆزلىرىنى جەھەننەم ئوتى ئوراپ كۆيدۈرۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ موھتاجلارغا جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ھەممە نەرسە ئۇلارنىڭ ھۆكمىدە، لېكىن ئۆزلىرى ھېچكىمگە بېقىنغان ئەمەس. ئۇلار ئۈچۈن تاجدار، بايراقدار سۇلتانلار — بىر پۇل. ئۇلارغا ئالقىش ۋە مەدھى - سانا ھاجەتسىز. ئۇلار مىڭلىغان كىشى بولسىمۇ، ئەمما بىر كىشىدەك بىر نىيەتتە. ئاسماندا بىرلا قۇياش، بىرلا ئاي بار، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا سانسىزلىغان ئاي ۋە قۇياش بار. ھەر يۇرتنىڭ بىر پادىشاھى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شەھىرىدە ھەممىلا كىشى پادىشاھ. ئۇلاردا قارىيمۇ مۆھتەسەب،

---

① رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، (ئۇيغۇرچە)، 287 - بەت.
② رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، (ئۇيغۇرچە)، 228 - بەت.

كارۋان بېشىمۇ، جاللاتمۇ يوق. ئۇلار كىبىرنىمۇ، نەپرەتنىمۇ بىلىشمەيدۇ. پەقەتلا بىر - بىرىگە سېغىنىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمدارى، ھەر دىلدىكى سۇلتان — مۇھەببەت.»①

«شائىرنىڭ نەزەرىدە ئۇ ئارزۇ قىلىدىغان ئازاد ئىنسان ئەنە شۇنداق ئىدى. بۇ ئارزۇ مەۋھۇم ئەمەس، يوقىتىلغان جەننەتتەك ئۇزاق ئۆتمۈشتە ياكى ئۇ دۇنيادىكى بېھىشكە ئوخشاش يىراق كېلەچەك قويىنىدىمۇ ئەمەس. ھەر قانداق ئىنسان كامالەتكە يېتىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ھەر بىر ئادەم مۇقەددەستۇر.»②

ئەزىزىددىن نەسەفى ئىنساندىكى كامالەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىككى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىرى، گۈزەل ئەخلاق، ئىككىنچىسى، ئۆز - ئۆزىنى تونۇش. مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ ئۇ ئادەملەرنى ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىغان: بىرىنچىسى، گۈزەل ئەخلاقىي خىسلەتلەر بىلەن بېزەلمىگەن ۋە ئۆز - ئۆزىنى تونۇمىغان ئادەملەر؛ ئىككىنچىسى، گۈزەل ئەخلاقىي خىسلەتلەر بىلەن بېزەلگەن، ئەمما ئۆز - ئۆزىنى تونۇمىغان ئادەملەر؛ ئۈچىنچىسى، گۈزەل ئەخلاقىي سۈپەتلەر بىلەن بېزەلگەن ۋە ئۆز - ئۆزىنى تونۇغان ئادەملەر. ئالىمنىڭ نەزەرىدە ئەنە شۇ كېيىنكى — ئۈچىنچى تۈردىكى ئادەملەر كامىل ئىنسانلاردۇر. «چۈنكى، ئىنساننىڭ كامالەتكە ئېرىشىشى گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇشى ۋە ئۆز - ئۆزىنى تونۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.»③

دېمەك، تەسەۋۋۇپتىكى «كامىل ئىنسان» غايىسى ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇشى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىگە بولۇشى ئارقىلىق يېتىدىغان مەنىۋى يۈكسەكلىك باسقۇچى ئىدى. ئۆزىنى تونۇغان ئىنسان ھەرگىز يامانلىق قىلمايدۇ، ئەكسىچە

① ② رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، (ئۇيغۇرچە)، 296 -، 297 - بەتلەر.
③ نەجمىددىن كامىلوف: «تەسەۋۋۇپ»، 152 - بەت.

ئۆزىنى يۇكسەلدۇرۇش، مۇكەممەللەشتۇرۇش ئۇچۇن كۈرەش قىلىدۇ. مەنىۋى جەھەتتىن يۇكسىلىش — ئەخلاقىي كامىللىققا ئىنتىلىش دېمەكتۇر. مەنىۋىيىتى مۇكەممەل ئادەم ھەممە نەرسىگە مۇھەببەت كۆزى بىلەن قارايدۇ. شۇڭا خۇددى تۈركىيە ئالىمى ئەھمەد ھىلمى ئەپەندى ئېيتقىنىدەك، «تەسەۋۋۇپ ئەخلاقىنىڭ باش پرىنسىپىنى قورقۇش ۋە مۇكاپات ئاساسىغا ئەمەس، ئىشق، مۇھەببەت ۋە ۋەھدەت پىكرى ئاساسىغا قۇرغان»①. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغىنى جەننەت ئارزۇسى، دوزاخ قورقۇنچىسى ئەمەس، بەلكى يار ۋىسالى، ۋەھدەت مەيى ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە يار ۋىسالىغا يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ئىشق. بۇ ئىشق ئاشىقنى يار بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان ۋەھدەت (بىرلىك) مەيى. ئۇلارنىڭ ئىنتىلىدىغىنى مانا شۇ مەي بىلەن مەست بولۇپ يار ۋىسالىنى كۆرۈش. ئۇلار ئۆزلىرىنى دىدار تەلەپ ئاشىقلار دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ جەننەتتىن تەمەسى يوق، دوزاختىن قورقۇنچىسى يوق. يەسەۋى ئۆزىنىڭ دىدار تەلەپ ئاشىق ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئالىملارغا كىتاب كېرەك، سوپىلارغا مەسچىت كېرەك.
مەجنۇنلارغا لەيلى كېرەك، ماڭا سەن ئوق كېرەك سەن.
غاپىللارغا دۇنيا كېرەك، ئاقىللارغا ئۇقبا كېرەك،
ۋائىزلارغا مۇنبەر كېرەك، ماڭا سەن ئوق كېرەك سەن.

ئۇچماغ كېرەم جەۋلان قىلاي نە ھۇرلەرغە نەزەر قىلاي،
ئانى مۇنى مېن نې قىلام ماڭا سەن ئوق كېرەك سەن.②

---

① ئەھمەد ھىلمى: «ئىسلام تارىخى»، II جىلد، 392 ـ بەت.
② كەمال ئەراسلان: «ئىسلام تارىخى»، 320 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇنۇس ئەمرادىمۇ بۇنداق مىسرالار كۆپ ئۇچرايدۇ:

سوپىلارغا سۆھبەت كېرەك، ئەھلىلەرگە ئاخىرەت كېرەك،
مەجنۇنلارغا لەيلى كېرەك، ماڭا سەن كېرەك سەن.

ئەگەر مېنى ئۆلتۈردىلەر، كۈلۈم كۆككە ساۋۇردىلەر،
تۇپراغىم ئاندا چاقىرا ماڭا سەن كېرەك سەن.①

شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى جەننەت تەمەسىدە ياكى دوزاخ قورقۇنچىسىدا تائەتكە بېرىلگەن زاھىت ياكى سوپى ئەمەس، بەلكى جانان ئىشقىدا مەست بولغان چىن ئاشىق دەپ ھېسابلىغان. رادى فىش «جالالىددىن رۇمى» رومانىدا يازىدۇ: «جالالىددىن رۇمى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۆزلىرىنى سوپى ئەمەس، ئاشىقلار دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىش يولىدىكى كارۋان بېشى — مەنتىق ئەمەس، مۇھەببەت ئىدى.»②

ئەلىشىر نەۋائىي بولسا ئۇلەر ھالەتتە ھەم جانان ۋىسالىغا تەشنالىقىنى ئىزھار قىلىدۇ:

نەۋائىيدەك ئۆلەر ھالىمدە دېمەڭ ھۇرۇ جەننەتتىن،
سىزىڭدۇر پارچە ئەي زاھىد، ماڭا بىر كۆرمەك ئانى بەس.③

مەشرەپمۇ دىدار تەلەپ ئاشىق:

يارسىز ھەم بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك،

---

① ئابدۇراخمان گۈزەل: «تەككە شېئىرى» — «تۈرك تىلى» 1989 ـ يىل، 445 — 450 ـ سان (بىرلەشمە سان)، 361 ـ بەت.
② رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۇيغۇرچە)، 128 ـ بەت.
③ نەۋائىي: «غەزەللەر»، 74 ـ بەت.

قالغان ئىبراھىمدىن ئۇل ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي.

ئۇراپىنىمۇ باشىمە سەككىز بىھىشۇ دەۋزەخىن،
بولمەسە ۋەسلى ماڭا ئىككى جاھاننى نە قىلاي؟①

بۇنداق مىسرالارنى ھۇۋەيدادىمۇ ئىنىق كۆرۈمىز:

نە قىلاي جەننەتنى مەن ئاندا يۈزىنى كۆرمىسەم،
يارسىز جەننەت كۆرىنۇر كۆزىمە جايى خاراب.

بول ھۇۋەيدا يارىنىڭ دەۋزەخ ئارا كۆرسە يۈزىن،
ماڭا ئۇل جەننەت ئىرۇر، كەلسە رىزامەن ھەر ئازاب.②

دېمەك، تەسەۋۋۇپتىكى «ئىلاھىي ئىشق» قارىشى پۈتۈن تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى قاپلىغان بولۇپ، مەيلى پەلسەپىۋى، مەيلى ئەخلاقىي پىكىرلەر بولسۇن ھامان ئىشق قارىشى بىلەن گىرەلەشكەن ھالدا ئىپادىلەنگەن. ئۇلار «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) نى مەشۇق، ئۆزلىرىنى بولسا ئۇنىڭ چىن ئاشىقى ھېسابلىغان.

تەسەۋۋۇپتىكى ئاللاغا بولغان ساداقەتنى ئىشق ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بۇ ئىلاھىي ئىشق قارىشى، كىتابنىڭ باش قىسمىدىلا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاللاغا بولغان سادىقلىقنى پەقەت كۈن بويى تەقۋادارلىق ئىچىدە ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشتىن ئىبارەت زۇھدۇ ـ تەقۋا ئارقىلىق ئىپادىلەشتەك زاھىتلىق پائالىيىتىنى ئىنكار قىلىشقا باشلىغانىدى.

ئۇلار زاھىتلىقنى، زۇھدۇ ـ تەقۋانى ماھىيەتتە سادىقلىق

---

① «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»، 51 ـ بەت.
② «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»، 77 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى رىيا — ئىككى يۈزلىمىلىك، شەكىلۋازلىق دەپ قارىغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ پىكرىچە، زاھىتلىقنىڭ تەقۋادارلىقى، كۆن بويى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشى پەقەت جەننەتكە كىرىش ئۈمىدى ياكى دوزاخ قورقۇنچىسى ئۈچۈنلا. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەق يولىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان تەقۋادارلىقى، ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ئاللادىن تېگىشلىك ھەق تەلەپ قىلىدۇ، يەنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلاشنى، دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ تەقۋادارلىقى، زاھىتلىقى ماھىيەتتە ئاللاغا ھەقىقىي سادىق بولغانلىق ئەمەس، بەلكى شەكىلۋازلىق، سەمىمىيەتسىزلىك، پەقەت مەنپەئەت يولىدا قىلىنغان تەقۋادارلىق بولۇپ، ھەقىقىي سادىقلىق ئەمەس. ئاللاغا بولغان سادىقلىق ئاللانىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك دەپ قارالغان. نەۋائىي بۇ ھەقتە شۇنداق يازغانىدى:

زاھىد ئۇجماغ تىلەدىيۇ ياردىن مەن ھەم ئۆزىن،
يارەب ئۇشبۇ ئىككى مەتلۇب بەرابەرمۇ ئېكىن.①
(زاھىت جەننەت تەلەپ قىلدى، مەن يارنىڭ ئۆزىنى تەلەپ قىلدىم. بۇ ئىككى ئارزۇ ئوخشاشمىدۇر.)

زاھىت ئەنە شۇنداق مەنپەئەت يولىدا ئىبادەت قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدا سادىقلىق بولمايدۇ، يار ئۈچۈن جېنىنىمۇ پىدا قىلالمايدۇ:

ئاشىقنىڭ مىڭ جانى بولسا ئايىماس مەشۇقىدىن،
ئار ئېتەرسەن زاھىدا بىر جانىڭنى قۇربان ئەتمەكتىن.②

---

① نەۋائىي: «غەزەللەر»، 137 ـ بەت.
② ئابدۇراخمان گۈزەل، 435 ـ بەت.

شۇڭا ئۆزلىرىنى «مەشۇقى ئەزەل» گە چىن دىلىدىن ئاشىق دەپ ھېسابلىغان ئاشىقلارنىڭ نەزەرىدە، قەلب كۆزىنى يورۇتماستىن (يەنى ھەقىقىي چىن دىلىدىن قىلماستىن)، قارىغۇلارچە ئەگىشىپ شەكىلۋازلىق قىلىش، ياكى بولمىسا كۆرۈنۈشتە ھەممىدىن ۋاز كېچىپ تەركىدۇنيا بولۇپ تەقۋادارلىق قىلىش ھەققە بولغان سادىقلىق ئەمەس، بەلكى رىياكارلىق — ئىككى يۈزلىمىلىك، ئالدامچىلىق، ساختىلىق دەپ قارالغان. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھەققە بولغان سادىقلىق پەقەت قەلبىدىكى چەكسىز ئىشق ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. ۋۇجۇدى ھەقىقىي ئىشق بىلەن تولغان چىن ئاشىقنىڭ قەلبىدە مەشۇق سۆيگۈسىدىن باشقا ھېچنەرسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ تىلى مەشۇقتىن ئۆزگىنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ، ئۇنىڭ دىلى مەشۇقتىن ئۆزگىنى خىيال قىلمايدۇ. زاھىت بولسا كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى تەقۋادار كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە دىلى پاك ئەمەس.

مانا بۇ كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئۆزلىرى ئىشق شارابىدىن بىھوش بولۇپ ساقىدىن مەي تەلەپ قىلىپ ھارمىغان دىدار تەلەپ ئاشىق شائىرلارنىڭ زاھىتلارنى، زۇھدۇ - تەقۋانى سۆكۈشىدىكى، قامچىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىدى.

ئۆز ھاياتىنى تەقۋادارلىق ئىچىدە تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەھمەد يەسەۋى زاھىتلىققا قارشى شۇنداق دەيدۇ:

زاھىد بولما، ئابىد بولما ئاشىق بولغىل،
مېھنەت تارتىپ ئىشق يولىدا سادىق بولغىل.
نەفسىنى تىكىپ دەرگاھىغا سادىق بولغىل،
ئىشقسىزلارنىڭ ھەم جانى يوق ھەم ئىمانى.①

① كەمال ئەراسلان: «دىۋانى ھېكمەت سەچمەلەر»، 114 - بەت.

ئەلىشىر نەۋائىي بولسا:

زاھىد سەڭا ھۇرۇ، مەڭا جانانە كېرەك،
جەننەت سېنگە بولسۇن، مەڭا مەيخانە كېرەك.
مەيخانە ئارا ساقىيۇ پەيمانە كېرەك،
پەيمانە نېچە بولسا تولا يەنە كېرەك.①

دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەق ۋىسالىغا ئىنتىلىش يولىدىكى سادىقلىقىنى سىمۋوللۇق ئىزھار قىلىدۇ.

تەسەۋۋۇپتىكى بۇنداق پىكىرلەر ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، قارىغۇلارچە دوراپچىلىق قىلماستىن، دىلنى يورۇتۇپ چىن دىلدىن ئاللاغا سادىق بولۇشنى، تاشقى كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى تەقۋادار كۆرسىتىپ كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىدىغان رىياكار بولماستىن، سەممىي ـ سادىق، پاك دىل بولۇپ، سادىقلىقىنى دىلدا ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلىسىمۇ، لېكىن ئادەت تۇسى ئېلىپ كەتكەن ئىبادەت شەكىللىرى، دوگمىچىلىققا قارىتا بىر تۈرلۈك زەربە بولۇپ، ئەركىن تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ياراتقانىدى. شۇڭا ئەھلى سۈننەت ئۆلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا قەتئىي قارشى چىققان ھەم ئۇلارنى «كۇپۇرلۇق»، «بىدئەتلىك» دەپ ئەيىبلىگەنىدى.

تەسەۋۋۇپتىكى بۇنداق پىكىرلەر دوگماتىزمغا قارشى خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتقانلىقى بىلەن ئىلاھىيەتچىلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىي شارائىتىغا نىسبەتەن يەنىلا مەلۇم ئىلغارلىققا ئىگە ئىدى.

بۇ يەردە زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، كلاسسىكلار ئىجادىيىتىدىكى يۇقىرىدىكىگە

---

① «ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، II توم، تاشكەنت، 1959 ـ يىل، 53 ـ بەت.

ئوخشاش جەننەتتىكى ھۆرلەرنى ئەمەس، جانان، يار تەلەپ قىلىنغان، كۆڭۈلنىڭ مەسچىت - خانىقاغا ئەمەس مەيخانىگە مايىللىقى مەزمۇن قىلىنغان مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىنىڭ تەسەۋۋۇپىي ئاساسى بار ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا غايىۋىلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشلار ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇنداق قاراشلار بايان قىلىنغان مىسرالارنى پەقەت سىرتقى شەكلىگە قاراپلا مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇنىڭ بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئاساسى بار ئىكەنلىكىگە ئېتىبارسىز قاراش، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى بىر پۈتۈن ھالدا يورۇتۇپ بېرىشتە تويۇق يولغا ئەكىرىپ قويۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق مىسرالار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەندە، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىنى چۈشىنىش، سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ مەنىسىنى نەزەرگە ئېلىش ئاساسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغىنى تۈزۈك.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە، جۈملىدىن تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنتىلگىنى «ئىلاھىي ئىشق» تىن ئىبارەت. ئۇلار ئىنتىلگەن ھەقىقىي جانان — «ھۆسنى مۇتلەق» ياكى «مەشۇقى ئەزەل».

لېكىن نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتلىرىدا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي مۇھەببەت ئىنكار قىلىنغان ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئىنسانىي مۇھەببەت ئاللاغا بولغان ئىشقىنىڭ ۋاستىسى ياكى ئىلاھىي ئىشق يولىدىكى كۆۋرۈك دەپ قارالغان. جالالىددىن رۇمى: «ئىنساننى سۆيمەك ئاللانى سۆيمەكتۇر»[1]

---

① ② جالالىددىن چەلەبى: «ھەزرىتى مەۋلانەدە ئىسلام»، كونيا، 1993 - يىل، 70 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېگەنىدى. ئۇ يەنە، «پۈتۈن ئىشقلار ئىلاھىي ئىشققا كۆۋرۈكتۇر»② دەيدۇ.

شۇڭا تەسەۋۋۇپتا ئىشق — «ئىشقى ھەقىقىي» يەنى «ھەقىقىي ئىشق» ۋە «ئىشقى مەجازىي» يەنى «مەجازىي ئىشق» دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. «ھەقىقىي ئىشق» ئاللاغا بولغان ئىشق، يەنى «ئىلاھىي ئىشق»، «مەجازىي ئىشق» بۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىشق يەنى ئىنسانىي مۇھەببەت. ئەلىشىر نەۋائىي «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە ئىشق ھەققىدە ئەتراپلىق توختالغان بولۇپ، ئىشقنى «ئاۋام ئىشقى»، «خاس ئىشقى»، «سىددىقلار ئىشقى» دەپ ئۈچكە بۆلۈپ بايان قىلىدۇ.

مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ قارىشىدا «مەجازىي ئىشق» «ھەقىقىي ئىشق» قا يېتىشتىكى ۋاستە. «مەجازىي ئىشق» ئارقىلىق «ئىلاھىي ئىشق» قا يەتكىلى بولىدۇ. «مەجازىي ئىشق» تىن مەقسەت يەنىلا ئىلاھىي ئىشق. نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا بۇ ناھايىتىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن:

گەر نەۋائىي يىغلىسە، ئىشقىڭ مەجازىيدۇر دېمە،
كىم نەزەرپاك ئەيلىگەچ ئەينى ھەقىقەتتۇر مەجاز.
مەجازدىن مەنگە مەقسۇد ئېرۇر ھەقىقىي ئىشق،
نېدىنكى ئەھلى ھەقىقەتقە بۇ تەرىقەت ئېرۇر.
مەجازدىن چۈ ھەقىقەتقە يول تاپار ئاشىق،
قىلۇر مەجازنى نەفئى ئۇلكى بىھەقىقەت ئېرۇر.①

دېمەك، تەسەۋۋۇپ ئىلاھىي ئىشقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىسىمۇ، ئىنسانىي سۆيگۈنىمۇ ئىلاھىي ئىشقنىڭ بىر بۆلىكى ياكى كۆۋرۈكى دەپ قارىغانىدى. جالالىددىن رۇمىنىڭ مۇرشىدى

① مالىك ئاربپوف: «نەۋائىي سوپىمۇ ياكى مۇتەسەۋۋىپمۇ» — «شەرق يۇلتۇزى» 1989 - يىل، 6 - سان، 168 - بەت.

سەئىد بۇرھانىددىن جالالىددىننىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيلەنمەي يۈرگىنىگە قارىتا، نەچچە قېتىملاپ، «مەن بىر سارائدەك ئادەم. خوتۇن، بالا - چاقىلار ھەققىدە ئەنسىرەشكە زادىلا ۋاقتىم يوق. لېكىن سەن ئۇنتۇمىغىنكى، ئىسلام دىنىدا ئائىلە ۋە نىكاھ ۋاجىپ»[1] دەيدۇ.

جالالىددىن رۇمى ئۆزىمۇ «فىھى ما فىھى» («ئىچىگىدىكى ئىچىگىدىدۇر») ناملىق ئەسىرىدە، پەيغەمبەرنىڭ «مۇسۇلمانلىقتا بويتاقلىق يوقتۇر»[2] دېگەن ھەدىسىنى بىر قانچە ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ.

تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسانىي مۇھەببەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەققىدىكى قاراشلار تەسەۋۋۇپتىكى ئىنساننى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. ئەنە شۇ ئىدىيە ئاساسىدا بارلىققا كېلىپ راۋاجلانغان گۇمانىستىك قاراشلاردىمۇ بۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

## 2. گۇمانىستىك قاراشلار

ئالدىنقى بابتا تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسان قارىشى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغىنىمىزدا، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە ئىنساننىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، ھەتتا بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى «ئىنسان مەركەزلىك» پەلسەپە دەپ ئاتىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى شۇ ئورۇندا خېلى كەڭ بايان قىلغىنىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە قايتا تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردە پەقەت تەسەۋۋۇپتىكى گۇمانىستىك قاراشلار ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش

---

① رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۇيغۇرچە)، 247 - بەت.
② جالالىددىن رۇمى: «ئىچىگىدىكى ئىچىگىدىدۇر»، 81 - بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەنلا كۆپايىلىنىمىز.

تەسەۋۋۇپتىكى ئىنساننى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى شۇ قەدەر يۈكسەك گۇمانىستىك روھنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنكى، ئېھتىمال، ياۋروپا «ئەدەبىي ئويغىنىش» دەۋرىنىڭ ئاساسىي شوئارى بولغان گۇمانىزممۇ بۇ قەدەر يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھنى، ئىنسانىيەت سۆيگۈسىنى ئىپادىلىيەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەۋلانە جالالىددىن رۇمى دەيدۇكى: «ئىنساننى سۆيمەك ئاللانى سۆيمەكتۇر.» مۇھىيىددىن ئىبىن ئەرەبىمۇ، «ئىنسانغا ئېھتىمام كۆرسەتكەن (ئەھمىيەت بەرگەن، ئېتىبار بىلەن قارىغان) كىشى، ئاللاغا ئېھتىمام كۆرسەتكەن بولىدۇ» دېگەنىدى.

تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسان سۆيگۈسى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بولغان سۆيگۈ ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئىچىدە بىر دىن، مىللەت، ئىرق، تەبىقە ئايرىمىسى مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى ئەسلىدە بىر، ھەممە ئىنساننىڭ قەلبى تۇتاش، شۇڭا ھەممە ئىنسان باراۋەر، ئوخشاش دەيدىغان ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەرنى كۆرۈمىز. مەۋلانە شۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

كەل، كەل! مەيلى كىم بولساڭ كەل!
كاپىرسەن، ئاتەشپەرەس ۋە ياكى بۇتپەرەس بولساڭمۇ كەل!
بۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىز ئۈمىدسىزلىك دەرگاھى ئەمەستۇر!
مەيلى يۈز مەرتە تەۋبەڭنى بۇزغان بولساڭمۇ كەل! ①

بۇ بۈگۈنكى كۈندە ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن يەتتە يۈز يىل ئىلگىرى ياڭرىغان خىتابلار! بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنداق يارقىن

① جالالىددىن چەلەبى: «ھەزرىتى مەۋلانەدە ئىلىم»، 14 ـ بەت.

سادالار كەمدىن ـ كەم ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا تۈركىيە تەتقىقاتچىسى مۇئەممەر يىلماز «مەۋلانەنىڭ ئىنسان سۆيگۈسى» ناملىق ماقالىسىدا ھەقلىق ھالدا، «مەۋلانەنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر سۆزى بىرلىك قېرىنداشلىق بىلەن تولغان. خىتاب قىلىشى پۈتۈن ئىنسانغا، ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان. ئۇنىڭ ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت چۈشەنچىسى باش ـ ئاخىرى بولمىغان چەكسىز بىر ئوكيانۇستۇر.» دەپ يازىدۇ.①

جالالىددىن رۇمى يەنە شۇنداق دەيدۇ:

ئاشۇ ئەھمەد مەنۇ، ئەمما بۇرۇنقى ئەھمەد ئەمەسمەن،
سەمەندەر قۇشمەنۇ، لېكىن بۇرۇنقى دانىنى يېمەسمەن.
بار ئىدىكىم شۇنداق بىر شاھ، ئارزۇ قىلار ئىدى ئۆزگە شاھلار،
ئاشۇ شاھ — ئۆزۈم، لېكىن بۇرۇن سەن كۆرگەن ئەمەسمەن.
ئۇنىڭ دەۋرانى ئۆتتى ھەق بۈگۈن — مەن، بىر بەنى ئادەم،
تېپىپ بۇ نۇقتىنى شۇنداق، يىقىلدى نەچچە دانىشمەن.
ئىچەرمەن قەدەھ ـ قەدەھ بۇ ھەقىقەت شەربەتتىن ئەمما،
تۇرارمەن مۇستەھكەم، قەددىمنى شىردەك تۇتۇپ يەنە.
ۋەلىيدۇرسەن ۋە يا مەستۇر خۇمار ـ بۇ مەن ئۈچۈن پەرقسىز،
كۈنگە جۈمەمۇ، يەكشەنبىمۇ — بۇ مەن ئۈچۈن پەرقسىز.②

بۇ شېئىرنى نەقىل كەلتۈرگەندىن كېيىن رادى فىش يازىدۇ: «جۈمە — مۇسۇلمانلارنىڭ، يەكشەنبە — خرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كۈنى. لېكىن شائىر ئۈچۈن بارلىق دىن، مەزھەپ باراۋەر. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا، ئىرقى، دىنى، مىللىتى، تەبىقىسىدىن قەتئىينەزەر، بارچە ئىنسانلارغا ئورتاق مۇراجىئەت قىلىدۇ...»③

① مۇئەممەر يىلماز: «مەۋلانەدە ئىنسان سۆيگۈسى» — «مىللىي مەدەنىيەت» (M.K) 1990 ـ يىل، ئاراليك، 79 ـ سان، 10 ـ، 11 ـ بەتلەر.
② ③ رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» ئۆزبېكچە، 240 ـ، 241 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەۋلانەنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشى بولغان شەمسىددىن تەبرىزى بولسا بۇ پىكىرلەرنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «ماڭا كاپىرنى كۆرسەت، مەن ئۇنىڭغا سەجدە قىلاي. مېنى كاپىر دەپ ئاتا، مەن سېنى تاۋاپ قىلاي. كۆپۈر — ئىماندا، ئىمان — كۆپۈردىدۇر.»[1] دەيدۇ. ئۇ يەنە «ھەممىنىڭ يۈزى كەبىگە قارىغان. كەبىنى ئېلىۋەتسەڭ مەلۇم بولىدۇكى، ئىنسانلار بىر - بىرىنىڭ قەلبىگە سېغىنىدۇ. بىرىنىڭ قەلبى — باشقىسى ئۈچۈن سەجدىگاھ»[2] دېگەنىدى.

مەۋلانە بولسا بۇ پىكىرلەرنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەپ «سەن مەندۇرسەن، مەن سەندۇرمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۆز - ئۆزىمىز بىلەن بۇنچە سوقۇشۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟ . . . . دۇنيادا نەچچە خىل تىللار بار. ئەمما مەنا نۇقتىسىدىن ھەممىسى بىر»[3] دەيدۇ. شائىر بۇ پىكىرلىرىنى قىسقا بىر ھېكايەت بىلەن جانلىق ئىپادىلىگەنىدى:

مېڭىشقانىدى تۈرك، ئەرەب، پارس ھەم يۇنان،
شۇندا كىمدۇر بىرى — ئىشقىلىپ بىر مېھرىبان—
سەدىقە، دەپ بىر تەڭگە سوۋغات قىلدى ئاتا،
ياق سوۋغات ئەمەس، بولدى غوۋغا ئۇ ھەتتا.
پارس دېدى: «بارايلى بازارغا دەرھال،
ئەنگۇر[4] ئالايلى بۇ پۇلغا ھەممىدىن ئاۋۋال!.»
«قوي بۇ گېپىڭنى، - دېدى كېسىپ سۆزنى ئەرەب،
ئەينەب[5] ئالساق بۇ پۇلغا، ياخشى بولمامدۇ ئەجەپ!»
تۈرك دېدى: «بىھۇدە بۇ گەپلەرنىڭ بەرى،
مېۋىلەر ئىچىدە ئۈزۈمدۇر سەردارى!»
شۇندا يۇنانلىقمۇ قىستۇردى بىر سۆز:

---

① ② رادى فىش (ئۆزبېكچە) 189 ـ، 190 ـ بەتلەر.
③ مۇئەممەر يىلماز، — «M. K» 79 ـ سان، 10 ـ، 11 ـ بەتلەر.
④ ⑤ ئۈزۈم دېگەن سۆز.

«قاراڭلار، ستافىل[1] ئالايلى بۇنىڭغا ھەممىمىز!»
بەس، ئۇلار بىر قارارغىمۇ كېلىشتى،
لېكىن چۈشەنمەي تالاشتى غوۋغا قىلىشتى.
ھەممىسىنىڭ ئارزۇسى پەقەت ئۈزۈم ئىدى،
پەرقىلا پەقەت ئۆز تىلىدا ئۈزۈم دېدى.
لېكىن ئارىغا چۈشتى بىر شۇم جاھالەت،
چىش، قوۋۇرغا يەپ ئەدەپ، بولدى راھەت.
غاپىلۇ غەپلەت، سۆزىدىن ماجىرا
بىزنىڭكى — بىرلىك بىلەن سۇلھى سالا...[2]

مەۋلانە بۇ ھېكايەت ئارقىلىق ئىدىيىسىدىكى «يوللار ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما مەقسەت بىر»[3] دېگەن قارىشىنى ناھايىتىمۇ جانلىق ھەم قايىل قىلارلىق ئىپادىلىگەن.

جالالىددىن رۇمى پۈتۈن ئىنسانلار ئەسلىدە بىر دەرەخنىڭ مېۋىلىرى، ئۇلارنىڭ يىلتىزى بىر دەپ مۇنداق يازغانىدى: «ماڭا ۋەھدەت (بىرلىك) مەيىنى تۇتقىن، باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىل، تاكى جامائەت جەم بولۇپ، پەقەت سۈرەت شەكلىدىكى پەرقلەرنى بىر تەرەپ قىلايلى. بىز ھەممىمىز يېگانە دەرەخنىڭ شاخلىرى، يېگانە قوشۇننىڭ نەۋكەرلىرىمىز.»[4]

شۇڭا جالالىددىن رۇمى ئىنسان يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئايرىلمايدۇ، پۈتۈن ئىنسانلار ئوخشاش. بايمۇ، كەمبەغەلمۇ، مەلىكىمۇ، دېدەكمۇ باراۋەر، پەقەت ئىنسانلاردۇر دەپ قارىغانىدى. ئۇ قىزى مەلىكە خاتۇننىڭ ئۆز دېدىكىگە ئازار بەرگىنىنى كۆرىدۇ - دە، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ قىزىنى ئەيىبلەشكە كىرىشىدۇ: «نېمىشقا كېنىزەكنى ئازابلايسەن؟

---

① ستافىل — ئۈزۈم دېگەن سۆز.
② رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۇيغۇرچە)، 149 - بەت.
③ جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 89 - بەت.
④ رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۆزبېكچە)، 241 - بەت.

www.uyghurkitap.com

نېچۈن ئۇنى يىغلىتىسەن؟ مۇبادا ئۇ خانىم (خېنىم) ، سەن دېدەك بولۇپ قالغان بولساڭ قانداق قىلار ئىدىڭ؟ ياكى، ساڭىمۇ، دۇنيادا ئاللادىن باشقا ھېچبىرىنىڭ قۇل ـ دېدىكى مەۋجۇت ئەمەس دەپ پەتىۋا بېرىشىم كېرەكمىدى؟ بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، بىزنىڭ قىزلىرىمىزدۇر...» .① بۇنىڭدىن قاتتىق خىجالەت تارتقان مەلىكە خاتۇن ئۆزىنىڭ ئۈستى ـ بېشىدىكى زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى دېدىكىگە بېرىپ، ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋەتكەنىكەن.

مەۋلانەنىڭ قارىشىدا، دۇنيادىكى ھەممە ئىنسانلار بىر، پەقەتلا ئىنسان. «يەتمىش ئىككى مىللەت سىرلىرىنى بىزدىن ئاڭلايدۇ. بىز خۇددى بىر نەيگە ئوخشايمىز، ئىككى يۈز مەزھەپ ئەھلى بىلەن بىر پەدىدە سۆزلىشىمىز...» ، «بىر پۇتۇم پۇتۇنلەي ئىسلام پرىنسىپلىرى ئۈستىدە، يەنە بىر پۇتۇم بىلەن يەتمىش ئىككى مىللەتنى كېزىمەن»② دەيدۇ مەۋلانە.

ئۇنىڭ «يەتمىش ئىككى مىللەت بىلەن بىرمەن» دېگەن بۇ سۆزىدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك كۆزلىرى بىلەن قارىغان شۇ ۋاقىتتىكى قازى سەراجەددىن قەزۋىنى رۇمىنىڭ يۈزىنى تۆكمەك ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىرىگە شۇنداق بۇيرۇغانىكەن: «جامائەت ئارىسىدا مەۋلانەدىن سەن شۇنداق دەپسەن دەپ سورىغىن، ئەگەر ئىقرار قىلسا، ئاغزىڭدىن كېلىشىچە سۆك، شەرمەندە قىل.» ئۇ كىشى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كىشىلەر تازا جەم بولغان يەردە، مەۋلانەدىن يۇقىرىقى گەپلەرنى سوراپتۇ. رۇمى «ھەئە، شۇنداق دېگەنمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. ھېلىقى كىشى مەۋلانەنى ھاقارەتلەپ،

---

① مۇئەممەر يىلماز، - «K.M» 79 ـ سان، 10 ـ، 11 ـ بەتلەر.
② فەيزى ھالىجى: «مەۋلانەنىڭ شېئىر دۇنياسى» — «M. K»، 79 ـ سان، 4 ـ بەت.

سۆكۈشكە كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، مەۋلانە ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن «سېنىڭ دېگەنلىرىڭ بىلەنمۇ، بىرمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.①

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «نەسايىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان بۇ ھېكايەتتىنمۇ، بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىسىدە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەھمەد يەسەۋىمۇ، باشقا دىنىدىكىلەرنى كەمسىتىشكە، ئۇلارغا ئازار بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ھەممىنى ئوخشاش كۆز بىلەن كۆرۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ:

سۇننەت ئېرمىش كاپىر بولسا بەرمە ئازار،
كۆڭلى قاتتىق دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.②

ئاجىزلارنى، يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەش، ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتمەسلىك يەسەۋىنىڭ تەلىماتلىرىدا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان پىكىرلەر. ئۇ شۇنداق يازىدۇ:

يېتىمنى كۆرسەڭىز ئاغرىتمەڭىزلەر،
غەرىبنى كۆرسەڭىز داغ ئېتمەڭىزلەر.③

بۇ پىكىرلەردىمۇ يەنىلا ئىنسانلارنى ئوخشاش كۆرۈش، يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئايرىماسلىق قاتارلىق ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلەر يەنى ئىنسانغا بولغان سۆيگۈ ئەكس ئەتكەنىدى.

يۇنۇس ئەمرا بولسا جالالىددىن رۇمىغا ئاۋاز قوشىدۇ.

---

① مۇئەممەر يىلماز، 10 ـ بەت؛ ئىبراھىم ھەققۇلوف، 3 ـ، 4 ـ بەتلەر.
② كەمال ئەراسلان: «دىۋانى ھېكمەت سەچمەلەر»، 26 ـ بەت.
③ كەمال ئەراسلان: «دىۋانى ھېكمەت سەچمەلەر»، 282 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

يەتمىش ئىككى مىللەتنى بىر كۆز بىلەن كۆرمىگەن،
شائىرنىڭ ئەۋلىياسى بولسىمۇ ھەقىقەتكە ئاسىيدۇر.①

يۇنۇس ئەمرانىڭ قارىشىدىمۇ بارلىق ئىنسانلارنى باراۋەر، ئوخشاش كۆرمىگەن ئادەم مەيلى ئەۋلىيا بولۇپ كەتسۇن ۋە ياكى پۈتۈن خەلقنى ئوقۇتىدىغان مۇدەررىس بولسۇن، ئۇ ھەقىقىي ئىنسان ھېسابلانمايدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ:

يەتمىش ئىككى مىللەتكە بىر كۆز بىلەن باقمىغان،
خەلىققە مۇدەررىس بولسىمۇ ھەقىقەتكە ئاسىيدۇر.②

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىك روھنىڭ يىلتىزى، ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى «ئىشق» چۈشەنچىسى ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئاللانىڭ سىرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىنساننى ئۇلۇغلاش، ماھىيەتتە ئاللانى ئۇلۇغلاش دېگەنلىك ياكى جالالىددىن رۇمىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتساق، «ئىنساننى سۆيمەك ئاللانى سۆيمەكتۇر». شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىدا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قەلبى بىر تۇتاش، ئىنسانلار بىرلىشىشى، دوستلۇقتا ئۆتۈشى كېرەك دېگەنگە ئوخشاش دىن، مەزھەپ، مىللەت، ئىرق چەكلىمىسى بولمىغان ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىمۇ ئەكس ئەتكەندى.

جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىدىيىسىدىكى گۇمانىستىك پىكىرلەر ئىچىدە، شائىرنىڭ ئاياللارغا بولغان تونۇشىدىمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئاشۇ چەكسىز ئىشق ئاستىدا تۇغۇلغان ئىنسان

---

① فەيزى ھالىجى: «مەۋلانەنىڭ شېئىر دۇنياسى» — «M. K»، 79 ـ سان، 4 ـ بەت.
② فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، 304 ـ بەت.

سۆيگۈسى يارقىن ئىپادىلەنگەندى. شائىر ئاياللار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئايال پەقەت مەشۇقلا ئەمەس، پەقەت بەندىلا ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىدۇر. ھەممەيلەن ياراتقۇچىسىنى چۈشىنەمدىكىن؟ ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاياللىرىنى چۈشىنەمدىكىن؟

قاراڭغۇلۇقتا كۆنۈكۈپ قالغان كۆزلەر قۇياش نۇرىغا چىدىيالمايدۇ. ئۆز كىتابلىرى ئارىسىغا قۇرتتەك بېكىنىۋالغان بىلىمدانلار ‹ئاياللار يۈزلىرىنى ياپسۇن، ئۇلارنى ھەرەملەرگە قاماڭلار، سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى قەبرە تاشلىرىغا يازماڭلار› دەپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، ئاشۇ زۇلمەت ۋە جاھالەت بەندىلىرىنىڭ ئاياللار قەلبىنىڭ شولىسىدىن قورققىنىدىن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار يەنە ‹قۇرئان› سۆزلىرىگە تايىنىپ: ‹ئەرلەر ئاياللاردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.› دېيىشىدۇ. ئەمما بىرىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاش بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە يەتتى دېگەنلىك ئەمەس. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىدا ئاياللار يۈزلىرىنى ياپمايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۆز، ئەمەلىي ئىشلىرى بىلەن شان ـ شۆھرەت قازانغان ئاياللار ئازمىدى؟ ئۇلار ئەر بولۇپ تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، ئەر بولۇپ يېتىشكەن. كۆپلىگەن ئاياللار پەزلى كامالەت ۋە زور جاسارەتتە ئەرلەردىن يۇقىرى تۇرۇشىدۇ.»[1]

مەۋلانە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئايال دېگەن نېمە؟ بۇ — دۇنيا دېگەنگە ئوخشاش گەپ. بۇنى دېسەڭمۇ ـ دېمىسەڭمۇ ئۇ ئۆز تەبىئىتىنى تاشلىمايدۇ. سېنىڭ سەپسەتىلىرىڭ ئۇنىڭغا پەقەت زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر ناننى ئېلىپ قوينۇڭغا تىقىۋېلىپ ‹ھەر قانداق چاغدىمۇ ھېچكىمگە بەرمەيمەن، كۆرسەتمەيمەن!› دەپ باق، سەن قانچىلىك خەسىسلىك قىلساڭ

① رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۇيغۇرچە)، 137 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەملەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك خىرىس قىلىدۇ. يېلىنىپ يالۋۇرۇشقا، تەھدىت سېلىشقا، ھاقارەتلەشكە باشلايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سەن ئايالىڭغا: باشقىلاردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈزۈڭنى كۆرسەتمە، دەپ قانچە تاپىلىساڭ، ئۇنى كۆرۈشنى ئىستەيدىغانلار كۆپىيىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئادەملەرگە كۆرۈنۈش كويىغا چۈشىدۇ. چۈنكى، چەكلەنگەن نەرسە ئىنساننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ... سەن تىنچ ۋە خاتىرجەم تۇرۇۋاتىمەن دەپ ئويلايسەن، لېكىن ئۆز ئەتراپىڭدا ئۆز قولۇڭ بىلەن نارازىلىق ئوتىنى ياققانلىقىڭدىن ئۆزۈڭ بىخەۋەر. ئۇنىڭ قەلبىگە ئىزگۈلۈك ئۇرۇقى چېچىلغان بولسا، توساڭ ـ توسۇمىساڭ ئۇ ياخشىلىق يولىدا ماڭىدۇ. بەس، بۇنىڭغا ئاۋارە بولمايلا قوي! ئەگەر ئەكسىچە بولسا، بەربىر ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلماي قالمايدۇ. سېنىڭ تەقىبلىرىڭ ئۇنىڭ خاھىشلىرىنى كۈچەيتىدۇ، خالاس. سەن كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئۇنى تۈزەتمەكچى بولىسەن. ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇنىڭ مەينەتچىلىكىنى تازىلىماقچى بولىسەن. ھالبۇكى، بۇ سىناق ساڭا سەۋەبسىز بېرىلمىگەن، ئۇنىڭ ياردىمىدە ئۆزۈڭدىكى مەينەتچىلىكنى سۈرتكىن، دەپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ دەشنامىلىرىنى قوبۇل قىل، كۆڭلىنى ئال، مېھرىڭ بىلەن ئۇنى ھىمايە قىل. مۇمكىنقەدەر، ئەركەكلەرگە خاس رەشىك بالاسىدىن خالىي بولغايسەن. دېيىلمىشكى: «ئەرلەر ئاياللاردىن يۇقىرى تۇرغاي.» («قۇرئان»، I سۈرە، 34 ـ ئايەت). جاھىللار ھەقىقەتەنمۇ ئاياللاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار قوپال ۋە باغرى تاشتۇر. ئۇلاردا رەھىم ـ شەپقەت، مېھرى ـ مۇھەببەت، ھىممەت ـ خەيرىخاھلىق ئاز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە ھايۋانىيلىق ھۆكۈمران، مۇھەببەت ۋە مۇرۇۋۋەت بولسا — ئىنسانىيدۇر، جەھل ۋە خىرىس ھايۋانىيلىقتۇر. بۇنداق ئەركەكلەردىن

ئەقىللىق ۋە دىلى پاك بولغان ئاياللار كۆپ ئۇستۇن تۇرىدۇ.»[1]

ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق قارىشىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدەك مۇنداق بىر ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە بۇندىن يەتتە ئەسىر ئىلگىرى تۇغۇلغان بۇ پىكىرلەر، شۇ دەۋر ئۇچۇن مىسلىسىز بىر جاسارەت بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى كۈندىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بۇ ھەقتە ئارتۇقچە سۆزلىمىسەكمۇ يۇقىرىدىكى قۇرلارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشمۇ بۈيۈك مۇتەسەۋۋىپ شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىنسانغا بولغان سۆيگۈنى، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

* * * * * * * * * * * * * *

باشتىلا ئېيتقىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپ ئۆزىگە خاس بىر قاتار ئەخلاقىي تەلىماتلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان (ھەتتا ھەر قايسى تەرىقەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەخلاق ئۆلچەملىرى، پرىنسىپلىرى بولغان). شۇنداق ئىكەن، بۇ دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمىز بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلىشىمىز قىيىن. بەلكىم مەلۇم تەرەپلەرنى يورۇتۇپ بېرەلىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتلىرىنى تولۇق يورۇتۇش ئۇچۇن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە، ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 4 § . تەسەۋۋۇپتىكى ئېستېتىك ئىدىيىلەر

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئېستېتىك ئىدىيىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر تېما. بۇ بىزنىڭ بەدىئىي

---

① رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى» (ئۆزبېكچە)، 102 ـ، 103 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېئىرىيىتىمىزدە يارىتىلغان ئېستېتىك دۇنيانى چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭ تېگىگە يېتىپ ھەقىقىي قىممىتىنى تونۇشىمىزدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەن بۇ يەردە ۋاقىت ۋە ماتېرىيال ئىمكانىيىتى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى تەسەۋۋۇپتىكى بىر قىسىم ئېستېتىكىلىق قاراشلار ھەققىدە قىسقىلا توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. مەخسۇس ئىزدىنىشنى بولسا كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمغا قالدۇردۇم.

ئالدىنقى بابتا تەسەۋۋۇپتا ئالەمنىڭ يارىتىلىش سەۋەبلىرىدىن بىرى «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) يەنى ئاللانىڭ ئۆز ھۆسنىنى كۆرمەكچى بولۇپ ئالەمنى ئەينەك سۈپىتىدە ياراتقانلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەندۇق. بۇ تەسەۋۋۇپتىكى ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ «ئېستېتىك پرىنسىپى» ئىدى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللا ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن كائىناتنى ياراتقان:

ئۆز ھۆسنۈڭنى خوبلار شەكلىندە پەيدا ئەيلەدىڭ،
چەشمەئى ئاشقدىن دونۇپ سوگرە تەماشا ئەيلەدىڭ.①
(ئۆز ھۆسنۈڭنى گۈزەللەر (ياخشىلار) شەكلىدە پەيدا قىلدىڭ.
ئاشىقنىڭ كۆزىدىن قايتىپ چىقىپ بۇلارنى تاماشا قىلدىڭ.)

دېمەك، ئۇلار ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندى. كائىنات ئاللانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى — گۈزەللىكنىڭ نامايەندىسى (تەجەللىسى) بولغانىكەن، ئەلۋەتتە كائىنات گۈزەل بولغان بولىدۇ.

---

① ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئىسلامىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىرى ۋە مەنبەلىرى» — «تۈرك تىلى ئاراشتىرمالىرى يىللىقى، 1971» (TDAY) ئەنقەرە، 1971 - يىل، 168 - بەت.

تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى، «ئىلاھىي ئىشق» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى رەبىيەتۇل ئادەۋىييەنىڭ ئاللانى «مەڭگۈلۈك گۈزەللىك» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، بۇ گۈزەللىككە يېتىشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ئىشق دەپ قارىغانلىقىنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى ھەققىدىكى بايانلىرىمىزدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ قاراشتىمۇ بىر خىل گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىستىكى ئىپادىلەنگەنىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ پوئېزىيىسىدىكى ئاساسىي تېما — ۋەسفىگە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان گۈزەل جانانغا بولغان ئىشق تېمىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك گۈزەللىك ياكى «مۇتلەق گۈزەللىك» (ھۆسنى مۇتلەق) سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان ھەققە يەنى «مەشۇقى ئەزەل» گە بولغان ئىنتىلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئەسەرلىرى، گويا تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان يېگانە بىر گۈزەلگە — جانانغا بولغان ئىشقتىن بىھوشلىنىپ، ساقىيدىن قانماي مەي تەلەپ قىلىۋاتقان دەردمەن ئاشىقنىڭ قەلب ئىزھارى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ تەرىپىدە ئالەمدە ئىككىنچى بىر تەڭدىشى بولمىغان ھۆسن ئىگىسى — جانان، يار، مەشۇق، ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك گۈزەللىك دەپ قارالغان «ھۆسنى مۇتلەق» يەنى «مەشۇقى ئەزەل» دىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇلار ئۆزلىرى ئىنتىلگەن جاناننى تەڭداشسىز، نۇقسانسىز بىرگۈزەللىك دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مەشۇق گۈزەللىكتىن ئىبارەت دەپ قارالغان. ئەلىشىر نەۋائىي «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا مۇنداق يازىدۇ: «مەشۇق گۈزەللىكتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىبارەتتۇركى، ھەدىس شەرىپتە ‹خۇدا گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ› دېيىلىدۇ.»①

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلارنىڭ ھەققە بولغان ئىنتىلىشى، ئۇنىڭ گۈزەل بولغانلىقىدىن، يەنى «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) بولغانلىقىدىن ئىدى. مەلۇمكى، گۈزەللىك — ئېستېتىكىدىكى ئاساسىي چۈشەنچە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى «گۈزەللىك ھەققىدىكى پەن» — «ئېستېتىكا» دەپ ئاتالغان.

ئۇلار «ھۆسنى مۇتلەق» كە يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قەلبنىڭ پاكلىقى دەپ ھېسابلىغان. گەرچە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى پاكلىق قەلبىدىن دۇنيا سۆيگۈسىنى چىقىرىپ تاشلاش، ئۇنى ھەقتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە قاراتماسلىق دەپ قارالسىمۇ، بۇ پاكلىق يەنە ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى قەبىھلىك، ھەسەتخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىق خۇنۇكلۇكلەردىن خالاس بولۇپ، گۈزەللىككە يۈرۈش قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. شۇڭا ئۇلار گۈزەللىككە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى پاكلىق دەپ قارىغان.

ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتلىرىدىكى سەمىمىيلىك، كەمتەرلىك، خۇش پېئىل، شېرىن سۆز بولۇش ھەققىدىكى تەشەببۇسلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە گۈزەللىك ئۇقۇمىغا تەئەللۇق ئىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتلىرىدىكى، باشقىلاردىن يامانلىق كۆرسىمۇ يەنە ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى قەرز دەپ بىلىش قاتارلىق تەشەببۇسلارمۇ ئېستېتىكىدىكى ئاساسىي چۈشەنچىلەردىن بىرى — ياخشىلىق كاتېگورىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. ياخشىلىق — ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. فرانسۇز پەيلاسوپى د. دىدرو: «ھەققانىيلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك

① ئەلىشىر نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، قەشقەر، 1990 ـ يىل، 125 ـ بەت.

ھەممىشە بىلىدۇر»① دەيدۇ.

تەسەۋۋۇپتىكى ئەخلاقىي تاكامۇللۇقنىڭ ئۆلچىمى ھېسابلانغان «ئىنسانى كامىل» قارىشىنى مەلۇم مەنىدە ئېستېتىكىدىكى كامىللىق ياكى تاكامۇللۇق چۈشەنچىسى بىلەن چۈشىنىشىمىز تامامەن مۇمكىن. ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى «كامىل ئىنسان» ھەر تەرەپلەردىن تاكامۇللاشقان، مەنىۋىيەتتە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ چۈشىنەلەيدىغان ئىنسان ئىدى. «ئىنسانى كامىل» لىققا ئېرىشىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلار بولسا مەنىۋىيىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، گۈزەللىككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا «ئىنسانى كامىل» نى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىنمۇ ئېستېتىك كامال تاپقان ئىنسان دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، «ئېستېتىك كامال تاپقان ۋە تەربىيىلەنگەن ئىنسان كۆپىنى كۆرەلەيدۇ. نازۇك ھېسلارنى ھېس قىلىدۇ، ئۆز ئالىمىنى ۋە ئۆزى بىلەن مۇئامىلىدە بولىدىغان ئۆزگىلەر ئالىمىنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئەكسىچە، ئىنساندا گۈزەللىكنى ھېس قىلىش راۋاجلانمىغان بولسا، ئۇ ھەتتا ئۆز كېچىنمىلىرىگىمۇ ئېتىبارسىز، بىپەرۋا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئېستېتىكا «ئۆز - ئۆزىچە» مەۋجۇت بولماستىن، شەخسنىڭ ئەخلاقىي ئالىمى بىلەن نازۇك يىپلار ئارقىلىق باغلانغاندۇر.»②

تەسەۋۋۇپتىكى گۈزەللىك — ئېستېتىكىدىكى ئاساسىي گۈزەللىك بولغان ئىچكى گۈزەللىك يەنى قەلب گۈزەللىكىدىن ئىبارەت.

ئۇلارنىڭ ئىنتىلىش نىشانى ياكى ئېستېتىك غايىسى — «ھۆسنى مۇتلەق» يەنى «مۇتلەق گۈزەللىك» كە يېتىش بولغىنى

---

① ۋ. ئى. تولستىخ، ب. ئا. ئېرېنگروس قاتارلىقلار تۈزگەن «ئېستېتىك تەربىيە»، تاشكەنت، 1984 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 32 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 28 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ ئىچكى روھىي پائالىيەتلىرى، ئەخلاقىي ئىنتىلىشلىرى ئىستېتىك پرىنسىپلارنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەنىدى.

جالالىددىن رۇمىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە ئىستېتىك قاراشلار ناھايىتىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن: «سۆيۈلگەن كىشى گۈزەلدۇر. ئەكسىچە بولمايدۇ. يەنى گۈزەللەرنىڭ ھەممىسىلا سۆيۈلۈۋەرمەيدۇ ھەم سۆيۈلۈشى شەرتمۇ ئەمەس. گۈزەللىك سۆيۈملۈكلۈكنىڭ بىر قىسمى. سۆيۈملۈك بولماق ئەسلى ماھىيەتتۇر. بۇ بولغاندىكىن گۈزەللىكمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ھەر بىر نەرسىنىڭ جۇزئىي كۈللىدىن ئايرىم بولالمايدۇ، ئۇلار بىر پۈتۈندۇر، يەنى جۇزئىي كۈللى بىلەندۇر. مەجنۇننىڭ زامانىدىمۇ گۈزەللەر بار ئىدى، ھەتتا ئۇلار لەيلىدىن چىرايلىقراق ئىدى. بىراق مەجنۇن ئۇلارنى سۆيمىدى. ئۇنىڭغا ‹لەيلىدىن گۈزەلرەكلەرنى ساڭا كۆرسىتەيلى، بېرەيلى› دېيىشكەن. مەجنۇن بولسا ‹مەن لەيلىنىڭ سۇرىتىنى (تاشقى كۆرۈنۈشىنى) سۆيگىنىم يوق ھەم ئۇ تاشقى كۆرۈنۈشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. لەيلى مېنىڭ قولۇمدىكى بىر قەدەھكە ئوخشايدۇ. مەن بۇ قەدەھتىن شاراب ئىچىۋاتىمەن. چۈنكى مەن شارابقا ئاشىقمەن. سىزنىڭ كۆزىڭىز پەقەت قەدەھتە، ئىچىدىكىنى بىلمەيسىز› دېدى. مېنىڭ قولۇمغا ئالتۇن بېزەكلىك بىر قەدەھ تۇتقۇزسايۇ، ئىچىدىكى نەرسە شارابدىن باشقا نەرسە بولسا، بۇنىڭ نىمە پايدىسى بار؟ مەن ئۇچۇن شاراب تولدۇرۇلغان ئەسكى پۇچۇق ئىدىش ئالتۇندىن بېزەلگەن بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش يۈزلىگەن قەدەھتىن ياخشىراقتۇر. قەدەھتىكى شارابنىڭ مەززىسىنى بىلىش ئۇچۇن ئىشق ۋە شەۋق كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئون كۈندىن بېرى ھېچ بەرسە يېمىگەن ئاچ بىلەن كۈندە بەش مەرتە غىزالىنىپ يۈرگەن توقنىڭ نانغا بولغان قارىشى بىر خىل ئەمەس. چۈنكى،

توق نانىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا كۆرسە، ئاچ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرىدۇ. نان قەدەھ بولسا، مەززىسى قەدەھتىكى شاراب كەبىدۇر. بىراق، شاراب پەقەت ئىشتىھاسى ۋە شەۋقى بولغان كۆزگىلا كۆرۈنىدۇ. سەنمۇ ئۆزۈڭدە ئىشتىھا ۋە شەۋق ھاسىل قىل، پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشنىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى ماھىيەتنى كۆرگەيسەن.»[①]

مەۋلانە يەنە گۈزەللىكنىڭ مۇئەييەن زوقلىنىش ئوبيېكتىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغانلار ئۈچۈن گۈزەللىكنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق ئىكەنلىكىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ: «گۈزەللىك ئەھلىدىن بولمىغانلارغا گۈزەللىك كۆرسىتىش ئۇلارغا قىلىنغان زۇلۇمدۇر. نەرسىنى ئۇنىڭ ئەھلىگە كۆرسەتمەك لازىم.»[②]

بۇلاردىن باشقا، تەسەۋۋۇپتىكى ساما ۋە مۇزىكىغا (بولۇپمۇ مەۋلەۋىيلىك تەرىقىتىدىكىلەر) بولغان مايىللىقمۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئېستېتىك خاھىشلارنىڭ قىسمەن ئىپادىسى بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز روھىي دۇنياسىدا پۈتۈنلەي باشقىچە بىر گۈزەللىك ئالىمىنى كۆرۈشكە ئىنتىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن تەسەۋۋۇپتا مەلۇم دەرىجىدە ئېستېتىكىلىق قاراش ـ چۈشەنچىلەر مەۋجۇتلۇقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. شۇڭا تەسەۋۋۇپنى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىنمۇ تەتقىق قىلىش زۆرۈر ھەم ئەھمىيەتلىك.

---

① جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 68 ـ، 69 ـ بەتلەر.
② جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، 130 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# IV باب پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىمىزدا تەسەۋۋۇپ

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپ ئەڭ دەسلەپتە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا پاسسىپ ھالدىكى نارازىلىق سۈپىتىدە ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان ئايرىم شەخسلەرنىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ زاھىتلىق يولىغا مېڭىشىدىن ئىبارەت دىنىي پائالىيىتىدىن باشلانغانىدى. بۇ پائالىيەتنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشى بىلەن ئۇ نوقۇل ھالدىكى دىنىي پائالىيەتلا ئەمەس، بەلكى بۇ دىنىي پائالىيەتلەرنى چۈشەندۈرىدىغان نەزەرىيىۋى پىكىر ئاساسلىرىغا ئىگە بىر دىنىي پەلسەپىگە ئايلىنىشقا قاراپ ماڭدى.

ئەھلى تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى پىكىرلىرىنى بەدىئىي شەكىل — شېئىرىيەت ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىگەنىدى. كېيىن ئۇ تەرەققىي قىلىپ ئىبنى ئەرەبى تەرىپىدىن بىر قەدەر سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي تەلىماتىنى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» دېگەن سۆز بىرىكمىسى ئاستىغا مۇجەسسەملىگەندىن كېيىن بولسا، بەدىئىي ئىجادىيەت ئۇچۇن كەڭرى بىر زېمىن ياراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، بەدىئىي تەپەككۇرىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان پىكىر ئېقىمى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا كۆپلىگەن ئالىملار تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ مەنىۋى

مەدەنىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، ئۇنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى خېلى بۇرۇنلا تەكىتلەشكەنىدى.

ئەنە شۇ مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بىر بۆلىكى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى قىلىدىغانلىقى شۈبھىسىز. جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ شۇنداق.

بىر قىسىم شائىرلىرىمىز تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، يەنە بىر قىسىملىرى بىۋاستە بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ھەتتا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان تۇنجى يىرىك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» تە تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى — زاھىتلىقتا خاس ئىدىيىۋى پىكىرلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى كۆرىمىز. تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى چوققىلىرىدىن بىرى بولغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆز نۆۋىتىدە مۇتەسەۋۋىپ ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئەھمەد يەسەۋى، سوپى ئاللايار، ھۇۋەيدالار ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى تەسەۋۋۇپنى تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىشكە بېغىشلانغان بولسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسىگە، ئىنسانپەرۋەرلىككە ئۈندەيدىغان كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلەرنىڭمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئابدۇللا خاراباتى، مەشرەپلەرنىڭ ئىدىيىسىنى تەسەۋۋۇپتىن ئايرىپ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان. ئابدۇرېھىم نىزارى، زەلىلى، فۇرقەت ئىدىيىلىرىنى تولۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يورۇتۇش ئۇچۇنمۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە يانداشماي بولمايدۇ. ھەتتا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بولغان ۋاقىتتىكى بەزى شائىرلارنىڭ ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

قىسقىسى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپلىرىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتىمۇ زور بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارسىز ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى، پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى چۈشىنىش قىيىن.

شۇڭا، تەسەۋۋۇپنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلەش مۇددىئاسى بىلەن بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ئىدىيىسى، دۇنيا قارىشىدا ئەكس ئەتكەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە دائىر پىكىرلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

بۇ بابتا توختالماقچى بولغان بىر نەچچە شائىر مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى بۈيۈك سىمالار. ئۇلار ھەققىدە مەخسۇس ئىزدىنىش، ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆز ماھىيىتى بويىچە يورۇتۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ كىچىككىنە بىر باب بىلەن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدە تولۇق چۈشەنچە بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە ئالاقىدار قاراشلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشنى زۆرۈر تاپتىم.

## §1. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىرى

بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىش ئىدىيە جەھەتتىن تولىمۇ مۇرەككەپ بىر ئوبراز بولۇپ، ئۇ يېتىشكەن ئالىم ۋە پەيلاسوپ. ئەمما رېئال ھاياتتىن ئايرىلىپ خىلۋەت جايدا كۈن بويى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان زاھىت. ئودغۇرمىش ھەققە ئىبادەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ياشاشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ خىلۋەتكە چېكىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

3338. كى كۆردۈم بۇ يەردە دىنىم خوپلۇغى،
بۇ يەردە كۆرۈندى ئۆزۈم خوپلۇغى.
3339. شۇڭا كەلدىم ئەمدى بۇ يەرگە يۈرۈپ،
قىلاي ھەققە تائەت دەپ يالغۇز بولۇپ.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن زاھىتلارغا خاس بولغان سۆزلەر ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدۇ:

3341. پۈتۈن بۇ خەلققە ياپماستىن قوۋۇق،
ياراتقان خۇداغا تائەت قىلماق يوق.

ئۇ نەپس ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

3342. ھاۋا، نەپس بويىنىنى سىققاندا قاتتىق،
شۇ چاغدا تاپارسەن تائەتتىن تاتلىق.
3344. ھاۋا، نەپس — بۇ، دىنىنىڭ بۈيۈك دۈشمىنى،
تائەتتىن ئازدۇرار ئۇلار بەندىنى.
3637. بۇ نەپس بىر يىغى، بەك قۇۋۋەتلىك يىغى،
پۈتۈن يەردە ئۇنىڭ تورى - توزىقى.
3640. ئەي ئالىم بۇ نەپسكە ئەسىر بولمىغىن،
ئەسىر قىلسا نەپسىڭ، قۇربان بولۇر دىن.

ئالدىنقى بابتا مىسال قىلىپ ئۆتكەن نەپس ھەققىدىكى بۇ سۆزلەرمۇ ئودغۇرمىش تىلىدىن بېرىلگەنىدى:

3589. بۇ دۇنيا يىغىندۇر، ۋۇجۇد بىر يېغى،
بۇ ئىككى يىغىنىڭ يېيىغلىق ئاغى.
3590. ئۇچىنچى، شەيتاندۇر، ئوغۇرلايدۇ دىن،
ئامان قىلسۇن خۇدا بۇلار زىيىنىدىن.
3591. بۇلار ئىچرە قاتتىق، يامانراق يېغى -
ۋۇجۇد — نەپس، چىقارۇر پىتنە ھەر چېغى.

ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى نەپس ئىكەنلىكى، ھەقنى تونۇش، كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن نەپسنى ئۆلتۈرۈش تەشەببۇسى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتلىرىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان مەسىلە، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى بولغان زاھىتلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى. نەپس بىلەن كۈرەش قىلىش — تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىدا باشتىن - ئاخىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان مۇھىم چۈشەنچە ئىدى.

ئودغۇرمىش يۇقىرىدىكى پىكىرنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ:

4796. كۆڭۈلنىڭ سىرىنى ئاچارمەن ساڭا،
تىلەك ئارزۇ بىرلە ئۇچارمەن ساڭا.
4797. قۇۋۋانچىم، سۆيۈنچىم، ئاۋۇنچىم ئىگەم،
جىمىدىن قول ئۈزدۈم قاچارمەن ساڭا.
4806. كىشىدىن يىراق بولمىغۇنچە قاياش،
قىلىپ بولمىغاي ھەقكە تائەت، ئاداش.
4907. ئۈزۈپ ئەتمىگۈنچە ھەۋەس بويىنىنى،
تاپالماس ۋۇجۇد ھەق - رۇسلۇق يولىنى.

نەپسنى - ھەۋەسنى يوقىتىش، ئۆلتۈرۈشتىن مەقسەت ھەق

يولىنى تېپىش، بۇنىڭسىز ھەقنى تاپقىلى بولمايدۇ. نەپسىنىڭ بويىنىنى سىققاندىن كېيىن قەلبكە ھەق سۆيگۈسى كىرىدۇ. بۇ ئودغۇرمىشنىڭ ھەقنى تېپىش، ئۇنى تونۇش ھەققىدىكى پىكرى، ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ:

4808. راستتىن ھەق سۆيگۈسى كىرمىكى ئۈچۈن،
چىقار دىلدىن جاھاننىڭ ئارزۇسى پۈتۈن.

جاھان ئارزۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى قەلبدىن چىقىرىپ تاشلىغاندىلا ھەق سۆيگۈسى كىرىدۇ. بۇ قەلبنى ماسىۋا (جاھان سۆيگۈسى) دىن تازىلاش دېمەك.

4787. ئاۋۋال ئۇ ئەزەلدىن خالىغاچ مېنى،
مەن ئەمدى ئىستەيمەن پەقەتلا ئۇنى.
4788. مۇشۇنداق ئىگەمنى ئېچۈك سۆيمەيىن،
تېپىشقا ئۇنى مەن ئېچۈك شاشمايىن.

ئودغۇرمىشنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

ئەي غاپىل دۇنياپەرەس ھېچ ئۆزۈڭگە كېلمەسمۇسېن،
مۇندا سېنى كىم كېلتۇردى ئىستەپ ئانى تاپماسمۇسېن.①

گەرچە ئەھمەد يەسەۋى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن ئۆتكەن بولسىمۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئودغۇرمىش ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىدىيە بىلەن يەسەۋىنىڭ تەشۋىق قىلىدىغان ئىدىيىسى ئارىسىدا ئورتاقلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان زامان ۋە ماكاندا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ پىكىرلەردە ئورتاقلىق

① كەمال ئەراسلان: «دىۋانى ھېكمەت سەچمەلەر»، 27 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەنگەنىدى.

يى. ئې. بېرتېلس بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرىلا «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۇدغۇرمىش تىلىدىن بېرىلگەن تۆۋەندىكى ئىككى بېيىتنىڭ VIII ئەسىردە بەلختە ئۆتكەن، شاھلىق تاجۇ - تەختىدىن ۋاز كېچىپ سوپىلىق يولىغا ماڭغان ئاتاقلىق سوپى ئىبراھىم ئەدھەم (ۋاپاتى: 161/778) نىڭ سۆزىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇدغۇرمىش شۇنداق دەيدۇ:

3386. كېمىگە چۈشكۈچى — خوتۇن ئالغۇچى،
دېڭىز ئىچرە كىرەر ئاڭا چۈشكۈچى.
3387. تۇغۇلسا ئوغۇل - قىز كېمىسى سۇنۇر،
كېمە سۇنسا سۇدا تىرىك كىم قالۇر؟

ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوپىلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «ئۆيلەنگەن ئادەم كېمىگە چىققان بىلەن ئوخشاش، بالا تۇغۇلسا كېمە سۇغا غەرق بولىدۇ.»① دېگەن سۆزى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى يۇقىرىقى سۆزلەر ئارىسىدا پەرق يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا بېرتېلس بۇ ھەقتە ئەينى ۋاقىتتا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى دېگەن تېمىدا ئايرىم ماقالىمۇ يازغان.② «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى توغرىسىدا ئىزدەنگەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەتقىقاتچىسى م. س. فومكىن (M. C. ФОМКИН) بېرتېلسنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغان ھالدا ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ سۆزىنى ئەسەرگە ئەينەن قىستۇرۇلغان دەپ قارىغان.③ «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئامېرىكىلىق ئالىم روبېرت دانكوف

---

① يى. ئې. بېرتېلس: «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات» — «يى. ئې. بېرتېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، IV توم، موسكۋا، 1965 - يىل، 183 - بەت.
② يى. ئې. بېرتېلس: «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات»، 181 — 187 - بەتلەر.
③ م. س. فومكىن: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى سوپىستىك ماتېۋلار توغرىسىدا» — «سوۋېت تۈركولوگىيىسى»، 1990 - يىل، 5 - سان، 70 -، 71 - بەتلەر.

مۇ يۇقىرىدىكى پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ، ئەسەردىكى (R. Dankoff) يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بىر قىسىم مەزمۇنلارنى بىۋاسىتە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە ئودغۇرمىشنىڭ:

.3540 بىزەكلەپ بۇ دۇنيا ئۆزىن كۆرسىتۇر،
ياسانغان كېلىندەك دىلنى ئوينىتۇر.

دېگەن سۆزلىرىنى يەھيا بىننى مۇئازنىڭ «بۇ دۇنيا خۇددى يېڭى كېلىندەك. . .»[1] دېگەن سۆزلىرىگە تەققاسلايدۇ.

زاھىت ئودغۇرمىش ئۆزىنىڭ زاھىتلىقىنى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دەيدۇ:

.3359 بۇ يالغۇزلۇقىمدىن ماڭا يوق زىيان،
بۇنىڭلە بولۇندى تەنۇدىن ئامان.

.3563 بەدەل قىلدى ئابدال ئۇ مالۇ ـ مىلىن،
بىلىپ تەرك ئەتتى زاھىت بۇ دۇنيا ئۈلىن.

.3525 جاھان بەختى ياخشى بىر نەرسە ئەمەس،
قىلۇر ھەققىن يىراق، دىنغا بەلا، بەس.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئودغۇرمىش تىلىدىن چىققان زاھىتلىققا خاس سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى تۆۋەندىكى بېيىتلار ئىدى.

.4765 تونۇم قوي يۇڭى بەس، غىزا ـ ئارپا ئاش،
تولۇق بولدى دۇنيا ماڭا، ئەي قاياش.

---

[1] روبېرت دانكوف: «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە ئىزاھلىرى» — «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانغان تەرجىملەر، 1 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، 1991 ـ يىل (خەنزۇچە)، 107 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4767. نېسۋەم تېپىپمەن جاھاندىن بۇنى،
يېيىشكە كېپەكنى، تونغا قوي يۇڭى.
4768. كېپەك كۆپ لەززەتلىك شىكەردىن ماڭا،
بۇ ئاق تون باسار ئۇ يىپەك ئورنىنى.

مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قاراشلار ئىچىدە ئەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان قاراش دەل ئەرەب تىلىدىكى «يۇڭ، قوي يۇڭى» مەنىسىدىكى «سۇف» سۆزى ئىدى. سوپىلار قوي يۇڭىدىن قىلىنغان قوپال، كۆرۈمسىز تون كىيىپ يۈرگىنى ئۈچۈن كىشىلەر «قوي يۇڭىدىن تون كىيگۈچى» دېگەن مەنىدە ئۇلارنى «سۇفى» («سۇف» سۆزىنىڭ تۈرلىنىشى) دەپ ئاتاشقان. سوپىلار مانا شۇنداق قوي يۇڭىدىن قىلىنغان كۆرۈمسىز تون كىيىشنى، ناھايىتىمۇ ئاز يېمەك يېيىشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلغان بولۇپ، بۇنى ئاددىي - ساددىلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ ھېسابلاشقان.

دۇنيادىن قول ئۈزۈپ زاھىتلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئودغۇرمىشنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى بىلەن دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىت سوپىلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئورتاقلىقلارنى مۇقەررەر بىر باغلىنىشقا ئىگە دەپ جەزملەشتۈرۈشكە ھازىرچە ئاساسىمىز يېتەرلىك بولمىسىمۇ، باغلىنىش يوق دېيىشكە ھەم ھېچبىر ئاساسىمىز يوق. چۈنكى ئەسەردىكى ئودغۇرمىش ۋەكىللىك قىلمۇۋاتقان ئىدىيە، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى بولغان زاھىتلىقنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، بۇ مۇئەللىپنىڭ ئىدىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە.

م. س. فومكىن ئەسەردىكى

6286. قاياشى مۇرىتى قۇمارۇ چىقىپ،
سالام قىلدى كۆزدىن ياشلىرى ئېقىپ.

دېگەن بېيىتتىكى «مۇرىتى قۇمارۇ» دېگەن سۆزگە ئاساسلىنىپ، ئودغۇرمىشنى ئادەتتىكى زاھىت ئەمەس، بەلكى مۇرىتى بار شەيخ دەپ قارىغان. ئۇ بۇ ھەقتە «جەزملەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، ئودغۇرمىش ئادەتتىكى بىر زاھىت ئەمەس، ئۇ شەيخ، چۈنكى ئۇنىڭ مۇرىتى بار.»① دەپ يازىدۇ. بۇمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن قارىغاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ھەر قايسى ئىلىم ساھەلىرى بويىچە يېتىشكەن بىر ئالىم، پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان، كېيىنچە تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى دەپ ھېسابلانغان زاھىتلىق ھەققىدە بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. ئەسەردىكى زاھىت سۆزى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى تېكىستىدىكى سۆز بولۇپ، ئودغۇرمىشنىڭ تىلىدىن چىققان ئورۇنلار (3563 ـ بېيىت) مۇ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزنى ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ زاھىت ئاتالغانلىقىنى سۆزلىگەندىمۇ ئەينەن قوللىنىدۇ (3229، 3441، 3442، 3443 ـ بېيىتلار).

تەسەۋۋۇپنىڭ بۇ نام بىلەن ئاتىلىشى تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان ۋاقتىدىن بىر قەدەر كېيىنرەك بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ يولغا ماڭغانلار «زاھىت، ئابىد» دەپ ئاتالغاندى. كېيىنچىمۇ «زاھىت» تەسەۋۋۇپنىڭ ئاتالغۇلىرىدىن

① م.س. فومكىن: «يۇسۇپ بالاساغۇننىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› ىدىكى سوپىستىك ماتىۋلار توغرىسىدا»، 69 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرى سۈپىتىدە داۋاملىق قوللىنىلىپ كەلگەن.

دەسلەپكى دەۋرلەردە «زاھىت، ئابىد» دەپ ئاتالغانلار دەل كىشىلەردىن ئايرىلىپ خىلۋەت جايلاردا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان، جاھان ھەۋەسلىرىدىن ۋاز كېچىپ ھەق يولىنى تۇتقان تەقۋادارلار ئىدى. ئودغۇرمىشنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، تۇرمۇش ئادىتى ئەنە شۇ زاھىتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرگەنىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا رەسمىي بىر تەلىمات سۈپىتىدە تارقىلىپ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇشى XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بۇ يولغا ماڭغان تەقۋادار زاھىتلار تەسەۋۋۇپنى تارقىتىش مەقسىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەنلىكى شۈبھىسىز. پروفېسسور، دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈ «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار» ناملىق ئەسىرىدە، «بىزنىڭ ئىشەنچىمىزگە كۆرە، ئەھمەد يەسەۋى ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتتا، تۈرك ئالىمى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى — ھەر ھالدا IV ئەسىر (مىلادىيە XI ئەسىر) دىن تارتىپ تەسەۋۋۇپ پىكىرلىرى بىلەن تونۇشقان، مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ مەنقەبە (يەنى شۇلارنىڭ ھاياتىغا دائىر رىۋايەتلەر) ۋە كارامەتلىرى يالغۇز شەھەرلەرگىلا ئەمەس، كۆچمەن تۈركلەر ئارىسىغىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر تارقالغانىدى.» [1] دەپ يازىدۇ.

دوكتور كەمال ئەراسلانمۇ «دىۋانى ھېكمەت» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ئۈچۈن يازغان كىرىش سۆزىدە، فۇئاد كۆپرۈلۈنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىگەن ھالدا مۇنداق يازىدۇ: «مىلادىيە X — XI ئەسىرلەردە بۇخارا، مەرۋى، ھېراتقا ئوخشاش ئىسلام مەركەزلىرىگىچە تەرەققىي قىلغان تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرى تۈرك

[1] فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، 19 - بەت.

دەرۋىشلىرى[1] ۋاسىتىسى بىلەن كۆچمەن تۈركلەر ياشايدىغان يايلاقلارغا قەدەر تارقالغانىدى.»[2]

يۇقىرىقى پىكىرلەر بىزگە، دەسلەپكى تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىغانلىقىنى (زور تەسىرگە ئىگە بولالمىغان ھالەتتىمۇ) چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە تېز تەرەققىي قىلغان ۋە قەشقەرمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق ئىكەن يايلاقلاردىكى كۆچمەن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا قەدەر تارقىلىشقا باشلىغان تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان قەشقەرگىمۇ مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە بولمىسۇن تارقالماي قېلىشى ئېھتىمالدىن ناھايىتىمۇ يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىغا قانداقتۇر دىنىي كېڭەيتىشكە كەلگەن «غازاتچىلار» ۋاسىتىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى دىن تارقىتىش مەقسىتى بىلەن كەلگەن سامانىيلار شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق تارقالغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، «ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلىقلار زېمىنىدا بۇنداق زور كۆلەمدە راۋاج تاپقانلىقى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىمىيەت كۈچىگە تايىنىپ بويسۇندۇرغانلىقىدىن باشقا،

---

① دەرۋىش — سۆز مەنىسى، بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ ئىشىك ئارىلاپ يۈرگۈچى، يەنى تىلەمچى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپتا تامامەن پەرقلىق مەنادا قوللىنىلغان. تەسەۋۋۇپتا دەرۋىش دۇنيادىن ۋاز كەچكەن، ئۆمرىنى ئىبادەت ۋە نەپسكە قارشى كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② كەمال ئەراسلان: «دىۋانى ھېكمەت سەچمەلەر»، 4 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوراساندىن كەلگەن سوپىزمچى نىشاپۇرلۇق ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد كارامىتى ئېلىپ بارغان دىنىي تەشۋىقات پائالىيىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇ مىلادىيە 961 - يىلى قاراخانىيلار ئوردىسىدا ۋاپات بولغان». ①

ئېھتىمال دەسلەپكى تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسى مانا شۇنداق بىر يوللار بىلەن قاراخانىيلار تەۋەلىكىگىمۇ تارقالغان ۋە خانلىقنىڭ دىنىي ھاياتىدا مەلۇم نىسبەتتە ئەكس ئەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىمى ۋە پەيلاسوپى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىدىكى تۈرلۈك خاھىش، پىكىر ئېقىملىرىغا سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، كۆزىتىشى، مۇلاھىزە قىلىشى تەبىئىي ئىدى. مۇئەللىپنىڭ پۈتۈن ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۆت سىمۋوللۇق پېرسوناژنىڭ بىرى بولغان ئودغۇرمىشتا گەۋدىلەنگەن زاھىتلىق، تەركىدۇنيالىق خاھىشىمۇ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن تۈرلۈك ئامىللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئەسەردە ئەكس ئەتكەن بولسا ئەجەپ ئەمەس.

ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ بەزى ئالىملىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئودغۇرمىش ئوبرازىدا ئىپادىلەنگەن قاراشلارنى ئەسەردىكى بۇددىزم ئىدىيىلىرىنىڭ ئىزنالىرى دەپ قاراپ كېلىۋاتىدۇ. تۈركىيىلىك ئالىم سائادەت چاغاتاي ھەتتا ئودغۇرمىشنى بۇددىزمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە ئەمەلىيەتتە ئىككى دىنىنىڭ مۇنازىرىسى دەپ قارىغان. ② كوممۇنار تالىپوف بولسا،

---

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، بېيجىڭ، 1995 - يىل، 51 - بەت.

② سائادەت چاغاتاي: « ‹قۇتادغۇ بىلىك› تە ئودغۇرمىشنىڭ كىشىلىكى — «تۈرك تىلى ئاراشتىرمالىرى يىللىقى — بەللەتەن»، 1967 - يىلى، 39 - 49 - بەتلەر.

ئودغۇرمىشنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بۇددا راھىبلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە «ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى» نى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئىسمىدىمۇ بۇددا دىنىنىڭ پۇرىقى بار دەپ ھېسابلايدۇ.[1] لاڭ يىڭ خانىممۇ ئودغۇرمىشنىڭ ئىسمىدىنلا بۇددىزمنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇ دۇنيا قاراش ۋە تۇرمۇش قارىشى جەھەتلەردە پۈتۈنلەي بۇددا دىنىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دەپ قارايدۇ.[2]

دەرۋەقە، ئودغۇرمىشنىڭ ئىسمى سۆز مەنىسى جەھەتتىن «ئويغانماق، ھوشىغا كەلمەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەسەردىمۇ بۇ ئىسمنىڭ تومۇرى «ئود» (OD) تىن ياسالغان سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئودۇغمىل (1209 - بېيىت)، ئودۇغ (408، 452، 1956 - بېيىتلار)، ئودۇغلۇق (440، 442 - بېيىتلار) قاتارلىقلار. بۇ يەردىكى «ئويغانماق، ھوشىغا كەلمەك» روھىي جەھەتتىكى ئويغىنىشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ نوقۇل بۇددا دىنىدىلا تەكىتلىنىدىغان چۈشەنچە ئەمەس، ھەر قانداق دىندا، جۈملىدىن ئىسلام دىنىدىمۇ ياراتقۇچىنى تونۇش، ئۇنى ياد ئېتىش، غەپلەتتە يۈرمەسلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى روھىي جەھەتتىكى ئويغىنىش ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەردىكى دىنىي پۇرىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مۇرەككەپ ئوبراز ئودغۇرمىشنىڭ مۇئەللىپ سىمۇۋل قىلغان ئىدىيىدىن سىرت، ئىسمىنىڭمۇ «ئويغانغان» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ ئەسەردىكى ئورنىغا ناھايىتىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ

---

① كوممۇنار تالىپوف: «‹قۇتادغۇ بىلىك› دەۋر ئەينىكى» — «كوممۇنىزم تۇغى»، 1988 - يىل، 29 -، 30 - ئىيۇل سانلىرى.

② لاڭ يىڭ: «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى»، ئۈرۈمچى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 117 — 125 - بەتلەر.

دۇنيادىكى ئۆتكۈنچى ھۇزۇر - ھالاۋەتلەرگە بېرىلمەي، ھەر ۋاقىت خۇدانى ياد ئېتىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇ دۇنيالىقنى ئويلاش ھەققىدىكى پىكىرلىرىمۇ، دىنىي نۇقتىدىن قارىغاندا ھەقىقەتەنمۇ «ئويغىنىش» ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، دۇنيا قارىشىغا ماس بولغان مەزمۇنلار بايان قىلىنغان مىسرالاردىنمۇ بۇ پىكىرلەرنىڭ دىنىي ئويغىنىشقا ئېرىشكەن زاھىتلارغا خاس قاراشلار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنىڭ ئاللىقاچان تارقىلىپ بولغانلىقىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق ئىكەن، مېنىڭچە، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى، ئىدىيىسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئودغۇرمىشنىڭ ئىدىيىسى، تۇرمۇش، ئۆلۈم ھەققىدىكى قاراشلىرى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىنى بۇددىزمنىڭ تەسىرى دەپ تەھلىل قىلغاندىن كۆرە، ئىسلامدىكى تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پىكىر - چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرى دەپ چۈشىنىش ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ئىدىيىۋى قۇرۇلمىسىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كەلسە كېرەك.

شائىرنىڭ ئودغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن زاھىتلىق خاھىشىغا تۇتقان ئاخىرقى پوزىتسىيىسى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شائىر ئۆز ئىدىيىسىدىكى خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلىگەن. ئۆگدۈلمىش بىلەن بولغان مۇنازىرىنىڭ بېشىدا ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوردىغا بېرىش ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ، دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى

ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلەيدۇ ھەم ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرىدە ئۆگدۈلمىش ئوردىدىكى ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ زاھىتلىق يولىغا ماڭماقچى بولغاندا، ئودغۇرمىش ھېچ ئويلىمىغان يەردىن ئۆگدۈلمىشكە ئوردا ئىشلىرىنى تاشلاپ بۇ يولغا مېڭىش توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتىدۇ ھەم ئۆگدۈلمىشكە ئەلگە ياخشى يولباشچى بولۇپ، خانغا پايدىلىق مەسلىھەت بېرىش، ئەل ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش تەركىدۇنيا بولۇپ ئىبادەت قىلىشتىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئۆگدۈلمىشكە ئەل خىزمىتىدىن باش تارتقان كىشىدىن خۇدامۇ رازى بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ شۇنداق دەيدۇ:

سېنىڭدىن سورايدۇ بۇنى بىر بايات، 5740.
يەنە قالدۇرۇش بار بىرەر ياخشى ئات.
ساڭا بەردى تەۋپىق ھەق ياخشىلىققا، 5745.
جىمىكى ياخشىلىقنى ھەم قىلىشقا.

ئودغۇرمىش بۇ پىكىرلىرى بىلەن ئۆگدۈلمىشنى ئۆز خىيالىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئوردىغا بارماسلىقىدىكى ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېيتىپ ئۇنى قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ:

بۇ يەر ماڭا خۇپراق دېگەنتىم ئۆزۈم، 5748.
سەۋەبىن ساڭا دەي، گۈزەل يۈزلۈكۈم.
ئۆزۈم دۇنيا ـ دەۋلەت تېپىپ كۆرمىگەن، 5749.
تىلەك ـ ئارزۇغا ھەم كۆڭۈل بەرمىگەن.
خەلق بىرلە بىللە ھەرىكەت قىلمىدىم، 5750.
يا بەگلەرگە لايىق قىلىق قىلمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ يەردىكى ئودغۇرمىش ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا بۇ دۇنيانىڭ ئەيىبلىرى، كىشىلەر ئارىسىدا ياشاش، مال ـ دۇنيا يىغىشنىڭ، ھەۋەس ـ ئىنتىلىشلەرگە قۇلاق سېلىشنىڭ دىندىن يىراقلاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەن ۋە مۇشۇلارنى باھانە قىلىپ ئوردىغا بېرىشنى رەت قىلغان زاھىت ئودغۇرمىشتىن پەرقلىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوردىغا بارماسلىقىدىكى ھەقىقىي سەۋەبىنى — ئۇزۇن يىل ئەلدىن ئايرىلىپ زاھىت بولۇپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئوردىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلارنى ياخشى بىلمەيدىغانلىقى، ئەلنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالماسلىقىدىن، ئوردا خىزمەتلىرىنى ياخشى قىلالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئودغۇرمىش نېمە ئۈچۈن ئۆگدۈلمىشمۇ بۇ يولغا ماڭماقچى بولغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئوردىغا بارماسلىقىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنى ئېيتىدۇ؟ ئالدىنقى قېتىملاردا كەلگەندە ھەقكە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈش كېرەكلىكى توغرىسىدىلا سۆزلىگەنىدىغۇ؟ ھالبۇكى، ئۆزىگە مەسلەكداش چىققاندا، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالماي، ئەكسىچە بۇ يولدىن توسىدۇ؟ ئۆگدۈلمىشتىكى ئارزۇ ئودغۇرمىشنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئىدىغۇ؟

بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب، دەل يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مۇشۇ مەسىلىگە بولغان قارىشى، پوزىتسىيىسى ئىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئودغۇرمىش تىلىدىن ئۆگدۈلمىشنى ئەل ـ ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشقا ئۈندەش ئارقىلىق ناھايىتىمۇ قايىل قىلارلىق ھالدا، خۇدا يولىدا زاھىت بولۇشتىن ئەل بىلەن بىللە ياشاپ ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، دەرد ـ ئەلەملىرىگە ھەمنەپەس بولۇشنىڭ، ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەلا ئىكەنلىكىنى،

خۇدامۇ، ئەلمۇ مۇشۇنداق ئادەمدىن ھەقىقىي رازى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان.

مانا بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى يۈكسەك گۇمانىزملىق روھ، ئەسەردىكى ئاساسىي خاھىش ئىدى.

## § 2 . ئەھمەد يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى

ئەھمەد يەسەۋى تۈركىي تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى سوپىلىق يولى — يەسەۋىيە تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، تەسەۋۋۇپ تارىخىدا ئالاھىدە مەۋقەگە ئىگە.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا رەسمىي يوسۇندا تارقىلىشى يۇسۇپ ھەمەدانىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەلىپىلىرى خوجا ئەھمەد يەسەۋى ۋە ئابدۇخالىق غۇژدۇۋانىلار ئارقىلىق تېخىمۇ كېڭىيىپ يىلتىز تارتقان.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھازىرچە تېخى يېتەرلىك مەلۇمات يوق. ئىلمىي ئەسەرلەردە ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى 1166 - يىلى دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەھمەد يەسەۋى بۈگۈنكى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق باي ناھىيىسىنىڭ سايرام كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.[①] ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم سايرامدىكى ئاتاقلىق شەيخلەردىن بىرى بولۇپ، ئەھمەد

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، 61 - بەت؛ شۇ بەتتىكى ① ئىزاھقىمۇ قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دادىسىدىن يەتتە يېشىدا يېتىم قالغان. ئۇ دادىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاچىسى گەۋھەر شەھنازنىڭ ھىمايىسىگە قالغان بولۇپ، ئاچىسى ئۇنى ئېلىپ سايرامدىن يەسسى (بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ تۈركىستان شەھىرى) گە كېلىدۇ. ئەھمەدنىڭ ئاساسىي ھاياتى مۇشۇ يەردە ئۆتكىنى ئۈچۈن، بۇ يۇرتنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ئەھمەد يەسەۋى دەپ ئاتالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى تەھسىلىنى يەسسىدىكى شەيخ ئارسلان بابدىن ئالغان. بۇنى ئۆز ھېكمەتلىرىدە قەيت قىلىدۇ. ئۇ مۇرشىدى ئارسلان بابنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، تەسەۋۋۇپ ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى ئىسلام مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا كېلىدۇ ۋە يۇسۇپ ھەمەدانى (1048 — 1142) غا مۇرىت بولىدۇ. ئۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل يۇسۇپ ھەمەدانىنىڭ خەلىپىسى بولۇپ مۇرىتلارغا ساۋاق بەرگەن. كېيىن يەسسىگە قايتىپ كېلىپ، تەسەۋۋۇپنى تەشۋىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ بۇ جەرياندىكى پائالىيەتلىرى بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدا يۇكسەك شۆھرەت قازانغان بولۇپ، ھەتتا كىشىلەر ئۇنى «پىرى تۈركىستان» دەپ ئاتاشقان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ 99 مىڭ مۇرىتى بولغانمىش. بۇ ئەمەلىيەتتە خۇددى دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈ ئېيتقىنىدەك، «ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا ناھايىتىمۇ چوڭ شۆھرەت قازانغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس.»[1] ئىدى.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەسەۋۋۇپنى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا ئاددىي خەلق تىلى بىلەن شېئىرىي شەكىلدە ئېيتقان ھېكمەتلىرى «دىۋانى ھېكمەت» نامى بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئەھمەد يەسەۋى ياشىغان دەۋر قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، 75 ـ بەت.

تۈرلۈك نىزالار، تاشقى جەھەتتىن سىرتقى كۈچلەرنىڭ تەھدىتى بىلەن خانلىقنىڭ ئاساسى داۋالغۇپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە باشلىغان دەۋر ئىدى. خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن كۈلپەتلىرى، ئەخلاقىي بۇزۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللار ئەھمەد يەسەۋىنىڭ دۇنيا قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇلار «ھېكمەتلەر» دە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شان - شۆھرىتىنىڭ شۇنچە يۇقىرى بولغانلىقىغا قارىماستىن يەنە ئۆزى ھالال ئىشلەپ ھايات كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىبرگەش رۇستەموف «ئەھمەد يەسەۋى چىۋىقتىن سۇزگۈچ توقۇش، ياغاچتىن چۆمۈچ ۋە قوشۇق ئويۇپ سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان »[1] دەپ يازىدۇ.

«دىۋانى ھېكمەت» تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پەلسەپىۋى ئەسەر. بۇ ئەسەر ھەققىدە خۇددى ئاكادېمىك ئىبراھىم مومىنوف يازغىنىدەك، «مۇئەللىپىنىڭ ئىسلام دىنى، كالام پەلسەپىسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈملەر، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەنمۇ پىششىق تونۇش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.»[2] بۇ ئەسەر فۇئاد كۆپرۈلۈ ئەپەندى كۆرسەتكىنىدەك، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئىچىدە «قۇتادغۇ بىلىك»تىن كېيىنكى ئەڭ قەدىمىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.[3]

ئەھمەد يەسەۋى ئەرەب، پارسچە ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدىغان

---

① «شەرق يۇلتۇزى»، 1992 - يىل، 1 - سان، 13 - بەت.

② ئى. مومىنوف: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلىرى» — «ئۆزبېكىستاندا ئىلغار پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي تارىخقا دائىر ماتېرىياللار» تاشكەنت، 1976 - يىل، رۇسچە نەشرى، 16 - بەت.

③ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار» 119 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاۋام خەلققە دىنىي، تەسەۋۋۇپىي چۈشەنچىلەرنى يەتكۈزۈش، مۇرىتلىرىغا تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۈركىي تىلدا، يەنە كېلىپ ئاددىي خەلق تىلىدا ھېكمەت ئېيتقان مۇتەسەۋۋۇپ شائىر ئىدى. ئۇ ھېكمەتلىرىدىن بىرىدە بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

خۇشلەمايدۇر ئالىملار بىزنى ئايغان تۈركىنى،
ئارىفلاردىن ئېشىتسەڭ ئاچار كۆڭۈل مۈلكىنى.
ئايەت ھەدىس مەناسى تۈركى بولسا مۇۋاپىق،
مەنىسىگە يېتكەنلەر يەرگە قويار بۆركىنى.①

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قارىشىدا تەسەۋۋۇپتىكى ئىشق كۆز قارىشى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، شائىرنىڭ پىكىرچە ئاللانى پەقەت ئىشق ئارقىلىقلا تونۇغىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا شائىر تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بىلىش نەزەرىيىسىگە تايىنىدۇ. شائىر شۇنداق دەيدۇ:

ئىشقى تەگسە كۆيدۈرگىسى جان ۋە تەننى،
ئىشقى تەگسە ۋەيران قىلۇر ماۋۇ مەننى،
ئىشق بولمىسا تانىب بولماس مەۋلۇمنى،
ھەرنە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.②

شۇڭا ئۇنىڭ قارىشىدا ئىشقسىز ئادەم، ئادەم ھېسابلانمايدۇ. ئىنساندىكى ئىمانمۇ، جان (روھ) مۇ ئىشقتىن ئىبارەت:

ئىشقسىز كىشى ئادەم ئېرمەس ئاڭلاسىڭىز،

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «ئەھمەد يەسەۋى» ماقالىسى - «دىۋانى ھېكمەت»، تاشكەنت 1991 - يىل، 6 - بەت (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىبراھىم ھەققۇلوف).
② ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت» — «بۇلاق»، ئومۇمىي 14 - سان، 168 - بەت.

بى مۇھەببەت شەيتان قەۋمى تىڭلاساڭىز.

....................................

ئىشقسىزلارنى ھەم جانى يوق ھەم ئىمانى،
رەسۇلۇللاھ سۆزىن ئايدىم مەنا كانى.

لېكىن، ئىشق سىرىنى بىلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، دەيدۇ شائىر:

جاندىن كېچمەي ئىشق سىررىنى بىلسە بولماس،
مالدىن كەچمەي مەنمەنلىكنى قويسا بولماس.
سىۋا بولماي ئۆزىن سۆيسە بولماس،
ئانداغ ئاشىق ئەل كۆزىدىن پىنھان بولۇر.①

شۇڭا شائىرنىڭ نەزەرىدە زاھىتنىڭ تەقۋاگەرلىكى بىلەن ھەقنى تونۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ مۇرىتلىرىنى زاھىت بولماي ئاشق بولۇشقا چاقىرىدۇ:

زاھىد بولما، ئابىد بولما ئاشق بولغىل،
مىھنەت تارتىپ ئىشق يولىدا سادىق بولغىل،
نەپسنى تېپىپ دەرگاھىغا لايىق بولغىل،
ئىشقسىزلارنى ھەم جانى يوق، ھەم ئىمانى.

يەسەۋى زاھىتنىڭ تەقۋادارلىقى ئىككى يۈزلىمچىلىكتىن، ساختىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەيدۇ:

ھەق تەئالا ئاشىقلارغا بەردى ئىشقىن،
چىن تالىپكە ئاتا قىلدى زەۋقى شەۋقىن،

① ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت سەچمەلەر» (كەمال ئەراسلان ئەسلى مەتىن ۋە تۈركچە تەرجىمىسى بىلەن نەشر قىلدۇرغان)، 190 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاھىدلەرگە شەيتان بەردى رىيا دەلقىن،
سۆزلەر بىلەن رىيالىقنى ئۇردۇم مانا.①

شائىر ئىككى يۈزلىمىلىك، ساختىلىق قىلىپ ئاللاغا سادىق بولغان قىياپەتكە كىرىۋالغاندىن كۆرە، تەسۋىنى تاشلاپ خرىستىئان دىنىنىڭ كرېست بەلگىسى — زۇننارنى ئاسقان مىڭ ياخشى دەپ رىياكارلىقتىن سەسكىنىدۇ:

رىيا تەسبىھ ئىلگىندە زۇننار ياخشى بىلسەڭىز،
ھەق رىزاسى بۇ تۇرۇر ئىشق سەۋداسىنى قىلسەڭىز.②

شۇڭا يەسەۋى رىياكار سوپى - شەيخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدامچىلىق يولىنى تۇتقانلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن ھەممە كىشى بىزار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

مەن رىيالىغ شەيخنى كۆردۇم بىزار بولدۇم،
زەررە بۇيى ماڭا تەگدى بىمار بولدۇم،
ھەق يولىدا سىرمەست ئېردىم ھوشيار بولدۇم،
ئىچ قارنىمدە دۇشمەن تۇتۇپ يۈردۇم مانا.

مەن رىيالىغ شەيخنى كۆرۈپ تەپكۇم كېلۇر،
ھەقتىن يۈز مىڭ بالا تىلەپ سەپكۇم كېلۇر.
شەمشەر ئالىب باشلارىنى چاپگۇم كېلۇر،
قايدە بارىب ئىشق دۇكانىنى قۇردۇم مانا.③

شائىر ئۆز ھېكمەتلىرىدە سەمىمىيەتسىزلىكتىن، ئىككى

① ئەھمەد يەسەۋى — «بۇلاق»، 14 - سان، 160 - بەت.
② ئەھمەد يەسەۋى — كەمال ئەراسلان، 118 - بەت.
③ ئەھمەد يەسەۋى — «بۇلاق»، 14 - سان، 160 -، 161 - بەتلەر.

يۇزلىمچىلىكتىن — رىيادىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ھەق يولنى تۇتقان ئادەم ھەققە سادىق بولسۇن، ئالدامچى بولمىسۇن دەيدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئەھمەد يەسەۋى تەلىماتى ئىچىدە ئەخلاقىي خاھىش كۈچلۈكرەك. «دىۋانى ھىكمەت» تە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنە بىزنى شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان مىسرالار، ئەمگەكچانلىق، ئىنسانىيلىق، سەمىمىيلىككە ئۈندەيدىغان گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسىگە دائىر مەزمۇنلارمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

يەسەۋى كىشىلەردە ئىنساپ، دىيانەت قالمىغانلىقىدىن زارلايدۇ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدۇ، ئېچىنىدۇ:

ئۇلۇغ ـ كىچىك يارەنلەردىن ئەدەب كەتتى،
قىز ۋە زەيىپ جۇۋانلاردىن ھايا كەتتى.
ئەلھايائۇ مىنەلئىمان دەپ رەسۇل ئەيدى،
ھاياسىز قەۋم ئاجايىپلار بولدى دوستلار.

مۇسۇلمان مۇسۇلماننى قىلدى قەتىل،
ناھەق تۇتۇپ ھەق ئىشلاردىن قىلدى باتىل،
مۇرىد پىرغە قىلمادىلەر يۈزۈ خاتىر،
ئەجەب شۇملۇغ زامانىلەر بولدى دوستلار.

ئەھلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساخاۋەت يوق،
پادىشاھ ـ ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق،
دەرۋىشلەرنى دۇئاسىدا ئىجابەت يوق،
تۈرلۈك بالا خەلق ئۈستىغە ياغدى دوستلار. ①

① ئەھمەد يەسەۋى — «بۇلاق»، 14 ـ سان، 169 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېچى تور بېكىتى

شائىر ھەممە كەلگۈلۈكنىڭ يەنىلا خەلق ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىدۇ. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىقتىن قايغۇرىدۇ.

كىمنى كۆرسەڭ بۇ يوللاردا يالغان ئاشىق،
زاھىر سوفى باتىن ئىچرە ئېرمەس سادىق.
ئانىڭ ئۈچۈن مەشۇقىغە بولماس لايىق،
يالغانچىنى روز مەھشەردە سەرسان قىلۇر.①

يەسەۋى ئۆز ھېكمەتلىرىدە ھەتتا شەيتانغا دەرس بەرگۈدەك ئالدامچى شەيخلەر، سوپىلارنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئالدامچىلاردىن يىراق قېچىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ:

سىزدىن سوڭرە ماشايىخلار پەيدا بولغاي،
شەيتان لەئىن چۈن ئۇلاردىن ساباق ئالغاي،
زاھىر تۇزەپ دۇنيا ئىچرە مەن مەن دېگەي،
باتىنىدە ھېچنىمە يوق كۆرۈڭ دوستلار.

بەئزى شەيخلەر مۇرىدلارىن باشقۇرالماس،
سۆزلەرىنى خەلققە ئەيتىپ ئۆزى قىلماس،
تەكەببۇر مەنمەنلىكنى ئۆزىدىن سالماس،
ئانداغ پىرنىڭ دەرگاھىدىن قاچىڭ دوستلار.②

نادانلىق ئۈچۈن ئەھمەد يەسەۋىچىلىك قايغۇرغان شائىرلىرىمىز كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ:

---

① ئەھمەد يەسەۋى — «بۇلاق»، 14 - سان، 182 - بەت.
② ئەھمەد يەسەۋى — «بۇلاق» 14 - سان، 189 - بەت.

ئايا دوستلار نادان بىرلەن ئۇلفەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ ئۆلدۇم مانا.
توغرى ئەيتسام ئەگرى يولغا بويىنىن تولغار،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىغە تويدۇم مانا.

نادان بىرلە ئۆتكەن ئۆمرۈڭ نارى سەقەر،
نادان بارسا دەۋزەخ ئاندىن قىلغاي ھەزەر،
نادان بىرلە دەۋزەخ سارى قىلماڭ سەفەر،
نادان ئىچرە خازان يەڭلىغ سولدۇم مانا.

دۇئا قىلىڭ نادانلارنى يۈزىن كۆرمەي،
ھەقتەئالا رەفىق بولسە بىردەم تۇرماي،
بىمار بولسا نادانلارنى ھالىن سورماي،
نادانلاردىن يۈزمىڭ جافا كۆردۇم مانا.

يەر ئاستىغە قاچىپ كىردىم نادانلاردىن،
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا تىلەپ مەردانلاردىن،
غېرىپ جانىم يۈز تەسەددۇق دانالاردىن،
دانا تاپماي يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

تەمەئە قىلما نادانلاردىن قەدرىڭ بىلمەس،
زۇلمەت ئىچرە يول ئاداشسا يولغا سالماس.
بوينۇڭ قىسىپ زارى قىلساڭ قولۇڭ ئالماس،
نادانلاردىن شەكۋە ئەيلەب كەلدىم مانا. ①

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ بۇ پىكىرلىرى ھەققىدە ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىبراھىم ھەققۇلوف ھەقلىق ھالدا، «ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا نادانلىق ئاتالمىش ئاپەتتىن ئەھمەد يەسەۋىچىلىك

① ئەھمەد يەسەۋى — «بۇلاق»، 14 ـ سان، 112 ـ، 113 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەسرەت چەككەن شائىر بولمىسا كېرەك. نادانلىق — خەلقنىڭ كۆلپىتى. نادانلىق — ئۆزىگە خاس ياۋۇزلۇق. نادان — ئەقىل جاللىتى»① دەپ يازغانىدى.

مانا شۇنداق خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلىمى، ھەسرىتى ئۇچۇن قايغۇرغان، غەم يېگەن، ئېچىنغان ئاشۇ ھېكمەتلەرمۇ ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇغانىدى.

دۇرۇس، يەسەۋى ئۇچۇن بىرىنچى ئورۇندا تۇرغىنى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى كېڭەيتىش، تەشۋىق قىلىش. لېكىن مۇشۇ تەلىماتلار ئىچىدىمۇ ئاز بولمىغان ھەققانىي پىكىرلەر — پاكلىقتا، چىنلىقتا، سەمىمىيلىككە ئۈندەيدىغان ئېزگۇ تىلەكلەر، قاراشلارمۇ بار ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ ئۆتتۇق. شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇنداق پىكىرلەرگە، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەردىن قايغۇرۇپ، نادانلىقتىن ھەسرەت چېكىپ قان يۇتقانلىقىغا كۆز يۇمساق ھەققانىيلىق بولماس. ئەلۋەتتە، يەسەۋى پۈتۈن ئۆمرى دىنىي ئەھكاملار، تەرىقەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىچىدە ئۆتكەن بىر مۇتەسەۋۋىپ شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز مەۋقەسىدىن چەتنىمىگەن ئاساستا، دىنىي ۋە تەسەۋۋۇپىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئېزگۈلۈك، پاكلىق ۋە چىن ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى كۈيلىگەن. بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق بولمايدۇ. «يەسەۋىگە ماختاشنىڭ كېرىكى يوق. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلىش بىزدىن مەسئۇلىيەت ۋە ئىلمىي تەلەپ قىلىدۇ.»②

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، ئەھمەد يەسەۋى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئىجادچىسى ۋە ياكى ئاساسچىسى ئەمەس، بەلكى كېڭەيتكۈچى، تەشۋىق قىلغۇچىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 54 ـ بەت.
② ئىبراھىم ھەققۇلوف: «دىۋان ھېكمەت»، تاشكەنت، 1991 ـ يىل، كىرىش سۆز ئورنىدىكى «ئەھمەد يەسەۋى» ناملىق ماقالە، 14 ـ بەت.

چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپ تارىخى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى بىلەن ياخشى تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەھمەد يەسەۋىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ كېيىنكى مۇتەپەككۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئېنىقلاش، يەسەۋىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش — بۇلار تەتقىق قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەر.

يەسەۋىنىڭ تەلىماتى جۇغراپىيىلىك تېررىتورىيە جەھەتتىنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان، كاۋكاز ۋە ۋولگا بويلىرىغا قەدەر بولغان كەڭ جۇغراپىيىلىك رايونلارغىچە تارقالغان. يەسەۋىيە تەرىقىتىنىڭ تارمىقى سۈپىتىدە باشقا ئەللەردىمۇ بىر قانچە تەرىقەتلەر مەيدانغا كەلگەن. تۈركىيىدە بارلىققا كەلگەن «بىكتاشىيە» تەرىقىتى ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىدى.

تۈرك خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى يۇنۇس ئەمرانىڭ ئىجادىيىتىدە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەسىرى روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. XVIII ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تۈركمەن شائىرى مەختۇمقۇلى (1730 — 1780) ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدىن بىرىدە ئەھمەد يەسەۋىگە خىتاب قىلىپ:

يا، ئىقلىم ئەيىسى (ئىگىسى) ئەھمەد يەسەۋى،
مېنىڭ ساھىب جامالىمنى كۆردۈڭمۇ؟①

دەپ يازغانىدى.

① «مەختۇمقۇلى دىۋانى» (تەييارلىغۇچى: ھىممەت بىراي)، ئەنقەرە، 1992 - يىل، 39 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۈگۈنكى زاماندىكى ئاتاقلىق ئۆزبېك شائىرى ئابدۇللا ئارىپوۋمۇ يەسەۋىنىڭ ئەخلاقىي ئۆگۈتلىرىگە قارىتىپ شۇنداق يازىدۇ:

نەپس ئىلە دۇنياگە دىل بېرگەن پاسىقلار سىز بۇ كۈن،
يەسەۋى خاك پايىدىن ئەيلەب ئالىڭ تۇمارلەر.①

قىسقىسى، ئەھمەد يەسەۋىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئەۋلادلار ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن ۋە پەلسەپە ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ك. خ. تاجىكوۋا ئۆزىنىڭ «خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەقدىرى» ناملىق ماقالىسىدا، «ئەھمەد يەسەۋىنىڭ دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىش تېخى ئەمدى باشلانماقتا. ھەتتا يەسەۋى تەلىماتىنىڭ قىسقىچە ئوبزورى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالدىدىكى بۇندىن كېيىن ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەر بولۇپ تۇرماقتا.»② دەپ يازىدۇ. مېنىڭچە ھەم شۇنداق.

## § 3 . نەۋائىي ۋە تەسەۋۋۇپ

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501) ھەققىدە ئاز بولمىغان تەتقىقات ئەسەرلىرى — مەخسۇس مونوگرافىيىلەر، ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرى ۋە ئۇزلۇكسىز

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «دىۋانى ھېكمەت»، 5 - بەت.
② ك. خ. تاجىكوۋا: «خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەقدىرى» — «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى. ئىجتىمائىي پەنلەر قىسمى» (رۇسچە ژۇرنال)، 1992 - يىل، 1 - سان، 18 - بەت.

ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ (ئەلۋەتتە، چەت ئەللەردە، بىزدە بولسا تېخىچە نەۋائىيغا بېغىشلانغان چوڭراق بىرەر پارچە ئىلمىي ئەسەرمۇ يوق. بۇ كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ)، لېكىن، نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى، پەلسەپە ئىدىيىسى تېخى تولۇق يورۇتۇپ بېرىلگىنى يوق!.

بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبلەردىن بىرى، مېنىڭچە، نەۋائىي ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش، قانداق ياندىشىش مەسىلىسى بولسا كېرەك.

شۇنىسى ئېنىقكى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئۆگەنمەي، تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوبرازلار سىستېمىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، يورۇتۇپ بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مانا شۇ سەۋەبتىن، نەۋائىي تەتقىقاتى چوڭقۇرلىشىپ، ھەتتا نەۋائىينىڭ شەخسىيىتى، يۇرۇش - تۇرۇشى، سۆز - ھەرىكىتى ھەققىدە تەسەۋۋۇرىي تەتقىقاتلارمۇ خېلى مول سەمەرىلەرگە ئېرىشكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، نەۋائىينىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقات يەنىلا باشلانغۇچ باسقۇچتىن ھالقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ.

دەرۋەقە، نەۋائىيغا قول ئۇرغان ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، نەۋائىيشۇناسلار نەۋائىي دۇنيا قارىشىنى، ئىجادىيىتىنى تەسەۋۋۇپتىن ئايرىپ قاراپ ئۆگىنىپ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشكەن. نەۋائىيشۇناسلارمۇ بۇ مەسىلىگە مەلۇم نىسبەتتە ياندىشىپ تەتقىقاتمۇ ئېلىپ بارغان.

لېكىن، مەسىلىنىڭ تونۇپ يېتىلگەنلىكى، ئۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى تەھلىللەردە ئاز بولمىغان

چەلكەشلىكلەر، ھەتتا نەۋائىي ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خۇلاسە، يەكۇنلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشىنى، پەلسەپە ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلمىز دەيدىكەنمىز، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار، ئىدىيىۋى مەنبەلەر ئۇستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشىمىز، شۇ تارىخىي مۇھىتنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ھەققىدە بەلگىلىك تونۇش ھاسىل قىلىشىمىز، ئاندىن، نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئۇستىدە تەھلىلگە كىرىشىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇندىلا، شائىرنىڭ مىسرالىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەنىلەرنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ بىزدىن بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدۇ.

نەۋائىينىڭ ئىدىيىسى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، شائىر تەسەۋۋۇپقا مۇنداقلا ھەۋەس بىلەن ياكى بولمىسا زامان تەلىپىگە ماسلىشىش ئۇچۇن قول ئۇرغان ئەمەس. شائىر تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىلەن ناھايىتىمۇ ياخشى تونۇشقان.

تۇركىيە ئالىمى ئاگاھ سىررى لەۋەندمۇ شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، نەۋائىي 1476 ـ يىلى ئابدۇللا ئەنسارىنىڭ «تەبەقەتى مۇشەيغى سۇفىيە»، ئەبۇ ئەبدۇرەھمان سۇلەمىينىڭ «تەبەقەتى سۇلەمى»، ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ئەسەرلىرىنى مۇتائىلە قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇراھمان جامىنىڭ تەسەۋۋۇپقا ئائىت ئەسىرى «نەفاھەتۇل ئۇنس» نى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. بۇ ئەسەرنى نەۋائىي 1495 ـ يىلى تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن.①

① ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئەلىشىر نەۋائىي»، 1 ـ جىلد، ئەنقەرە، 1965 ـ يىل، 239 ـ بەت. (م. ئارىپوف: «نەۋائىي سوپىمۇ ياكى مۇتەسەۋۋىپمۇ» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1989 ـ يىل، 6ـ سان، 168 ـ بەتكە قارالسۇن.)

نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «نەسايىمۇل مۇھەببەت»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «لىسانۇتتەير» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ تارىخى، تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بىلەن ناھايىتىمۇ ياخشى تونۇش ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

«لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) مەشھۇر پارس شائىرى پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى قۇشلار تىلى ئارقىلىق بايان قىلغان «مەنتىقۇتتەير» (قۇشلار نۇتقى) ناملىق ئەسىرىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسىگە بېغىشلانغان ئەسەر ئىدى. نەۋائىي بالىلىق ۋاقتىدا مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان چاغلىرىدىلا بۇ ئەسەر بىلەن تونۇشقان، ئۇنى مۇتائىلە قىلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، بۇ ئەسەر گۆدەك ئەلىشىرنىڭ ئىدىيىسىگە ئاجايىپ زور تەسىر قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەردىكى ئىدىيىلەرنى بىر ئۆمۈر كاللىسىدىن يىراق قىلالمايدۇ ۋە ئاخىرى مۇشۇنداق بىر ئەسەر يازمىسا ئارماندا قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ قولىغا قەلەم ئالىدۇ. بىز بۇلارنى شائىرنىڭ ئۆز تىلىدىن ئاڭلايلى: «بۇ ھادىسە زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ: بالىلىق چاغلىرىم ئىدى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. بالىلار ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۇستازنىڭ زورى بىلەن ساۋاق تەكرارلايتتى. . . . بۇ چاغدا مېنىڭ بۇ ھەۋەسكار تەبىئىتىم ‹مەنتىقۇتتەير› نى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ قالدى. ئەس - يادىم ئۇنى تەكرارلاش بىلەن بولدى. خاتىرەم ئاشۇ ئارقىلىق تەسكىن تاپاتتى. ساددا كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئېلىشقا باشلىدى. تەبىئىتىم بۇ ئەسەردىكى سۆزلەرگە شەيدا بولۇپ قالغاچقا، يەنە باشقا سۆزلەرگە مايىللىق كۆرسەتمىدى. بۇ ئەسەردىكى ئاجايىپ ھېكايەتلەرگە، قۇش تىلى بىلەن ئېيتىلغان كىنايىلەرگە ئادەتلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سۆزدىن تەبىئىتىم يايراپ، مۇرادىمنى تاپاتتىم. ئۇنىڭ زوقى مېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناھايىتىمۇ خۇشال قىلاتتى. ئۇنىڭ شەرھلىرى مېنى ھەيرانلىق ئىچىدە لال قىلاتتى.

مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە تەبىئىتىم ئۇستاز بولماقتا، بۇ كىتابقا بولغان ئېتىقادىم كۈنسېرى ئاشماقتا ئىدى. شۇ تۇپەيلىدىن مەن خالايىق بىلەن بولغان ئۇلپەتچىلىكتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ كىتاب مېنىڭ خىلۋەتتىكى ئەڭ قەدىرلىك سىردىشىم بولۇپ قالدى. بارا - بارا كىشىلەرنىڭ ياشاش ئادەتلىرى ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن تەبىئىتىمگە مالاللىق يېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئىشق مېنى شەيدا قىلدى. بۇ سەۋدا مېنى ئاجايىپ ئەھۋالغا مۇپتىلا قىلدى. ئاقىۋەتتە مەن : «خىلۋەت ئىشىكىنى ئاچاي، بۇ ئالەمنىڭ بىمەنە كىشىلىرىدىن قاچاي» دېگەن ئويغا كەلدىم.

بالىلار مەندىكى بۇ خىل ھالەتنى كۆرۈپ، سورەن - چوقان سېلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ غەلۋە - غوۋغالىرى ئاتا - ئانامنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، گويا، ئامىي كىشىلەرگە ئوخشاش ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار: «بۇ كىتابتىكى ئوتلۇق سۆزلەر بىلەن پەرزەنتىمىزنىڭ خام تەبىئىتى تەلۋىلىككە قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ تەقۋادارلىقتىن ۋە سالاھىيەتتىن باش تارتىدىغان ھالەتكە بېرىپ يېتىدۇ» دەپ، كىتابىمنى يوشۇرۇپ قويۇشتى. ئۇنى ئوقۇشتىن كۆڭلۈمنى ياندۇردى. «مەنتىقۇتتەير» ھەققىدە تۈرلۈك پەند - نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۇ كىتاب بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن مېنى پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى.

ئارىدىن بىر نەچچە مۇددەت ئۆتتى. ئاتا - ئانامنىڭ كۆڭلى مېنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىمدىن خاتىرجەم بولۇپ، تىنچلاندى. لېكىن بۇ ئەسەر مېنىڭ يادىمدا قېپ قالغانىدى. ئۇنى ھەمىشە مەخپىي ھالدا تەكرارلاپ يۈرەتتىم. كۆڭلۈم دائىم قۇش تىلى بىلەن سىرداش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سۆزگە مەيلىم يوق ئىدى.

ۋاقىتكى، مەن تۈركىي شېئىرىيەتتە بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەممىسىنى بىر قەلەم ئاستىغا ئالدىم. تۆت دىۋان بىلەن بەش خەزىنە (يەنى، چاھاردىۋان دەپ ئاتالغان «خەزائىنۇل مەئانى» بىلەن «خەمسە») نى ھېچقانچە قىينالمايلا قولغا كەلتۈردۈم. يازغان نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىم ئىچىدىكى شېئىرلارنى تەخمىنەن يۈز مىڭ بېيىت دەپ قىياس قىلاتتىم.

شېئىرىيەت ساھەسىدە شۇنچە مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسامۇ، بىر خىيال زادىلا يادىمدىن چىقمايتتى. يەنى تەڭرى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسا، بۇ دەپتەر (‹مەنتىقۇتتەير›) نى تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن يېزىپ چىقسام دېگەن ئارزۇ كۆڭلۈمدە ھامان ساقلىنىپ كەلدى. بىراق بۇ بەك مۇشكۇل ئىش بولۇپ، مەن ئۇنى بېجىرىشكە ئاجىز ئىدىم، شۇ تۈپەيلىدىن قەلەمگە قول ئۇزىتالماي كەلگەنىدىم.

مەن ئاقىۋەت شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۆمرۈم تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بۇ كىتابنى يازالماي ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ ئالەمدىن ئاشۇ ئارمان بىلەن، ياق، بەلكى ئاشۇنداق ئوتتا ئۆرتىنىش بىلەن كېتىپ قالىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈم ئاتمىشكە قەدەم قويغاندا قۇش تىلىنى شەرھلەش ئۈچۈن قەلەم ئۇچلىدىم.»①

بۇ مەلۇماتلارنى پەقەت شائىرنىڭ ئاشۇ بىر ئەسىرىنىڭ يېزىلىش تارىخى دەپ چۈشەنسەك، تولىمۇ ئاددىي ھەم يۈزە چۈشەنگەن بولۇپ قالىمىز. بۇ شائىرنىڭ ھەر بىر مىسرالىرىدا يالقۇنجاپ تۇرغان، شائىرنى تىنىمسىز ئۆرتىگەن ئىچكى كېچىنمىلەرنىڭ — شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز ئىشقىنىڭ

① نەۋائىي: «لىسانۇتتەير» — موللا سىدىق يەركەندى نەسرىيلەشتۈرگەن نۇسخىسى، «بۇلاق»، 1993 ـ يىل، 4 ـ سان، 86 ـ، 87 ـ بەتلەر.

جەرياني ئىدى. شۇڭا شائىر ئۆزىنى بالىلىق ۋاقتىدىلا چۇلغاپ ئالغان بۇ ئىشق مەزمۇن قىلىنغان بىر ئەسەر يازماي كەتسە ئارماندا، ئارماندا ئەمەس بەلكى «ئاشۇنداق ئوتتا ئۆرتىنىش» بىلەن كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. پۈتۈن تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى قۇشلار ئوبرازى، قۇشلار تىلى ئارقىلىق مۇپەسسەل بايان قىلىنغان، تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەر، رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرىك ئەسەر «لىسانۇتتەير» مانا شۇنداق دۇنياغا كەلگەنىدى. گەرچە نەۋائىي بۇ ئەسەرنى پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئەسىرىنىڭ تۈركىي تىلدىكى تەرجىمىسى دەپ ئاتاپ ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئۇ شائىرنىڭ ئۆزى ئېيتقىنىدەك، ئەتتارنىڭ ئەسىرىدىن تۇتىشىپ ئۆمۈر بويى ئۇنى قىيناپ يادىدىن چىقماي كەلگەن ئىشق ئوتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇنى يەنە شائىر ئۆزى تەستىقلايدۇ: «ماڭا قانداق مەنە ئايان بولغان بولسا، ئۇنى قۇش تىلى بىلەن بايان قىلدىم. سۆزلىرىم يۇزەكى مەنىدىلا چۈشىنىلمىسۇن. ھەقىقىي مەنە قىزىنىڭ يۈزلىرى يېپىلىپ قالمىسۇن. پەقەت زېرەك قۇشلارلا بۇ سۆزلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنى چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ، ئۇنى چۈشەنگەن قۇشلار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. چۈنكى ئەقىللىق قۇشلار بۇ سۆزلىرىمنىڭ تېگىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالالايدۇ. بۇ سۆز بارلىق سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇشكۈل سۆزدۇر. چۈنكى بۇ تىلسىزلارنىڭ تىلىدۇر. ئۆز تىلىدىن بېشىغا ئاپەت يەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر يەنە باشقىلارغا شەرھلەپ ئولتۇرمىسۇن.»[1]

بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئۆزى ھېس قىلغان، چۈشەنگەن بۇ مەنىلەرنى — تەسەۋۋۇپنى ئۆز خەلقىغىمۇ بىلدۈرۈش، چۈشەندۈرۈش ئىستىكىدىن خالىي بولالمىغانىدى. شائىر شۇنداق

① «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 73 - بەت.

دەيدۇ: «پارسچە بىلىدىغان خەلقلەر ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن نازۇكلۇقلارنى تونۇدى. ئەمما ساددا تۈركىي خەلقلەر پارس تىلىنى پىششىق بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، قۇش تىلىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قوللىرى قۇشتىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن قۇش تىلىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى.

مەنمۇ شۇنداق بىر قۇش ئىدىمكى، كېچە - كۈندۈز ئەتتارنىڭ (پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ) دۇكىنىدىن شېكەر ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم. گوياكى تۇتىغا ئوخشاش ئۇ دۇكاندا شېرىن سۆزلۈك قىلاتتىم. قاچانكى ماڭا قۇش بىلەن خىتاب قىلىنسا، ئۇنىڭغا تۇتىدەك جاۋاب بېرەتتىم. بەلكى ئۇ بۈيۈك زات (ئەتتار) نىڭ مۇقەددەس روھ قۇشى ئەرش بېغىدىن كېلىپ، كۆڭلۈمدە ئۇۋا ياسىغان بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا قۇش تىللىرىنىڭ مۈشكۈللىرىنى ئۆگىتىپ، مېنى بۇ تىلنىڭ ئۇستازى قىلىپ تەربىيىلىدى. بۇ تىل ساھەسىدە شۇنداق پىشىپ يېتىلدىمكى، قۇشلار سۆزلىرىنى تۈركىي تىل بىلەن سۆزلىدىم.»①

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسى، تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى بىلىمى ئاددىي، يۈزەكى ئەمەس، بەلكى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر، مۇكەممەل بىلىم ئىدى. «قۇشنىڭ سوئالىغا تۇتىدەك جاۋاب بېرىش» نىڭ ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان. شائىر ئۆزىنىڭ «بۇ تىلنىڭ ئۇستازى» بولغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. «بۇ تىل» — قۇشلار تىلى يەنى تەسەۋۋۇپنىڭ تىلى ئىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە بىلگەننى، ھېس قىلغاننى تىل بىلەن ئىپادىلەپ، بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدۇ، دېگەن قاراشنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. نەۋائىيمۇ ئۇسمۈرلۈك يىللىرىدىكى مەدرىس

① «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 77 - بەت.

ھاياتىدىن باشلاپ ئۆگىنىشكە كىرىشكەن «بۇ تىل»نى چۈشىنىشكە، ھەزىم قىلىشقا ئاز ۋاقىت سەرپ قىلمىغان. «مەنتىقۇتتەير» دەك مۇرەككەپ ئەسەرنى ھەتتا تەرجىمە قىلىش ئۈچۈنمۇ، ئۇنى چۈشىنىپ ئىپادىلەش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. نەۋائىي بولسا، ئۇنى قايتىدىن ئىجاد قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز تىل ماھارىتىلا ئەمەس، يەنە دىل ماھارىتىمۇ كېرەك. ئەتتار ھېس قىلغاننى ھېس قىلماستىن، «بۇ تىلنىڭ ئۈستىسى» بولۇش، «ئەتتارنىڭ دۇكىنىدىن شېكەر ئېلىش» مۇمكىنمۇ؟

شۇڭا، نەۋائىي پەقەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىلا، يېشى ئاتمىشقا بارغاندا ئاندىن قولىغا قەلەم ئالالىغان ھەم ئۆزى بىلگەن «بۇ تىل» نى ئۆز خەلقىغىمۇ بىلدۈرۈش ئۈچۈن «لىسانۇتتەير» نى يېزىشقا كىرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئېيتىش كېرەككى، «لىسانۇتتەير» نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قىممىتى يۇقىرى بولغان مەنبەلەرنىڭ بىرىدۇر.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەلىشىر نەۋائىي دۇنيا قارىشىنىڭ، پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بولغان. ھەتتا شائىر ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا بۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ تەسىر ئۇنىڭ كېيىنكى پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ناھايىتىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان خاھىشمۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بولغان.

شائىرنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» ناملىق تۆت دىۋانىنىڭ بىرىنچى دىۋانى بولغان «غەرايىبۇسسىغەر» (ياشلىق غارايىبلىرى) مۇنداق غەزەل بىلەن باشلىنىدۇ:

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل كەئىسى ئەنۋارۇل ھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سادا.

شائىر شۇ غەزىلىدە داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق يازىدۇ:

غەيرى نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدا بولسا زەڭگى غەم،
يوقتۇر، ئەي ساقىي، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزۇدا.
.................................
جامۇ مەي گەر بويلەدۇر، ئول جام ئۈچۈن قىلماق بولۇر،
يۈز جەھان ھەردەم نىسار، ئول مەي ئۈچۈن مىڭ جان پىدا.
دەير ئارا ھۇش ئەھلى رەسۋا بولغەلى ئەي مۇغبەچە،
جامۇ مەي تۇتساڭ مېنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا.
.................................
ۋەھدەت بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرەكىم،
جامۇ مەي لەفزىن دېگەن بىر ئىسىم ئىلە قىلغاي ئەدا.
سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇد ئىرۇر،
بىلمەيىن نەفىي ئېتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن زاھىدا.①

مانا بۇ، نەۋائىينىڭ تېخى يىگىرمە ياشلارغا بارماستىن، ياشلىق ھېسلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئېيتقان غەزەللىرىدىن بىرى. بىز غەزەلدە پەقەت تەسەۋۋۇپقا خاس بولغان «ۋەھدەت مەيى»، «مۇغبەچە»، «ساقىي» قاتارلىق سىمۋوللۇق سۆزلەرنىلا ئەمەس، بەلكى شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەتتا شائىر شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئېنىق قىلىپ، ئۆزى «يۈز جەھان ھەردەم نىسار، مىڭ جان پىدا» قىلماق ئىستىگەن بۇ «جام» بىلەن «مەي» نىڭ زاھىتلار گۇمان قىلغان مەي

① نەۋائىي: «خەزائىنۇل مەئانى»، 21 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ زاھىتلارنى بۇ «مەيخانە» ئەھلىنى بىھۇدە ئەيىبلىمەسلىككە چاقىرىدۇ. شائىر ئېيتقان بۇ «ئۆزگە جامۇ مەي» دەل ھەقكە بولغان ئىشقىنىڭ رەمزى ئىدى. جام — كۆڭۈل يەنى قەلب، مەي بولسا ئىشق. شۇڭا شائىر شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىلا، «يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سادا» دېگەن. ئىككىنچى مىسراغا قارايلى:

غەيرى نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدا بولسا زەڭگى غەم،
يوقتۇر، ئەي ساقىي، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزۇدا.

شائىر ئېيتىدۇكى: «كۆڭۈل جامىدا زەررىچە باشقىچە ئوي - خىيالنىڭ داغلىرى بولسا، ئۇنى قەلبدىن يىراقلاشتۇرۇشتا ھېچنەرسە ۋەھدەت مەيىگە يەتمەيدۇ. پەقەت بىرلىك شارابى بىلەنلا قەلبنى پاك قىلىش مۇمكىن.» ئەنە شۇندىلا ئاندىن «جام بىلەن مەي ئىچرە ۋەھدەت مۇيەسسەر بولىدۇ.» قەلب كۆزگۈسىنى غەيرىي ئارزۇ - ئىستەكلەردىن تازىلىماستىن ۋىسال تېپىپ بولمايدىغانلىقى تەسەۋۋۇپتىكى ھەقنى بىلىشنىڭ باشلىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرت. شائىر يەنە بىر شېئىرىدا بۇ پىكىرنى تولۇقلايدۇ:

دېسەڭ نەۋائىي جان ئارا مەھبۇب بولغاي جىلۋەگەر،
ئەۋۋەل كۆڭۈل كۆزگۈسىدىن مەھۇ ئەيلە نەقشى ماسىۋا. ①

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن، شائىرنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكى بۇ غەزەللىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەسەۋۋۇپتىن ئايرىپ تۇرۇپ چۈشىنىشمۇ مۇمكىنمۇ؟! ئېھتىمال، ياشلىقتىكى «جامۇ مەي»

① نەۋائىي: «غەزەللەر» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ت. ئېلىيوپ)، 308 - بەت.

گە ھېرىسمەنلىكتۇر، دېيىشىمىز مۇمكىن. لېكىن، بۇ «مەي» زاھىت گۇمان قىلغاندىن «ئۆزگە مەي» ئىكەنلىكىنى شائىر ئوچۇق ئېيتقان تۇرسا!

شائىرنىڭ گۆدەك قەلبىگە ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» دىن تۇتاشقان بۇ ئوت، ئەمدى «ۋەھدەت مەيى» ئارقىلىق تەسكىن تېپىشىنى ئىستىگەن بولسا ئەجەپ ئەمەس. ئەمما، نەۋائىينىڭ بۇ «مەي» دىن قاچاندىن باشلاپ بىھوشلانغىنىنى سۈرۈشتۈرۈش بىھاجەت. بۇنىڭغا شائىر ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ:

نەۋائىي فەردۇ بىھۇش ئولغانىن قاچاندىندىر دېمەڭ،
ھەم ئاندىنكىم ئانى مەست ئېتتى ۋەھدەت جامىدىن جامى.①

دېمەك، پەرىدىدىن ئەتتار ئۇنى ئوتقا مۇپتىلا قىلىپ، ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىنى ئۆرتىگەن بولسا، ئەمدى، جامى ئۇنى «ۋەھدەت مەيى» دىن بىھوش قىلغانىدى. شۇڭا شائىر ھەر ۋاقىت ساقىيدىن مەي تەلەپ قىلىپ قانمايدۇ:

ساقىي قەدەھنى قىل مۇھەييا،
ۋەھدەت مەيىدىن ئىچكەلى كەلدىم.②

بۇ نەۋائىينىڭ «12 مۇقام» تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ ئەسىرلەر بويى خەلق تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان غەزەللىرىنىڭ بىرى.

شائىرنىڭ ئالىملىق ۋاقىتلىرىدىلا ئىدىيىسىگە، دۇنيا قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، دەسلەپكى شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدە،

---

① «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق)، II توم، تاشكەنت، 1959 - يىل، 89- بەت.
② «12 مۇقام تېكىستلىرى»، ئۈرۈمچى، 1986 - يىل، 57 - بەت.

www.uyghurkitap.com

پەلسەپىۋى قاراشلىرىدا ئىپادىلەنمەي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنىڭغا شائىر ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى ياخشى جاۋاب بېرەلەيدۇ.

نەۋائىينىڭ ئۇستازى ئابدۇراھمان جامى (1414—1492) تەسىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرگەنلىكى مەلۇم.

مەلۇمكى، ئابدۇراھمان جامى پۈتۈن ئۆمرى تەرىقەت ئەھكاملىرى ئىچىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر بولۇپ، نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرلىرىدىن بىرى ئىدى. جامى نەۋائىيغا ناھايىتىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. شائىر جامىنى ئۆز ھاياتىدىكى ئۇستازلىرى ئىچىدە ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. شائىرنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» دىكى بىرىنچى دىۋانى «غەرايىبۇسسىغەر» (ياشلىق غارايىبلىرى) دە ئۆزىنىڭ نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن بىر قىتئە بار. شائىر قىتئەدە نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى بولغان «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن»، «سەپەر دەر ۋەتەن»، «نەزەر بەر قەدەم»، «ھوش دەردەم» دېگەن ئىبارەت تۆت شەرتنى شەرھلىگەندىن كېيىن، ئۆزىدە مۇشۇ تۆت ئىش ھازىر بولسا، ئۆزىنىڭمۇ نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. مانا شۇ شېئىرنىڭ ئۆزىنى كۆرەيلى:

قانائەت تەرىقىگە كىر، ئەي كۆڭۈل،
كى خەتم ئولغاي ئايىنى ئىززەت ساڭا.
دېسەڭ شاھ ئولاي يەرۇ كۆك پەس دۇرۇر،
بۇ بىر تەختۇ ئول چەترى رىفئەت ساڭا.
فەنا شۇئىلەسىدە ياشۇر جىسمىنى،
كېرەك بولسا زەربەفت خىلئەت ساڭا.
يېتەر لالە بۇتگەن قىيا قۇللەسى،

مۇراد ئولسا گۇلگۇن ساڭا.
ئېرۇر بەش ئەرخ ئۆكتە ئۇ قان ياشىڭ،
دۇرۇ لەئىلدىن زىبۇ زىينەت ساڭا.
دېسەڭ خىلۋەتىم ئەنجۇمەن بولمەسىن،
كېرەك ئەنجۇمەن ئىچرە خىلۋەت ساڭا.
ۋەتەن ئىچرە سايىر بولۇپ سايىر ئول،
سەفەردىن ئەگەر بولسا مېھنەت ساڭا.
نەزەرنى قەدەمدىن يىراق سالمىغىل،
بۇ يول ئەزمى گەر بولسا رەغبەت ساڭا.
دەمىڭدىن يىراق تۇتماغىل ھوشنى،
كى يۈزلەنمەگەي ھەردەم ئاپەت ساڭا.
بۇ تۆت ئىش بىلە رۇبئى مەسكۇن ئارا،
چالىنماق نىتاڭ كۇسى دەۋلەت ساڭا.
بۇ ئاھاڭ ئىلە بولغاسەن نەقشىبەند،
نەۋائىي ئەگەر يەتسە نەۋبەت ساڭا.①

نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بولغان بۇ تۆت ئىشنى زۇرۇرىيەت تۈپەيلىدىن قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتەيلى.

(1) «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن» — جامائەت ئىچىدە، كىشىلەر ئارىسىدا خىلۋەتتە بولۇش يەنى كىشىلەر ئارىسىدا ياشاپ، قەلبىدە پەقەت ئاللانىلا ياد ئېتىش.

(2) «سەفەر دەر ۋەتەن» — ۋەتەن ئىچرە سەپەر قىلماق. بۇنىڭدا سالىك ئۆزى ئەل ئارىسىدا ياشاپ تۇرۇپ، تەبىئىتىدىكى ناچار ئىللەتلەردىن ياخشى خۇلقلارغا، بەشەرىي (ئىنسانىي) سۈپەتلەردىن مەلەكى سۈپەتلەرگە سەپەر قىلىدۇ.

(3) «نەزەر بەر قەدەم» — قەدىمىڭگە نەزەر سال، ھەر بىر قەدىمىڭنى نازارەت قىل دېگەنلىك. ئۇلارنىڭ قارىشىچە،

---

① نەۋائىي: «خەزائىنۇل مەئانى»، 724 ـ بەت.

قەلبىدە ھەقنى ياد ئېتىپ كېتىۋاتقان سالىك، ئۆزىنىڭ قەدىمىگە نەزەر سېلىپ مېڭىشى، دىققىتىنى ئەتراپتىكى ھەر خىل نەرسىلەرگە بۆلمەسلىكى، قاراش دۇرۇس بولمايدىغان يەرلەرگە قارىماسلىقى كېرەك.

(4) «ھوش دەردەم» — ھەر دەقىقىدە ھوشيار تۇرماق، يەنى، ئۆلارنىڭ پىكرىچە، ھەر نەپەستە قەلب زەۋققە تولۇپ، ھوشيار بولۇشى، غەپلەتكە ئورۇن قالماسلىقى كېرەك.

نەقشىبەندىيەنىڭ بۇنىڭدىن باشقا شەرتلىرىمۇ بولغان (ئاساسەن 11 تۇرلۇك). بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇمىي ۋە ئاساسىي بولغىنى يۇقىرىقى «تۆت ئىش» ئىدى. نەقشىبەندىيەنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىدە يەنە، «دىل بەيارۇ، دەست بەكار» (دىلىڭنى يارغا، يەنى خۇداغا بېغىشلا، قولۇڭنى ئىشقا قارات) دېگەن تەلەپمۇ بولغان.

يۇقىرىقى قىتئەمۇ شائىرنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىدە يېزىلغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسى بىلەن پىششىق تونۇشقان، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپلا قالماستىن، ئۇستازى جامىنىڭ تەسىرى بىلەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنىڭ ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىق ئەتكۈچىلىرى بولغان تەرىقەت ئەھلى، جۈملىدىن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرتلىرى، تەلەپلىرىنى ياخشى بىلگەن ھەتتا ئۆزىنى شۇ تەرىقەتكە مەنسۇپ ھېسابلىغانىدى.

ئەمدى دىققىتىمىزنى قىتئەنىڭ بەشىنچى مىسراسىدىكى «فەنا شۇ ئىلەسىدە ياشۇر جىسمىنى» — «فەنا (يوقلۇق) يالقۇنىدا ئۆز جىسمىڭنى يوشۇر (يوق ئەت)» دېگەن بىر جۈملە ئىچىدىكى «فەنا» سۆزىگە قارىتايلى.

«فەنا» — يوق بولماق ياكى ئۆلمەك دېگەن سۆز. تەسەۋۋۇپتا بولسا ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ، ھەق ۋۇجۇدىدا يوق

بولۇپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى شەرھلەشكە يۈز رىسالىمۇ ئازلىق قىلىشى مۇمكىن. نەۋائىي شۇنداق يازىدۇ:

دېدىڭ «فەنانېدۇر؟» مۇختەسەردېيىن: «ئۆلمەك!»،
كى شەرھى تىلەسەڭ، يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.

كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، «فەنا» سۆزىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن قىسقىلا هالدا «ئۆلمەك» دېيىش مۇمكىن، لېكىن ئۇنى شەرھلەش، تولۇق چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، بۇ شەرھلەردىن يۈز رىسالە پۈتۈشى مۇمكىن.

تەسەۋۋۇپتىكى «فەنا» چۈشەنچىسى هەققىدە ئالدىنقى بابلاردا خېلى كەڭ توختالغان هەم بۇنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ئەڭ مۇرەككەپ چۈشەنچىلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. تەسەۋۋۇپتا «فەنا» بولماق ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ هەق بىلەن قوشۇلۇپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئەي نەۋائىي، دەۋلەتى باقى تىلەرسەن ۋەسلىدىن،
ئانى كەسىب ئەتمەك فەنا بولماي نى ئىمكان ئاقىبەت.①

مانا شۇ «فەنا» قارىشى نەۋائىي ئىدىيىسىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ، شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى هەر بىر غەزەلدە دېگۈدەك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. هەتتا فەنا جامى ئىچىگە زەهەر سېلىنغان بولسىمۇ شائىر ئۇنى سۈمۈرۈشكە تەييار:

دېمە جامى فەنا ئىچرە ئېزىلمىشتۇر ئەجەل زەهرى،
نەۋائىي جان بېرىپ ئول جامنى چەكمەكتۇر ئەرمانىم.②

---

① نەۋائىي: «غەزەللەر»، 205 ـ بەت.
② نەۋائىي: «غەزەللەر»، 397 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىم نەۋائىيدەك فەنا ۋادىسىدە ئېتەر ھۆزۈر،
كەچسۈن ئۆزدىن بەلكى خود ئۆزلۈكىنى ھازىر كۆرمەسۈن. ①

مەشۇقنى (ھەقنى) ئىزدەش يولىغا كىرگەن ئاشىقنىڭ بۇ يولدىكى غەرىزى ۋىسال. ھالبۇكى «فەنا» بولماستىن ئۇنى تېپىش بولمايدۇ:

فەنا بەھرىغە چۆمماقدىن غەرەز تالىپقە ۋەسل ئولدى،
كى غەۋۋاس ئۆلمەكىگە غەرق ئولۇپ گەۋھەر ئېرۇر بائىس. ②

شۇڭا شائىرنىڭ نەزەرىدە تەسەۋۋۇپ زاھىتلارنىڭ شەكىلۋازلىق قىلىدىغان رىيا تەقۋىسى ئەمەس، بەلكى، ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش ئىدى. شائىر يازىدۇ:

بىراۋكە مۇسەللەم تەرىقى تەسەۋۋۇپ،
كى زاتىدا مەۋجۇد ئېمەستۇر تەخەللۇپ.
تەسەۋۋۇپ رىزا ئەھلىدىن ياخشى ئەخلاق،
ئېرۇر ئىستىلاھاتى زىبۇ تەكەللۇپ.
تەسەۋۋۇپ ئېمەس زوھدۇ تەقۋىيۇ تائەت،
كى ئاندا رىيا يول تاپار بىتەۋەققۇپ.
ئېرۇر مەھز تەقۋىي ۋە لېكىن رىياسىز،
ئۇبۇدىيەت سەرفۇ ئەينى تەلەتتۇپ.
نې ئېل قەۋلۇ فېئىلىغا ئاندىن تەئەددى،
نې ھەق ئەمرۇ نەھيىگە ئەندىن تەسەررۇپ.
ئۆزىنى ئويلە بىئىختىيار ئاڭلا بانكىم،
نې قالىب تەرەددۇد ئەڭگە، نې تەئەسسۇپ.
قىلىپ ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن،

---

① نەۋائىي: «غەزەللەر»، 401 - بەت.
② نەۋائىي: «غەزەللەر»، 340 - بەت.

نەۋائىي، مۇنى بىل تەرىقى تەسەۋۋۇپ.①

دېمەك، ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىش، يەنى «فەنا» بولۇش، شائىرنىڭ نەزەرىدىكى تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت. شائىر ھەققە خىتاب قىلىدۇ:

مەندە، يارەب، قويما مەنلىكدىن نىشان،
ئۆزلۈكۈمدىن مەھۋ قىل دامەنكە شان.②

شۇڭا شائىر ئۆزلۈكتىن ئەسەر قويماسلىق ئۈچۈن تولغىنىدۇ، ھەتتا ئىشق تاشلىرى زەربىسىدىن ئۆلسەم قەبرەم «فەنا» مەيخانىسىنىڭ خىشىدىن بولغاي دەيدۇ:

تولغانۇرمەن ئۆزلۈكۈمدىن چىقغالى، بۇ كىم ئېرۇر،
دەرد ۋادىسىدا، سەرگەردان قۇيۇندەك ھەيئەتىم.
ئەي فەلەك، ئەنجۇم ئۇششاق تاشىن يىغىپ باشىمغە ئۇر،
چۇن فەنا مەيخانىسى خىشتىدىن ئولدى تۇربەتىم.③

نەۋائىي «لىسانۇتتەير» دىكى مۇناجاتلىرىدىن بىرىدە مەجنۇننىڭ مۇنداق بىر ھېكايىتىنى قىستۇرغانىدى:

كىم بىراۋ بىر كۈن دېدى «ئاتىڭ نېدۇر؟»
دېدى: «لەيلى» دېدى «ئىسباتىڭ نېدۇر؟»
دېدى: «ئولكىم لەيلى ئولدى زات ئاڭا،
ھاجەت ئېرمەس ئەيلەمەك ئىسبات ئاڭا،:
كىم ساڭا شەكدۇر، ماڭا بۇدۇر يەقىن.»

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 4 ـ، 5 ـ بەتلەر.
② نەۋائىي: «لىسانۇتتەير» — «بولاق»، 1993 ـ يىل، 4 ـ سان، 84 ـ بەت.
③ نەۋائىي: «غەزەللەر»، 123 ـ، 124 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇيلە ئاشىقلىقىغە يۈز مىڭ ئافىرىن.①

نەۋائىي ئۆز مۇناجاتى ئىچىدە مانا شۇ ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوق قىلغان ئىلاھىي ئىشقنى «يۈز مىڭ ئاپىرىن» دەۋاتىدۇ.

نەۋائىينىڭ «فەنا» ئارزۇسى ئىزھار قىلىنغان مىسرالىرىنىڭ سانىنى ئېيتىپ، ھەممىنى مىسال كەلتۈرۈش بىھاجەت. بولۇپمۇ «لىسانۇتتەير» نىڭ ئاخىرىدىكى مۇناجاتلار ئاساسەن شائىرنىڭ مۇشۇ ئارزۇسى بىلەن تولغان.

ئەمدى بىز نېمە ئۈچۈن نەۋائىيدىكى بۇ «فەنا» قارىشى توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ، تەكىتلىگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبىگە ئۆتەيلى.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدىكى بۇ ئىزدىنىشلىرىمىزدە نەۋائىي ئەسەرلىرىدە تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسىي غايە، ئاساسىي چۈشەنچە بولغان «فەنا» كۆز قارىشىنىڭ شائىر ئىدىيىسىدە نېمە ئۈچۈن مۇنداق گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرغانلىقى مېنى تىنىمسىز ئويلاندۇرۇپ ئارام بەرمىدى. خىيال دەپتىرىمدىن «نەۋائىي نېمە ئۈچۈن پارس تىلىدىكى شېئىرلىرىدا ‹فانىي› (فەنا) دەپ تەخەللۇس قوللانغاندۇر؟» دېگەن بىر سوئال يىراق كەتمەيتتى. ئەجەبا بۇ نەۋائىينىڭ ئىدىيىسى بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوقمىدۇر؟ ئادەتتە، تەخەللۇس قوللانغان شائىرلار ھامان ئۆز ئىدىيىسىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سۆزلەرنى ئىزدىشىدىغۇ؟

بۇ سوئالىمغىمۇ يەنە ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆزى جاۋاب بەردى: «ھەر قانداق كىشى بىر ئىش قىلغان بولسا، بۇ ئىشتا شۇ كىشىنىڭ بىرەر بەلگىسى بولغان بولىدۇ. سەھىپىلەرنى زىننەتلەپ نەزمە يازغۇچىلارنىڭ تەخەللۇسى ئۇنىڭ تامغىسىدۇر. ھەر قانداق ۋاراقتا يېزىلغان شېئىرلار تەخەللۇستىن ئىبارەت

① «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 81 - بەت.

مۇشۇ نىشانە ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنى ئوقۇغان كىشىلەر ئاشۇ نىشانىگە ئاساسەن بۇ سەئىدىنىڭ، بۇ نىزامىنىڭ ياكى بۇ خۇسرەۋنىڭ، بۇ جامىنىڭ دەپ ئايرىۋالالايدۇ.

مەن تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكىنىمدە، قەلىمىم ئىستىبداتى تۈپەيلىدىن نەزم گۆھەرلىرىنى چاچقىنىمدا نەزملىرىمگە ‹نەۋائىي› دېگەن تەخەللۇسنى نىشانە قىلىپ قوللاندىم. پارس تىلىدىمۇ شېئىرغا قەلەم تەۋرىتىپ شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە ئەسەرلەرنى يازدىم. ئۇ مەنىلەردىن ماڭا پەيز ۋە ئىلھام يەتكەچكە، بۇ تىلدا يازغان شېئىرلىرىمدا ‹فانىي› تەخەللۇسى ماڭا نىشانە بولدى.»①

شائىرغا «پەيز ۋە ئىلھام» بەرگەن «ئۇ مەنىلەر»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە جىق سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. «ئۇ مەنىلەر» — دەل تەسەۋۋۇپنى يەنى پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير»ىدىن ھاسىل قىلغان مەنىلەرنى كۆرسىتەتتى.

پەرىدىدىن ئەتتاردىمۇ، ئۇنىڭدىن «ئىلھام ۋە پەيز» ئېلىپ قولىغا قەلەم ئالغان نەۋائىيدىمۇ، ھەقكە قاراپ قەدەم ئېلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى — «فەقرۇ فەنا» (فەقىرلىك ۋە يوقلۇق) ۋادىسى ئىدى. شائىر ئەنە شۇ مەنزىلگە — «فەنا» بولۇپ ھەققە قوشۇلۇپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشكە ئىنتىلگەن:

فانىيا، لافى فەنا ئۇرماقنى قوي،
ۋەسىل ئېسەكامىڭ، فەنا ئوتىغە كۆي.
ئەۋرۇلۇپ شەمئى ئوتىغە پەرۋانەۋار،
ئۆزىنى تاشلا شۇئلەغە دىۋانە ۋار.

〔ئەي فانىي، فانىيلىق (يوق بولۇش) ھەققىدە لاپ ئۇرۇشنى قوي! ۋىسالغا ئېرىشمەكچى بولساڭ فانىيلىق ئوتىدا كۆي! شام ئوتىنى ئايلانغان پەرۋانىگە ئوخشاش، ئۆزۈڭنى شولىغا پەرۋانىدەك ئۇر! ۋۇجۇدۇڭدىن

① «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 88 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئەسەر، بارلىقنىڭ ئارقاق - ئورۇشلىرىدىن نىشان قالمىغاندىلا، مەقسەت ئىچىدە تىلىگىنىڭگە ئېرىشىسەن! خالايىق بۇ ماجرانى بىلمىسە بىلمەيۋەرسۇن!①»

دېمەك، شائىر «پەيز ۋە ئىلھام» ئالغان «مەنىلەر» ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي «مەنە» — «فەنا»نى ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىغا تەخەللۇس قىلغان.

ئەمدى مانا شۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىكى ئىپادىلىرىگە نەزەر سالايلى. شائىر شۇنداق يازىدۇ:

قىلدى مەزاھىردا خىيال زۇھۇر،
تاپقالى ئول ھۆسن كامالى زۇھۇر.
جىلۋەئى ھۆسنۇڭكە چۇ يوق ئېردى ھەد،
كۆزگو كېرەك بولدى ئاڭا بىئەدەد.
ئاچتى بۇ گۇلشەننىكى رەڭىن ئېرۇر،
ھەر گۇل ئاڭا ئائىنەئى چىن ئېرۇر.
جىلۋەئى ھۆسن ئولغالى زاھىر ئاڭا،
بولدى بۇ مىرئات مەزاھىر ئاڭا.②

شائىر، پۈتۈن ئالەم «ھۆسنى مۇتلەق» نىڭ ئۆز ھۆسنىنى كۆرۈشى ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە يارىتىلغان دەيدۇ. تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە تەكرارلاپ، يېشىپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شائىر يەنە مۇنداق يازىدۇ: «كۆچلۈك بوران ئۆزىنىڭ يۈكسەك دولقۇنلىرى بىلەن سۇ يۈزىدە ئۆركەشلەرنى پەيدا قىلىپ، مىڭ خىل نەقىشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ

① «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 69 - بەت.
② نەۋائىي: «خەمسە: ھەيرەتۇل ئەبرار»، ئۈرۈمچى، 1991 - يىل، 18 - بەت.

نەقىشلەر دەممۇ دەم يوقىلىپ يەنە مىڭ تۈرلۈك يېڭى دولقۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سەن بۇ ھادىسىگە ياخشى نەزەر سالساڭ، دېڭىز دولقۇنلىرىدا تۇراقلىق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. چۈنكى ئۇ ھامان دېڭىز يۈزىدە يوقىلىپ تۇرىدۇ. دېڭىزدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى يوقالغۇچىدۇر.

ئەنە شۇ چەكسىز دېڭىز ھەق ۋۇجۇدىدىن ئاددىي بىر نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ يۈزىدىكى دولقۇن ۋە ئۆركەشلەر بولسا بۇ ئالەمدىكى تۈرلۈك - تۈمەن نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر. مەنە ئەھلىلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان بۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئىچىدە، قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتىكى شەكلەن مەۋجۇتلۇق بولۇپ، شەكلى جەھەتتىلا كۆزگە چېلىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر... ئەگەر ھەر بىر كىشىدە ئەقىلدىن ئەسەر بولسا، شۇنى بىلسۇن كىم، بۇ ئالەمدىكى ئەزەلدىن تا ئەبەدكىچە بولغان ھەممە نەرسە مەۋجۇتلۇققا ئىگە ئەمەس، پەقەت شەكىل جەھەتتىكى كۆرۈنۈشكىلا ئىگە.»①

تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشىنىڭ ئۆزى بولغان بۇ مەزمۇنلارنى يەنە ئىزاھلاش زۆرۈر بولمىسا كېرەك. شائىر ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق «ۋۇجۇدى مۇتلەق» ئىكەنلىكى ھەققىدە شۇنداق يازىدۇ:

نې بولۇپ ئەۋۋەلدە بىدايەت ساڭا،
نې كېلىپ ئاخىردەمدە نىھايەت ساڭا.
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ ئاخىرۇ مابەيىن ئۆزۈڭ،
بارچەغە خالىق، بارىغە ئەيىن ئۆزۈڭ.②

يەنە دېڭىز بىلەن دولقۇن ئارقىلىق يېگانە بارلىق

---

① «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 61 -، 62 - بەتلەر.
② «ھەيرەتۇل ئەبرار»، 15 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۇشەندۇرۇلگەن مۇنۇ قۇرلارنى كۆرەيلى : «تەڭرى ۋۇجۇدى دىڭىز قايناملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. قاينام ۋە ئۆركەشلەردىن ھاسىل بولغان ئىگىز - پەس نەقىشلەر دىڭىزغا ھېچبىر پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. دىڭىز دولقۇنلۇق بولسۇن، دولقۇنسىز بولسۇن، ئۇ ئۆزىدىكى سۇ بىلەن بەربىر دىڭىز ھېسابلىنىدۇ. بىراق، سۇسىز دولقۇن ۋە نەقىشلەر ھاسىل بولمايدۇ. دولقۇن ۋە نەقىشلەرنىڭ بولۇش - بولماسلىقىنى دىڭىز بەلگىلەيدۇ.» ①

بۇ قاراشلار بىز كۆرۈپ ئۆتكەن، تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشىنىڭ ئەينەن ئۆزى ئىدى.

ھالبۇكى، بىزنىڭ ئالىم، پروفېسسورلىرىمىزنىڭ تەتقىقاتلىرىدىكى نەۋائىي پۈتۈنلەي باشقىچە: «نەۋائىينىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ۋە ئىلاھىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەلىماتى ۋە ئاسكېتىزمغا پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشىدۇر. نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى ئۆزىنىڭ ئوپتومىستىك ماھىيىتى ۋە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تەرەققىيپەرۋەر خاراكتېرى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ پانتېئىستىك تەلىماتىدىن ھەم پەرقلىنىدۇ.» ②

مانا بۇ، ئۆزىنىڭ «ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى» بىلەن «تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەلىماتىغا پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى» ھالدا تەپەككۇر قىلغان نەۋائىي! «ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئىنكار قىلغۇچى مىستىكلارغا، ئاسكېتىزملارغا قارشى» ④ نەۋائىي! مانا بۇ «ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئېتىراپ قىلغان، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇنى ئىلاھلاشتۇرغان» ⑤، ئۆزىنىڭ «پانتېئىزمى» بىلەن «تەسەۋۋۇپنىڭ پانتېئىستىك تەلىماتىدىن پەرقلەنگەن» نەۋائىي!

بۇلار ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ بۇيۇك مۇتەپەككۇرنىڭ ئىدىيىسىگە ماس كېلەمدۇ؟

---

① «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 72 -، 73 - بەتلەر.
② ④ ⑤ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، ئۈرۈمچى، 1988 - يىل، 372 -، 373 - بەتلەر.

دەرۋەقە، نەۋائىي زاھىتلىققا (ئاسكېتىزمغا) پۈتۈنلەي قارشى. ئۇ ھەممە ئەسەرلىرىدە رىياكار سوپى - ئىشانلارنى، شەيخلەرنى سۆكىدۇ، تەسبىھ بىلەن خىرقىسىنى مەي ئۈچۈن رەنگە قويىدۇ.

خىرقەئى زۇھدىن نەۋائىي قىلدى رەھن، ئەي مەيفۇرۇش،
قويما ھۇش ئىلكىدە ئانى بىنەۋا تۇتقىل قەدەھ.[1]
ئەگەر مەسجىددە كىردىم ھەلقەئى زىكرىڭ ئارا، ئەي شەيخ،
ۋەلى مەيخانە ۋۇمۇترىب سارى مەن ھەر زامان مايىل.[2]

نەۋائىي ھەتتا «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا مەخسۇس بىر بابنى (پەسىلنى) «رىياكار سوپى - ئىشانلار ھەققىدە» يازىدۇ، «شەيخ رىيائى، رەنالىقتا جىلۋىسى سۇنئىي، قاچىسىغا ئالتۇن بېرىلگەن ھەل، تاشقى كۆرۈنۈشى خۇش، ئەمما ئىچىدە ناخۇشلۇق ۋە غەل - غەش، تاشقى كۆرۈنۈشى دەرۋىشكە ئوخشىغان، ئەمما ماھىيىتى پۈتۈنلەي خەلققە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان. ئۆزىنى كۆرسەتمەك بولىدۇ ئازادە، ئەمما ئۆزى بەتتىنىڭ ئىچىدە. ئۇنىڭ كارامەتلىرى پۈتۈنلەي خەلقنى ئالداش، بېشىدىكى بىر تال مويىدا بىر بۇزۇق خىيال بار، سەللىسىدە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئالامىتى بار. كىيىملىرىدىكى ياماقلار كىيىمىنى رەڭدار قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يامالغان، ئۇنىڭ يەكتىكى پەردىسىدۇر ئۇنىڭ سەتلىكىنى ياپىدىغان؛ ئۇنىڭ رەختىنى رىيانىڭ چاقىدا ئىگىرىپ توقۇغان. بۇنىڭ مىسكۋىكى بىلەيدۇ تەمەخورلۇق چىشىنى. چەندازىسىدا ساقال تارغىقى نىھان. ئۆزىنى خەلققە كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر ئىشەك مۇنچىقىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى سىيرىپ تۇرۇشى ۋە ئۇزاق ناماز ئوقۇشىدىكى غەرىزى. دەسمىيسى سەللە

① نەۋائىي: «غەزەللەر»، 213 - بەت.
② نەۋائىي: «غەزەللەر»، 251 - بەت.

يۈگگەن كۆلاسى؛ تۇلكە قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ سەللىسىنىڭ ئۇزۇن ساڭگىلاتقان چۇچىسى. ئۇنىڭ بىۋاقىت، سەت، سوغۇق تۇۋلاشلىرى بىمەھەل قىچقارغان توخۇنى ئەسلىتىدۇ. مەستلەر ئۆز بەزمىسىدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقاندەك ھۆكمەتنى ھالالا بىلەن ئوقۇيدۇ. سۆزلىرىگە پۇتۇنلەي ھىيلە ئارىلاشقان، ھەرىكەتلىرىگە پۇتۇنلەي غەرەز ئارىلاشقان. قىلمىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ياسالغان، ئويغاق چېغىدا دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. ئۇنىڭ ساماسى ئۇسسۇل ئەمەس، غەزىلى ھېچ ئاھاڭغا ماس ئەمەس. سۇرىتىنى قانچە خىل قىلسۇن، ھەممە قىلىقى مەنىسىز. بۇ ئىپلاس زات ئۆزىنى ياساپ - جابدۇپ پاك كىشىلەردەك كۆرۈنمەك بولىدۇ، ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن ئۇياتچىلىق بۇ! يەنە كېلىپ بۇ ناباپلارنىڭ ئۆزىگە لايىق مۇرتلىرى بولۇپ، كىچە - كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. ئۇ بارلىق تەدبىرى بىلەن بۇ ئويۇننى ئويناپ، بەزىلەرنى قورقىتىدۇ. ئۇنىڭ قىلىقلىرى شەيتاننى ھەيران قالدۇرىدۇ، دىۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ.»①

مانا، زاھىتلىقنى سۆكۈشنىڭ تۈپ سەۋەبى. ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى پۈتۈنلەي رىيادىن ئىبارەت، دىلى بولسا ھەقكە سادىق ئەمەس بولغىنى ئۈچۈن، شائىرنىڭ نەزەرىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلنى ئالدايدىغان ئالدامچىلار ھېسابلانغان. چۈنكى شائىرنىڭ قارىشىدىكى تەسەۋۋۇپ رىيا تەقۋىسى ئەمەس، ئىنساننى ھەقكە ئېلىپ بارىدىغان، پاكلىق، خالىسلىق، سەمىمىيلىك يولىغا ئۈندەيدىغان ئىلىم. شائىرنىڭ نەزەرىدە تەسەۋۋۇپ يالغان ئاشىق بولۇپ سەكرەش ئەمەس، بەلكى «ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى مەھۋ (يوق) ئېتىش». شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر سوپى - ئىشانلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا، تىلى بىلەن دىلىنىڭ

① نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 81 -، 82 - بەتلەر.

بىر ئەمەسلىكىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، شائىرنىڭ چۈشەنچىسىدە «تەسەۋۋۇپ زوھدۇ تەقۋا ئەمەس!»، بەلكى قەلبنى ھەق سۆيگۈسى بىلەن تولدۇرۇش، ئۆزلۈكنى يوق قىلىش دېگەنلىك.

يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، رىياكارلىقنى، زاھىتلىقنى سۆكۈش، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش يالغۇز نەۋائىيغىلا خاس ئەمەس، ئۇ تەسەۋۋۇپتىكى «چىن ئاشىقلار»، «دىدار تەلەپلەر» ئۈچۈن ئومۇمىي ۋە ئورتاق بولغان قاراش. شەمسىددىن تەبرىزى، جالالىددىن رۇمى، ئەھمەد يەسەۋى، يۇنۇس ئەمرا، ھاپىز شىرازى ۋە باشقا بۈيۈك مۇتەسەۋۋىپ شائىرلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ خاھىشنى ئېنىق كۆرىمىز.

تەسەۋۋۇپتىكى «ئىلاھىي ئىشق» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەقكە سادىق بولغاندىلا ئۇنىڭغا يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن رەبىئەتۇل ئادەۋىييە ھەققىدە ئەتتار مۇنداق بىر ھېكايەتنى سۆزلەيدۇ:

«رەبىئە بىر كۈنى ھەسەن (ھەسەن بەسرى) نىڭ ئۆيى ئالدىدىن كېتىپ باراتتى. ھەسەن يىغلاۋاتقانىدى. كۆزىنىڭ ياشلىرى رەبىئەگە تۆكۈلدى. رەبىئە يامغۇر سۈيى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. بىلدىكى، بۇ ھەسەننىڭ كۆز يېشى ئىكەن. ئۇ ھەسەنگە:

— يا ئۇستاز، كۆز يېشىڭنى يوشۇرغىن، خەلق كۆرمىسۇن، شۇندا رىيادىنمۇ ئەمىن بولىسەن، دېدى». ①

دېمەك، دەسلەپكى سوپىلاردىن بىرى بولغان رەبىئەتۇل ئادەۋىييەمۇ ھەقكە ئىبادەت قىلىپ، ھەقنى ياد ئەتتىم دەپ، ھۇ - ھۇ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاشنى پەقەت

① پەرىدىددىن ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، ئىستانبۇل، 1983 - يىل، 227 - بەت.

خەقلەركۆرسۇن ئۇچۇن قىلغان ئىككى يۈزلىمىلىك (رىيا) دەپ قارىغانىكەن.

يەسەۋى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدىمۇ يەسەۋىنىڭ زاھىتلاردىن، شەيتانغا دەرس بېرىدىغان ئىشان ـ شەيخلەردىن زارلىغانلىقىنى، ئۇلاردىن يىراق قېچىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدۇق. يەسەۋى ھېكمەتلىرىدە شۇنداق دېگەنىدى:

قۇل خاجە ئەھمەد زاھىد بولما ئاشىق بولغىل،
بۇ يوللاردا بىباك يۈرمە سادىق بولغىل،
لەيلى مەجنۇن، پەرھاد شېرىن ۋامىق بولغىل،
ئاشىق بولماي ھەق دىدارىنى كۆرسە بولماس.

يالغان ئاشىق يالغان سوپى كۆردۈم سۆكتۈم،
ئول سەبەپتىن ئالتمىش ئۇچتە كىردىم يەرگە.①

شەمسىددىن تەبرىزى بولسا، «شەيخلەر ۋە سوپىلار دىن بىلەن دىيانەتنىڭ ئۇلۇغ سەپىرى يولىدىكى قاراقچىلاردۇر.»② دەيدۇ. جالالىددىن رۇمى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بولسا، ئۆزلىرىنى سوپى ئەمەس، بەلكى ئاشىق دەپ ئاتىشىدۇ. يۇنۇس ئەمرا ھەم شۇنداق. مەشرەپ، ھۇۋەيدالاردىمۇ بىز زاھىتلىق سۆكۈلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرىمىز.

بۇ مۇتەسەۋۋىپ شائىرلار ئۇچۇن ئومۇمىي ئەھۋال. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ھەقكە بولغان چىن سادىقلىقنىڭ ئىپادىسى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ھۇ ـ ھۇ توۋلاش، زاھىت بولۇش ئەمەس، بەلكى پاك ئىشق.

بۇ مەسىلە ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدىكى

---

① ئەھمەد يەسەۋى، — كەمال ئەراسلان تەييارلىغان نۇسخا، 24 ـ بەت.
② رادى فىش: «جالالىدىن رۇمى» (ئۇيغۇرچە)، 266 ـ بەت.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدىلا، تەسەۋۋۇپتا ئىشق كۆز قارىشى مەيدانغا چىققاندىن كېيىن بارا - بارا زاھىتلىقنى ئىنكار قىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئالدىنقى بابتا بولسا، زاھىتلارنىڭ نېمە ئۈچۈن سۆكۈلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، زاھىتلار دىلدا ئەمەس، تىلدىلا تەقۋادار، ئەمەلىيەتتە ھەقكە سادىق ئەمەس، دەپ ھېسابلانغاچقا، ئۇلارغا قارشى تۇرغان، سۆككەن. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ھەقكە بولغان سادىقلىق پەقەت ھەقنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەك، كۆڭلىدە ئۆزگە خىيال بولماسلىقى كېرەك دەپ قارالغاچقا، زاھىتلارنىڭ رىياكارلىقىغا تاقەت قىلالمىغان.

نەۋائىينىڭ «لىسانۇتتەير» دە خوجا ئابدۇللا ئەنسارىدىن[1] مۇنداق ھېكايەت قىلىنىدۇ: «ئىلىم - ئىرپان يول باشچىسى بولغان خوجا ئابدۇللا ئەنسارى (ئەقىل - ئىدراك ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن مىڭدىن بىرىنىمۇ شەرھلەپ بېرەلمەيدۇ) مۇنداق دېگەنىدى: ‹ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى ۋە ئۇنىڭ پەقىرلىق يولىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى دىلدا ئۇنىڭدىن ئۆزگە، يەنى خىيالدا جاناندىن ئۆزگە نەرسىنىڭ بولمىغانلىقىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ھەر بىر كۆڭۈل شۇنداق سۈپەتكە ئىگە بولسا، ئۇنى كۆڭۈل دەپ بىلگىن، ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ دېڭىز ياكى كان بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكىن. ئۇ زاتقا كۆڭۈل بەرگەن كۆڭۈللا كۆڭۈلدۇر. بۇنداق كۆڭۈل جاناندىن ئۆزگىگە كۆڭۈل بەرمەيدۇ. دائىم ئۇنىڭ يادى بىلەن مەستۇ - مۇستەغرەق بولغان بولىدۇ. »[2]

① خوجا ئابدۇللا ئەنسارى (1005 — 1088)، ھېراتتا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، شەيخ.
② «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 34 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭچە زاھىتلارنىڭ، رىياكار سوپى - ئىشانلارنىڭ سۆكۈلۈشىدىكى، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشتىكى تۈپ سەۋەبنى بۇ پىكىرلەرمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ رىيا ئەھلىنىڭ دىلى «شۇنداق سۈپەتكە ئىگە» بولمىغىنى ئۈچۈن، «خىيالىدا جاناندىن ئۆزگە نەرسە» بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىككى يۈزلىمچى، دىلى بىلەن تىلى، ھەرىكىتى بىر ئەمەس، يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى چىن ئاشىق ھېسابلىغىنى ئۈچۈن خىيالىدا نە جەننەت تەمەسى، نە دوزاخ قورقۇنچى بولمىغان. جەننەتنى پەقەت جەننەت ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلىدىغان زاھىتلارغا بەرسۇن، بىزگە بولسا جانانىنىڭ ئۆزى كېرەك، دېيىشكەن. شۇڭا نەۋائىي:

نەۋائىيدەك ئۆلەر ھالىمدە دېمەڭ ھۇرۇ جەننەتتىن،
سىزىڭدۇر بارچەئى ئەي زاھىد ماڭا بىر كۆرمەك ئانى بەس.

دەپ يازىدۇ.

بۈيۈك مۇتەسەۋۋىپلار تەسەۋۋۇپنى ھەقكە بولغان سادىقلىقنىڭ، سەمىمىيلىكنىڭ ئىپادىسى، مانا شۇ چەكسىز ئىشق ئارقىلىق ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىپ (فەنا) ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش يولى دەپ قارىغان. شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپقا بەرگەن تەبىرىدە ھەم بۇنى ئېنىق كۆرگەندۇق:

قىلىپ ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن،
نەۋائىي، مۇنى بىل تەرىقى تەسەۋۋۇپ.

«لىسانۇتتەير» نىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى مۇناجاتلار نەۋائىينىڭ ئەنە شۇ «فەنا» بولۇپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش ئىستەكلىرى بىلەن تولغاندى:

ئىشق ئوتى سوزىغە مەھرۇق ئەت مېنى،
ۋەھدەتى ئىشق ئىچرە مەشۇق ئەت مېنى.
ئاندا ئىستىغراقى ئىشق ئەت قىسمەتىم،
كىم ئۇزۇلگەي ئۆزلۈكۈمدىن نىسبەتىم.
ئىشق ئارا جانىمنى نابۇد ئەيلەگىل،
سوڭرە ئىشقىڭ بىرلە مەۋجۇد ئەيلەگىل.[1]
ھەيرەت ئىچرە قويما سەرگەردان مېنى،
تارت ئۆز ۋەسلىڭ سارى ئاسان مېنى.[2]

ھەتتا، نەۋائىي ئەسەرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ ئىستىكىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتىدۇ: «فانىي بولۇش مېنىڭ مۇرادىم ئىدى. تەڭرى مېنىڭ بۇ مۇشكۈلۈمنى ئاسان قىلىپ، مايىل بولغان تەرەپكە يۈرۈش ئىختىيارىنى بەرگەي ۋە ئىختىيارسىز ھالدا مېنى ئۇ مەنزىلگە يەتكۈزگەي.»[3]

مانا، «تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەلىماتىغا پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى» بولغان نەۋائىي!

ئەجەبا، تەسەۋۋۇپتىكى ئەڭ مۇرەككەپ چۈشەنچە، نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «شەرھلىسە يۈز رىسالە بولىدىغان» «فەنا» چۈشەنچىسى، يەنى ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ «ۋۇجۇدى مۇتلەق» قە قوشۇلۇپ كېتىش ئىدىيىسى تەسەۋۋۇپنىكى مىستىك تەلىمات بولماي نېمە؟ شائىر دەل مانا شۇ ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان «فەنا» سۆزىنى ئۆزىگە مۇشۇ مەنىلەرنى بىلدۈرگەن تىلدىكى — پارسچە شېئىرلىرىدىكى تەخەللۇسى قىلغانلىقىنى ئۆزى قەيت قىلغانغۇ؟

---

① «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 81 - بەت.
② «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 83 - بەت.
③ «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 88 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆسمۈرلۈك يىللىرىدىلا شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتۈن ھاياتىدا ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە زىت قويۇپ تۇرۇپ، نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشىنى، پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆگەنگىلى، يورۇتۇپ بەرگىلى بولامدۇ؟

نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە، «‹لىسانۇتتەير› ناخشىسىنى ياگرىتىپ، ھەقىقەت سىرلىرىنى قۇش تىلى ئىشارىتى بىلەن مەجاز قىلىپ كۆرسەتتىم.»[1] دەپ يازىدۇ.

شائىر ئۆزى بىلمەي، ھېس قىلماي تۇرۇپ، «ھەقىقەت سىرلىرىنى قۇش تىلى ئىشارىتى بىلەن مەجاز قىلىپ كۆرسىتىپ» بېرەلىشى ئاسان ئىش بولمىسا كېرەك. شۇڭا تەكرارلانسىمۇ يەنە ئېيتاي، «مەنتىقۇتتەير» دەك تەسەۋۋۇپ تەلىماتى مەزمۇن قىلىنغان مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئەسەرنى چۈشىنىپ، تەرجىمە قىلىش ئۈچۈنمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە مۇكەممەل بىلىم كېرەك بولىدۇ. نەۋائىي بولسا ئۇنى پۈتۈنلەي يېڭىدىن ئىجاد قىلدى. تەسەۋۋۇپ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇنىڭغا يالغۇز تىل ماھارىتىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە دىل ماھارىتى كېرەك بولىدۇ.

تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىدا، «ھەقىقەت سىرلىرى» نى بىلگەن، ھېس قىلغان ئارىف ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ، چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت مۇشۇ «سىرلار» نى بىلىشكە، چۈشىنىشكە باشلىغان كىشىگىلا سىمۋوللار ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەپ

[1] «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، بېيجىڭ، 1998 ـ يىل، 32 ـ بەت.

بىرەلىشى مۇمكىن دەپ قارىلىدۇ.[1] شۇڭا، نەۋائىي ئەتتار ھېس قىلغاننى، بىلگەننى ھېس قىلماستىن، بىلمەستىن «ھەقىقەت سىرلىرىنى قۇش تىلى ئىشارىتى بىلەن مەجاز قىلىپ كۆرسىتىپ» بىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شائىر «تۈركىي شېئىرىيىتىدە بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، . . . . تۆت دىۋان، بەش خەزىنەنى ھېچقانچە قىينالمايلا قولغا كەلتۈردۈم» دەپ سۆزلەپ كېلىپ، «مەنتىقۇتتەير» نى يېزىش ئىستىكى زادىلا كۆڭلىدىن يىراق كەتمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، «بىراق بۇ بەك مۈشكۈل ئىش بولۇپ، مەن ئۇنى بېجىرىشكە ئاجىز ئىدىم. شۇ تۈپەيلىدىن قەلەمگە قول ئۇزىتالماي كەلگەنىدىم» دەيدۇ.

بۇ بىزگە شائىرنىڭ «لىسانۇتتەير» نى يېزىش ئۈچۈن ئاز زەخمەت چەكمىگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، شائىرنىڭ قەلب رەنجلىرى بىلەن زىچ باغلانغان تەسەۋۋۇپنى ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە زىت قويۇش بىلەن شائىرنىڭ قەلبىنى قانچىلىك كۆرۈش مۇمكىن؟

تەسەۋۋۇپتىكى بىلىش نەزەرىيىسى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ قارىشىدا، بىلىش ئىنسانىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى بىلمەي تۇرۇپ ئالىي ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. دەل مۇشۇ قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «پەرھاد - شېرىن» داستانىدىكى بىر تەپسىلاتقا دىققىتىمىزنى بۇرەيلى.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ «پەرھاد - شېرىن» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى، ھەر تەرەپلىمە كامالەتكە يەتكەن پەرھادنى يۇنانىستانغا

---

① ج.س. تىرىمنگام: «ئىسلامدىكى سوپىلىق تەرىقەتلىرى»، موسكۋا، 1989 - يىل، رۇسچە نەشرى، 118 - بەتتىكى ئىبىن ئەرەبىنىڭ سۆزىگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەۋەتىپ سوقرات غارىدا سوقرات بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا نەۋائىينىڭ يۇنان پەلسەپىسى بىلەن ياخشى تونۇشلۇقى بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇ يەردە كىشىنى ھەيرەتكە سالىدىغان بىر نۇقتا — نەۋائىي نېمە ئۈچۈن ئۆز قەھرىمانىنى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ يۇقىرى چوققىسى بولغان ئارىستوتېل بىلەن ۋە ياكى پلاتون بىلەن ئەمەس، بەلكى سوقرات بىلەن ئۇچراشتۇرغاندۇر؟ شائىرنىڭ بۇنىڭدا بىرەر نەرسىگە ئىشارەت قىلىش مۇددىئاسى يوقمىكىن؟

مەلۇمكى، سوقراتنىڭ ئاساسىي تەلىماتى ئىنسان ئۆزىنى بىلىشى كېرەك، ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئەنە شۇ، شۇڭا ئىنسان ئۆز - ئۆزىنى بىلىشكە ئىنتىلىشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش تارىخىدا سوقرات ئالاھىدە بىر نامايەندە ھېسابلىنىدۇ. يۇنان پەلسەپىسى بىلەن ياخشى تونۇشلۇقى بولغان نەۋائىينىڭ ئەرەستو (ئارىستوتېل) ياكى ئەپلاتون (پلاتون) نى تاللىماستىن، سوقراتنى تاللىشىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىدىن بولسا كېرەك. فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىداتى مۇھەممەدجان ئىمامنەزەروف، «پەرھادنىڭ يۇنانغا سەپىرى — ئۇنىڭ ئۆز ئىنسانلىق سىرىدىن ۋاقىپ بولۇش، **ھەقىقەتنى** (ھ، چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلغان، مۇتلەق ھەقىقەتنى يەنى ھەقنى بىلدۈرىدۇ.) بىلىش يولىدىكى جىددىي ئۇرۇنۇشىدۇر.»① دەپ يازىدۇ.

مانا سوقراتنىڭ پەرھادقا ئېيتقان ھېكمەتلىك سۆزلىرى:

چۇ مەھبۇبى ھەقىقى ئولدۇر ئول،
ئانىڭ ۋەسلى سارى قەتئى ئەيلەمەك يول.

① مۇھەممەدجان ئىمامنەزەروف: «ھەقىقەت ۋە مەجاز» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1990 - يىل، 4 - سان 149 - بەت.

بىرى ئۆزلۈكنى قىلماق بولدى فانى،
يانا بىرى داغى تاپماق بولدى ئانى.
كىشى ئۆزلۈكنى قويماي ئانى تاپماس،
تىگىز كەسمەي دۇرى يەكتانى تاپماس.
بۇ ئۆزلۈكدىن قۇتۇلماق چارە سازى،
نېمە يوق ئويلەكىم ئىشقى مەجازى.
ئاڭا كىم قالدى غەم شامىغە جاۋىد،
بۇرۇن سۇبھە ئولدى تالىئى، سوڭرە خۇرشىد.
مەجازى ئىشق بولدى سۇبھى ئەنۋەر،
ھەقىقى ئىشق ئاڭا خۇرشىدى خاۋەر.
قىلىپ ئىشقى مەجازى زارۇ غەمناك،
ئىتەر ئاشىق تەنىن ئانداقكى خاشاك.
..................................
مەجازى ئىشقدىن ئۆرتەنسە جانىڭ،
بارىب سەيلى فەناغا خانۇ مانىڭ.
ھەقىقى ئىشقدىن ئەسكەي نەسىمى،
يېتىب ئانىڭ نەسىمدىن شەممى.
بولۇپ مەئشۇق ئەسلى چارە سازىڭ،
ھەقىقەتقە بەدەل بولغاي مەجازىڭ.①

مانا بۇلار سوقراتنىڭ پەرھادقا ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ ئېيتقان سۆزلىرى. ھەقنى بىلىش ئۇچۇن ئاۋۋال ئۆزلۈكنى يوقىتىش شەرت ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. پەرھادنىڭ مەجازىي ئىشق (ئىنسانىي ئىشق) ئارقىلىق ھەقىقىي ئىشق (ئىلاھىي ئىشق) قا يېتىدىغانلىقى، مەجازنىڭ ھەقىقەتكە يېتىش يولىدىكى ۋاستە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىدىكى مەجازىي ئىشق ئارقىلىق ھەقىقىي

---

① ئەلىشىر نەۋائىي: «خەمسە: پەرھاد ـ شېرىن»، ئۈرۈمچى، 1991 ـ يىل، 321 ـ، 324 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشقىقا يېتىش، مەجازىي ئىشقنىڭ ھەقىقىي ئىشق يولىدىكى كۆۋرۈك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قاراش، شائىرنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» داستانىغىمۇ سىڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ مۇشۇ قاراش گەۋدىلەنگەنىدى. ①

تەسەۋۋۇپتىكى مانا شۇ مەجازىي ئىشق ئارقىلىق ھەقىقىي ئىشققا ئۆتۈشتىن ئىبارەت «ئىلاھىي ئىشق» كۆز قارىشى يەنى ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ۋاستىسى ئىشق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قاراش نەۋائىي ئىدىيىسىدە ناھايىتىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «ئىشق» كۆز قارىشى بولسا تەسەۋۋۇپتىكى بارلىق قاراشلارنىڭ ئاساسى.

شۇنداق ئىكەن، نەۋائىينى «تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەلىماتىغا پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى» قويۇش بىلەن بىز ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى قانداق تەتقىق قىلالايمىز؟

شائىر «پۈتۈن ئالەم، ھۆسنى مۇتلەق، نىڭ ئۆز ھۆسنىنى كۆرۈش ئۈچۈن ياراتقان ئەينەكتىن ئىبارەت، ئەزەلدىن تائەبەدكىچە ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت شەكىل جەھەتتىنلا كۆرۈنۈشكە ئىگە» دەپ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشىنى ياقلىغان بولۇشىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ «مەۋجۇدىيەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەلىماتىغا پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى» دېيىش توغرا بولامدۇ؟! نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكىگە قارىماستىن ئۇنىڭغا «ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئېتىراپ قىلىش» نى زورلاپ تېڭىش ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى بۈگۈننىڭ مەپكۇرىسى بىلەن ئۆلچەشكە بىزنىڭ نېمە ھەققىمىز بار؟

---

① بۇ ھەقتە: نەجمىددىن كامىلوف، بابامۇراد ئىبراللېيۋ: «ئىشق ئاتەشنىڭ سەمەندەرى» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1991 - يىل، 11 - سان، 161 — 166 - بەتكە قارالسۇن.

بىلىش كېرەككى، شائىرنىڭ ئىدىيىسىدە بولمىغان نەرسىلەرنى زورلاپ تېڭىش ئارقىلىق ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈش ماھىيەتتە شائىرنى يەرگە ئۇرغانلىق بولىدۇ! نەۋائىي ئىدىيىسىنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى زېمىنى، ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ئىچىگە قويۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، پەلسەپە ئىدىيىسى يورۇتۇلسا، ئاندىن نەۋائىينى ھەقىقىي يوسۇندا تونۇغىلى بولىدۇ.

نەۋائىي ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئەسىرلەر بويى ئۆلمەي ياشايدىغان بۈيۈك ئىنسان!

ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى، ئىدىيىسىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدىكى ئاساسىي ئېقىم بولغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن ئايرىپ تۇرۇپ ئۆگەنگىلىمۇ، يورۇتقىلىمۇ بولمايدۇ. نەۋائىيمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئالەمشۇمۇل مۇتەپەككۇرلىرى بولغان جالالىددىن رۇمى، ھاپىز شىرازى، شەيخ سەئىدى، ئۆمەر ھەييام، نىزامى، ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق مۇتەسەۋۋىپلارغا ئوخشاش بۈيۈك بىر مۇتەسەۋۋىپ شائىردۇر.

شۇڭا، بىزنىڭ قارىشىمىزدا، نەۋائىي ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش. بۇنىڭسىز نەۋائىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭدىكى مەنە ئۈنچىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

نەۋائىي — بىر چوڭ خەزىنە.

بىز بۇ ئىزدىنىشلىرىمىز بىلەن بۈيۈك ئەللامەنىڭ تەپەككۇر خەزىنىسىدىن دۇر - مەرۋايىتلار قازدۇق دېيەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ مەلۇم تەرەپلەردىن بولسىمۇ شۇ خەزىنىگە كىرىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىپ باقتۇق. خەزىنىنىڭ ئۆزىگە كىرىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىلىم ئۆگىنىشىمىزگە، ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. پىكرىمىزنى شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز:

ئەھلى مەنى گۆرۇھىدا زىنھار،
ھېچ ئار ئەيلەمە گەدالىغدىن.
كىم بۇلارغە گەدالىغ ئارتۇقدۇر،
ئەھلى سۇرەتكە پادشالىغدىن.

* * * * * * * * * * *

ئەسلى پىلانىمدا بۇ بابتا يەنە ئابدۇللا خاراباتى، ھۇۋەيدا، مەشرەپ، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، تەجەللى ۋە فۇرقەت ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل ئېلىپ بارماقچىدىم. لېكىن ۋاقىت ۋە كىتابنىڭ ھەجىم ئېتىبارى بىلەن ھازىرچە بۇ بابنى تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى بولغان ئەلىشىر نەۋائىي ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

خاراباتى، ھۇۋەيدا، مەشرەپلەرنىڭ ئىدىيىسى تەسەۋۋۇپ بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆگەنگەندە، تەھلىل ئېلىپ بارغاندا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە ياندىشىشماستىن ئۇلارغا قول ئۇرغىلى بولمايدۇ. زەلىلى، نىزارى، تەجەللى ۋە فۇرقەتلەرنىڭ ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى گەرچە يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلارنىڭكىدەك كۈچلۈك ۋە روشەن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىمۇ تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن.

ئەمەلىيەتتە، تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىمىزدىكى تەسىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر داۋاملاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ (تەجەللى ۋە باشقا شائىرلارنىڭ ئىجادىدا).

# V باب تەسەۋۋۇپقا دائىر تەتقىقاتلاردىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم

تەسەۋۋۇپ باشتىلا شېئىرىيەت بىلەن زىچ گىرەلىشىپ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى مەزمۇنىنى سىمۋوللار ۋاستىسى بىلەن شېئىرىي شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم مۇتەپەككۇر شائىرلار تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، «تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى» ياكى «تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتى» نى مەيدانغا كەلتۈردى.

بەدىئىي تەپەككۇرنى تېخىمۇ قاناتلاندۇرۇپ، بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن بىر قەدەر كەڭ زېمىن ياراتقان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى شائىرلارنى شۇنچىلىك مەھلىيا قىلغانىدىكى، نوقۇل تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى»غا مەنسۇپ ھالدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلاردىن سىرت، تۈرلۈك ئىدىيىۋى مەزمۇنلاردا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەپەككۇر شائىرلارمۇ مەيلى كۆچلۈك، مەيلى ئاجىز بولسۇن، مۇشۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، ئىجادىيىتىدە ئۇنى ئىپادىلىمەي قالمىغانىدى.

شۇڭا، مەيلى ئىدىيىۋى مەنبەسىنى بىۋاستە تەسەۋۋۇپتىن ئالغان ھالدا ئىجاد قىلىنغان تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شائىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بولسۇن ياكى بىۋاسىتە بۇ ئىقىمغا مەنسۇپ بولمىسىمۇ، يەنىلا تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان شائىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بولسۇن، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشقا، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

لېكىن بىزدە بۇ نۇقتىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، مەيلى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بولسۇن، مەيلى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىي تەتقىقاتىدا بولسۇن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان (مەيلى كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولسۇن) مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇ ھەقتىكى پىكىر - چۈشەنچىلەرگە قارىتا ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان خۇلاسە ۋە يەكۈنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدىيىۋى ئامىللار ئۈستىدە ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بېرىلماستىن ئاددىيلا ھالدا چىقىرىلغان بۇنداق خۇلاسىلەر بەزىدە بۇ شائىرلارنىڭ ئىدىيىسىگە ماس كەلمەي قېلىشى، ھەتتا پۈتۈنلەي زىت بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تۆۋەندە مەن ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ئۇچرايدىغان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. ئېھتىمال، مېنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرىمدىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، ئويلىنىپ، قايتا ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارىغان بەزى مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم.

1. تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ياخشى تەتقىق قىلىنمىغانلىقى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە نەزەرىيىۋى نۇقتىدىن ياندىشىش يېتەرلىك بولمىغىنى ئۈچۈن، تەسەۋۋۇپتىكى «ئىشق» كۆز قارىشىنىڭ ئىپادىسى بولغان جانان - يارغا ئىنتىلىش،

جەننەتكە نەزەر كۆزىنى سالماسلىق، دوزاخقا ئىرەن قىلماسلىق، پەقەت جانانىنىڭ (ھەقنىڭ) ئۆزىگە سادىق بولۇش مەزمۇن قىلىنغان شېئىرلارغا ئاساسلىنىپ، بۇنى شۇ شائىرلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى «دىنسىزلىق» نىڭ ئىپادىلىرى، «ئاتېئىستىك خاھىش» لارنىڭ ئىپادىلىرى دەپ خۇلاسە چىقىرىش. بۇ خۇلاسە تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسان ئۇلۇغلۇقى ئىدىيىسى ئەكس ئەتكەن مىسرالار ئۇستىدىكى تەھلىللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالدى بىلەن مىسال ئۇچۇن مەشرەپنىڭ بىر غەزىلىنى كۆرەيلى:

بۇ تەنى خاكىنيۇ روھى راۋاننى نە قىلاي؟
بولمىسا قاشىمدە جانان بۇ جەھاننى نە قىلاي؟
يارسىز ھەم بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك،
قالغان ئىبراھىمدىن ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي؟
ئورايىنمۇ باشىمە سەككىز بىھۇشۇ دەۋزەخىن،
بولمەسە ۋەسلى ماڭا ئىككى جەھاننى نە قىلاي؟
زەررەئى نۇرى قۇياشىدەك بۇ جەھان ئىچرە تامامەم،
ئاشكارا بولماسا سىرى نىھاننى نە قىلاي؟
ئەرشنىڭ كۇنگۇراسىن ئۇستىغە قويدۇم ئاياغىم،
لامەكاندىن خەبەر ئالدىم، بول مەكاننى نە قىلاي؟①

بۇ غەزەلنى «ئاتېئىستىك خاھىش» ئەكس ئەتكەن دەپ تەھلىل قىلغىلى بولامدۇ؟ ئېھتىمال، دەسلەپكى قاراشتا شۇنداق چۈشەنچىمۇ ئويغىتار. چۈنكى «بادە بىلەن يار بولمىسا مەككىگىمۇ بارمايدىغان»، «سەككىز جەننەت، يەتتە دوزاخقا» پىسەنتمۇ قىلمايدىغان، ھەتتا «ئەرشنىڭ كۇنگۇراسىن ئۇستىغە قويدۇم ئاياغىم» دېگەن بىر «دىنسىز» تۇرسا! ئۇنداقتا، بۇ

① «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىلىرى» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ق. ئەكبەر)، 51 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شېئىر بىلەن مەشرەپ ھەقىقەتەنمۇ «خۇداسىزلىق خاھىشى» يەنى «ئاتېئىستىك خاھىشى» نى ئىپادىلىمەكچىمۇ؟ ھالبۇكى، شېئىرنىڭ ئەسلى مەنىسى تامامەن ئەكسىچە، بۇ شېئىردا مەشرەپ «خۇداسىزلىق خاھىشى» نى ئەمەس، بەلكى خۇداغا بولغان سادىقلىقىنى ئىزھار قىلغان.

ئۇستىدىكى مىسرالارنىڭ ئەسلى مەنىلىرىنىغۇ چۈشەنمىدۇق دەيلى، شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسراسىدا شائىر ئۆزىنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى شۇنچە ئوچۇق ئېيتقان تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇنى «خۇداسىزلىق» نىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشەنسەك توغرا بولامدۇ؟ شائىر ئېنىق قىلىپ، «لامەكاندىن خەبەر ئالدىم، بول مەكاننى نە قىلاي؟» دەپ خۇداغا بولغان سادىقلىقىنى ئىپادىلەۋاتىدىغۇ؟ بۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلساق قانداق بولىدۇ؟ بۇ مىسرادا نېمە ئىپادىلىنىپتۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

«لامەكان» سۆزىنىڭ سۆز مەنىسى «ماكانسىز، ماكانى يوق» دېگەنلىك. ئەمما بۇ سۆز كۆپىنچە ھاللاردا، «چەكسىز، چەك ـ چېگراسىز، ئەبەدىل ـ ئەبەد....» مەنىلىرىدىكى «لايەزەل» ياكى «لەمىيەزەل» سۆزى بىلەن بىرلىكتە، ئاللانىڭ مەلۇم ماكان، زامان ئىچىدە بولمايدىغانلىقىغا قارىتا، ئاللانىڭ سۈپىتى ئورنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەشرەپنىڭ بۇ مىسراسىدا دەل مۇشۇ مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئاللانى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ مىسرادا مەشرەپ «ئاللادىن يەنى جاناندىن خەۋەر ئالدىم، بۇ يەردە يەنە نېمە قىلىمەن» دېگەنىدى. مانا ئەھمەد يەسەۋىدىن كۆرەيلى:

كۆڭۈل كۆزى يارۇتمايىن تائەت قىلسە،
دەرگاھىگە مەقبۇل ئېماس بىلدىم مانا.
ھەقىقەتدە بۇ سۆزلەرنى پاك ئۆرگانىپ،
لامەكاندا ھەقدىن سەباق ئالدىم مانا.

بىرۇ بارىم سەباق بېردى پەردە ئاچىپ،

يىرۇ كۆكدە تۇرالمادى شەيتان قاچىپ،
ئىشرەت قىلدى ۋەھدەت مەيدىن تويا ئىچىپ،
لامەكاندا ھەقدىن ساباق ئالدىم مانا.

ئىشق مەقامى تۇرلۇك مەقام ئەقلىڭ يېتمەس،
باشدىن ئاياغ جەبرۇجەپا مېھنەت كېتمەس،
مەلامەتلەر ئىھانەتلەر قىلسا ئۆتمەس،
لامەكاندا ھەقدىن سەباق ئالدىم مانا.

ئىشق بالاسى باشقا تۇشسە نالان قىلۇر،
ئەقلىڭ ئالىب بىھۇش قىلىپ ھەيران قىلۇر،
كۆڭۈل كۆزى ئاچىلغان سوڭ گىريان قىلۇر،
لامەكاندا ھەقدىن سەباق ئالدىم مانا. ①

مەشرەپ غەزىلىدىكى «لامەكان» مۇ مانا شۇ يەسەۋى «سەباق ئالغان» لامەكان ئىدى. خۇددى يەسەۋى لامەكاندا، «كۆڭۈل كۆزى يارۇتمايىن تائەت قىلسە، دەرگاھىگە مەقبۇل ئېماس بىلدىم مانا» دەپ، قارىغۇلارچە، دىلدا سادىق بولماي دورامچىلىق قىلىپ ئىبادەت قىلىشنىڭ ئاللاغىمۇ ماقۇل كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە «سەباق ئالغىنىغا» ئوخشاش، مەشرەپ ھەم بۇنداق «سەباق» لاردىن «خەبەر ئالغان» بولسا نە ئەجەب؟ شائىر كەبىگە بارماسلىق تەرەپدارى ئەمەس، بەلكى كەبىگە ھەقنى كۆرىدىغان، بىلىدىغان «قەلب كۆزى» نى يورۇتۇپ بارمىسا، ئۇنىڭدا نېمە مەنە دېمەكچى بولسا كېرەك.

نەۋائىي يازىدۇ:

سەجدە قىلماق نى تافاۋۇت كەئبە ياخۇد بوتقەكىم،

① ئەھمەد يەسەۋى، — كەمال ئەراسلان تەييارلىغان تۈركچە نۇسخىسى، 98 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاشى مېھرابى قايان، قىلسام سۇجۇد ئۇترۇدەدۇر.①
(كەبىگە تاۋاپ قىلىش بىلەن بۇتقا سەجدە قىلىشنىڭ نىمە پەرقى ؟
ئۇنىڭ قېشىنىڭ مېھرابى قاياندا بولسا، مەن سەجدىنى شۇنىڭغا
توغرىلايمەن.)

بۇنچىلىق بىلەن نەۋائىي كەبىگە بېرىشنى ئىنكار قىلماقچىمۇ؟ بۇ مىسرالارغا قاراپ نەۋائىينى «خۇداسىز» ياكى «دىنسىز» دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇلار پەقەت ھەققە قىلغان ئىبادەتنى، سادىقلىقنى چىن دىلىدىن، قەلب كۆزى بىلەن ھەقنى كۆرۈپ تۇرۇپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

ھەمزە پەنسۇرى «ئەسرار ئەل ئارىفىن» (ئارىفلارنىڭ سىرلىرى) ناملىق ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈشىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ھەزرىتى ئەلى، «مەن ھەقنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلمايمەن»② دېگەنىدى. بۇ سۆزمۇ يۇقىرىقى پىكىرلەر بىلەن بىر مەنىدە ئەمەسمۇ؟ يەنى چىن دىلىدىن، قەلب كۆزى بىلەن ھەقنى كۆرۈپ ئىبادەت قىلىش كېرەك دېگەن مەنىنى بەرمەمدۇ؟

مەشرەپ ۋۇجۇدى ھەق سۆيگۈسى بىلەن تولغان «دىدار تەلەپ» ئاشىق. شائىر شۇنداق يازىدۇ:

باشىمغە مىڭ بالا كەلسە تىلەرمەن ۋەسلىنى زاھىد،
باشىم كەسسەڭ تيارىم يوق، دېگەن دىدارە مەشرەپمەن.③

بۇنداق «ئىلاھىي ئىشق» بىلەن مەست بولغان «دىدار تەلەپ» ئاشىقنىڭ دىلىدا ۋىسالدىن ئۆزگە خىيال، ئەندىشە بولمايدىغانلىقى، شۇڭا ئۇلار جەننەتكە نەزەر سالمايدىغان،

① نەۋائىي: «غەزەللەر»، 64 ـ بەت.
② ھەمزە پەنسۇرى: «ئەسرارئەل ئارىفىن» — م.ت. ستېپانيانىسنىڭ كىتابىغا ئىلاۋە قىلىنغان رۇسچە تەرجىمە، شۇ كىتاب، 127 ـ بەت.
③ «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»، 55 ـ بەت.

دوزاختىن غەم يېمەيدىغان «چىن ئاشىقلار» ئىكەنلىكى، زاھىت بولسا پەقەت جەننەتنى دەپ، دوزاختىن قورقۇپ تائەت قىلىدۇ دەپ قارايدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىنقى بابلاردا خېلى كەڭ توختالغانىدۇق. شۇڭا ئۇ پىكىرلەرنى يەنە تەكرارلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك. مەشرەپ يۇقىرىدىكى غەزىلىنىڭ باش قىسمىدا شۇنداق دېگەنىدى:

كۆڭۈلدە زەررىچە دۇنيانىڭ مېھرى بولمايىن مەندە،
سېنى دەپ ئىككى ئالەمدىن كېچىپ بىزارە مەشرەپمەن.①

دېمەك، مەشرەپنىڭ دىلىدا جانانىدىن ئۆزگە نەرسە، ئۆزگە خىيال يوق. شۇڭا، ئۇ:

ئورايىنمۇ باشىمە سەككىز بېھۇشۇ دەۋزەخىن،
بولمەسە ۋەسلى ماڭا ئىككى جەھاننى نە قىلاي.

دەيدۇ. مانا نەۋائىينىڭ خۇددى شۇ ئاھاڭدىكى شېئىرى:

ئەي نەۋائىي ئىككى ئالەمدىن كېچىپ تاپتىم ۋىسال،
بۇ ئىككى بۇتخانەدىن بولمىش بۇ يولدا ئافەتىم.②

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، مەشرەپنىڭ يۇقىرىقى غەزىلىگە قاراپ بولسۇن، مەيلى باشقا شېئىرلىرىغا قاراپ بولسۇن، بۇ مەزمۇندىكى شېئىرلارغا ئاساسلىنىپ، مەشرەپ ئىدىيىسىنىڭ «ئاتېئىستىك خاھىش»قا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش، ھەقىقەتتە شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەشرەپنىڭ

① «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، 55 ـ بەت.
② نەۋائىي: «غەزەللەر»، 125 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇنياغا كېلىپ لايىغە بىلمەي پاتا قالدىم،
دەرمان يوقىدىن نەچچە ئېغىز سۆز قاتا قالدىم.
كۆردۇم مەن ئانى دۇشمەنى روھى تەن ئىكەندۇر،
«لا» ئوقى بىلە ئىككى كۆزىغە ئاتا قالدىم.①

دېگەن شېئىرىدىكى «لا ئوقى بىلە. . .» دېگەن مىسرانىڭ «لا» سۆزىگە «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابىدا تۆۋەندىكىدەك ئىزاھ بېرىلگەن: «‹لا› — يوق دېگەن مەنىدە، بۇ مىسرا ئارقىلىق شائىر ناھايىتى نازۇك بىر پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ پىكىر شائىرنىڭ خۇداسىزلىق خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ. روھانىيلارنىڭ مەشرەپنى ‹دەھرىي› دەپ ئەيىبلىشىگە سەۋەبچى بولغان شېئىرنىڭ بىرى — ئەنە شۇ.»②

بىز بۇ شېئىر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئاۋۋال ئاشۇ غەزەلنىڭ داۋامىنى كۆرۈپ باقايلى:

زاھىد ماڭا بىر شىشەدە مەي، ساڭا — نامازىڭ،
مىڭ تەقۋىنى بىر شىشەگە ساتا قالدىم.
ۋەھدەت مەيىنى پىرى مۇغان ئىلكىدىن ئىچتىم،
مەنسۇر كەبى دارغا باشىمنى ئاسا قالدىم.③

مەشرەپكە «ۋەھدەت مەيى» بەرگەن «پىرى مۇغان» كىم؟ ئالدى بىلەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلايلى:

«پىر» — «ياشانغان، قېرى؛ يېتەكچى، يولباشچى···» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «مۇغ» — (1) ئاتەشپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچى؛ (2) مەيپۇرۇش، مەي ساتقۇچى دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپتا كېيىنكى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن

①② «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»، 52 ـ بەت.
③ «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»، 53 ـ بەت.

ئەسەرلەردە «مۇغبەچە» (مەيخانا خىزمەتچىسى)، «مۇغان» (مەيپۇرۇش) ۋە «پىرى مۇغان» دېگەن سۆزلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

«پىرى مۇغان» — مەيخانا باشلىقى، مەيخانا يېتەكچىسى دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

تەسەۋۋۇپتا مەي — ئىلاھىي ئىشقنىڭ رەمزى. شۇڭا تەسەۋۋۇپتىكى «پىرى مۇغان» سۆزى — ئىلاھىي ئىشققا باشلايدىغان، ئىلاھىي ئىشققا يېتىشتە ۋاستە بولىدىغان يول باشچى، يېتەكلىگۈچى يەنى مۇرشىد دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمدى سوئالىمىزنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى: ئانداقتا مەشرەپكە «ۋەھدەت مەيى» بەرگەن «پىرى مۇغان» كىم؟ بۇ سوئالغا ئەھمەد يەسەۋى جاۋاب بەرسۇن:

پىرى مۇغان ھەق مۇستاپا بىشەك بىلىڭ،
قايدا بارساڭ ۋەسفىن ئەيتىپ تازىم قىلىڭ.
دۇرۇد ئەيتىپ مۇستاپاغا ئۇممەت بولۇڭ،
ئول سەبەبدىن ئاتىمىش ئۇچتە كىردىم يەرگە.①

يەسەۋى دەيدۇكى، پىرى مۇغان — ھەق مۇستاپا، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ھەقكە ئېلىپ بارغۇچى، يېتەكلىگۈچى پىر ئەنە شۇ.

مەشرەپ بولسا، «ۋەھدەت مەيى (بىرلىك شارابى) نى پىرى مۇغاننىڭ قولىدىن ئىچتىم» دەۋاتىدۇ. مانا، «ناھايىتىمۇ نازۇك بىر پىكىرنى ئىپادىلىگەن» مەشرەپ! «بىرلىك شارابىنى پىرى مۇغان ئىلكىدىن ئىچكەن» مەشرەپنى «ئاتېئىست» (خۇداسىز) ياكى «خۇداسىزلىق خاھىشىنى ئىپادىلىگەن» دېيىشكە، مەشرەپكە ئۇۋال بولمامدۇ؟

ئەمدى، مەشرەپنىڭ مانا شۇ «نازۇك بىر پىكىرنى ئىپادىلىگەن» مىسرالىرىغا قايتايلى. بۇ مىسرالار، تەسەۋۋۇپتىكى نەپس چۈشەنچىسى بىلەن، قەلبنى نەپسنىڭ ھاۋايى -

① ئەھمەد يەسەۋى —، كەمال ئەراسلان، 64 - بەت.

ھەۋەسلىرىدىن پاكلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دۇنياغا كېلىپ لايىغە بىلمەي پاتا قالدىم،

ھەق يولىغا ئىنتىلگەن، «ئىككى دۇنيانى قۇربان قىلغان» شائىر ئۈچۈن بۇ دۇنيا بىر پاتقاقلىق، ئىنساننى ھەقتىن يىراقلاشتۇرىدىغان لاي ـ پاتقاقتىن ئىبارەت. شۇڭا شائىر دۇنياغا كېلىپ لايىغا پېتىپ ھەققە سادىق بولالماي، نەپسىنىڭ كەينىگە كىردىم، دېمەكچى. كېيىنكى مىسرالار بۇ پىكىرنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ:

كۆردۈم مەن ئانى دۈشمەنى روھى تەن ئىكەندۇر،
«لا» ئوقى بىلە ئىككى كۆزىغە ئاتا قالدىم.

شائىر بۇ مىسرالار بىلەن، روھنىڭ دۈشمىنى تەن يەنى نەپس ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، شۇڭا ئۇنى «يوق» قىلىش ئۈچۈن ئاتتىم دەۋاتىدۇ. ھېچقاچان، «خۇدا يوق» دېگەن «نازۇك بىر پىكىرنى» ئىپادىلەۋاتقىنى يوق.

ئالدىنقى بابلاردا تەكرار ـ تەكرار كۆرۈپ ئۆتتۇق، تەسەۋۋۇپتا ھەق ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش شەرت، ئەنە شۇندىلا مەشۇق ۋىسالىغا يەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. خۇددى شۇ پىكىرنى مەشرەپتىن كۆرەيلى:

تىلەرسەن مەشرەبا، جان كۆلبەسىغە سۆھبەتى مەشۇق،
مۇيەسسەر بولمىسا مەھرۇم ساراي خىلۋەتى مەشۇق،
ۋۇجۇدىڭنى ئەدەم قىلما قىلىنغىڭدۇر مىللەتى مەشۇق،
يوق ئەتكىل ئۆزلۈكىڭنى كەلمەگەي تاغەيرەتى مەشۇق،
كىشى مەھرۇم بولالماس يارىغە بولماس ئەگەر تەنھا.①

ئۆزلۈكتىن كېچىپ، ئۆزىنى ئەدەم (يوق) قىلىش قەلبنى ماسىۋاللادىن پاكلىماق دېگەنلىك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى

① «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، 61 ـ بەت.

بىلەن نەپس بىلەن كۈرەش قىلىش كېرەك. تەن بولسا روھ ئۈچۈن چوڭ دۈشمەن، قەپەس. مەشرەپ ئەنە شۇ تەندىن ئىبارەت روھنىڭ دۈشمىنىنى يوق قىلىشقا ئىنتىلگەن. مانا مەشرەپ ئىپادىلىگەن ئەسلى «نازۇك پىكىر»!

مەشرەپنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن مەشرەپكە قول ئۇرۇپ، «ئەرشنىڭ كۈنگۈراسىن ئۈستىغە قويدۇم ئاياغىم» دەپتۇ دەپلا سىرتقى شەكىلگە ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ نېمە مەنە بىلەن ئېيتىلغانلىقىغا ئېتىبارسىز قاراپ، «خۇدا دەرگاھىنى پۇت ئاستىغا چۈشۈرۈپ ئەرشتىنمۇ كۆرۈنمىگەن بۇ گەۋدىسىز سىرنى رەت قىلىدۇ»[1] دەپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى «ئاتېئىستىك خاھىش» نى ئىسپاتلاشقا، ياكى بولمىسا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش «نازۇك بىر پىكىرنى ئىپادىلىگەن» دەپ، ئۇ مىسرالارنى مەشرەپنىڭ «خۇداسىزلىق خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ» دېيىشكە بولمايدۇ.

يەنە شۇ «ئاتېئىستىك خاھىش» نىڭ دەلىلى بولغان بىر شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

ئانقەدەر دەريا بولۇپ مەن ئاسمانغە سىغمادىم،
تاقى ئەرشۇ كۇرسىيۇ لەۋھى جەھانغا سىغمادىم.
كىمگە سايەم تۈشسە بىرى نۇرى يەقىن بولدى ئۇ ھەم،
دەپتەرى روھى قۇددۇستۇرمەن زەبانغا سىغمادىم.
دەۋزەخى سەقەر مەنەم، جەننەت ئىلە كەۋسەر مەنەم،
بىر ئۆزۈمدۇرمەن بۇكۈن ھەفت سەماغا سىغمادىم.
بار ئىدىم نوھ ۋاقتىدا غەرق ئەتمەدى تۇفانى ھەم،
ھەمرەھى مۇسا بولۇپ تۇرى سىناغا سىغمادىم،
ئەللىك يىل ئىسا بىلەن ئۆلۈكنى تىرگۈزۈپ،

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، بېيجىڭ، 1980 ـ يىل (ئۇيغۇرچە)، 163 ـ بەت.

بائىسى بىر نۇقتىدىن، مەشرەپ زامانغا سىغمادىم. ①

مەشرەپنىڭ بۇ شېئىرى بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز ئېيتقىنىدەك ئۇنىڭ «ئاتېئىستىك خاھىشى» نىڭ «تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ»② ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ؟ بۇ شېئىرنى «ئىنسانىيەتنى كائىناتنىڭ ھەقىقىي سۈپىتى (ماھىيىتى)، مەيلى قىيامەت ياكى بېھىش بولمىسۇن، ھەممە ھادىسىلەرنىڭ 1 - رەئىس — باشلامچىسى، ھەتتا تۇرسىنا تېغىدا جامالىنى كۆتۈپ تۇرغان مۇساغا كۆرۈنگەن خۇدانىڭ ئۆزى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.»③ دەپ تەھلىل قىلىش شېئىرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە، ئەسلىدە ئىپادىلەنگەن مەنىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

ئۇنداق بولسا، شېئىردا قانداق مەنە ئىپادىلەنگەن؟ بىز ئۇچىنچى بابتا تەسەۋۋۇپتىكى پۈتۈن ئالەمنى ئاللانىڭ «ئەسما ۋە سىفات» ىنىڭ تەجەللىسى دەپ قارايدىغان «تەجەللى نەزەرىيىسى» ئاساسىدا، مانا شۇ تەجەللى بولغان «ئىلاھىي نۇر» («نۇرى ئىلاھىيە») نى دەۋرىي ھالدا تەجەللى قىلىدۇ دەپ قارايدىغان «دەۋر نەزەرىيىسى» مۇ بارلىققا كەلگەنلىكىنى سۆزلىگەنىدۇق. شۇ يەردە مانا شۇ «دەۋر نەزەرىيىسى» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ھالدا تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا «دەۋرىيە» دېگەن بىر شېئىرىي تۈرنىڭمۇ پەيدا بولغانلىقىنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەنىدۇق.

«دەۋرىيە» لەردە ئاشىق شائىرلار ئۆزلىرىنى ھەقىقەتتە مەۋجۇت ئەمەس، «نۇر» نىڭ تەجەللىسى دەپ قارىغىنى ئۈچۈن، ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى ۋەقە - ھادىسىلەردىمۇ ئۆزىنىڭ

---

① «مەشرەپ — ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر» — «بۇلاق»، ئومۇمىي 19 - سان، 90 - بەت.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە»، 163 - بەت.

③ «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە»، 164 - بەت.

بارلىقىنى، شۇ ۋاقىتتا شۇ ۋەقەدىكى ھالەتتە تەجەللى بولغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئەمەس، بەلكى نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتساق، «ئەزەلدىن تائەبەدكىچە ئالەمدىكى ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى پەقەت شەكىل جەھەتتىكى كۆرۈنۈشكىلا ئىگە» ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك ئىدى. مانا، تۈركىي تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى بولغان يۇنۇس ئەمرانىڭ «دەۋرىيە» سىنى كۆرەيلى:

ئەي قەردەشلەر، ئەي يارانلار سىراڭ مەندىن قايدا ئىدىم،
دىۋانلار تىڭلار بولساڭ دىيەۋىرەم ئەزەلىي ۋەتەندە ئىدىم.
ئەۋۋەل تىلىمدىكى بۇدۇر تەڭرى بىر رەسۇل ھەق دۇرۇر،
ئانى بويلە بىلمەز ئىكەن بىر ئەجەب گۇماندا ئىدىم.
قالۇبەلا دېنىلمەدەن تەرتىپ دۈزەن ئەيلەنمەدەن،
ھەقتىن ئايرۇ ئەمەس ئىدىم، ئول، ئۇلۇ دىۋاندا ئىدىم.
ئەييۇب ئىلە دەرددە ئەسىر يىغلىدىم مەن چەكتىم جازا،
بىلقىس ئىلە ھەم تەخت ئۇزرە مۆھرى سۈلايماندا ئىدىم.
يۇنۇس ئىلە بەلىق مەنى چەكتى دەمەيە يۇتتۇ مەنى،
زەكەرىيا ئىلە قاچتىم نۇھ ئىلە تۇفاندا ئىدىم.
ئىسمائىلغا سالدىم پىچاق، پىچاق ماڭا كار قىلمىدى،
ھەق مېنى ئازاد ئەيلەدى، قوچقار ئىلە قۇرباندا ئىدىم.
يۇسۇپ ئىلە بىر قۇدۇقتا ياتتىم بىللە چەكتىم جەزا،
ياقۇپ ئىلە چوك ئاغلادىم تاپقۇنچە ئەپغاندا ئىدىم.
ئىسا ئىلە مۇسا ئىلە سۇردۇم چىقتىم تۇر تاغىغا،
ئىبراھىم ئىلە مەككىنى بۇنياد ئەتكەندە ئىدىم.
مىراج كېچىسى ئەھمەدنىڭ نالىسىنى قايتۇردۇم ئەرشدىن،
ئۇۋەيس ئىلە ئورۇندۇم تاج مەنسۇر ئىلە داردا ئىدىم.
ئەلى ئىلە سالدىم قىلىچ ئۆمەر ئىلە ئەدل ئەيلەدىم،
ئون سەككىز يىل قاف تاغىندا ھەمزە ئىلە مەيداندا ئىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇنۇس سىنىڭ ئاشىق جانىڭ ئەزەلى ئاشىقلار ئىلە،
ئۇ ئاللانىڭ دەرگاھىندا جەۋلانى سەيراندا ئىدىم.①

يۇنۇس ئەمرا بۇ «دەۋرىيە» سىدە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭمۇ ھازىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇنۇس ئەمرانى خۇدانى، پەيغەمبەرلەرنى يوققا چىقارغان دېگىلى بولامدۇ؟ ھەتتا ئۇ يەنە بىر «دەۋرىيە» سىدە بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ سۆزلەيدۇ:

ئول قادىرى كۈن فەيەكۈن لۇتىف ئەتكۈچى راھمان مەنمەن.
ئۇزمەستىن رىزقىنى بەرگەن جۇملەلەرە سۇلتان مەنمەن.
نۇتفەدەن② ئادەم ياراتان يۇمۇرتەدەن ③قۇش چۇشۇرگەن،
قۇدرەت تىلىنى سۆزلەتكەن زىكىر ئەيلەيەن سۇبھان مەنمەن.
كىمىسلەرنى زاھىد قىلان كىمىسلەرنى فىسق ئىشلەتەن،
ئەيىبلىرىنى ياپقۇچى ئول دەلىل ۋە بۇرھان مەنمەن.
مەنمەن ئەدەب، مەنمەن بەقائول قادىرى ھەق مۇتلەقا،
يارىن④ خىزىر ئولا ئايلىنىپ ئانى قىلان گۇفران ⑤مەنمەن.
ئەت ۋە تېرە، سۆڭەك ۋە جان، تەن پەردەلەرىنى تۇتان،
قۇدرەت ئىشىم كۆپتۇر مىنىڭ ھەم زاھىرۇ ئەيان مەنمەن.
ھەم باتىنىمەن ھەم زاھىرىمەن ھەم ئەۋۋەلىمەن ھەم ئاخىرىمەن،
ھەم مەن ئۇدۇرمەن، ھەم ئۇ مەنمەن ئول كەرىمى سۇبھان مەنمەن.
يوقتۇر ئارادا تەرجىمان ئاندىكى ئىش ماڭا ئايان،
ئۇدۇر ماڭا بەرگەن لىسان ئول دېڭىز ۋە ئۇممان مەنمەن.

---

① دوكتور ئابدۇراخمان گۈزەل: «تەككە شېئىر» — «تۈرك تىلى»، 1989 - يىل (1 - 6 - سانىغىچە بىرلەشمە سان) ئۇجاك — ھازىران، 445 — 450 - سان؛ 323 -، 324 - بەتلەر.
② نۇتفە — مەنىي.
③ يۇمۇرتا — تۇخۇم.
④ يارىن — ئەتە.
⑤ گۇفران — ئەپۇ، كەچۈرۈم.

بۇ يەرۇ كۆكنى ياراتقان بۇ ئەرش ۋە كۇرسنى تەۋرەتكەن،
مىڭ بىر ئاتى باردۇر يۇنۇس ئول ساھىبى قۇرئان مەنمەن.①

بۇ مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەل ھەق» ىدىنىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ «دەۋرىيە» لەر بىلەن يۇنۇس ئەمرانى «دىنسىز»، «خۇداسىز» دېگىلى بولامدۇ؟ ئەپسۇس، مەيلى يۇنۇس ئەمرانىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرى بولغان تۇركلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىدا بولسۇن، مەيلى باشقا چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا بولسۇن، ئۇنداق دېگەن خۇلاسە ياكى تەھلىلنى ئۇچرىتىش قىيىن. تۇرك ئالىمى دوكتور فۇئاد كۆپرۇلۇ ئەپەندى يۇنۇس ئەمرانىڭ بۇ شېئىرىنى دەۋرىيەنىڭ ئۆرنىكى سۈپىتىدە نەقىل كەلتۇرگەن بولۇپ، ئۇنى دىنسىزلىقنىڭ ياكى خۇداسىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ تەھلىل قىلمىغان.

مەشرەپنىڭ «مۇسا بىلەن تۇرى سىناغا چىققان، ئەيسا بىلەن ئۆلۇككە جان كىرگۇزگەن» لىكى بايان قىلىنغان شېئىرىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر «دەۋرىيە» دىن ئىبارەت ئىدى.

ھالبۇكى، بىز تەسەۋۋۇپنىڭ نەزەرىيىۋى تەلىماتلىرىنى ۋە بۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلمىغىنىمىز ئۇچۇن، بۇنداق شېئىرلارنىڭ سىرتقى شەكلىگە قاراپلا تەھلىل قىلىپ، شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە ماس كەلمەيدىغان خۇلاسىلەرنى چىقاردۇق. تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولسىمۇ، يەنە كونكرېت مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن بىر قانچە تۇرگە بۆلۇنگەن. مەسىلەن، ئىلاھى، مۇناجات، مەدھىيە، ھېكمەت، دەۋرىيە، شەتھىيە،

① دوكتور فۇئا كۆپرۇلۇ: «تۇرك ئەدەبىياتىدا ئىلىك مۇتەسەۋۋىپلار»، 325 ـ بەت.

مىراجىيە ۋە باشقىلار.[1] بۇ تۈرلەردە يېزىلغان تەسەۋۋۇپ شېئىرلىرىدىكى تۈپكى ئىدىيە يەنىلا يېگانە بارلىقنىڭ ئاللا ئىكەنلىكى، باشقا مەۋجۇداتلارنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەسلىكى قاتارلىق يەككە بارلىق قارىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

«دەۋرىيە»نىڭ مەزمۇنى ھەم شۇنداق. شۇڭا يۇنۇس ئەمرانىڭ بولسۇن، مەيلى جالالىددىن رۇمىنىڭ بولسۇن ۋە ياكى باشقا مۇتەسەۋۋىپ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا بولسۇن بۇنداق «دەۋرىيە»لەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ماھىيەتتە بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىقنىڭ ھەممىگە قادىر، «مۇتلەق بارلىق» (ۋۇجۇدى مۇتلەق) ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان خالاس.

مەشرەپنىڭ ئىدىيىسىنى، ئىجادىيىتىنى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى زېمىنىدىن ئايرىپ تۇرۇپ توغرا تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ. مەشرەپ تەسەۋۋۇپ بىلىملىرى ھەققىدە مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلىيىتىدىمۇ سوپىلىق يولىنى تۇتۇپ، دەرۋىش بولۇپ ھايات كەچۈرگەن. ئۇ مانا شۇ جەرياندا، ئاپپاق خوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن . لېكىن تەسەۋۋۇپنى نەزەرىيىۋى تەلىمات سۈپىتىدە تەھسىل قىلىپ، ئۇنى ھەقكە ئېلىپ بارىدىغان، سادىقلىققا، ئىخلاسمەنلىككە ئۆگىتىدىغان ئىلىم دەپ تونۇغان مەشرەپ، ئاپپاق خوجىغا مۇرىت بولۇپ كىرگەندىن كېيىن بارا ـ بارا ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەق يولىدىكى سادىقلىق ئەمەس، بەلكى ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، شائىرنىڭ ئىنسانىي سۆيگۈ ئىستىكىنى بوغۇپ، ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك

[1] بۇ ھەقتە قاراڭ: ئا. گۆزەل، 323 ـ، 324 ـ بەتلەر.

زىيانكەشلىك قىلىپ قەلبىنى زەرداب قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئاپپاق خوجىغا ئوخشاش رىياكار سوپى - ئىشانلارنىڭ، شەيخلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ.

ئەمما شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، مەشرەپنىڭ ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، سوپى - ئىشانلار، زاھىتلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن يىراقلاپ، ئۇزۇل - كېسىل چەك - چېگرا ئايرىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنى مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن. شائىرنىڭ ئىدىيىسىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ئىدىيىۋى مەنبە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بولۇپ، بۇ نۇقتىنى ئېتىبارغا ئالماستىن مەشرەپ ئىدىيىسىنى توغرا تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ.

تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتچىسى ئىبراھىم ھەققۇلوف «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت» ناملىق ئەسىرىدە ھەقلىق ھالدا، «مەشرەپ شېئىرىيىتىنىڭ غايىۋى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي زېمىنى — تەسەۋۋۇپ»[①] دەپ يازغانىدى.

شۇڭا، مەيلى مەشرەپ ئىجادىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا بولسۇن، مەيلى ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئەكس ئەتكەن باشقا مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا بولسۇن، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي تەلىماتلىرى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بولمىسا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، 178 - بەت.

ئۆيغۇن كەلمەيدىغان خۇلاسىلەرنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى «ئاتېئىستىك خاھىش» ئەكس ئەتكەن، «خۇداسىزلىق خاھىشىنى ئىپادىلىگەن» دېگەندەك يەكۈنلەر بىلەن تەھلىل قىلىنىدىغان ئەھۋاللاردىن خالىي بولالمايمىز. بىزنىڭ بۇرچىمىز، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە يوق بولغان ئىدىيىنى ئۇلارغا تېڭىپ، ئۇلاردا ئەكس ئەتمىگەن «نازۇك بىر پىكىر» نى يورۇتۇپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتكە ئۆيغۇن كېلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە بار بولغان «نازۇك پىكىر» نى يورۇتۇشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار يالغۇز مەشرەپ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغىلا خاس بولغان ئەھۋال ئەمەس. باشقا كلاسسىكلارنىڭ ئىدىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. بىز بۇ يەردە مەشرەپنى مىسال قىلغان ھالدا ئۆز مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشىگە تەۋسىيە قىلدۇق.

2. مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشى، پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش، قانداق ياندىشىش مەسىلىسى.

ئېھتىمال، ئالدىنقى مەسىلە، تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن ياخشى تەتقىق قىلىنمىغىنى، يورۇتۇلمىغىنى ئۈچۈن، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىنى تولۇق چۈشەنمەستىن ئاڭسىز يوسۇندا ساقلانغان مەسىلە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئىككىنچى مەسىلە كۆپىنچە ھاللاردا ئاڭلىق يوسۇندا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ مەسىلە — مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىدىكى

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە دائىر قاراشلار، پىكىر - چۈشەنچىلەر ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزۈلگەندە، بۇ قاراشلارنى ئاڭلىق ھالدا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا زىت قويۇپ تەھلىل قىلىش ياكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىدە بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا تېڭىش خاھىشىدىن ئىبارەت.

بىز ئالدىنقى بابتا نەۋائىي ھەققىدە توختالغاندا، نەۋائىي ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان بۇ مەسىلىنى كۆرسىتىپ، ئۆز مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. ئۇ پىكىرلەرنى بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز. مېنىڭچە، شۇ ئورۇندا نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرنىڭ ئۆزىمۇ، شائىرنىڭ ئىدىيىسىنى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن ئايرىپ، ئۇنى تەسەۋۋۇپقا زىت قويۇپ تەتقىق قىلىش بىلەن نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنىش، ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

شۇنداق ئىكەن، نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە باغلىنىشلىق قاراشلارنى، «ئۇلۇغ شائىرنىڭ سوپىزمغا قارشى پانتېئىزمى دېيىشىمىز مۇمكىن.»، «نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى ئۆزىنىڭ ئوپتومىستىك ماھىيىتى ۋە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تەرەققىيپەرۋەر خاراكتېرى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ پانتېئىستىك تەلىماتىدىن ھەم پەرقلىنىدۇ.»①

دەپ، نەۋائىي ئىدىيىسىنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى زېمىنىدىن ئايرىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىش بىلەن نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنى زادى قانچىلىك دەرىجىدە يورۇتقىلى، ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟ بۇ ئىزدىنىپ، ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان جىددىي

---

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، 372 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەردىن بىرى.

بۇ يەردە دىققەتنى قاراتماقچى بولغان مەسىلە — تەتقىقاتلاردا نېمە ئۈچۈن نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنى ئاڭلىق رەۋىشتە تەسەۋۋۇپ بىلەنمۇ قارىمۇ قارشى قويۇپ، نەۋائىي ئىدىيىسىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان باشقا تەلىماتلارنى نەۋائىيغا تاڭىدىغان «ئىلمىي» تەتقىقات خاھىشى ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىق مەسىلىسى.

ئالدى بىلەن نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپقا قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويۇلۇپ تەتقىق قىلىنىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى ئىزدەپ باقايلى.

بىز تەسەۋۋۇپنىڭ تەلىماتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە كېچىش، تارقىلىش داۋامىدىكى ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ياخشى تەتقىق قىلمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى رېئال ھاياتقا تەتبىق قىلىپ ئەمەل قىلغۇچى سوپى - ئىشانلار تەسەۋۋۇپنى تارقىتىش مەقسىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىدا نورمالسىز ئۆزگىرىشلەرنى، بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇڭا بىز مانا شۇ كېيىنكى دەۋردىكى سوپى - ئىشانلارنىڭ جاھاندارچىلىق ۋاستىسى بولغان، مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاز بولمىغان بۇزغۇنچىلىق، چېكىنىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن «ئىشانلىق»① تەرغىباتلىرى، سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىمىزنى، يەكۈنلىرىمىزنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات تارىخىغا بېرىلگەن باھا ئورنىغا قويۇپ كەلدۇق.

---

① بۇ ھەقتە قارالسۇن: ھ. ئا. فىكرەت: «(ئىشانلىق) نىڭ شىنجاڭدىكى راۋاجى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» — «قەشقەر پېداگوگىكا

شۇنىڭ بىلەن، تەسەۋۋۇپ بىزنىڭ نەزەرىمىزدە پەقەت «ئەكسىيەتچىل ئېقىم» ، «ئەكسىيەتچىل تەلىمات» تىنلا ئىبارەت بولۇپ كەلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى توغرا بولمىغان سىياسەت تۈپەيلىدىن، دىن ۋە دىنغا باغلىنىشلىق ھەر قانداق ھادىسىلەرگە نىسبەتەن بىر تەرەپلىمە ھالدا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش، چەتكە قېقىش، ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق دەپ قاراشتەك خاھىشلار خېلى ئۇزۇنغىچە ھۆكۈم سۈرگەندى.

ئاخىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدە بۇ خاھىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئاللىقاچان تونۇپ يېتىلىپ، دىن بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. شۇ جۈملىدىن دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈرلۈك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگىمۇ توغرا ۋە ئىلمىي مۇئامىلىدە بولۇش كېرەكلىكى تەكىتلىنىپ، كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قۇتقۇزۇپ قېلىندى ۋە داۋاملىق شۇنداق قىلىنىۋاتىدۇ. دىن بىلەن باغلىنىشلىق تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملار، ئەدەبىي ئېقىملار ئۈستىدىمۇ بەلگىلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى بولغان تەسەۋۋۇپنى نەزەرىيىۋى نۇقتىدىن قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي تەلىماتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدۇق. گەرچە تەسەۋۋۇپنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدىكى بەزى ئىدىيىۋى قاراشلارنى، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىنى، ئىدىيىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يورۇتۇپ بېرىش قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرساقمۇ، يەنىلا تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشقا قول ئۇرمىدۇق. تەتقىق قىلىنىشى زۆرۈر بولغان بۇ ساھە يەنىلا بوش پېتىچە قېلىۋەردى. ئېھتىمال بۇنىڭ باشقا تۈرلۈك سەۋەبلىرىمۇ باردۇر. لېكىن، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى يەنىلا تەسەۋۋۇپنىڭ «ئەكسىيەتچىل»، «روھانىيەتچىل» تەلىمات بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

دەرۋەقە، تەسەۋۋۇپ تەلىماتى دىن ئىچىدە بارلىققا كەلگەن دىنىي پەلسەپە. شۇڭا ئۇنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى، ماھىيىتى ئىدېئالىستىك تەلىمات. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى تەتقىق قىلماسلىق، ئۆگەنمەسلىك كېرەكمۇ؟ سوقرات، پلاتونلارمۇ تەتقىق قىلىنىدىغۇ؟ تەتقىق قىلماسلىق كېرەك دېمىدۇق. لېكىن تەتقىقمۇ قىلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا ئۇلارنى ھامان ئالدىن تەييارلانغان قېلىپلارغا سېلىپ ئۆلچەپ، بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالمىدۇق.

نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاڭلىق ھالدا تەسەۋۋۇپقا زىت قويۇپ تەتقىق قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپنىڭ «ئەكسىيەتچىل» تەلىمات، ئېقىم بولغانلىقىدا ئىدى.

چۈنكى، تەسەۋۋۇپ «ئەكسىيەتچىل» ئېقىم دەپ قارىلىۋاتقاندا، نەۋائىيدەك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ دۇنيا قارىشىنى، ئىدىيىسىنى بۇ «ئەكسىيەتچىل» تەلىمات بىلەن بىۋاستە باغلاپ تەھلىل قىلىش، شائىرنىڭ ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش، نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنىغا، ئۇلۇغلۇقىغا «نۇقسان» يەتكۈزۈپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

شۇڭا، شائىرنىڭ ئىدىيىسىنى تەسەۋۋۇپقا «قارىمۇ قارشى»

دەپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولاتتى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنىڭ تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت «ئەكسىيەتچىل» تەلىماتتىن «پەرقلىنىدىغان»، ئۇنىڭغا «قارىمۇ قارشى» بولغان تەرەپلىرىنى، يەنى «ئىلغار» تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولاتتى.

«ئۇلۇغ شائىرنىڭ سوپىزمغا قارشى پانتېئىزمى»، «تەسەۋۋۇپنىڭ پانتېئىستىك تەلىماتىدىن پەرقلەنگەن نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى» دېگەنگە ئوخشاش تەھلىللەر، يەكۈنلەر ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئۇنداقتا «نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى» قايسى؟ شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى قۇشلار ئوبرازى ئارقىلىق بايان قىلغان پەلسەپىۋى ئەسىرى «لىسانۇتتەير» ئۈستىدىكى تەھلىللەرگە قاراپ باقايلى: «بۇ داستاندا قۇشلار ھۆپۈپنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاللانىڭ ۋىسالىغا ئەمەس، بەلكى ‹كۇھىقاپ›تا تۇرىدىغان قۇشلارنىڭ پادىشاھى سۇمۇرغنىڭ ۋىسالىغا يېتەكچى بولىدۇ. دېمەك، ئاللېگورىيىلىك مەزمۇن بىلەن ئىجتىمائىي ماھىيەتنى ئىپادىلىمەكچى بولغان بۇ پەلسەپىۋى داستاندا ئاللانىڭ ئورنىنى سوپىزمغا قارشى ھالدا سۇمۇرغ ئىگىلىگەن.»①

ھالبۇكى، «لىسانۇتتەير» قۇشلارنى سىمۋول قىلىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بايان قىلىنغان ئەسەر ئىدى. نەۋائىي ئۆزىمۇ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دە ئېنىق قىلىپ، «‹لىسانۇتتەير› (قۇش تىلى) ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، ھەقىقەت سىرلىرىنى قۇش تىلى ئىشارىتى بىلەن مەجاز قىلىپ كۆرسەتتىم.»② دەيدۇ.

شۇنداق تۇرسا، بۇ ئەسەردىكى مەزمۇنلارنى تەھلىل قىلىپ يۇقىرىقىدەك خۇلاسىلەرنى چىقارساق، شائىرنىڭ ئەسلى ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

---

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، 370 ـ بەت.
② نەۋائىي: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، 32 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسەردىكى ھۇدھۇد (ھۆپۈپ) قۇشلارغا «سىلەر ماڭا شاھنىڭ سىرلىرىنى بايان قىلغىن دەۋاتىسىلەر. ئەمما مەن ئۇ سىرلاردىن بىرسىنى مىڭ يىل بايان قىلغان تەقدىردىمۇ سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. ھېچكىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىدراك خىياللىرىنى يۈرگۈزەلمەس. ئەمما ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنىڭ شەرتى شۇكى، ئېغىزلىرىنى ئابى ھايات سۈيى بىلەن يۈز قېتىملاپ يۇيۇپ - چايقاپ، پاكىز قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئىسمىنى قورقۇپ ئەيمىنگەن ھالدا تىلغا ئالغاي»① دەپ سۆپەتلىگەن سۇمۇرغنىڭ سۆپەتلىرى ئەمەلىيەتتە ئاللانىڭ سۆپەتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. شائىر ھۇدھۇد تىلىدىن شۇنداق دەيدۇ: «سەن ئۆزۈڭنىڭ كىمنىڭ سايىسى ئىكەنلىكىڭنى چۈشەنسەڭ، ئۆز چۈشەنچەڭگە ئۆزۈڭ كۆچلۈك دەلىل بولىسەن. شۇنى بىلگىنكى، سۇمۇرغ ئۆز سايىسىنى چۈشۈرۈشنى خالاپ، ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن بولسا ئۇ سايىسىنى چۈشۈرمىگەن بولاتتى. سۇمۇرغ ئۆزىنى يوشۇرۇشنى ئىستىگەن بولسا، ئۇنىڭ سايىسى ھەرگىز ئاشكارا بولمىغان بولاتتى. سايىنىڭ پەيدا بولغانلىقى سايە سالغۇچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە كۆچلۈك پاكىتتۇر.»②

بۇنى «ئاللانىڭ ئورنىنى سوپىزمغا قارشى ھالدا سۇمۇرغ ئىگىلىگەن» دەپ تەلقىن قىلغىلى بولامدۇ؟ بۇلارنى تەسەۋۋۇپقا «قارشى» پىكىرلەر دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەلىماتىدىنلا ئىبارەتقۇ؟

قۇشلارنىڭ سۇمۇرغنى تېپىش يولىدا بېسىپ ئۆتكەن جاپا - مۇشەققەتلىك يەتتە ۋادىسى ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپتىكى قەلبنى پاكلاش جەريانىنىڭ يەتتە مەقامى. قەلب پاكلانماستىن ھەقنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەلب گويا بىر ئەينەك. ئەينەك

---

① «لىسانۇتتەير» — موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخا، «بۇلاق»، 1993 - يىل، 3 - سان، 10 - بەت.

② «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 3 - سان، 40 - بەت.

پاكىزلانغاندىن كېيىن ھەق ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىدۇ دېگەن قاراشنىڭ جەريانى خالاس. نەۋائىي ئۆزىمۇ، «تېنىڭ قەسرىدە كۆڭلۈڭنى ئەينەك دەپ بىلگىن. شاھ ھۆسنىگە ئاشۇ ئەينەكتىن نەزەر سالغىن. سەن ئالدى بىلەن ئۇ ئەينەكنى تازىلاپ، نۇرلاندۇرمىساڭ، شاھ ئۆز ئەكسىنى ئۇ يەرگە سالمايدۇ.»① دەپ يازىدۇ. قۇشلارنىڭ مۇشەققەتلىك جەريانلاردىن كېيىن «فەنا» ۋادىسىدا ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ كۆرگىنى ئۆزى بولدى. بۇ دەل قەلب پاكلانغاندىن كېيىن، قەلب ھەقنى كۆرىدۇ، ئۇ چاغدا «سەن»، «مەن» لىكتىن ئەسەر قالمايدۇ دېگەن تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇنداق بولسا تەسەۋۋۇپقا قارشى بولغان «نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى» زادى قايسى ؟ ياكى شائىرنىڭ

نې بولۇپ ئەۋۋەلدە بىدايەت ساڭا،
نې كېلىپ ئاخىر دەمدە نىھايەت ساڭا.
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ ئاخىر مابەين ئۆزۈڭ،
بارچەغە خالىق، بارىغە ئەين ئۆزۈڭ.

دېگەن مىسرالىرى بىلەن «بىر تەرەپتىن مەۋجۇدىيەتنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇنى ئىلاھىيلاشتۇرغان»② لىقى، «نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى» مۇ؟

شائىر بۇ مىسرالىرىدا «سېنىڭ باشلىنىشىڭمۇ، ئاخىرىڭمۇ يوق، ئەزەلدىن ئەبەدكىچە پەقەت سەن ئۆزۈڭلا بار. ھەممىنى ياراتقانمۇ سەن، ھەممىنىڭ ئەسلىمۇ سەن.» دەۋاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدىكى «سايىنىڭ پەيدا بولغانلىقى سايە سالغۇچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە كۇچلۇك پاكىتتۇر» دېگەن پىكىردىنلا ئىبارەت. نەۋائىي يەنە «ئەگەر ھەربىر كىشىدە ئەقىلدىن ئەسەر بولسا، شۇنى بىلسۇنكى، بۇ ئالەمدىكى ئەزەلدىن

① «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 3 - سان، 41 - بەت.
② شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، 373 - بەت.

تائەبەدكىچە بولغان ھەممە نەرسە مەۋجۇتلۇقتا ئىگە ئەمەس، پەقەت شەكىل جەھەتتىكى كۆرۈنۈشكىلا ئىگە.»[1] دەپمۇ يازغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىرلا مەنىدىكى سۆزلەر بولۇپ، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق ئاللا، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس دېگەندىنلا ئىبارەت ئىدى.

«ئاللادىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن قاراشنى ياقلاۋاتقان شائىرنى «ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئىنكار قىلىندۇ» دېگىلى بولامدۇ؟ «نەۋائىينىڭ پانتېئىزمى» مانا شۇمۇ؟

بىر تەرەپتىن تەسەۋۋۇپ تەلىماتى «ئەكسىيەتچىل» دەپ قارىلىپ، نەۋائىينىڭ ئىدىيىسى تەسەۋۋۇپقا «قارىمۇقارشى» قويۇلۇپ تەسەۋۋۇپ ئىنكار قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى دەل تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە مەنسۇپ بولغان مەزمۇنلار «ئۇلۇغ شائىرنىڭ سوپىزمغا قارشى پانتېئىزمى» دېيىلسە، بۇ پىكىرلەر مەنتىق جەھەتتىنمۇ بىر - بىرىگە زىت كەلمەمدۇ.

جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىدىيىسىنى پانتېئىزم دەپ تەھلىل قىلىشقا كېيىنكى قەتئىي قارشى چىققانىدى. جالالىددىن رۇمىنى ئۇزۇن يىل ئۆگەنگەن تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى ئەنگلىيىلىك ئالىم نىكولسونمۇ، ئۆزىنىڭ دەسلەپتە تەسەۋۋۇپنى ياخشى چۈشەنمەي، جالالىددىن رۇمىنىڭ شېئىرلىرىنى پانتېئىستىك ئىدىيە دەپ قارىغانلىقى، ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىدىيىسى پانتېئىزم ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى تەن ئالغان. ئەجەبا، ئۇلار پانتېئىزمنى چۈشەنمەستىن شۇنداق دېگەنمىدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلار پانتېئىزمنى بىزدىن ياخشىراق چۈشەنسە كېرەك.

نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنىڭ قەيىرى پانتېئىزم؟ پانتېئىزم

---

[1] «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1993 - يىل، 4 - سان، 62 - بەت.

ھەممىلا يەردە قوللىنىشقا بولۇۋېرىدىغان ئاتالغۇمۇ؟ ياكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلغار قاراشلارنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن جەزمەن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى «ئاتېئىستىك خاھىش» قا ئىگە «پانتېئىزم» دەپ ئاتاش شەرتمۇ؟!

مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىدىكى بارنى يوق قىلىپ، يوقنى زورلاپ تېڭىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۇلۇغلاش ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى چۈشۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇ تەتقىقاتنىڭ ئىلمىيلىكىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار، ئىدىيىۋى مەنبەلەر ئىچىگە قويۇپ تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ھەقىقىي چۈشەنگىلى، يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدىن قېلىپ بەلگىلىۋالماسلىقىمىز، ھەربىر مۇتەپەككۇرنى ئۆزىنىڭ تارىخىي شارائىتى، ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ئىچىگە قويۇپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك بولىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بىر پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇش سۈپىتى بىلەن نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە، ئىدىيىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. شائىر پۈتۈن ئۆمرىدە مانا شۇ تەسىر ئاستىدا ياشاپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ نەۋائىينى تونۇيالمايمىز.

يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، نەۋائىي ئالدى بىلەن پەيلاسوپ ئەمەس، بەلكى سەنئەتكار — مۇتەپەككۇر شائىر! شۇڭا ئۇ دۇنيانى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئەمەس، بەلكى سەنئەت نۇقتىسىدىن، بەدىئىي ئىجادىيەت ئېھتىياجى بىلەن كۆزىتىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن باشلاپلا شۇ دەۋرنىڭ پەلسەپىۋى، بەدىئىي تەپەككۇرىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ

www.uyghurkitap.com

ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇ تەسىرلەر ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى پەلسەپىۋى زېمىن بىلەن تەمىن ئەتكەن. شائىر دۇنياغا ئەنە شۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىدىن تۇرۇپ قارىغان. نەۋائىينىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ.

شۇڭا، بىزنىڭ قارىشىمىزدا، نەۋائىي پانتېئىستمۇ ئەمەس، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا «قارىمۇ قارشى» مۇ ئەمەس، ئۇ بۈيۈك بىر مۇتەپەككۇر بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ يول باشچىلىرى بولغان ئابدۇراھمان جامى، نىزامى، ھاپىز شىرازى، جالالىددىن رۇمىلارغا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەسەۋۋىپلاردىن بىرى خالاس.

ئەمدى، نەۋائىينى تەسەۋۋۇپقا «قارىمۇ قارشى» قويۇپ تەھلىل قىلىشىمىزغا سەۋەب بولغان «ئەكسىيەتچىل تەلىمات» تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى.

تەسەۋۋۇپ راۋاجلىنىش، كېڭىيىش جەريانىدا، بولۇپمۇ بۇ تەلىمات ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تەرىقەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە كۆپىيىشى بىلەن تەسەۋۋۇپقا ئەسلىدىكى تەلىماتلىرىدىن روشەن پەرقلىق بولغان تۈرلۈك مەزمۇنلار قوشۇلۇپ باردى.

تۈركىيىلىك تارىخشۇناس ئەھمەد ھىلمىمۇ بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ «ئىسلام تارىخى» ناملىق كىتابىدا، «تەسەۋۋۇپ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكمەتلەرگە دائىر سۆزلەر ۋە قائىدىلەر قابىلىيەتسىز قوللاردىن ئۆتۈش جەريانىدا، كۆرۈنۈشتە ئاجايىپ پارلاق، ئەمەلىيەتتە ھېچبىر قىممىتى يوق، بىر ـ بىرىگە زىت ۋە بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان بىر يۈرۈش پىكىرلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى.»① دەپ يازىدۇ.

سوپىلىقنى تارقاتقۇچى خوجا ـ ئىشانلار شىنجاڭغا كىرىپ مۇرىت توپلاپ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇشتىن تاكى

---

① ئەھمەد ھىلمى: «ئىسلام تارىخى»، II جىلد، ئىستانبۇل، 1980 ـ يىل، 392 ـ بەت.

شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە بىر مەھەل قۇترىغان جاھالەتپەرەس خوجىلار ھاكىمىيىتىنىڭ گۇمران بولۇشىغا قەدەر بولغان تارىخىي جەرياندا، سوپى - ئىشانلارنىڭ پائالىيەتلىرى مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىقلارنى، چېكىنىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ تارىخىمىزدىكى زۇلمەت قاپلىغان جاھالەتلىك بىر دەۋر بولغانىدى. بۇ دەۋردىكى سوپى - ئىشانلارنىڭ كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرى ئۈستىدىن تارىخ ئۆزىنىڭ ئادىل ھۆكۈمىنى چىقىرىپ، ئۇلارنى لەنەت قامچىسى ئاستىغا ئالدى.

ئادەتتە تەسەۋۋۇپ دېيىلسىلا مانا شۇ دەۋردىكى جاھالەتپەرەس سوپى - ئىشانلارنىڭ تەرغىباتلىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ، مۇشۇ دەۋردىكى سوپى -ئىشانلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ھاسىل قىلىغان خۇلاسىمىزنى تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن ئومۇمىي باھا ئورنىغا قويۇپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئەدىبىيسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئىپادىلەنگەن قاراشلارغا نىسبەتەن ئاڭلىق ھالدا ئىنكار قىلىش، بۇ نۇقتىلارنى ئۇلارنىڭ ئەدىبىيسىدىكى سەلبىي تەرەپلەر دەپ ياكى بولمىسا تارىخىي چەكلىمىلىكى دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ كەلدۇق.

ۋەھالەنكى، مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ ئۆزلىرى تەسەۋۋۇپ بىلەن زۇھدۇ - تەقۋانى، سوپى - ئىشانلىقنى بىر دەپ قارىمىغانغۇ؟ نەۋائىيمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى پىكىرلىرىدە،

تەسەۋۋۇپ ئېمەس زۇھدۇ- تەقۋىيۇ تائەت،
كى ئاندا رىيا يول تاپار بىتەۋەققۇپ.

دەپ ئېنىق يازغانغۇ؟ شائىر ئۆزى بىۋاستە تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرۇپ، يەنە سوپى - ئىشانلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان

يالقۇنلۇق مىسرالارنىمۇ پۈتكەن. «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا مەخسۇس بىر بابنى ئەنە شۇ رىياكار سوپى - ئىشانلارنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئاجراتقان. ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىنى تەرىقەت ئەھكاملىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان خوجا ئەھمەد يەسەۋىمۇ زاھىتلاردىن، يالغان سوپى - ئىشانلاردىن، شەيتانغا دەرس بېرىدىغان شەيخلەردىن زارلانغانغۇ؟

شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز نېمە ئۈچۈن مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ قارىشىدىكى تەسەۋۋۇپ بىلەن سوپى - ئىشانلارنىڭ تەرغىباتلىرىغا، سۆز - ھەرىكەتلىرىگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلمايمىز؟ ئۇلار پەرقلەندۈرگەننى بىز نېمە ئۈچۈن پەرقلەندۈرمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن سوپى - ئىشانلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ھاسىل قىلغان خۇلاسىمىزنى مەيلى ئاڭلىق، مەيلى ئاڭسىز يوسۇندا بولسۇن بىر تەرەپلىمە ھالدا بىر پۈتۈن تەسەۋۋۇپ تارىخىغا، تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا بېرىلگەن باھا ئورنىغا دەسسىتىشتىن خالىي بولۇپ كېتەلمەيمىز؟

تەسەۋۋۇپنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشەنگەن مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ نەزەرىدە، تەسەۋۋۇپ — خالىسلىق، پاكلىق، سادىقلىق تەلىمى ھېسابلانغان. شۇڭا ئۇلار سوپى - ئىشانلارنىڭ يالغان تەقۋادارلىق قىلىپ ئالدامچىلىق قىلىش يولىدا تەسەۋۋۇپنى دەستەك قىلىشىغا تاقەت قىلالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا ئەھمەد يەسەۋىمۇ بۇنداق يالغانچى، رىياكار سوپى - ئىشان، شەيخلەردىن بىزار بولغان.

سوپى - ئىشانلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى، تەرغىباتلىرى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ ئەسلىدىكى تەلىماتى سېلىشتۇرما قىلىنسىلا ئارىدىكى پەرقلەر روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئاددىي بىر مىسال ئۈچۈن موللا مۇسا سايرامىنىڭ بىر نەچچە شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ھەممە ئىشان تەمەئدىن خالى ئېرمەس،

يەنە ئۇجبۇ رىيادىن خالىي ئېرمەس.
رىيا دېگەن ئىبادەت قەرچەسىدۇر،
تەخى كۆللى ئەمەلنى كەسكۈچىدۇر.
بۇ كۈندە نەفسگە قۇل ھەممە ئىشان،
نە يەردە نەفسنى ئۆلتۈرگەن ئىشان؟
تافىلماس خالىس ئىشان مىسلى ئەنقا،
ئۆزىنى مەخفى تۇتۇپ كۆرسەتمەس ئەسلا.
شەرىئەت شاھراھىدا رۇست يۈرەلمەي،
تەرىقەت تەيىدە نىچۈك يۈرەلگەي؟
بۇ ئىشانلار ھۇنۇز تۇتماي شەرىئەت،
شەرىئەتنى قويۇپ كىرەر تەرىقەت.
زامان ئىشانلىغى بەلكى خەلىفە،
كى بىر نەۋئى تىجارەت بەلكى پىشە.
ئاجايىپ پىرئېرۇر مۇرىدىن ئوۋلاپ،
يۈرەرلەر كەنتمۇكەنت ئىشىكنى مارىلاپ.
مۇرىد بولغاي ئېردى پىرلەر ئىشىكىدە،
زامانە پىرلەرى مۇرىد ئىشىكىدە.
بۇ ئاسار قىيامەتدۇر ئەي بۇرادەر،
يامان نەفسى مۇنىڭ قىلدى زەبۇنلەر.
بۇ ئىشانلار ئىشى راست بولسا ئېردى،
مۇرىد ئوۋلاپ ئۆيىگە بارماس ئېردى.
بۇلار فەزلىدە بىرنەرسە يوقدۇر،
زەھى ئالدامچى نەفسى ئاۋارەسىدۇر.
تەمەنىڭ دۇكانىنى قۇرۇب ئىشان،
رىيانىڭ رەخلەرىنى تىزىپ ئىشان.
يىغىپ ئادەم قىلىب سۆھبەت ئالالا،
ھەممە تەسبىھ زىكرى خاھى ئىللەللا.
بۇ قىلغان ماجرادىن مۇددىئا فۇل،
يەنە «ھۇ - ھۇ» دېگەندىن ئىددىئا فۇل.①

بۇ شېئىر سوپى - ئىشانلارنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتىمۇ

---

① «موللا مۇسا شېئىرلىرىدىن تاللانما»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر بايتۇر) — «بۇلاق»، ئومۇمىي 15 - سان، 203 -، 204 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياخشى سۆرەتلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۆرۈنۈشلىرىنىڭ ماھىيەتتە نەپسى ئۈچۈن خەلقنى ئالداشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھالبۇكى، تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتىدا نەپس بىلەن كۈرەش قىلىش، نەپسنى ئۆلتۈرۈش ئەڭ ئالدىنقى شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ رىياكار ئىشانلار نادان خەلققە نەپسنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك، دۇنياغا بېرىلمەسلىكنى تەرغىب قىلسا، ئۆزلىرى پۈتۈنلەي نەپسنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەنىدى.

تەسەۋۋۇپتا شەرىئەتنى تولۇق بەجا كەلتۈرمەستىن تەرىقەتكە ئۆتۈشكە بولمايدۇ دېيىلىدۇ. ئەھمەد يەسەۋىمۇ شۇنداق ھېكمەتلەرنى ئېيتقان:

ئۆتتى ئۆمرۈم شەرىئەتكە يېتەلمەدىم،
شەرىئەتسىز تەرىقەتكە ئۆتەلمەدىم.
ھەقىقەتسىز مەرىفەتكە باقالمادىم،
قاتىغ يولدۇر پىرسىز نىچۈك ئۆتەر دوستلار.

تەرىقەتكە شەرىئەتسىز كىرگەنلەرنى،
شەيتان كېلىپ ئىمانىنى ئالۇر ئېرمىش.
.......

سوپى - ئىشانلار بولسا بۇلارنىڭ قايسى بىرىگە ئەمەل قىلسۇن، ئۇلار تەسەۋۋۇپتىن خۇددى موللا مۇسا سايرامىي يازغاندەك، جاھاندارچىلىق قىلىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلانغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز مەنپەئەتلىرى يولىدا تەسەۋۋۇپقا ھەر تۈرلۈك مەزمۇنلارنى قوشقانىدى. بۇلار ئادەتتىكى بىر مىسال. ئەگەر يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ سېلىشتۇرۇلسا، پەرقنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكى، سوپى - ئىشانلارنىڭ تەرغىباتلىرى،

هەرىكەتلىرى نامدا تەسەۋۋۇپ دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپنىڭ ئەسلىدىكى تەلىماتىغا زىت كېلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

شۇڭا، مۇتەپەككۇرلىرىمىز ئۆزلىرى پەرقلەندۇرگەن تەسەۋۋۇپ بىلەن سوپى - ئىشانلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى بىزمۇ چوقۇم پەرقلەندۇرۇشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

تەسەۋۋۇپ گەرچە دىنىي پەلسەپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئومۇمىي خاراكتېر جەھەتتىن ئىدېئالىستىك مەۋقەدە تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش يولىدىكى بىر خىل ئۆزگىچە تەپەككۇر شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەسەۋۋۇپمۇ كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلەرنى، گۈزەل ئەخلاقىي تەربىيىگە دائىر تەشەببۇسلارنى، تۈپ ماھىيەتتە خۇدانى مۇئەييەنلەشتۇرسىمۇ، يەنىلا ئىنساننى خۇدا ياراتقان مەخلۇقلار ئىچىدە ئەڭ ئالىي، پۈتۈن كائىناتنىڭ گۈلى دەپ قاراشتەك گۇمانىستىك ئىدىيىلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرگەن.

بىز تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ياخشى تەتقىق قىلماستىنلا ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمە ھالدا ياندىشىپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە خاس بولغان قاراشلارنى، ئىلغار تەرەپلەرنى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە يوق باشقا تەلىماتلار بىلەن بىرلەشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ سەلبىي تەرىپى دەپ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىنكار قىلىپ يوققا چىقىرىۋەتسەك توغرا بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بىز ئىلغارلىق سۈپىتىدە گەۋدىلەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە يوق نەرسىلەرنى تېڭىۋاتقان قاراشلارنىڭ كۆپىنچىسى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىمىز ئىدىيىسىدىكى ئىپادىلىرى بولۇپ چىقىۋاتىدۇ.

شۇڭا، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراشلارنى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە ماس بولمىغان ئىدىيىۋى ئېقىملارغا باغلاپ تەھلىل قىلماستىن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە باغلاپ، شۇنىڭ ئىچىدە قويۇپ تەتقىق قىلغىنىمىز تۈزۈك. تەتقىقاتنىڭ ئىلمىيلىكىمۇ ئەنە شۇ يەردە. بۇ يەردىكى ئاساسىي مەسىلە بىزنىڭ تەسەۋۋۇپقا بولغان تونۇشىمىزدىنلا ئىبارەت.

ئۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ «ئاتېئىست»، «پانتېئىست» بولماسلىقى بىلەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى تۆۋەنلەپ، قىممىتى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار يەنىلا ئۆز دەۋرىنىڭ سەرخىللىرى، بۈيۈك سىمالار بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

3. تەسەۋۋۇپنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ راۋاجلىنىشىغا نىسبەتەن ئوبيېكتىپ تەھلىل ئېلىپ بارماستىن، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتقا ئاساسلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈش خاھىشى.

بۇ خاھىش رەسمىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلارغا قارىغاندا قىسمەن ئاپتورلىرىمىزنىڭ تارىخىي بايانلىرىدا[①] كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر ئىدىيىۋى ئېقىم، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىنىڭ مەلۇم رايونغا تارقىلىشى ۋە شۇ يەردە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇشىدا، نوقۇل شۇ ئېقىم تەرغىباتچىلىرىنىڭ رولىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە شۇ رايوندىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى ئامىللارمۇ قىسمەن رول ئوينىماي قالمايدۇ.

تەسەۋۋۇپ تەرەققىي قىلىش، كېڭىيىش جەريانىدا بىر قەدەر سىستېمىلىشىپ بەلگىلىك نەزەرىيىۋى ئاساسلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، بارا ـ بارا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى رېئال ھاياتقا تەتبىقلاپ

① ن. ھۇسەيىن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نىڭ 1987 — 1988 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرگە قارالسۇن.

ئىجرا قىلىش ۋە تېخىمۇ كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان دىنىي تەشكىلاتلار — تەرىقەتلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانىدى. ئەھمەد ھىلمى ئەپەندى، «تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا ئاساسلانغان ۋە ئۆزگىچە خاس مۇراسىم، قائىدە - يوسۇنلىرى بولغان ئىسلام مەسلىكىگە تەرىقەت دەپ نام بېرىلدى»[1] دەپ يازىدۇ.

«تەرىقەت» — ئەرەبچە يول، ئۇسۇل دېگەن مەنىدىكى سۆز. سوپىلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى خۇدانى تونۇشنىڭ يولى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بۇ نام بىلەن ئاتىغان. ئۇنىڭدىن سىرت بۇ ئاتالغۇنى ئۇلار يەنە مەنىۋى كامىللىققا ئېرىشىشنىڭ باسقۇچلىرىدىن بىرىنىڭ نامى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىدۇ. مەسىلەن، شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىفەت، ھەقىقەت.

تەرىقەتلەر ئۆزلىرى مەيدانغا كەلگەن مۇھىت ۋە خەلقلەرنىڭ ئادەتلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قاراپ، دىنىي پائالىيەت، كىيىنىش ۋە باشقا تەرەپلەردە قويۇق يەرلىك تۈس ئالغان بولۇپ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ھەر قايسى تەرىقەتلەر تۈپ نىشان (يەنى روھىي كامىللىققا يېتىپ ھەقنى تونۇش، ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ ھەق بىلەن بىرلىشىپ كېتىش) ۋە بۇ نىشانغا يېتىش يولىدىكى ئۇسۇل جەھەتتە خېلى كۆپ ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزگىچە خاس ئىبادەت شەكىللىرى، قائىدە تەرتىپلىرى ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرى بولغان تەرىقەتلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تەسەۋۋۇپنىڭ مەزمۇنىدىمۇ خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدى.

تەرىقەت ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى بىلەن ئۇلار تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىغا ئۆز

[1] ئەھمەد ھىلمى: «ئىسلام تارىخى»، II جىلد، 451 - بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. تەرىقەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى داۋالغۇش، ئۆزگىرىشلەرگە باغلانغان ھالدا ئۆزگىرىپ، راۋاجلىنىپ باردى. ئۇلارنىڭ ماۋارەئۇننەھر ۋە شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ راۋاجىمۇ بۇ پىكىرنى كۆپلىگەن تارىخىي پاكىتلار بىلەن دەلىللىدى.

نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد پىرى خوجا ئەھرار (1404 — 1490) نىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، مەۋقەسىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى كۈنسېرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇرىتلىقتا قول بېرىۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە تېمۇرىيلەر سۇلالىسى (1370 — 1506) نىڭ داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان سىياسىي ۋەزىيىتىدە ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان خانلارنىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خەلقنىڭ رايىنى ئۆزگە مايىل قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي غەرىزى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مەلۇمكى، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ئۈستۈن بولغان ھەر قانداق بىر ھۆكۈمران ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پايدىلىق ھەر قانداق ئامىللاردىن پايدىلىنىشى مۇقەررەر. تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ماجىرالىرىدا ھاكىمىيەت ئورنى تەۋرەپ تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمرانلارمۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا، دىنىي جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان خوجا - ئىشانلارغا مۇرىت بولۇش ئارقىلىق دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇناتتى. بۇنىڭ بىلەن خوجىلارغا قول بەرگەن خانلار سىياسىي جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، ئۇلارنىڭ پىر، مۇرشىدلىرى بولغان خوجىلارمۇ خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي دىنىي ھۆكۈمرانىغا

ئايلىنىپ، خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئارىلىشاتتى. شۇڭا، تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەن ۋەزىيىتىدىكى ئىچكى ماجىرالاردا مىرانشاھنىڭ ئەۋلادى ئەبۇسەئىدنىڭ ئۇلۇغبېكنىڭ جىيەنى ئابدۇللا ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولد «ئەبۇسەئىدنىڭ غەلىبىسى ئۆز نۆۋىتىدە خوجا ئەھرارنىڭ غەلىبىسى ئىدى.»① دەپ يازىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغبېك ئىلىم ئەھلىنىڭ ھامىيسى، مەرىپەتپەرۋەر شاھ بولغاچقا، «خوجا ئەھرار دىنىي جەھەتتە ئۇلۇغبېككە ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە قارشى ئىدى.» ②

سوپىلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە بۇ يەردە راۋاج تاپالىشىدىمۇ ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەرنىڭ بەلگىلىك رولىمۇ بار ئىدى. ئەگەر شۇنداق مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساس ھازىرلانمىسا، سىرتتىن كىرگەن بىر پىكىر ئېقىمى تەرەپدارلىرىنىڭ شۇنچىلىك تېز قۇتراپ كېڭىيىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ XV ئەسىرنىڭ باشلىرى بۇ تەرىقەتنىڭ تەشۋىقچىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. ئۇۋەيسىخان XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇ بۇ تەرىقەتنىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى تەسىرىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئەرشىدىن ۋەلى تەرەپدارلىرىنىڭ مەيلى قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماۋارەئۇننەھردىكى نەقشىبەندىيە

---

① ② ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە» — «ۋ. ۋ. بارتولد ئەسەرلىرى»، V توم، موسكۋا، 1968 - يىل، 180 - بەت.

www.uyghurkitap.com

تەرىقىتىنى قوبۇل قىلغان خانلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنداقلا ئەرشىدىن ۋەلى تەرەپدارلىرىغا تاقابىل تۇرۇش[①] ئۈچۈن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇسخانمۇ «خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى ئىدى.»[②]

سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تەھدىتلەردىن بىرى يەنىلا ئەرشىدىن ۋەلى ئەۋلادلىرى بولدى.[③] سەئىدخان ئەرشىدىن ۋەلى ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت زور دىنىي كۈچكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يېڭى بىر دىنىي كۈچكە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇ سەمەرقەنتتىن كەلگەن خوجا مۇھەممەد يۇسۇپكە مايىللىق بىلدۇرۇپ، «مانا شۇ خوجا ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ»، «خوجىنىڭ بوسۇغىسىغا باش ئۇرىدۇ.»[④]

چۈنكى ئەرشىدىن ۋەلى ئەۋلادلىرىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن خانلىقنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىرى ئىدى. موللا مۇسا سايرامىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەرشىدىن ۋەلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ دىنغا كىرگۈزگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىدىنگە «قايسى شەھەرنى خالىسىڭىز شۇ يەردە تۇرۇڭ» دەپ يارلىق

---

① لىيۇ جىڭيەن: «خوجىلار روناق تېپىشتىن ئىلگىرىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى» — «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى»، 1991 ـ يىل، 4 ـ سان، 59 ـ بەت.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمىنىيە»، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىل، 14 ـ بەت.

③ لىيۇ جىڭيەن، — «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى»، 1991 ـ يىل، 4 ـ سان.

④ مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىد» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلىپ باستۇرغان)، ئۈرۈمچى، 1985 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ كىتاب، 320 ـ بەت.

قىلغان. ئەرشىدىن كۇچادا تۇرۇشنى ئىختىيار قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭغا «ئۇچ ئېرىق سۇنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەن.»①

شۇڭا ئەرشىدىن ۋەلى ئىزچىل يوسۇندا دىنىي جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، خانلىقنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ، تەسىر دائىرىسى زور بىر كۇچ بولۇپ قالغانىدى. ھاكىمىيەت ئۇستىدىكى خانلارمۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى چەكلەشكە ئامالسىز قالغاچقا، باشقا بىر دىنىي كۇچلەر بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا موھتاج بولغانىدى. ھاكىمىيەت ئۇستىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە بۇ يېڭى كۇچ — ئۇلارنىڭ زېمىنىغا يېڭىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان خوجا ـ ئىشانلار ئىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانمۇ ئەرشىدىن ۋەلى كۇچلىرىگە قارىتا دادىسىغا ئوخشاش يول تۇتقان. موللا مۇسا سايرامى «ئۇ چاغلاردا خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر دېگەن (ئىشان) كىشى كەلگەنىدى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى.»② دەپ يازىدۇ. ئابدۇرەشىدخاندىن كېيىنكىلەرمۇ مانا شۇ يوسۇندا خوجىلاردىن بىرەرسىنى ھاكىمىيەتنىڭ «مەنىۋى تۇۋرۇكى» قىلىپ ھاكىمىيەت يۇرگۇزگەنىدى.

مەيلى ماۋارەئۇننەھىردە بولسۇن، مەيلى شىنجاڭدا بولسۇن ھاكىمىيەت ئۇستىدىكى خانلارنىڭ خوجىلارغا «مۇرىت» بولۇپ ئىخلاس بىلدۇرۇشلىرىدە دىنىي مەقسەتكە قارىغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا سىياسىي غەرەز ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ئۇلار خوجا ـ ئىشانلارغا مايىللىق بىلدۇرۇپ، ئۇلارنى قوللاپ، پائالىيەتلىرىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزلىرىگە مايىل قىلىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە تۇرلۇك مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستىكىدە بولغان.

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمنىيە»، 59 ـ، 60 ـ بەتلەر.
② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمنىيە»، 18 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشى بەلكىم سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجى بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇپنى تەرغىب قىلىش مەقسىتى بىلەن شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ زېمىندا تېزدىن قانات كېرىپ راۋاج تاپالىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسنى ئاۋام خەلقنىڭ ئىدىيىسىدىكى دىنىي ئاڭ ۋە باشقا ئامىللاردىن ئىزدەش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدا يەنە تۈرلۈك سىياسىي غەرەزلەردە ئۇلارنى قوللاپ، پائالىيەتلىرىگە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەرنىڭ سىياسىي مۇددىئالىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك.

بىز بۇنىڭ بىلەن جاھالەتپەرەس سوپى - ئىشانلارنى، ئۇلارنىڭ تەرغىباتلىرىنى، پائالىيەتلىرىنى ئاقلىماقچى ئەمەسمىز. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقى، يوقىتىشلىرى، چېكىنىشلىرىنى تارىخ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

لېكىن بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى تەكىتلەشتىكى مۇددىئايىمىز، ھەر قانداق بىر ھادىسىنىڭ، مەسىلىنىڭ بەلگىلىك سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنى تەتقىق قىلغاندا، بايان قىلغاندا، نوقۇل سىرتقى ئامىللارنىڭلا ئەمەس، بەلكى شۇ مۇھىتتىكى ئىچكى ئامىللارنىمۇ نەزەردىن يىراق قىلماي ئوبيېكتىپ تەھلىل يۈرگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوپى - ئىشانلارنىڭ پائالىيەتلىرى كۆپىنچە سىياسىي تۈس ئېلىپ، تەسەۋۋۇپنىڭ ئەسلىدىكى تەلىماتلىرىدىن خېلىلا يىراقلاپمۇ كەتكەندى.

گەرچە XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ

تەسىرى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، تەسەۋۋۇپ تەرغىباتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا رەسمىي يوسۇندا ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇپ قانات قېقىشقا باشلىشى مەخدۇم ئەزەم ئەھمەد ئەل كاسانى (1461/62 — 1542/43) ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن باشلانغان.

مەخدۇم ئەزەم خوجا ئەھرارنىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاساسىي قىسمى سەمەرقەنتتە ئۆتكەن. ئۇ سوپىلىقنى تەرغىب قىلىش سەپىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ، بىر مەھەل تۇرغان. ئابدۇرەشىدخان بىلەن كۆرۈشكەن. كېيىن سەمەرقەنتكە قايتىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان) ۋە ئىسھاق ۋەلى ئوتتۇرىسىدا باشلانغان دادىسىنىڭ دىنىي ئىمتىيازلىرىغا ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۇرىشى سوپىلىقنىڭ شىنجاڭغا يەنىمۇ كەڭ تارقىلىشى ۋە بارا - بارا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا بىر سىياسىي ۋاستىگە ئايلىنىپ تۇرلۇك قانلىق پاجىئەلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى بولۇپ قېلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغانىدى.

«مانا شۇندىن ئېتىبارەن خوجىلار زور تەسىرگە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. خانلار ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۇرۇشتى. خەلق ئۇلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت كۆرسەتتى. . . . شۇنداق قىلىپ تەلىماتلىرىدا ھېچقانچە پەرق بولمىغان، پەقەت ئۇلارغا باش بولغانلارنىڭ خاراكتېرى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەنلا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى گۇرۇھ شەكىللەنگەن. ئىمام كالانغا ئەگەشكۇچىلەر ئىشقىيە دەپ ئاتالغان. خوجا ئىسھاق ۋەلىگە ئەگەشكۇچىلەر ئۆزلىرىنى ئىسھاقىيە دەپ ئاتاشقان. كېيىنكى چاغلاردا ئالدىنقىسىنى ئاق تاغلىقلار، كېيىنكىسىنى بولسا قارا تاغلىقلار دەپ ئاتاش ئۆزلىشىپ قالغان.»[1]

بۇ ئىككى گۇرۇھ شەكىللىنىشىدىنلا بىر - بىرىگە قارشى كۇرەش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ

---

① جوقان ۋەلىخانوف: «توپلانغان ئەسەرلەر» (بەش توملۇق)، Ⅲ توم، ئالما - ئاتا، 1985 - يىلى، رۇسچە نەشرى، 127 - بەت.

ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش ، ئىختىلاپلار ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان. ئېھتىمال بۇ ئىختىلاپلار دەسلەپتە «دىنىي خاراكتېردە»① ئىپادىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. «بىراق ھەر قايسى گۇرۇھلار مەلۇم دەرىجىدە كېڭىيىپ، پۈتۈن ئالتە شەھەر ئاھالىسى قارىمۇ قارشى ئىككى لاگېرغا بۆلۈنگەندە بولسا، دىنىي نىزالارغا سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئىنتىلىش قوشۇلدى. بۇ تەرەپ جۇڭغارلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن ئاق تاغلىقلارنىڭ باشچىسى ئاپپاق خوجىنىڭ ۋاقتىدا ناھايىتىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەندى.»②

[ بۇ ئەمەلىيەتتە جاھالەتپەرەس خوجا ـ ئىشانلار ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان ئاتالمىش «خوجىلار دەۋرى» نىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇ ئەمدى تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ ھەقتە چەت ئەل ۋە ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرى خېلى ئەتراپلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى ۋە ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى.

بىز تەسەۋۋۇپنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن، يەنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەتقىق قىلغىنىمىز ئۈچۈن، «خوجىلار دەۋرى» دە يۈز بەرگەن سىياسىي، تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ھازىرچە تېما دائىرىمىزنىڭ سىرتىدا قالدۇرىمىز. بۇ دەۋردىكى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ، خەلقنىمۇ بۆلۈنۈشكە مەجبۇر قىلغان خوجىلارنىڭ پائالىيەتلىرى پۈتۈنلەي سىياسىي غەرەز يولىدىكى ئۇرۇنۇشلاردىن ئىبارەت ئىدى. تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى بۇ ھەقتە ناھايىتىمۇ توغرا قىلىپ، «ئاق تاغلىق ئەھلى بىلەن قارا تاغلىق ئەھلى تا بۇ زامانىدىمۇ بىر ـ بىرىگە قارشى ئىدى. بۇ تايىپىلەر كاشغەردە ناھايىتى كۆپ. ھەر ئىككى تايىپىنىڭ

---

① ② چوقان ۋەلىخانوف: «توپلانغان ئەسەرلەر» (بەش توملۇق)، Ⅱ توم، ئالما ـ ئاتا، 1985 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى، 127 ـ بەت.

ئېتىقادى خاتا ۋە بىھۇدىدۇر.»[1] دەپ يازغانىدى.

لېكىن، بۇ دەۋرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ، يەنە تەسەۋۋۇپ تارىخى، تەلىماتى بىلەن تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى مەسىلىنى تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەبمۇ يەنىلا تەسەۋۋۇپقا قارىتا بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىدە بولۇشتەك خاھىشلاردىن ساقلىنىشنى تەكىتلەشتىنلا ئىبارەت.

ئاخىرىدا تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇرەككەپلىكلەردىن بىرسى شۇكى، تەسەۋۋۇپنى سوپى - ئىشانلىقتىن پەرقلەندۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە مەيلى خوجىلار دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بولسۇن، بەزى خوجا - ئىشانلارغىمۇ، تەرىقەتلەرنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرىغىمۇ كونكرېت، تارىخىي نۇقتىدىن تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۈسۈپ ھەمەدانى ئۆزى كەسپىي مۇزدۇز بولۇپ، سەمەرقەنتنى قوغداش ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە قاتناشقان. ئۇنىڭ تەلىماتىدا كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلەرمۇ ئىپادىلەنگەن.

يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ تەلىماتىنى مىزان قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىمۇ كۆپلىگەن ئىلغار تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىغان.

نەۋائىينىڭ «نەسايىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، كۇبراۋىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى بولغان شەيخ نەجمىددىن كۇبرا چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئۈرگەنچكە بېسىپ كىرگەندە ئۆزىنىڭ قېرىپ ھالىدىن قالغان چال بولۇشىغا قارىماي خەلقنى ئويۇشتۇرۇپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭ قىلغان ۋە شۇ

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، بېيجىڭ، 1986 - يىل، 142 - ، 143 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەڭدە مەردلەرچە قۇربان بولغان.①

«خوجىلار دەۋرى» دە ياشاپ، ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرىگە تەئەللۇق هالدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بەزى شائىرلارنىڭ ئىدىيىسىدىمۇ نۇرغۇن ئىلغار پىكىرلەر، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك خاھىشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. قارا تاغلىقلارغا مەنسۇپ بولغان شائىر خوجا جاھان ئەرشى شۇلارنىڭ بىرى.

شۇڭا بۇلارنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، خۇلاسە چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. خۇددى موللا مۇسا سايرامى يازغىنىدەك، «ھەممىسىنىلا ئوخشاش كۆرۈپ، ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك قىلماسلىق لازىم.»②

يۇقىرىقىدەك تارىخىي رېئاللىقلار بىزدىن بىر قەدەر ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى، بىر تەرەپلىمە هالدا ئالدىن خۇلاسە چىقىرىۋالماسلىقنى، تارىخىي ۋە كونكرېت تەھلىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەتقىقاتنىڭ مېتودولوگىيە مەسىلىسى بولۇپ، تارىخىي ۋەقە، ھادىسىلەرگە قارىتا ئىلمىي ۋە ئوبيېكتىپ تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىزگە، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

---

① رادى فىشنىڭ «جالالىددىن رۇمى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۆزبېكچە نەشرىگە نەشرىياتتىن بېرىلگەن ئاخىرقى سۆزگە قارالسۇن. شۇ كىتاب، تاشكەنت، 1986 ـ يىل، 268 ـ بەت.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» ، 142 ـ بەت.

# VI باب تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە تارىخى

پېشقەدەم ئالىم ئىبراھىم مۇتئى ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، «بىر ئىلمىي ساھەدە ئىشلەش ئۈچۈن، شۇ ساھەدە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئىمكانقەدەر پىششىق تونۇشۇپ چىقىش كېرەك.» دەيدۇ.

دەرھەقىقەت، مەلۇم بىر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ئەھۋاللىرى، تەتقىقات نەتىجىلىرى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇشقا، بۇلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىلمىي خىزمەت.

تۆۋەندە مەن گەرچە ئەتراپلىق بولمىسىمۇ بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## §1. چەت ئەللەردىكى تەتقىقات ئەھۋالى

### 1. غەرب ئەللىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى

غەربتە تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقات شەرقشۇناسلار، ئىسلامشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى خېلى بۇرۇنلا قوزغىغان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا تەتقىقات باشلانغانىدى. XX
ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بولسا بۇ ساھەدىكى تەتقىقات خېلى
زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، رەينولدنىكولسون
(R. A. Nicholson 1868 — 1945) ۋە لۇئىس ماسسىگنون
(Louis Massignon) لارغا ئوخشاش تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى
نوپۇزلۇق شەرقشۇناس ئالىملار مەيدانغا چىقتى.

غەربنىڭ ئىلىم ساھەسىدە تەسەۋۋۇپ ھەققىدە دەسلەپ
بولۇپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان ئەسەر ئېھتىمال،
گېرمانىيىلىك ئىلاھىيەتشۇناس پروفېسسور ف. تولۇك
(F. A. D. Tholouk) نىڭ 1821 ـ يىلى ئېلان قىلغان «سوپىزم
ياكى پارس پانتېئىزملىق ئىلاھىيەتشۇناسلىقى»
(«Sufismus sive Theosophia persarum pantheistica») نام-
لىق ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن. شۇندىن كېيىن شەرقشۇناسلار
تەسەۋۋۇپقا قىزىقىش بىلەن قاراپ، بۇ ھەقتىكى ئەرەبچە، پارسچە
ئەسەرلەرنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش ھەم بۇ ئەسەرلەر
ئاساسىدا مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىشقا كىرىشتى.

XIX ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، تەسەۋۋۇپ
تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ئىلمىي ماقالىلەر، مەخسۇس ئەسەرلەر
كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇلاردىن ئې. خ. پالمېر
(E. H. Palmer) نىڭ «شەرق مىستىتسىزمى»
(Oriental Mysticism: A. Treatise on Sufistic and unitar Teosophy»
of the Parsians, L, 1867 «) ناملىق ئەسىرىنى كۆرسىتىشكە
بولىدۇ.

تەسەۋۋۇپنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە
قىلىش ئىشلىرىدا ئەڭ ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى
ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس ئالىم رەينولد نىكولسون بولۇپ، ئۇ
ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ھەتتا قەدىمكى
ئەرەب تىلىنىمۇ ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى

ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق بىرىنچى قول مەنبەلەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، مۇشۇ ئاساستا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ دەسلەپكى سوپىلاردىن ئىبراھىم ئەدھەم (ئۆلۈمى: 778 /161) ھەققىدە ماقالە يازغاندىن كېيىن، 1898 - يىلى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ «دىۋان شەمس تەبرىزى» ناملىق دىۋانىنى تەرجىمە قىلىپ كېمبرىجتا نەشر قىلدۇردى. 1911 - يىلى خوجا ۋەلىنىڭ «كەشف ئەل مەھجۇب» ناملىق پارسچە ئەسىرى بىلەن مۇھيىددىن ئىبنى ئەرەبىنىڭ «تەئەججۇمەن ئەل ئەشۋاق» ناملىق ئەرەبچە ئەسىرىنى تەرجىمە قىلدى. بۇ ئاساستا 1914 - يىلى «ئىسلام مىستىكلىرى (سوپىلىرى)» («The Mystics of Islam») ناملىق تەتقىقات ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق كىتابلاردىن بىرى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. 1921 - يىلى نىكولسون «ئىسلام مىستىسىزمى ھەققىدە تەتقىقات» (Studies in Islamic Mysticism, Cambridge) دەپ ئاتالغان ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. 1923 - يىلى «سوپىزمدىكى كىشىلىك ئىدىيىسى» (The Idea of Personality in Sufism, 1923) ناملىق ئەسىرىنى يورۇقلۇققا چىقاردى. مەخسۇس ئەسەرلىرىدىن باشقا تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىغا دائىر نەچچە ئون پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. نىكولسوننىڭ شەرقشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ تۆھپىلىرىدىن يەنە بىرسى مەشھۇر شائىر، تەسەۋۋۇپنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى مەنەۋى» سىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغانلىقى بولدى. گەرچە «مەسنەۋى» دىن قىسمەن پارچىلار ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى. نىكولسون 1925 — 1940 - يىلغىچە بولغان 15 يىل ئىچىدە «مەسنەۋى» نى سەككىز توملۇق قىلىپ ئەسلى پارسچە مەتىن ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى بىللە نەشر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلدۇردى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلدى. نىكولسون تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مەسنەۋى» غەرب ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىنى تېخىمۇ مول مەنبە بىلەن تەمىنلىگەندى.

نىكولسون يەنە تەسەۋۋۇپنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ئەبۇ ناسىر سەرراج (ئۆلۈمى: 988) نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «كىتاب ئەل - لۇمافىت - تەسەۋۋۇپ» («ئۆلىمالارنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە ئېيتقانلىرى») نى نەشر قىلدۇرغانىدى (1914 - يىلى ئەرەب تىلىدا). بۇ كىتابقا سەرراج دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئاتاقلىق سوپىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى، شېئىرلىرىنى جەملىگەن بولۇپ، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەنبە ئىدى. نىكولسون نەشر قىلدۇرغان نۇسخا بويىچە بۇ كىتاب 1966 - يىلى لوندوندا يەنە نەشر قىلىندى. تەسەۋۋۇپ تارىخىغا قىزىققان ۋە بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز تەتقىقاتلىرىدا بۇ ئەسەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانىدى.

نىكولسون بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان فرانسىيىلىك شەرقشۇناس لۇئىس ماسسىگنون تەتقىقاتلىرىمۇ كېيىنكى يىللاردىكى تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىغا يول ئېچىپ مەنبە بىلەن تەمىنلىدى. ماسسىگنون ئۆز دىققەت ئېتىبارىنى مەنسۇر ھەللاجىغا قاراتقان بولۇپ، ئۇ ھەللاج توغرۇلۇق رىۋايەت، نەقىللەر، ھەللاجنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى يىغىپ بىر كىتاب قىلدى. ھەتتا ھەللاجنىڭ ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر دىۋانى «تەۋاسىن» مۇ ماسسىگنون تەرىپىدىن 1922 - يىلى يورۇقلۇققا چىقتى. ئۇ ھەللاج ھەققىدىكى ئەسىرىنى ۋە ھەللاجنىڭ دىۋانىنى بىرلەشتۈرۈپ 1922 - يىلى پارىژدا كىتابۇ (Hosayn IBdn Mansour al Hallaj « La passion d,al» ئەخبارىل ھەللاج») نامى بىلەن ئىككى توم قىلىپ نەشر

قىلدۇردى. ماسسىگنون يەنە تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئاتالغۇلىرى ئۈستىدىمۇ چوڭقۇر ئىزدەنگەن بولۇپ، «مۇسۇلمان مىستىسىزىم ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى» Essai sur les origines《du lexique technique de la mystique) musulmane paris,》1922) دەپ ئاتالغان ئەمگىكى بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقشۇناسلار بىرلىشىپ تۈزگەن «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «تەسەۋۋۇپ»، «تەرىقەت» ماددىلىرى ماسسىگنون تەرىپىدىن يېزىلغانىدى.

1928 - يىلى ئەنگىلىيىلىك شەرقشۇناس م. سمىت (M. Smith) تۈنجى ئايال سوپى رەبىئەتۇل ئادەۋىييە ھەققىدىكى ئەسىرى «Rabia the Mystic and her fellow — saints in Islam» نى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەر ئىلىم ساھەسىدە قىسقارتىپ «مىستىك ۋە شائىرە رەبىئە» دەپ ئاتىلىپ كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغانىدى. شۇندىن كېيىن سمىتنىڭ خارىس مۇھاسىبى ۋە غەززالى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى 1935 - ۋە 1944 - يىلى لوندوندا نەشر قىلىندى.

1934 - يىلى ئىنگلىز شەرقشۇناس ئالىمى ئا. ج. ئاربېررى (A. J. Arberry) نىڭ تەييارلىشى بىلەن مەشھۇر سوپىلاردىن بىرى ئەبۇبەكر ئىبىن ئىسھاق ئەل كەلەبازى (ئۆلۈمى: 990) نىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى مەزمۇن قىلغان «كىتاب ئەل - تەئەررۇف لى مەزھەب ئەھل تەسەۋۋۇپ» ناملىق ئەسىرى قاھىرەدە نەشر قىلىندى. ئارقىدىنلا ئاربېررى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەسەرنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمىسىنى 1936 - يىلى كېمبرجتا «تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى (《The Doctrine of the Sufis》) نامى بىلەن نەشر قىلدۇردى. 1942 - يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەرپىدىن ئاربېررىنىڭ «سوپىزم تارىخىغا كىرىش»
(An Introduction to the History of Sufism, oxf, 1942)
ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى. بۇ ئەسىردىن كېيىن ئاربېررى
1950 - يىلى «سوپىزم(《Sufism》, London, 1950)» دەپ
ئاتالغان يەنە بىر ئەسىرىنى ئىلىم ساھەسىگە تەقدىم قىلدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىغا بېغىشلانغان
تەتقىقاتلاردىن بىرى ئافىفى (Afifi) نىڭ 1939 - يىلى ئېلان
قىلىنغان «مۇھىيىددىن ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ مىستىك پەلسەپىسى»
(The Mystical Philosophy of Muhyid Din Ibnul Arabi, 1939)
ناملىق ئەسىرى ئىدى. ئابدەلقادىر (Abdel Kader) نىڭ جۇنەيد
باغدادى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلىرى ۋە جۇنەيدنىڭ «كىتاب ئەل -
فەنا» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمىسى 1962 - يىلى
«جۇنەيدنىڭ تەرجىمىھالى، شەخسىيىتى ۋە ئەسەرلىرى» نامى
بىلەن لوندوندا نەشر قىلىندى.

بۇلاردىن باشقا يەنە بىرووۋنى (E. G. Browne) نىڭ تۆت
توملۇق «ئىران ئەدەبىيات تارىخى» (1902 — 1924 - يىلىغىچە
نەشر قىلىنغان) دىمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى مەلۇماتلار،
مۇلاھىزىلەر خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەنگلىيىدىكى تەسەۋۋۇپ ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان
تەتقىقاتلاردا ئەدەبىيات، پەلسەپە، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ تارىخى ۋە
مەشھۇر سوپىلار ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغاندىن باشقا، يەنە
تەسەۋۋۇپنىڭ ئەمەلىيىتى بولغان تەرىقەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ
شەكىللىنىشى، ئىجتىمائىي رولى قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ
مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان تەتقىقاتچىلارمۇ بار. بۇ
ساھەدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىچىدە ئاتاقلىق ئالىم ج.
سپېنسېر ترىمىنگام (J. Spencer Trimingham، 1904 — 1987) نىڭ
ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشر قىلىنغان «ئىسلامدىكى سوپىلىق
تەرىقەتلىرى» (The Sufi Orders in Islam، 1971) ناملىق ئەسىرى

ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئاپتور ئەسەردە تەرىقەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، تەرىقەتلەرنىڭ يۆنىلىشلىرى، ئىجتىمائىي تەسىرى، رولى ۋە دىنىي قائىدە - يوسۇنلىرى، پائالىيەت شەكىللىرى قاتارلىق نۇقتىلاردىن مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. تەرىقەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئوينىغان رولىنىمۇ بىر قانچە نۇقتىلارغا بۆلۈپ ئەتراپلىق يورۇتۇشقا تىرىشقان.

ترىمىنگامنىڭ بۇ ئەسىرى تەرىقەتلەر ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى ھېلىمۇ ساقلاپ كەلمەكتە. ئەسەر ئەنگلىيىدە قايتا نەشر قىلىنغاندىن سىرت يەنە باشقا تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

فرانسىيىنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقاتى سۈپىتىدە 1857 - يىلى گ. دې تاسسو (G. de Tassy) تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرغان «مەنتىقۇتتەير» نى تىلغا ئېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ساھەدىكى نەتىجىلەر ئىچىدە ماسسىگنوننىڭ تەتقىقاتلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇلارنى بىز نىكولسوننىڭ تەتقىقاتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە يەنە تەكرارلىمايمىز.

ماسسىگنوندىن كېيىن بۇ ساھەدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئالىملاردىن بىرى كوربىن (H. Corbin) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1939 - يىلى سۇھرىۋەردى ھەققىدە يازغان كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. 1958 - يىلى «ئىبنى ئەرەبىنىڭ سوپىزمدىكى ئىجادىي تەسەۋۋۇرلىرى» ناملىق ئەسىرىنى يورۇقلۇققا چىقاردى. بۇ كىتاب 1969 - يىلى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. كوربىننىڭ «ئىسلام پەلسەپىسى تارىخى» ناملىق ئەسىرى 1964 - يىلى پارىژدا نەشر قىلىندى.

ئامېرىكىدىمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە كۆپلىگەن شەرقشۇناسلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، بىز بۇ يەردە پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە لاندائۇ (R. Landau) نىڭ «ئىبنى ئەرەبىنىڭ پەلسەپىسى» (1959، نيۇ ـ يورك) ناملىق ئەسىرى بىلەن پارۋىز مورېگگې (Parviz Moregge) نىڭ «ئىسلام پەلسەپىسى ۋە مىستىتسىزم» (1981، نيۇ ـ يورك) ناملىق ئەسىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

غەربتە تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقات خېلى بالدۇر باشلانغان بولۇپ، بۇ ساھەدە كۆپلىگەن مونوگرافىيىلەر، ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرى ھەم تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ بىرىنچى قول مەنبەلىرى (مەسىلەن، ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئەسەرلىرى ياۋروپا تىللىرىغا ئاساسەن دېگۈدەك تەرجىمە قىلىنغان) ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز دېسەك ئېھتىمال «تەسەۋۋۇپ بىبلىئوگرافىيىسى» تۈزۈشىمىزگە توغرا كېلەر، شۇڭا غەربتىكى شەرقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە بىر قەدەر مۇھىم دەپ قارالغانلىرىدىن بىر قىسىملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

قىسقىسى، غەربتە تەسەۋۋۇپ شەرقشۇناسلىقنىڭ جۈملىدىن ئىسلامشۇناسلىقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار بىلەن ئۆتكۈزگەن شەرقشۇناسلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەمگەكلىرى كېيىنكىلەرنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغاچقا، بۇ ساھەدىكى قىزىقىش، تەتقىقات تېخىمۇ كۈچىيىپ بېرىۋاتىدۇ.

## 2. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تەتقىقاتلار

بىز بۇ تېما ئاستىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن تەتقىقات ئەسەرلىرىنى شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى

پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان جۇمھۇرىيەتلەردىكى تەتقىقاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرىمىز.

رۇسىيىدىكى تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدا ئەڭ دەسلەپ تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئالىم، ئېھتىمال ژۇكوۋسكىي (1858 — 1918) بولۇشى مۇمكىن. 1895 ـ يىلى سانكىت پېتېربۇرگدا ژۇكوۋسكىينىڭ «پارس مىستىكلىرىنىڭ قارىشىدىكى ئىنسان ۋە ئاڭ» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغانىدى. 1899 ـ يىلى ئۇ يەنە دەسلەپكى سوپىلاردىن ئەبۇ سەئىد ھەققىدىكى توپلىغان ماتېرىياللىرىنى «ئەبۇ سەئىدنىڭ ھاياتى ۋە سۆزلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدۇردى. يەنە شۇ يىلى ئۇ «ئەبۇ سەئىدنىڭ تارىخى ھەققىدە»، «ئەبۇسەئىدنىڭ جاسارىتىدىكى خۇدا بىلەن بىرلىشىشنىڭ سىرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. ئىرانشۇناس ژۇكوۋسكىينىڭ تەتقىقاتلىرى ئاساسەن دەسلەپكى سوپىلاردىن بولغان ئەبۇ سەئىدئىبنى ئەبۇلخەير (967 — 1049) گە بېغىشلانغانىدى.

شەرقشۇناس ئاكادېمىك كرىمىسكىي (1871 — 1942) 1895 ـ يىلى موسكۋادا «ھىجرىيە III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان سوپىزم تەرەققىياتىنىڭ ئوچېركى» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ يەنە سوپىزم ھەققىدە قىسقىچە بىر لۇغەت تۈزگەن بولۇپ، «سوپىزم: ئېنسىكلوپېدىك لۇغەت» دەپ ئاتالغان بۇ لۇغەت 1901 ـ يىلى سانكىت پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغانىدى. 1909 ـ يىلى كرىمىسكىينىڭ «ئىران ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى، دەرۋىشلىك ئىلاھىيەتچىلىكى تارىخى» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئەسىرى يورۇقلۇققا چىقتى (1911 — 1912 ـ يىللىرى).

1906 ـ يىلى سەمەرقەنتتە كازانسكىي (K. КазансКии) نىڭ «ئىسلامدىكى مىستىسىزم» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىغانىدى.

20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ يې. ئې. بېرتېلىس (1890—1957) نىڭ ئىران ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ 1928 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىران ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوچېركى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ تەسەۋۋۇپقا بەلگىلىك ئورۇن بېرىلگەن. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى ۋە قولىيازما ھالىتىدە ئارخىپىدا ساقلىنىپ قالغان ئورىگىناللىرى كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات» دېگەن نام بىلەن 1965 ـ يىلى بېرتېلىسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نەشر قىلىندى. ئەسەرنىڭ باش قىسمى «سوپىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە سوپىستىك ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن ماقالىسى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن بۇ ئەسەرنىڭ ئېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى پارس تىلىدىكى «مىرئاتى ئۇششاق» (ئاشىقلار ئەينىكى) دەپ ئاتالغان تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرى لۇغىتىمۇ بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ئايرىم ئاپتورلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا بېغىشلانغان بولۇپ، بېرتېلىس «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ سۆزى ھەققىدىمۇ مەخسۇس توختالغان. ئۇنىڭدىن باشقا بېرتېلىسنىڭ نوپۇزلۇق ماقالىلىرىدىن بىرى بولغان «نەۋائىي ۋە ئەتتار» ناملىق ماقالىمۇ مۇشۇ ئەسەردىن ئورۇن ئالغان. بېرتېلىسنىڭ بۇ ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئەسەر بولۇپ قالغانىدى. تەسەۋۋۇپ ۋە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ھەققىدە ئىزدەنگەنلەردىن بۇ ئەسەر بىلەن ئۇچراشمىغانلىرى، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلمىغانلىرى ناھايىتىمۇ ئاز دېيەرلىك.

بۇنىڭدىن باشقا بېرتېلىس ئەسەرلىرىنىڭ باشقا توملىرى مەسىلەن، I توم «پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، II توم

«نىزامى ۋە فۇزۇلى» ، IV توم «نەۋائىي ۋە جامى» ، V توم «ئىران ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تارىخى» دىمۇ مەيلى ئاز ، مەيلى كۆپ بولسۇن تەسەۋۋۇپ ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات» ناملىق ئەسىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

بېرتېلسىنىڭ ئەسەرلىرىدىن كېيىن تەسەۋۋۇپ ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن ئەسەر ئى. پ. پېترۇشېۋسكىي ( И. П. ПетрушеВскии، 1977—1898 ) نىڭ «ئىسلام ئىراندا VII — XV ئەسىرگىچە» (لېنىنگراد، 1966) ناملىق ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1966 - يىلى قاسىم مەخمۇدنىڭ «سوپىزمنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى موسكۋادا نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەردىن ئىككى يىل ئىلگىرى موسكۋادا غ. م. كەرىموفنىڭ كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيىسى «ئورتودوكسال ئىسلامدىكى سوپىزم ۋە غەززالىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» نەشر قىلىنغانىدى. كەرىموف بۇ ئەسىرىنى تولۇقلاپ ئۆزگەرتىپ 1969 - يىلى باكۇدا «غەززالى ۋە سوپىزم» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدۇردى.

س. ن. گرىگورىيان ( С. Н. григорян ) نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننىڭ پەلسەپە تارىخى. VII — XII ئەسىرلەرگىچە» (1960) ناملىق ئەسىرىدىمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە قىسمەن مەلۇماتلارنى كۆرۈش مۇمكىن. تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىغا دائىر ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن باتسىيېۋا ( С. М. Бадиева ) نىڭ «ئىبىن خەلدۇننىڭ سوپىزم ھەققىدىكى رىسالىسى — شىفە ئەس - سەئىل» (1968) ناملىق ماقالىسى، ۋ. ۋ. نائۇمكىن ( В. В. Наум кин ) نىڭ ماقالىلىرى ۋە م. ت. ستېپانيانىسلارنىڭ ماقالىلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

80 ـ يىللاردىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ۋ.ۋ. نائۇمكىننىڭ تەرجىمىسى ۋە مەخسۇس ئۇزۇن بىر تەتقىقات ماقالىسى بىلەن نەشر قىلىنغان «ئىھيا ئۇلۇم ئەددىن» نى كۆرسىتىش مۇمكىن. نائۇمكىن غەززالىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولغان «ئىھيا ئۇلۇم ئەددىن» ( «دىن ئىلىملىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشى» ) ناملىق تۆت توملۇق ئەسىرىدىن ئايرىم بابلارنى تاللاپ تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئەسەر تەرجىمىسىنىڭ باش قىسمىغا ئۆزىنىڭ ھەجىم جەھەتتىن خېلى ئۇزۇن بولغان تەتقىقات ماقالىسىنى ئىلاۋە قىلغان.

1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ئىجادىيىتى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىمۇ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ بۇ توپلامدىكى «جالالىددىن رۇمى ۋە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ كامىل ئىنسان قارىشى» دەپ ئاتالغان ماقالە دىققەتنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلاردا بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىش ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچىلاردىن ئا.د. كىنىشنىڭ ئىبىن ئەرەبى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلىرىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ھەر يىلدا بىر توپلام چىقىدىغان «دۇنيادىكى دىنلار» ناملىق يىللىق توپلامنىڭ 1984 ـ يىلىدىكى توپلىمىغا ئا.د. كىنىشنىڭ «ئىبىن ئەرەبىنىڭ دۇنيا قارىشى» ناملىق ماقالىسى بېسىلغانىدى. ئۇ 1986 ـ يىلى موسكۋادا «ئىبىن ئەرەبى دۇنيا قارىشىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى: ‹فۇسۇس ئەل ھىكەم› ۋە ‹فۇتۇھەت ئەل ـ مەككىيە›» دېگەن تېمىدا كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلىدى.

1987 ـ يىلى ئىزچىل ھالدا سوپىزم ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان م.ت. ستىپانيانىس خانىمنىڭ تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تالىماتلىرىنى يورۇتۇشقا بېغىشلانغان ھەجىم جەھەتتىن ئانچە چوڭ بولمىغان ئەسىرى «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى

نۇقتىئىنەزەرلىرى» نەشر قىلىندى. ئەسەر ئاپتورى دىققىتىنى ئاساسەن ئىبنى ئەرەبىگە قاراتقان بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا تەسەۋۋۇپتىكى پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. بۇ كىتابنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى — كىتاب ئاخىرىغا ئىبنى ئەرەبى قاتارلىق بىر قانچە تەسەۋۋۇپ ۋەكىللىرىنىڭ، شۇنداقلا گەرچە ئۆزى سوپى بولمىسىمۇ ئىجادىيىتىدە تەسەۋۋۇپىي خاھىشلار ئىپادىلەنگەن شائىرلار (مەسىلەن، جىبران خېلىل جىبران) نىڭ ئەسەرلىرىدىن قىسمەن تەرجىمىلەر بېرىلگەن.

1989 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزم» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى شەرقشۇناس تەتقىقاتچىلارنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەر ئاساسەن 1986 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە يۇقىرىدىكى نام بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەرنىڭ توپلىمى ئىدى. بۇ توپلام ئۆز ئىچىدىن «پەلسەپە»، «ئەدەبىيات»، «سەنئەت» دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلغان ھەم ماقالىلەرمۇ مۇشۇ تۈرلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پەلسەپە قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەر ئومۇمەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئايرىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭدىن سىرت بىۋاستە بىرىنچى قول ماتېرىياللاردىن قىلىنغان تەرجىمىلەرمۇ بۇ قىسىمغا تېخىمۇ جان كىرگۈزگەن.

ئەدەبىيات قىسمىدا تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ھەققىدە خېلىلا كەڭ پىكىر يۈرگۈزۈلگەن.

سەنئەت قىسمىدا بولسا تەسەۋۋۇپنىڭ مۇزىكا، ئارخېتىكتۇرا قاتارلىق ساھەلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدىمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقاتلار خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. بىز بۇ يەردە پەقەت مۇھىم راق دەپ قارالغان ئەسەرلەرنى ئاتاپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

گرۇزىن پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئې. د. جاۋەلىدزەنىڭ جالالىددىن رۇمى ۋە يۇنۇس ئەمراغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىمۇ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جالالىددىن رۇمى ھەققىدىكى ئەمگىكى كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئاساسلىق ئەسەرلىرى «تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى، I . جالالىددىن رۇمى (دۇنيا قاراش مەسىلىلىرى)» (1979) ۋە بۇ ئەسەرنىڭ II تومى بولغان «تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى II . يۇنۇس ئەمرا» (1985) دىن ئىبارەت.

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىبراھىم ھەققۇلوفنىڭ 1991 ـ يىلى تاشكەنتتە ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلىنغان «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت» ناملىق ئەسىرىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېقىنقى يىللار ئىچىدە بۇ ساھەدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر سەۋەبىدىن كلاسسىكلار ئىجادىيىتىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ يورۇتۇلماي كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ، بۇ ساھەدە خېلى ئىزدەنگەن پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ۋ. زاھىدوفنىڭ تەتقىقاتلىرىدىمۇ ئاز بولمىغان چەلكەشلىكلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى مىساللار بىلەن كۆرسىتىدۇ. ئەسەرنى مەزمۇن جەھەتتىن ماقالىلەر توپلىمى دېيىشكىمۇ

بولىدۇ. ئاپتور پەلسەپىۋى، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە سىستېمىلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان بولماستىن، بەلكى كلاسسىكلار ئىجادىيىتىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە دائىر مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان.

ئى. ھەققۇلوفنىڭ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر چوڭ خىزمىتى سۈپىتىدە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەتلەر»نى تولۇق توپلام ھالىتىدە نەشر قىلدۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەرنى يەسەۋى ھەققىدە ئۇزۇن بىر تەتقىقات ماقالىسىنى ئىلاۋە قىلغان ھالدا زۆرۈر ئىزاھلار بىلەن 1991 ـ يىلى نەشر قىلدۇردى.

كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم نەجمىددىن كامىلوفنىڭ «تەسەۋۋۇپ» (1996 ـ يىلى) نامى بىلەن نەشر قىلىنغان ئىككى جىلدتىن تەشكىل تاپقان ئىلمىي ئەمگىكى ئۆزبېكىستاننىڭ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدا چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان ئەسەر بولۇپ، ئالىم تەسەۋۋۇپ ھەققىدە ناھايىتىمۇ كەڭ دائىرىلىك ھەم ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىشكە تىرىشقان، تەسەۋۋۇپنىڭ شەرق پەلسەپىسى ۋە ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن.

1990 ـ يىلى قازاقىستاندا «ئەھمەد يەسەۋى ئالىمى» نامى بىلەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، بۈيۈك مۇتەسەۋۋىپ شائىر يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى خاتىرىلەندى. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە ـ دىن تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ك. خ. تاجىكوۋانىڭ «خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەقدىرى» ناملىق ماقالىسى («قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى. ئىجتىمائىي پەنلەر قىسمى» 1992 ـ يىلى 1 ـ سان، رۇس تىلىدا) ئاساسەن ئەھمەد يەسەۋىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇتەپەككۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارىتىلغان.

1987 ـ يىلى تاجىكىستاننىڭ دۈشەنبىدە نەشر قىلىنغان ئا. قۇربان مەمەدوفنىڭ «سوپىزمنىڭ ئېستېتىك تەلىماتلىرى» ۋە 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان م. ھەزرەتقۇلوفنىڭ «تەسەۋۋۇپ» ناملىق كىتابى ھەمدە ئا. مۇھەممەد خوجايېفنىڭ «پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ دۇنيا قارىشى» (1974، دۈشەنبە) قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە ئەزەربەيجان تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بار. م. ز. كۆلىزادەنىڭ ئەسىرى ۋە باشقىلارنىڭ تەتقىقاتلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

### 3. تۈركىيىدىكى تەتقىقات

تۈركىيىدىمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقات مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلىرى خېلىلا چوڭقۇرلاشقان. تۈركىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بىلەن قارىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئېھتىمال، تەسەۋۋۇپنىڭ سەلجۇقلار (1055— 1194) ۋە ئوسمانلىلار (1299 — 1922) تارىخى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا مەشھۇر مۇتەسەۋۋىپ شائىر مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاساسى قىسمىنىڭ كونيادا ئۆتكەنلىكى، مەۋلانە ئاساس سالغان مەۋلەۋى تەرىقىتى، خوجا ئەھمەد يەسەۋى تەلىماتلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن تۈركىيىدە بارلىققا كەلگەن بېكتاشىيە تەرىقىتى، شۇنداقلا مەشھۇر ئاشىق شائىر يۇنۇس ئەمرانىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان دىنىي تەسەۋۋۇپىي مەزمۇندىكى شېئىرلىرى قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە ئەتراپلىق بىر تەتقىقاتنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى. بۇ نۇقتىلارنى تونۇپ يەتكەن ئالىملار تەسەۋۋۇپقا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بىلەن قارىدىكى، ھەتتا تەسەۋۋۇپتىكى ئادەتتىكى كىچىك مەسىلىلەرمۇ ئۇلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنىڭ سىرتىدا قالمىدى.

ئىسلام دىنى تارىخى ئۈستىدە كۆپ يىل ئىزدەنگەن ئالىم شاھبەندەرزادە ئەھمەد ھىلمى (1865 — 1913) ئۆزى باش بولۇپ چىقارغان «ھېكمەت» گېزىتىدە 1910 ـ يىلى «تەسەۋۋۇپ ۋە يېڭى ئىلىملەر بىلەن پەلسەپە» دېگەن تېما ئاستىدا بىر نەچچە ماقالە ئېلان قىلدى. ئەھمەد ھىلمى يەنە «تەسەۋۋۇپى ئىسلامى» («ئىسلام تەسەۋۋۇپى») نامى بىلەن ئەسەرمۇ يازغانىدى.

لېكىن تۈركىيىنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ئىچىدە تەسىرى بىر قەدەر زورراق بولغان ۋە ئەڭ ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئەسەر يەنىلا مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈ (1890 — 1967) نىڭ 1918 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار» ناملىق ئەسىرى ئىدى. م. ف. كۆپرۈلۈ بۇ ئەسىرىنى يېزىشتىن ئىلگىرىمۇ ئىستانبۇل دارىلفۇنۇنىدا تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى مۇدەررىسى بولۇپ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغاچ يۈقىرىقى ئەسىرىنىڭ تەييارلىقى بولغان «ئەھمەد يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى» (1913 ـ يىلى) ۋە باشقا نەچچە پارچە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغانىدى. ئۇ مۇشۇ تەييارلىقلىرى ئاساسىدا 1918 ـ يىلى ئۆزىنىڭ تۇنجى يىرىك ئىلمىي ئەسىرى «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار» نى يورۇققا چىقاردى.

ئەسەر نەشر قىلىنىشى بىلەنلا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بولۇپمۇ غەرب ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. فرانسىيىلىك تۈركولوگ، شەرقشۇناس پروفېسسور خۇئارت (Huart) بۇ ئەسەر ئۈستىدە مەخسۇس تەقرىز يېزىپ ئەسەرگە يۇقىرى باھا بەردى. خۇئارت بۇ ئەسەر ھەققىدىكى ئىككىنچى بىر ماقالىسىدا ئەسەرنىڭ قىممىتىنى توغرا مۆلچەرلەپ «بۇ ئەسەر بىر دەۋر ئاچقۇسى»[1] دەپ يازغانىدى. خۇئارتتىن كېيىن پروفېسسور

---

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل (7 ـ نەشرى) كىرىش سۆزگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

فۇئاد كۆپرۈلۈنىڭ بۇ ئەسىرى ھەققىدە شەرقشۇناس موردتمان (J. H. Mordtmamn) مۇ مەخسۇس ماقالە يېزىپ ئەسەرگە يۇقىرى باھا بەردى.

پروفېسسور، دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈنىڭ بۇ ئەسىرىدە ئەھمەد يەسەۋى بىلەن يۇنۇس ئەمرا ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئەسەرلىرى، كېيىنكىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ئەسەر خۇددى پروفېسسور خۇئارت ئېيتقاندەك ھەقىقەتەنمۇ يېڭى بىر دەۋر ئاچقانىدى.

كۆپرۈلۈنىڭ بۇ ئەسىرىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ كۆپرۈلۈ بەيگە ئەڭ زور شان - شەرەپ كەلتۈرگەن ئىلمىي ئەمگىكى يەنىلا «ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار» بولدى. ئەسەر گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ت. مېنزېل (Th. Menzel) تەرىپىدىن 1932 - يىلى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. 1966 - يىلى فۇئاد كۆپرۈلۈنىڭ قىسمەن تۈزىتىشلىرى بىلەن لاتىن يېزىقىدا ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىندى (1918 - يىلدىكى نەشرى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى تۈرك يېزىقى بىلەن نەشر قىلىنغان). شۇندىن تارتىپ بۇ ئەسەر ئارقا - ئارقىدىن قايتا نەشر قىلىنىپ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇردى. تېخى 1991 - يىلىلا بۇ ئەسەرنىڭ يەتتىنچى نەشرى ئەنقەرەدە نەشر قىلىندى. دېمەك، بىر ئىلمىي ئەسەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن ئارتۇق شان - شەرەپ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

1928 - يىلى ئىستانبۇلدا ئەرتۇغرۇل ئىسمائىل فەننى بەينىڭ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد ۋە مۇھىيىددىن ئەرەبى» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەر ئاساسەن مۇھىيىددىن ئىبنى ئەرەبىنىڭ ۋەھدەتى ۋۇجۇد تەلىماتىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارشى مەيداندا تۇرۇپ، ئۇ ئېتىرازلارنىڭ ئاساسسىز

ئىكەنلىكىنى، ئىبنى ئەرەبىنىڭ قاراشلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ يېزىلغانىدى.

ئەرتۇغرۇلدىن ئىلگىرى ئۆمەر فەرىد كام (1861 — 1944) نىڭ «ۋەھدەتى — ۋۇجۇد» ناملىق ئەسىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرمۇ مۇھىيددىن ئەرەبىنىڭ تەلىماتلىرىغا بېغىشلانغانىدى.

مەۋلانەنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرىدا ئالدى بىلەن دىققەتنى قوزغايدىغان ئالىم ئابدۇلباقى گۆلپىنارلىدۇر. ئۇ ۋەلەت ئىزبۇداك بىلەن بىرلىكتە 1942 ـ يىلدىن باشلاپ «مەسنەۋى» نى تەرجىمە قىلىپ 5 جىلدلىق ھالەتتە نەشر قىلدۇردى. 1951 ـ يىلى گۆلپىنارلىنىڭ «مەۋلانە جالالىددىن رۇمى» كىتابى، 1953 ـ يىلى «مەۋلانەدىن كېيىن مەۋلەۋىلىك» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى. ئۇ 1959 ـ يىلى جالالىددىن رۇمىنىڭ «فىيھى ما فىيھ» نى تەرجىمە قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەۋلانەنىڭ «مەكتۇپلار» نى تەرجىمە قىلدى. جالالىددىن رۇمى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىشى، ئەلۋەتتە مەۋلانە ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن قولايلىق ئېلىپ كېلەتتى. شۇندىن تارتىپ مەۋلانە ھەققىدە كۆپلىگەن مونوگرافىيىلەر، كىتابچىلار، ماقالىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. مەۋلانە ھەققىدىكى تەتقىقاتتىكى تېمىلار شۇنچىلىك چوڭقۇرلاپ بارغان بولۇپ، مەۋلانە ئىدىيىسىنىڭ مەنبەلىرى، مەۋلانەنىڭ پەلسەپىسى، مۇزىكا ۋە ساما، مەۋلانەنىڭ كېيىنكىلەرگە بولغان تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1953 ـ يىلى كونيادا مەۋلانە ۋاپاتىنىڭ 680 يىللىقى خاتىرلەندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ تېما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ. مەۋلانە ھەققىدىكى تەتقىقات ناھايىتىمۇ كۆپ بولغانلىقتىن، بىز بۇ يەردە ئۇلارنى سانايمۇ تۈگىتىپ بولالمايمىز. مەۋلانە ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى ئۆز ئالدىغا بىر كىتاب بولۇشى مۇمكىن. شۇ ئەسەرلەردىن بىر نەچچىنىلا ئاتاپ ئۆتىمىز: 1965 - يىلى كونيادا نەشر قىلىنغان «مەۋلانە ۋە ئەپلاتون»، 1955 - يىلى نەشر قىلىنغان «مەۋلانە جالالىددىن ۋە مەۋلانە جامى» قاتارلىق كىتابلار، جەمىل سەنانىڭ «مەۋلانەنىڭ پەلسەپىسى»، پروفېسسور س. ئۇنۋەرنىڭ «مەۋلەۋىلىك مەدەنىيىتى»، دوكتور ك. ئا. خ. ئىرفانىنىڭ «رۇمى ۋە ئىقبال»، خۇسرەۋ تۆكىنىنىڭ «مەۋلانەدە يوق بولۇش پەلسەپىسى» ۋە باشقا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇلار مەۋلانە ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن بىر تامچىلا، خالاس. مەۋلانە ھەققىدىكى تەتقىقات بولسا بىر چوڭقۇر دېڭىز. چۈنكى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ئۆزى شۇنداق ئۇنچىلەر بىلەن تولغان بىر دېڭىز. قانچىلىغان غەۋۋاسلار شۇڭغىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئۇنچە - مەرۋايىتلارنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا كۆرەلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ بىر دېڭىز، پايانى يوق بىر دېڭىز، ئۇنىڭدىن ئەجدادلارمۇ سۇ ئىچكەن، ئەۋلادلارمۇ ئىچىۋاتىدۇ. يەنە قانچىلىغان ئەۋلادلارمۇ سۇ ئىچىدۇ!

ئەخمەد ئەفلاكىنىڭ «ئارىفلارنىڭ مەنقەبەلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەھسىن يازىجى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئىككى جىلد ھالىتىدە نەشر قىلىنغانلىقىمۇ، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى مەنبەلەرنى بېيىتتى.

1961 - يىلى گۆلپىنارلى ئۆزىنىڭ يەنە بىر يېڭى ئەسىرى «يۇنۇس ئەمرا ۋە تەسەۋۋۇپ» نى يورۇققا چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يۇنۇس ئەمرانىڭ «رىسالەتە ئەل نۇسخىيىيە» (1965)

سىنى نەشرگە تەييارلاش بىلەن بىرگە «مەزھەپلەر ۋە تەرىقەتلەردىن 100 سوئال» (1969)، «تەسەۋۋۇپتىن 100 سوئال» (1985)، «تەسەۋۋۇپتىن تىلىمىزغا كىرگەن ماقاللار ۋە ئىدىيوملار» (1977) قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇردى.

1978 ـ يىلى تەھسىن يازىجى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان ئابدۇكېرىم قۇشەيرى (ئۆلۈمى: 464/1073) نىڭ مەشھۇر رىسالىسى بولغان «رىسالەئى قۇشەيرى» نىڭ «تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسلىرى» نامى بىلەن يورۇققا چىققانلىقىمۇ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىغا يېڭى مەزمۇن قوشتى. سۇلايمان ئاتەش 1976 ـ يىلى «ئىسلام تەسەۋۋۇپى» كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.

مۇھىيىددىن ئىبنى ئەرەبىنىڭ «فۇسۇسۇل ھىكەم» ناملىق يىرىك ئەسىرىنىڭ تۈركچە تەرجىمە قىلىنغانلىقى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا تېخىمۇ قۇلايلىق تۇغدۇرغاندى (1971 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان). ئۇنىڭدىن باشقا م. ئەلى ئەينى يازغان «شەيخ ئەكبەرنى نېمە ئۈچۈن سۆيىمەن» (ھىجرىيە 1341 — ئىستانبۇل) ناملىق ئەسەرمۇ ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە بېغىشلانغان بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي تەلىماتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

1981 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئۇزۇندىن بېرى تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتقان دوكتور سۇلايمان ئۇلۇداغنىڭ 40 بەتلىك ئىلمىي تەھلىلى ئىلاۋە قىلىنغان ھالدا لامى چەلەبى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «نەفاھەتۇل ئۇنس» ناملىق تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى نەشر قىلىندى. مەۋلانە ئابدۇراھمان جامىنىڭ بۇ ئەسىرى مەشھۇر سوپىلارنىڭ تەرجىمىھالى سۈپىتىدە يېزىلغان بولۇپ، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇنمۇ بۇ ئەسەر لاھور، دېھلى، قاھىرەلەردە كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغانىدى.

دوكتور سۇلايمان ئۇلۇداغنىڭ يەنە بىر زور تۆھپىسى — ئۇ تۈزگەن «تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» دۇر. بۇ لۇغەت 1991 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغانىدى. 1995 - يىلى ئۇنىڭ تولۇقلانغان ئىككىنچى نەشرى يەنە ئىستانبۇلدا يورۇققا چىقتى. ھەجىم جەھەتتىن 600 بەتكە يېقىن بۇ لۇغەتتە تەسەۋۋۇپتا ئۇچرايدىغان پۈتۈن ئىستىلاھ - ئاتالغۇلارغا ئىزاھ بېرىلگەن بولۇپ، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى مۇھىم قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇپنىڭ مەنبەلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەمگەكلەردىن يەنە بىرى پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1983 - يىلى يېڭىدىن نەشر قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئەسەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا نوپۇزلۇق ئالىم نىكولسون تەرىپىدىن لوندوندا نەشر قىلدۇرۇلغانىدى (1905 - يىلى). ئەتتارنىڭ بۇ ئەسىرىمۇ جامىنىڭكىگە ئوخشاش سوپى - ئەۋلىيالارنىڭ تەرجىمىھالى، ئۇلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى مەزمۇن قىلغان.

1981 - يىلى سەلچۇك ئەرايدىن بەي تەرىپىدىن ئالىي ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىغا دەرسلىك سۈپىتىدە يېزىلغان «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر» ناملىق ئەسەرمۇ گەرچە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان بولسىمۇ، يەنىلا تەسەۋۋۇپ ھەققىدە خېلى كەڭرى مەلۇمات بەرگەنلىكى بىلەن، بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

لۇئىس ماسسىگنون تەرىپىدىن 1922 - يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان مەنسۇر ھەللاجىنىڭ بىردىنبىر دىۋانى بولغان «تەۋاسىن» ياشار نۇرى ئۆزتۈرك تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە

قىلىنىپ، يى. ن. ئۆزتۈركىنىڭ ھەللاج ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىسى (مەخسۇس بىر بۆلۈم) ۋە زۆرۈر ئىزاھلار بىلەن 1976 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىندى. يى. ن. ئۆزتۈركمۇ ئۆز دىققىتىنى تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قاراتقان ئالىملاردىن بىرى بولۇپ، 1989 - يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «‹قۇرئان كەرىم› ۋە سۈننەتكە كۆرە تەسەۋۋۇپ» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.

پروفېسسور، دوكتور كەمال ئەراسلان ئەھمەد يەسەۋىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «فەقىرنامە» نى نەشرگە تەييارلاپ، «تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى ژۇرنىلى» نىڭ 18 - تومىدا ئېلان قىلدى. ئۇ ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «ھېكمەتلەر» نىي نەشرگە تەييارلاپ، «دىۋانى ھېكمەتلەر» نىڭ بىر ئىلمىي نەشرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. دوكتور كەمال ئەراسلان ئەسەرنىڭ باش قىسمىغا يەسەۋىنىڭ ھاياتى، يەسەۋى تەرىقىتى ۋە تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەھلىل ماقالىسىنى ئىلاۋە قىلغاندىن سىرت، «ھېكمەتلەر» دە ئۇچرايدىغان كىشى ئىسىملىرى، يەرناملىرى ۋە دىنىي ئاتالغۇ، تەسەۋۋۇپتا ئۆز ئالدىغا مەنىگە ئىگە بولغان سۆزلەرگە ئايرىم ئىزاھلارنى بەرگەن. كەمال ئەراسلان يەنە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «نەسايىمۇل مۇھەببە مىن شەمايىمىل فۇتۇۋۋە» (بۇ ئەسەر ئادەتتە قىسقارتىلىپ «نەسايىمۇل مۇھەببەت» دەپ ئاتالغان) ناملىق ئەسىرىنى 1979 - يىلى نەشر قىلدۇرغانىدى.

نىھات سامى بانارلىنىڭ ئىككى جىلدلىق «رەسىملىك تۈرك ئەدەبىيات تارىخى» (1987) دىمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. لېكىن كىتاب ھەجمى ئېتىبارى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ھازىرچە مۇشۇنچىلىك تونۇشتۇرۇش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

## 4. باشقا ئەللەردىكى تەتقىقات

مىسىر، لىۋان، سۇرىيە، ئىران قاتارلىق ئەللەردىمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە خېلى كۆپلىگەن تەتقىقات ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردا ئاساسەن تەسەۋۋۇپنىڭ مەنبەلىرى بولغان مەشھۇر مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاندىن قالسا تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى، تەسەۋۋۇپ تارىخى، تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرى ھەققىدە بەلگىلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان.

قۇشەيرىنىڭ «رىسالەئى قۇشەيرىيە» ناملىق ئەسىرى 1901 ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغانىدى. 1966 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

ئىبنى ئەرەبىنىڭ «فۇتۇھات ئەل ـ مەككىيە» سى 1911 ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىندى. ئارقىدىنلا 1946 ـ يىلى «فۇسۇسۇل ئەل ـ ھىكەم» نەشردىن چىقتى. بۇ ئەسەرنىڭ ئىككىنچى نەشرى 1980 ـ يىلى بېيرۇتتا نەشر قىلىندى.

مۇھەممەد بىننى ئەل ـ مۇنەۋۋەر ئۆزىنىڭ ئەبۇ سەئىد ھەققىدىكى «ئەسرار ئەت ـ تەۋھىدفى مەقامەت ئەش ـ شەيخ ئەبى سەئىد» («شەيخ ئەبۇ سەئىدنىڭ تەۋھىد مەقامىدىكى سىرلىرى») ناملىق ئەسىرىنى 1913 ـ يىلى تېھراندا نەشر قىلدۇرغانىدى.

مىسىرلىق ئالىم ئەبۇل ئۇلا ئەل ـ ئەفىفىنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ياۋروپا ئالىملىرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغان. 1945 ـ يىلى ئۇنىڭ «ئەل مەلا ماتىييە ۋەس ـ سۇفىييە ۋە ئەھل ئەل ـ فۇتۇۋۋە» (سوپىلىقتىكى مەلاماتىييەلەر ۋە فۇتۇۋۋەت ئەھلى) ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغانىدى. 1963 ـ يىلى «ئەت ـ تەسەۋۋۇف:

ئەس سەۋرەت ئەر - روھىييە فىل - ئىسلام» (تەسەۋۋۇپ ئىسلامدىكى روھىي ئىنقىلاب) ئەسىرى نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەر ئادەتتە ئىلىم ساھەسىدە قىسقارتىلىپ «ئەت - تەسەۋۋۇپ» («تەسەۋۋۇپ») دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھىجرىيە 1320 - يىلى (مىلادىيە 1902 - يىلى) تېھراندا قاسىم غىنى ئەپەندىنىڭ «تارىخى تەسەۋۋۇپ» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان بولۇپ، شەرقشۇناس ئالىم يى. ئې. بېرتېلىس ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ئەڭ كۆپ پايدىلانغان ئەسەرلەردىن بىرى مانا شۇ «تەسەۋۋۇپ تارىخى» ئىدى.

1947 - يىلى بېيرۇتتا ئالىم ئۆمەر فەرۇخنىڭ «ئەت - تەسەۋۋۇف فىل - ئىسلام» («ئىسلامدىكى تەسەۋۋۇپ») ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى. ئابدۇل مۇنىم ئەھىفنى تۈزگەن «مۇجەم مۇستەلاھات ئەس - سۇفىييە» («سوپىلىق ئاتالغۇلىرى لۇغىتى») دە 800 گە يېقىن تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھلىرى (ئاتالغۇلىرى) جەملەنگەن بولۇپ، بۇ كىتاب 1980 - يىلى بېيرۇتتا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.

ئو. يەھيانىڭ «ئىبىن ئەرەبى ئەسەرلىرىنى تۈرلەرگە بۆلۈش تارىخى» (1964، دەمەشىق) ناملىق ئەسىرىمۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىكى مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مۇبارەك زەكىنىڭ «ئەت - تەسەۋۋۇف ئەل - ئىسلامى فىل ئەدەب ۋەل - ئەخلاق» («ئەدەب - ئەخلاقتا ئىسلام تەسەۋۋۇپى») ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەخلاقىي ئاساسلىرىغا بېغىشلانغانىدى.

بۇلاردىن باشقا، مەھمۇد غەرراپىنىڭ «شەرھى ‹فۇسۇسۇل ھىكەم›»، بەدقۇر ئىبراھىم بەيۇمىنىڭ ئىبىن ئەرەبى بىلەن سىپنوزا ئارىسىدىكى ئورتاقلىقلار ھەققىدە يازغان «ۋەھدەت ئەل - ۋۇجۇد: ئىبىن ئەرەبى بىلەن سىپنوزا ئارىسىدا» دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتالغان كىتابى (1969)، كامىل مۇستافا شەيبىنىڭ «ئە ـ سىلە بەينە ـ ت ـ تەسەۋۋۇف ۋەت ـ تەشەيۇ» ناملىق ئىككى جىلدلىق ئەسىرىمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەب، پارس، ئۇردۇ تىللىرىدىمۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاساسلىرى، مەنبەلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، يۇقىرىقىلار شۇلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمى.

ياپونىيىلىك ئىسلامشۇناس ئىزۇتسۇ توشىھىكونىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى» ناملىق ئەسىرىدە تەسەۋۋۇپ ھەققىدە خېلى كەڭ توختىلىدۇ.

ر. زاچنېر (R. C. Zachner) ۋە سەيد ھۇسەيىن ناسىرنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەمگەكلىرىنى گەرچە يۇقىرىدا ئايرىم تونۇشتۇرمىغان بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بولۇپمۇ سەيد ھۇسەيىن ناسىرنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈچ دانىشمىنى: ئىبنى سىنا — سۇھرىۋەردى — ئىبنى ئەرەبى» (1964، كېمبرىج) ناملىق ئەسىرى ۋە مەخسۇس تەسەۋۋۇپنىڭ ھازىرقى ئەھۋاللىرىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرى بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى خېلى بۇرۇنلا ئۆزىگە تارتقانىدى.

## § 2 . مەملىكىتىمىزدىكى تەتقىقات ئەھۋالى

مەملىكىتىمىزگە نىسبەتەن تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقات تېخى تولۇق ئۆگىنىلمىگەن بىر چوڭ بوشلۇق دېسەك، بەلكى خاتا بولماس. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي تەلىماتلىرى ھەققىدە تەتقىقات يېڭىدىن باشلىنىۋاتىدۇ. يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە پەقەت بىر نەچچە پارچە ماقالىلار ئېلان قىلىندى، چوڭراق

بىرەر ئەسەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتۇق.

مەملىكىتىمىزدە تەسەۋۋۇپنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەتقىق قىلغانلارنىڭ تۇنجىسى، ئېھتىمال، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىسلام دىنى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئاتاقلىق ئىسلام دىنى تەتقىقاتچىسى جىن يىجيۇ (金宜久) ئەپەندى بولۇشى مۇمكىن. يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى بولغان «شەرق پەلسەپىسى تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1980 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدىكى تۇنجى ماقالىسى «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» («试论苏菲派的哲学思想») ئېلان قىلىندى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىدا تەسەۋۋۇپقا زور بىر قىزىقىش بىلەن قاراپ دىققىتىنى كۆپرەك مۇشۇ تەرەپكە مەركەزلەشتۈردى. 1983 ـ يىلى ئۇ «سوپىزم ۋە ئىسلام دىنىغا دائىر خەنزۇچە ئەسەرلەردىكى بايانلار» («دۇنيادىكى دىنلار تەتقىقاتى» 1983 ـ يىللىق 2 ـ سان) ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئىسلام دىنىغا ئائىت خەنزۇچە قەدىمكى ئەسەرلەردىكى تەسەۋۋۇپقا ئالاقىدار مەزمۇنلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. «دۇنيادىكى دىنلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا يەنە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ئىشراق تەلىماتى (يەنى نۇر ھەققىدىكى تەلىمات بولۇپ، سۇھرىۋەردى بۇنىڭ ۋەكىلى) بىلەن ئالاقىدار بولغان «ئىسلام دىنىغا دائىر دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خەنزۇچە ئەسەرلەردىكى ئىلاھىي نۇر ئىدىيىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، تەسەۋۋۇپتىكى ئىلاھىي نۇر (نۇرى ئىلاھىيە) كۆز قارىشىنىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر دەسلەپكى

باسقۇچتىكى خەنزۇچە ئەسەرلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەنلىكىنى ئەسەرلەردىن كەلتۈرگەن مىساللار ئارقىلىق دەلىللەيدۇ ھەم بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

1987 - يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ شەرق مەدەنىيىتى بويىچە 15 كۈنلۈك سىمنار ئۇيۇشتۇرغانىدى. جىن يىجيۇ بۇ قېتىمقى سىمناردا تەكلىپكە بىنائەن «ئىسلام دىنى ۋە مىستىسىزم» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن بولۇپ، بۇ لېكسىيىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئاساسەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە دائىر مەسىلىلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ماقالە شۇ قېتىمقى سىمنارنىڭ ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

1987 - يىلى جىن يىجيۇ باش مۇھەررىرلىك قىلىپ تۈزگەن جۇڭخۇا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىسلام دىنى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» («伊斯兰教概论») ۋە 1990 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىسلام دىنى تارىخى» (جىن يىجيۇنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە بىرلىشىپ يېزىلغان) قاتارلىق كىتابلاردىمۇ تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى، دەسلەپكى دەۋرلەردىكى سوپىلار ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، كىتابنىڭ بۇ بابلىرى جىن يىجيۇ تەرىپىدىن يېزىلغان.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان بىر يۈرۈش «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلار» قاتاردا جىن يىجيۇ يازغان «ئىسلام دىنىدىكى سوپى مىستىسىزمى» («伊斯兰教的苏菲神秘主义») ناملىق كىتابچە 1995 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. كىتابچىدا تەسەۋۋۇپنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتى —

تەرىقەتلەر ھەققىدە ساۋات خارەكتېرلىك چۈشەنچە بېرىلگەن بولۇپ، ئوقۇرمەننى بۇ ھەقتە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

ياڭ كېلى ( 杨克礼 ) «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا «ئىسلام دىنىدىكى سوپىزمنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردى.

گېگېل (Hegel، 1770 — 1831) «روھ پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئۆز پىكرىنى دەلىللەش ئۈچۈن رۇمىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر مۇنچە شېئىرلارنى نەقىل كەلتۈرگەنىدى. گېگېلنىڭ ئەسىرىدىكى بۇ پارچىلار چاڭ خې ( 长河 ) تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىپ «دۇنيا دىن تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى» ( « 世界宗教资料 » ) ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا «رۇمى شېئىرلىرىدىن پارچىلار» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىندى. جالالىددىن رۇمى ئەسەرلىرىنىڭ قىسمەن ھالدا بولسىمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشى مەملىكىتىمىزدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ئاز بولسىمۇ مەنبە بىلەن تەمىنلىدى. رۇمىنىڭ گېگېل نەقىل ئالغان بۇ شېئىرلىرى دەل ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن مەسنەۋىلىرى ئىدى. رۇمى ئەسەرلىرىدىن قىلىنغان بۇ تەرجىمىدىن كېيىن، رۇمى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن بىرى ۋاڭ جيايىڭ ( 王家英 ) نىڭ «رۇمىنىڭ ‹مەسنەۋى› سى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى بولۇپ، بۇ ماقالە « 世界宗教研究 » نىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. ئاپتور ماقالىسىدا رۇمىنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، رۇمىنىڭ دۇنيا

قارشى ھەققىدە ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلاردىن يەنە بىرى شا زۇڭپىڭ ( 沙宗平 ) نىڭ «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئىسلام مىستىسىزمى — تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» (شۇ ژۇرنال، 1990 ـ يىل، 1 ـ سان) ناملىق ماقالىسى بولۇپ، ماقالىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ دىققىتىنى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ مەنبەلىرى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىگە قاراتقان ھەم تەسەۋۋۇپقا «سىرتتىن كىرگەن» ئامىللارنى كۆرسىتىشكە تىرىشقان.

«دۇنيا دىن تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى» نىڭ 1986 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىكى شېن چىڭ ( 沈青 ) تەييارلىغان «چەت ئەللەردىكى سوپىزم تەتقىقاتى» ناملىق ماقالىدە تەسەۋۋۇپنىڭ چەت ئەللەردىكى تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ما توڭ ( 马通 ) نىڭ «سوپىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە تارقىلىشى» (نىڭشيا ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1985ـ يىل 3 ـ سان) ناملىق ماقالىسى ئاساسەن تەسەۋۋۇپنىڭ پەيدا بولۇشى، ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى ۋە بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن تەرىقەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى مەزمۇن قىلغان.

تەرىقەتلەر ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئىچىدە ما توڭنىڭ ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە مەنبەلىرىدە «تەرىقەت» خەنزۇچىغا « 门宦 » دەپ تەرجىمە قىلىنىپ مۇشۇ بويىچە ئاتاش ئومۇملىشىپ قالغان. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە سوپىلىق تەرىقەتلىرىنى

كۆرستىدۇ. گەرچە كېيىنچە تەرىقەت « 教团 » دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ يەنىلا دەسلەپتە قويۇلغان ئىسىم كۆپرەك قوللىنىلىپ كەلدى.

ما توڭ يازغان «جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپلىرى ۋە تەرىقەتلەر تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (« 中国伊斯兰教派与门宦制度史略 ») ناملىق كىتاب 1982 ـ يىلى نىڭشيا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئەسەردە ئاساسەن گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلارنىڭ ئارىسىغا تارقالغان تەرىقەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى يەنە بىر ئەسىرى «جۇڭگو ئىسلام مەزھەپلىرىدىكى تەرىقەتلەرنىڭ مەنبەسى» دېگەن كىتابى بولۇپ، 1986 ـ يىلى نىڭشيا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ما توڭنىڭ بۇ ئەسىرى ئالدىنقى ئەسىرىنى تولۇقلاش، كېڭەيتىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، خۇيزۇلار ئارىسىدىكى تەرىقەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان. پۈتۈن كىتاب سەككىز بابقا بۆلۈنگەن.

شىنجاڭغا تارقالغان تەرىقەتلەر ھەققىدە چېن گوگۇاڭ ( 陈国光 ) نىڭ «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» دا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنى ئايرىم ئاتاپ ئولتۇرمىدۇق. تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى، تەرىقەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە شىنجاڭ تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلاردا مەخسۇس توختىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە توختالماي ئۆتكىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە بىر مەھەل قۇترىغان خوجا ـ ئىشانلار ھەققىدە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىمۇ، ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ خېلى

كۆپ مەلۇماتلارنى ئۆچراتقىلى بولىدۇ. تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تەسەۋۋۇپ ھەققىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر توختىلىپ ئۆتكەن ئۇ ئەسەرلەرنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق.

شىنجاڭدا تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى تەتقىقات تېخى بىر بوشلۇق بولۇپ، بۇ ھەقتە بىر قەدەر سىستېمىلىقراق مەلۇمات بېرىلگەن بىرەر ئىلمىي ئەسەر يوق دېيەرلىك. بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى، ئەخلاقىي ئاساسلىرى توغرىسىدا تەپسىلىيرەك توختىلىپ ئۆتكەن چوڭراق ھەجىمدىكى ئىلمىي ماقالىلەرمۇ كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەدەنىيەت تارىخىمىزغا، جۈملىدىن ئىدىئولوگىيە ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ھەقتە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىمىز ئۈچۈن بىر ئاچقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتا تونۇپ يېتىلسە، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ بوشلۇقنىڭمۇ تولدۇرۇلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ساھەسىدە تەسەۋۋۇپ ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن تۇنجى ماقالە ھاجىنۇر ھاجىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ ئىچكى ژۇرنىلىدا 1982 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) نىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى بولۇشى مۇمكىن.

ھاجىنۇر ھاجىنىڭ بۇ ماقالىسىدە گەرچە، تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى ھەققىدىكى بايانلىرىدا بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا مۇجمەللىك، بىر تەرەپلىمىلىك مەۋجۇت بولسىمۇ، بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگەن

دەسلەپكى ماقالە بولۇش سۈپىتى بىلەن بەلگىلىك ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

ئۇنىڭدىن كېيىن «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - توپلىمىدا ئا. سايىتنىڭ «سوپىزم ۋە بىر قانچە دىنىي مەزھەپلەر توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى بېسىلغان بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە باشقا مەزھەپلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن.

«بۇلاق» ژۇرنىلىدا، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن ۋاھىد زاھىدوفنىڭ «تەسەۋۋۇپ ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلۇپ، تەھرىر ئىلاۋىسى بىلەن شۇ ژۇرنالنىڭ 20 - سانىغا بېسىلىپ، تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەندى.

ئەھمەد يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ئەسىرى ھەققىدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسەۋى ۋە يەسەۋىچىلىك» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 - يىل، 1 - سان) ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «دىۋان ھېكمەتلەر» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئۈستىدە ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە «خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىل 3 - سان) دەپ ئاتالغان ماقالىسىدا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى باھاۋىددىن نەقشىبەندى (1318 — 1389) نىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە توختىلىدۇ.

يەسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەتلەر» ىنىڭ نىجات مۇخلىس تەرىپىدىن تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا بېرىلگەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. نەشرگە تەييارلىغۇچى «ھېكمەتلەر»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى نەشرگە تەييارلىغاندا هامان تەسەۋۋۇپ هەققىدە قىسقىچە بولسىمۇ مەلۇمات بەرمەي بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلغان بولۇپ، «هېكمەتلەر» نىڭ باش قىسمىدا بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشكە تىرىشقان («بۇلاق» 14 - سان؛ «دىۋان هېكمەتلەر» ئۈچۈن 14 - ۋە 16 - سانلىرىغا قاراڭ).

پروفېسسور شەرىپىددىن ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» ناملىق كىتابىنىڭ II — III بابلىرى تەسەۋۋۇپ ۋە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى، خوجا ئەھمەد يەسەۋىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئاپتور تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرى ۋە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي توختالغان.

ئابدۇبەسىر ئا. شۈكۈرى «يېڭى پلاتونىزم ۋە مىستىسىزم هەققىدە» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىل 3 - سان) دەپ ئاتالغان، هەجىم جەھەتتىن ئانچە چوڭ بولمىغان ماقالىسىدە يېڭى پلاتونىزم هەققىدە چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دىققىتىنى «يېڭى پلاتونىزم تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئىسلام مۇھىتىدىكى مىستىك قاراشلار» نىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرىگە قارىتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلىرى هەققىدە قىسمەن مىساللارنى كۆرسىتىش بىلەن ماقالىنى تاماملايدۇ. ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇپنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى هەققىدىكى تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك هالدا «يېڭى پلاتونىزم تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئىسلام مۇھىتىدىكى مىستىك قاراشلار» سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىدۇ.

ئاخىرىدا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى بولغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «لىسانۇتتەير»

ناملىق ئەسىرىنىڭ موللاسىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىي شەكىلگە ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسىنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەسەۋۋۇرىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىمىزنى تاماملايمىز.

(نەۋائىينىڭ «لىسانۇتتەير» ناملىق ئەسىرىنىڭ موللا سىدىق يەركەندى نەسرىيلەشتۈرگەن نۇسخىسى ئۇچۇن: «بۇلاق»، 1993 - يىل 3 -، 4 - سانلىرىغا قاراڭ. نەۋائىينىڭ ئەسلى شېئىرىي نۇسخىسى «بۇلاق» نىڭ ئىلگىرىكى سانلىرىغا بېرىلگەن بولسىمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى. موللا سىدىق يەركەندىنىڭ بۇ نۇسخىسى نەسرىي شەكىلدە بولغىنى ئۈچۈن چۈشىنىشكە تېخىمۇ قۇلايلىق تۇغدۇرىدۇ. شېئىرىي «لىسانۇتتەير» نىڭ تولۇق نۇسخىسى ئۈچۈن: «بۇلاق»، 1994 - يىل، 1 -، 2 - سانلىرىغا قاراڭ.

«بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان شېرىن قۇربانىنىڭ رۇمى، ئەتتار ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىمۇ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن بەلگىلىك ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە. مەشرەپ ھەققىدىكى ماقالىمۇ شۇنداق. بۇلارنى بىز ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمىدۇق.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

تەسەۋۋۇپ — مۇرەككەپ، كۆپ قىرلىق، كۆپ ياقلىمىلىق تەلىمات. ئۇ ئۆز تەرەققىياتىدا ئىسلامدىكى باشقا ئېقىملار، مەزھەپلەر بىلەن ئىختىلاپ، توقۇنۇشلار ئىچىدە راۋاجلانغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ئۈزلۈكسىز توقۇنۇشلار، ئىختىلاپلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. شۇڭا ئۇ مۇكەممەل بىر گەۋدە سۈپىتىدىكى سىستېما بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن. شۇنداقتىمۇ ئىبنى ئەرەبى تەسەۋۋۇپنى بىر قەدەر سىستېمىلاشتۇرۇپ رەسمىي يوسۇندا بىر دىنىي پەلسەپۋى تەلىماتقا ئايلاندۇرغان.

چەت ئەللەردە، خۇسۇسەن ياۋروپا ئەللىرىدە تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىنىڭ باشلانغىنىغا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ئالىملار تېخى بۇ تەلىماتنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن تەلىماتى، بولۇپمۇ گنوسىئولوگىيىسى تېخى تولۇق ئۆگىنىلگىنى يوق دەپ قاراشماقتا. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئاساسىي دىققىتىنى تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىغا قاراتقان ئىنگلىز شەرقشۇناس ئالىمى ئارتۇر ئاربېررى «تەسەۋۋۇپنى ھەر تەرەپلىمە مۇتائىلە قىلىشقا قادىر ‹ ھەقىقىي ئۇستا › تېخى تۇغۇلغىنى يوق» دەپ خۇلاسە چىقارغانىدى.

ئاربېرريدىن ئىلگىرىكى نىكولسون، ماسسىگنوندەك يىرىك

ئالىملارمۇ ئۆمرىدە ئاساسىي دىققىتىنى تەسەۋۋۇپنى تەتقىق قىلىشقا قاراتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرىمۇ تەسەۋۋۇپنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنىلا يورۇتۇپ بېرەلىگەنىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، تەپەككۇر تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىزگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەتقىق قىلىنىشى زۆرۈر بولغان بۇ مۇرەككەپ ئېقىمنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئۆز تەتقىقاتىمىزنىڭ نىشانى قىلىپ تاللىدۇق.

بۇ كىتاب مېنىڭ 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياقلىغان ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەم ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقتى.

ئەلۋەتتە، مەن بۇ ساھەگە تېخى ئەمدىلا قەدەم باسقان ئىزدەنگۈچى، ئۆگەنگۈچى بولغىنىم ئۈچۈن، دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇ ئەمگىكىم بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇپ، يورۇتۇپ بېرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەمگىكىم بىلەن رايونىمىزنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىكى، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرالىشىمغا ئىشەنچىم كامىل.

ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، كىتابتا بىر قىسىم مەسىلىلەر ماتېرىيال قىسىنچىلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى كېيىنكى تەتقىقاتلارغا قالدۇرۇلدى. بۇنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا ئاسپىرانتلىق ئوقۇش يىللىرىمدا ماڭا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن كۆيۈنۈپ، ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بەرگەن ۋە مېنى قىزغىن قوللىغان ئۇستازىم پروفېسسور زارىپ دۆلەت ئەپەندىگە ئالاھىدە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە

تەرجىمە قىلىشتا ئۆزىنىڭ زېھنى ۋە ۋاقتىنى ئايىمىغان، ماتېرىيال جەھەتتىن يېقىندىن ياردەمدە بولغان مۆھتەرەم ئۇستاز، ئەدەبىياتشۇناس شۇكۇر يالقىن ئاكىغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ماتېرىيال قىسىنچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇشكۇلاتىمىزنى يېڭىكلىتىپ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ماتېرىياللىرىنى ئايىمىغان ھۆرمەتلىك ئۇستازلاردىن پروفېسسور ئابدۇكېرىم راھمان ئەپەندىگە، ئىبراھىم مۇتئىي ئەپەندىگە، مەرھۇم مۇھەممەدتۇرسۇن باھاۋىددىنگە، تۇرسۇنئاي ساقىم خانىمگە، يۇنۇس ئىلياس ئاكىغا، تۇرسۇن مۇھەممەدساۋۇتقا ئالاھىدە تەشەككۇر ئېيتىمەن.

2000 - يىلى 28 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# بىبلىئوگرافىيە

▲ ئابدۇرېھىم نىزارى: «دەھرۇننەجات» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىسلامى)، قەشقەر، 1988 - يىل.

▲ ئابدۇبەسىر ئا. شۈكۈرى: «يېڭى پلاتونىزم ۋە مىستىسىزم ھەققىدە» — «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىل، 3 - سان.

▲ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسەۋى ۋە يەسەۋىچىلىك» — «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 - يىل، 1 - سان.

▲ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «خوجا باھاۋىددىن نەقشىبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 - يىل، 3 - سان.

▲ ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەدئىمىن: «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 - يىل، 2 - سان.

▲ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، ئۈرۈمچى، 1986 - يىل.

▲ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، بېيجىڭ، 1980 - يىل.

▲ ئا. سايىت: «سوپىزم ۋە بىرقانچە دىنىي مەزھەپلەر توغرىسىدا» — «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» (ئىچكى ماتېرىيال)، 1 - توپلام.

▲ ئابدۇللا خاراباتى: «مەسنەۋى خاراباتى»، قەشقەر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1986 ـ يىل.
▲ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ت. ئېلىيوپ)، ئۈرۈمچى، 1982 ـ يىل.
▲ ئەلىشىر نەۋائىي: «خەزايىنۇل مەئانى»، I توم: «غەرايىبۇسسىغەر»، تاشكەنت، 1959 ـ يىل.
▲ «ئەلىشىر» — نەۋائىي «ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، II توم، 1959 ـ يىل (بۇ توم مەخسۇس نەۋائىيغا ئاجرىتىلغان).
▲ ئەلىشىر نەناۋائىي: «خەمسە: ھەيرەتۇل ئەبرار»، ئۈرۈمچى، 1991 ـ يىل.
▲ ئەلىشىر نەۋائىي: «خەمسە: پەرھاد ـ شېرىن»، ئۈرۈمچى، 1991 ـ يىل.
▲ ئەلىشىر نەۋائىي: «خەمسە: لەيلى ـ مەجنۇن»، ئۈرۈمچى، 1991 ـ يىل.
▲ ئەلىشىر نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، قەشقەر، 1990 ـ يىل.
▲ ئەلىشىر نەۋائىي: «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن»، بېيجىڭ، 1988 ـ يىل.
▲ ئەلىشىر نەۋائىي: «لىسانۇتتەير» — «بۇلاق»، 1994 ـ يىل، 1 ـ 2 ـ سانلار.
▲ ئەلىشىر نەۋائىي: «لىسانۇتتەير» (موللا سىدىق يەركەندى نەسرىيلەشتۈرگەن نۇسخىسى) — «بۇلاق»، 1993 ـ يىل، 3 ـ، 4 ـ سانلار.
▲ ئەلىشىر نەۋائىي: «ھېكمەتلىك سۆزلەر»، تاشكەنت، 1985 ـ يىل.
▲ ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات مۇخلىس) — «بۇلاق»، ئومۇمىي 14 ـ ۋە 16 ـ سان.

▲ ئەھمەد يەسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت» (سۆز بېشى ۋە ئىزاھلار بىلەن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىبراھىم ھەققۇلوف)، تاشكەنت، 1991 - يىل.

▲ ئەھمەد يەسەۋى: «ھېكمەتلەر كۇللىياتىدىن» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1992 - يىل، 1 - سان.

▲ جالالىددىن رۇمى: «جالالىددىن رۇمى شېئىرلىرىدىن» — «بۇلاق»، 1991 - يىل، 3 - سان.

▲ جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر»، تاشكەنت، 1997 - يىل.

▲ جالالىددىن رۇمى: «مەئنىنەۋى مەسنەۋى»، تاشكەنت، 1999 - يىل.

▲ رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، تاشكەنت، 1986 - يىل.

▲ رادى فىش: «جالالىددىن رۇمى»، ئۈرۈمچى، 1999 - يىل.

▲ سالاھىددىن ئىبنى راۋلىس قازانى: «ئىرشادىل ئائىزىن شەرھى سەباتىل ئاجىزىن»، قازان، 1902 - يىل.

▲ سەدرىددىن سەلىم بۇخارى: «دىلدا يار»، تاشكەنت، 1993 - يىل.

▲ سوپى ئاللايار: «سەباتىل ئاجىزىن» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1990 - يىل، 12 - سان.

▲ سوپى ئاللايار: «سەباتىل ئاجىزىن»، تاشكەنت، 1991 - يىل.

▲ سوپى ئاللايار: «سەباتىل ئاجىزىن» (مەككىدە بېسىلغان نۇسخىسى).

▲ «شەرق تەپەككۇر خەزىنىسىدىن»، تاشكەنت، 1986 - يىل.

▲ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، ئۈرۈمچى، 1988 - يىل.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

▲ «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تەييارلىغۇچى: ق. ئەكبەر)، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىل.
▲ غەززالى: «كىمىيايى سائادەت تۈركى» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1992 ـ يىل.
▲ غەززالى: «كىمىيايى سائادەت»، تاشكەنت، 1995 ـ يىل.
▲ پەرىدىددىن ئەتتار: «ئىلاھىينامە»، تاشكەنت، 1994 ـ يىل.
▲ «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى (تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد سالىھ).
▲ كوممۇنار تالىپوف: «‹قۇتادغۇ بىلىك›، دەۋر ئەينىكى» — «كوممۇنىزم تۇغى»، 1988 ـ يىل، 29 ـ، 30 ـ ئىيۇل سانلىرى.
▲ مالىك ئارىپوف: «نەۋائىي سوپىمۇ ياكى مۇتەسەۋۋىپمۇ» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1989 ـ يىل، 6 ـ سان.
▲ مەشرەپ: «مەشرەپ شېئىرلىرىدىن» — «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىل.
▲ موللا مۇسا سايرامى: «موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن تاللانما» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر بايتۇر) — «بۇلاق»، ئومۇمىي 15 ـ سان.
▲ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، بېيجىڭ، 1986 ـ يىل.
▲ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمنىيە»، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىل.
▲ مۇھەممەدجان ئىمامنەزەروف: «ھەقىقەت ۋە مەجاز» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1990 ـ يىل، 4 ـ سان.
▲ مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى» (خەنزۇچە نەشرى)، ئۈرۈمچى، 1985 ـ يىل.

▲ نەجمىددىن كامىلوف، بابامۇراد ئېرلىيېف: «ئىشق ئاتەشىنىڭ سەمەندەرى» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1991 - يىل، 11 - سان.

▲ نەجمىددىن كامىلوف: «تەسەۋۋۇپ»، تاشكەنت، 1 - كىتاب، 1996 - يىل.

▲ «نەۋائىي ئەسەرلىرى لۇغىتى»، تاشكەنت، 1976 - يىل.

▲ «نەۋائىي ئەسەرلىرى ئۈچۈن قىسقىچە لۇغەت»، تاشكەنت، 1993 - يىل.

▲ نىزامىددىن هۇسەيىن: «جاهالەت پىرسى شىنجاڭدا» — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1987 - ۋە 1988 - يىللىق سانلىرى.

▲ هاجىنۇر هاجى: «تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) نىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماهىيىتى توغرىسىدا» — «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1982 - يىللىق سانى.

▲ هاجىنۇر هاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، بېيجىڭ، 1995 - يىل.

▲ هۆرمەتجان ئابدۇرەهمان فىكرەت: «سوپىزم ۋە سوپىزم تەتقىقاتىدىكى مېتودولوگىيە مەسىلىسى» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىل، 4 - سان.

▲ هۆرمەتجان ئابدۇرەهمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدا» — «بۇلاق»، 1996 - يىل، 1 - سان.

▲ هۆرمەتجان ئابدۇرەهمان فىكرەت: «مەشرەپنىڭ ئىدىيىسى هەققىدە قىسقىچە مۇلاهىزە» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 - يىل، 2 - سان.

▲ هۆرمەتجان ئابدۇرەهمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى» — «بۇلاق»، 1996 - يىل، 4 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

▲ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «‹قۇتادغۇ بىلىك› تىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىرى» — «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1997 ـ يىل، 2 ـ سان.
▲ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنسان قارىشى توغرىسىدا» — «تەڭرىتاغ»، 1999 ـ يىل، 1 ـ سان.
▲ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «نەۋائىي ۋە تەسەۋۋۇپ» — «تەڭرىتاغ»، 1999 ـ يىل، 3 ـ سان.
▲ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى راۋاجى ۋە نەقشىبەندىيە تەرىقىتى» — «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2000 ـ يىل، 1 ـ سان.
▲ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى» — «تەڭرىتاغ»، 2000 ـ يىل، 2 ـ سان.
▲ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «‹ئىشانلىق› نىڭ شىنجاڭدىكى راۋاجى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» — «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىل، 3 ـ سان.
▲ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى» — «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2000 ـ يىل، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سانلار.
▲ ھۇۋەيدا: «ھۇۋەيدا شېئىرلىرىدىن» — «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىل.

▲ «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى»، ئۈرۈمچى، 1986 ـ يىل.
▲ ئۆمەر ھەييام: «رۇبائىيلار»، تاشكەنت، 1959 ـ يىل.
▲ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق)، تاشكەنت، 1959 ـ يىل.
▲ «ئۆزبېكىستاندا ئىلغار پەلسەپىۋى ـ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، تاشكەنت، 1957 ـ يىل.
▲ «333 رۇبائىي»، تاشكەنت، 1991 ـ يىل.
ۋاھىد زاھىدوف: «تەسەۋۋۇپ ھەققىدە» — «بۇلاق»، ئومۇمىي 20 ـ سان.
▲ ۋ. ئى. لېنىن: «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، بېيجىڭ، 1972 ـ يىل.
ئىبراھىم مۆمىنوف: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلىرى» — «ئۆزبېكىستاندا ئىلغار پەلسەپىۋى ـ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، تاشكەنت، 1976 ـ يىل.
▲ ئىبراھىم ھەققۇلوف: «فەقرۇفەنالىق ھەيرەتى» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1991 ـ يىل، 1 ـ سان.
▲ ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، تاشكەنت، 1991 ـ يىل.
▲ ئىمام ئىسمائىل ئەل ـ بۇخارى: «ئەل ـ ئەدەب ئەل ـ مۇفرەد» («ئەدەب دۇردانىلىرى»)، تاشكەنت، 1990 ـ يىل.
▲ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، بېيجىڭ، 1984 ـ يىل.
▲ يېۋگېنىي بېرېزكوف: «خوجىلار ئەھلىنىڭ خوجاسى» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1992 ـ يىل، 10 ـ سان.

www.uyghurkitap.com

▲Abdulbaki golpinarli:《Mesnevi: Ter cemesi Ve serhi》, Ⅰ — Ⅱ cilt, Ⅲ basim, Istanbul, 1990.
▲Abdulbaki golpinarli:《Mesnevi: Tercemesi ve serhi》, Ⅲ — Ⅳ cilt, Ⅱ basim, Istanbul, 1983.
▲Abdulbaki golpinarli: 《Mesnevi: Tercemesi ve serhi》, Ⅴ — Ⅵ. cilt, Ⅱ. basim, Istanbul, 1984.
▲Abdullah satata ogolu: 《Mevlana,nin ilk hocasi Seyyid Burhaneddin》 — 《Milli Kultur》, Aralik, 1990 Sayi:70.
▲Abdurehman Guzel:《Tekke Siiri》 — 《Turk Dili》, sayi 445 — 450 (ocak — haziran), 1989.
▲ Agah Sirri Levend: 《Islami Edebiyatin Esaslari ve Kaynaklari》 — 《Turk Dili Arastirmalari Yilligi — Belleten 1971》. Istanbul, 1971.
▲Ahmed Hilmi: 《Islam Tarihi》, Ⅰ — Ⅱ cilt, Istanbul, 1979.
▲ Ahmed — i Yesevi: 《Divan — i Hikmet Secmeler》 (Hazirlayan Prof. Dr. Kemal eraslan), Ankara, 1991.
▲Celaleddin Gelebi: 《Hz. Mevlana,da Ilim》, Konya, 1993.
▲Feriduddin — i attar:《Tezkiret— ul evliya》, Istanbul, 1983.
▲Feyzi Halici: 《Mevlana,nin Siir dunyasi》 — 《Milli Kultur》, Aralik 1990, sayi:79.
▲Fuzuli: 《Fuzuli Divani》, Ankara, 1997.
▲Gonul Ayan: 《Esrar name ve Mevlana》 — 《Milli Kultur》, Aralik 1990, sayi:79.
▲Hamidi Mert: 《Ansiklopedik Islam Ilmihali》, Istanbul,

1986.
▲Koprulu M. Fuad:《Turk Edebiyatinda Ilk Mutasavviflar》, ankara, 1991, 7 — baski.
▲Muammar Yilmaz:《Mevlana,da Insan Sevgisi》 — 《Milli Kultur》, Aralik 1990, sayi:79.
▲Muhtarhan Orazbay:《Ipek Yolu ve Ahmet Yesevi》— 《Milli Kultur》, Aralik, 1990, sayi:79.
▲Mustafa Uslu: 《Mevlana,nin Ilk Mursidi Feriduddin Attar "Pandname" sinde Ruh ve Ahlak Egitimiyle Ilgili Tasavvufi Unsurler》 — 《Milli Kultur》, Aralik 1990, sayi:79.
▲ Necdet Ekici: 《Insan, Tasavvufta Islenmis ve Derinlestirimistir》—《Milli Kultur》 Aralik 1990, sayi:79.
▲Saadet Cagitay:《Kutadgubiligde Odgurmis,in Kisiligi》— 《TDAY—Belleten 1967》.
▲Selcuk Eraydin: 《Tasavvuf ve Tarikatler》, Istanbul, 1981.
▲Sulayman Uludag: 《Tasavvuf Terimleri Sozlugu》, Istanbul, 1995. (Ikinci baski).
▲Yunus Emre:《Yunus Emre Divani》 (Hazirlayan Prof. Dr. Faruk K. Timurtas), Ankara, 1986, (Ucuncu baski) .
▲《Islam Ansiklopedisi》, 12. cilt.
▲《Islam Ansiklopedisi》 (Hazirlayan:Ismail Ozcan).
▲《Turk Ansiklopedisi》, 30. cilt.
▲《Turk ve Islam Ansiklopedisi》 (V cilt).
▲Zekeriya Kitapçi: 《Turkistanda Islamiyet Ve Turkler》, Konya, 1988.
▲《Islam Ansiklopedisi》, 12. cilt.
▲《Islam Ansiklopedisi》 (Hazirlayan: Ismail Ozcan) .

www.uyghurkitap.com

▲ АбДУΩΩаев М. А. 《важныи источник средневеко-вого суфизма》 - 《Вопросы философия》, 1980 № 7.

▲Акимушкин О. ф. 《Суфииские братства Слож-ныи узел проблем》 в кн. 《Суфииские ордены в исламе》 ДЖ. С. ТримИнгам, Москва, 1989.

▲Акимушкин О. ф. 《Вдохновенныи из рума》 в кн. 《Поэма оскрытом смысле》 Руми, Москва, 1986.

▲ АбУ хамид ал - газали, 《воскрешение наук о вере》 ( ИхИа, улуам ад -дин ). пер. с а раб. , исслед. и коммент. В. В. Наумкина, М. 1980.

▲ Азиз ад-дин Насафи, 《 суфизм в контексте мусульМанскои культурbi》, М. , 1989.

▲Ибн Араби, 《фусус ал-хикам》(геммвы мудроствы), в кн. 《философские аспеkktbiсуфизма》 М. Т. Стеиаянца, М. , 1987.

▲Иванов П. П. , 《Очерки по истории Среднеи Азии》, М. , 1958.

▲ Ахмедов З. 《Арабо-мусульманская философия》, Баку, 1980.

▲Бертельс Е. З 《Избранные труды. Суфизм и суфииская летература》, Москва, 1965

▲ Голъдцер И. 《 Лексции об исламе 》, Спб. , 1912. Григорян С. Н. 《 Из истории философииСреднеиАзиии. Ирана ( Ⅶ - Ⅻ вв. ) 》, Москва, 1960.

▲ Григорян С. Н. 《 Средневековая философия наро-дов Ближнето и Среднего востока》, М. ,1969.

▲ Демидов С. М. 《 Суфизм в Туркмении (эволюция и

пережитки)》, Ашхабад, 1978.

▲Джевелидзе З.《У истоков турецкои литеатуры .

1. Джалаледдин Руми-вопросы мировОззрения 》, Тбилиси, 1979.

▲Жуковскии В. А,《Человек и познание У персидс- ких мистиков》, СПб. ,1895.

▲Жуковскии В. А. ,《Жизнь и речи старца Абу Саи-да Меихенеиского》, СПб. ,1899.

▲Закуев А. К. ,《философия" Братьев чистоты"》, Баку, 1961.

▲Керимов г. ,《Аль-Газапи и суфизм》, Баку,1969.

▲ Кныш А. Д. , 《 Мировоззрение Ибн Араби 》 - 《Религиимира. История современность. Ежегодник 1984》, М. , 1984.

▲ Кныш А. Д. 《 Учение Ибн-Араби в позднеи мусульманскои Традиции 》 в кн. 《 Суфизм в контексте Мусулымanскои культуры》, М. , 1989.

▲ Кныш А. Д. , 《 Суфизм и историческои перспективе 》 —— 《Идель》, 1991, ио 11- 12.

▲ Крымскии А. 《 История Персии, ее литературы и дервишскои теософии》, Т. 1-3. , М. ,1914 -1917.

▲Крымскии А.《Очерк развития суфизма》, М. ,1895.

▲ Малик Арипов, 《 Восхождение к истине 》-《 Звезда ВОстока》,1991. ,№ 7.

▲Куделии В. Б. ,《поэзия Юнуса эмре》,М. ,1980.

▲ Мартынов С. ,《Воиросы онтолотии суфизма в Западном исламведении》——《Общественные науки в Узбекистане》,

www.uyghurkitap.com

1987. ,№2:

▲《Материалы по истории прогрессивнои обществен-но-философскои мысли в Узбекистане》, Ташкент,1976.

▲ Муминов И. М. , 《Выдающиеся Мыслителы Среднеи Азии》 в кн. 《Материалы по истории Прогрессивнои общественно-философскои мысди в Узбекистане》,Т. ,1976.

▲Муминов И. М. , 《философские взгляды Мирзы Бедиля》, Тащкент,1957.

▲Наумкин В. В. , 《Трактат Газали Воскрещение наук о вере"》——Абу хамид ал-газали《воскшение наук о вере》, М. ,1980.

▲ Нирша В. М. , 《Источниковедение шихабуддин Сухраварди и его трактат дары познании "》—— 《Общественные науки в Узбекистане》, 1987,№12.

▲Петрушевскии И. П. , 《Ислам в Иране в Ⅶ-XV вв. 》, Л. ,1966.

▲Петрушевскии И. Л. , 《К истории рабства в халифа-те Ⅶ-XV веков》, —— 《народы Азии и Африки》, 1971, №3.

▲ Реиснер М. Л. ,《О харак тере любовнои символики в поэтическом творчестве Абдаллаха Ансари ( XI в. )》—— 《Вестник Москвского Ун-та. Сер. 13. Востокове дение》, 1992,№1.

▲Рзак улизаде С. Дж. ,《Пантеизм в Азербаиджане в X-X Ⅱ вв. 》, Баку,1982.

▲Рустам Шукуров, 《Азиз ад-дин Насафи и еготрактат " Зубдат ал-хакаик " —— 《Суфизм в контексте

Мусульманскои культуры》,М. ,1989.

▲ Степанянц М. Т. , 《Хилософские аспекты суфизма》, М. ,1987.

▲Степанянц М. Т. , 《Исторические судбы суфизма》 —— 《Вопросы философии》, 1980 № 6.

▲《Суфизим в контексте Мусульманскои культуры》, М. , 1989.

▲Таджикова К. Ф. , 《Учение ходжи Ахмеда Ясави и его исторические судбы》 —— 《Известия АНреспублики Казахстан (Серия общественных ноук)》, 1992, №1.

▲Тримингэм. С. , 《Суфииские ордены в исла - ме》, М. , 1989. (Пер. с англ):

(J. Spencer Trimingham, 《The Sufi Orders In Islam》, Oxford, 1971).

▲Хомкин М. С. , 《О суфииских мотивах в "Благо-датном знании" юсуфа Баласагунии》 —— 《Советская тюркология》, 1990, № 5.

▲Хомкин М. С. , 《Особенности содержательнои поэти-ки тюрских стихов Султана Веледа》 —— 《Turcologica (Тюркология) 1986》, Л. ,1986.

▲хаируллаев М. ,《Хараби: эпоха и учение》, Т. , 1975.

▲《Большая Советская энциклопедия》.

▲《Краткая философская энциклопелдия》(подред. М. Розенталя и П. 5одина).

▲《Хилософская энциклопедия》, Т. 1-5,М. ,1960-1970.

▲[埃及]艾哈迈德·爱敏:《阿拉伯——伊斯兰文化史》,第一,二册,商务印书馆,北京,1990年版。

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

▲[日]简井俊彦(Izutsu Toshihiko):《伊斯兰教思想历程》,今日中国出版社,北京,1992年版。
▲[英]杰弗里·帕林德尔:《世界宗教中的神秘主义》,今日中国出版社,北京,1992年版。
▲[美]希提:《阿拉伯通史》,商务印书馆,北京,1990。
▲[美]马吉德·法赫里:《伊斯兰哲学史》,上海外语教育出版社,上海 1992年。
▲[伊拉克]穆萨·穆萨威:《阿拉伯哲学》,商务印书馆,北京,1996年。
▲金宜久:《试论苏菲派的哲学思想》——《东方哲学研究》(延边大学学报增刊)1980年第2期。
▲金宜久:《伊斯兰教与神秘主义》——《东方文化知识讲座》,黄山出版社,合肥,1988年。
▲金宜久:《伊斯兰教的苏菲神秘主义》,中国社会科学出版社,北京,1995年。
▲金宜久主编:《伊斯兰教概论》,青海人民出版社,1987。
▲金宜久主编:《伊斯兰教史》,中国社会科学出版社,北京,1990年。
▲金宜久等编:《伊斯兰教文化面面观》,齐鲁出版社,1991。
▲吴云贵:《伊斯兰教典籍百问》,今日中国出版社,北京,1994年。
▲沙宗平:《伊斯兰神秘主义—"塔骚窝夫"(苏菲主义)思想初探》—《甘肃民族研究》,1992年第1期.
▲马通:《苏菲派的产生.发展与传播》—《宁夏社会科学》1985年第3期。
▲沈青:《国外苏菲派研究》—《世界宗教资料》,1986年第

3 期。
▲秦惠彬编译:《伊斯兰宗教哲学简述(三)》—《世界宗教资料》,1988 年第 4 期。
▲陈国光:《略论伊玛目热巴尼及其苏菲派》—《世界宗教研究》,1989 年第 3 期。
▲《中国大百科全书:宗教卷》。
▲《中国大百科全书:哲学卷》卷 Ⅰ,Ⅱ。
▲《东方思想宝库》,北京,1990 年。
▲《马克思恩格斯选集》,第二卷。
▲《世界宗教资料》,1983 年,第 1,2 期。
▲《福乐智慧研究译文选(一)》,新疆人民出版社,乌鲁木齐,1991 年。

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچە:

# قىسقىچە تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى

بۇ قىسقىچە لۇغەتنى تۈزۈشتە تۈرك ئالىمى پروفېسسور، دوكتور سۇلايمان ئۇلۇداغ ئەپەندىنىڭ «تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرى سۆزلۈكى» (« Tasavvuf Terimleri Sozlugu ») ۋە بېرتېلىسنىڭ «سوپىزم ۋە سوپىستىك ئەدەبىيات» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن پارسچە تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى «مىرئاتى ئۇششاق» (ئاشىقلار ئەينىكى) دىن كەڭ پايدىلىنىلدى. بولۇپمۇ ئالدىنقى لۇغەتتىن كەڭ پايدىلاندىم. بۇلاردىن باشقا تاشكەنتتە بېسىلغان «نەۋائىي ئەسەرلىرى لۇغىتى» ھەم «دىۋانى ھېكمەت» نىڭ ئەنقەرە، تاشكەنت نەشرلىرىنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن ئىزاھلاردىنمۇ قىسمەن پايدىلاندىم. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىدىكى ئەمگەكلەرنىڭ مۇئەللىپلىرىگە ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

## شەرتلىك قىسقارتىلمىلار

تەس. — تەسەۋۋۇپتا، تەسەۋۋۇپتىكى مەنىسى.
كۆچ. — كۆچمە مەنىسى، مەجازىي مەنىسى.
نەۋائىي: م.ق. — ئەلىشىر نەۋائىي: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، قەشقەر، 1990 - يىل.

نىزارى: د. ن. — ئابدۇرېھىم نىزارى: «دەھرۇننەجات»، قەشقەر، 1988 ـ يىل. (نومۇرلار بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.)

# ئا

▲ **ئاب (اب)** سۇ. (كۆچ.) ھۆسن، جامال، لاتاپەت، گۇزەللىك. (تەس.) (1) مەرىپەت، ئىلاھىي فەيز، ۋۇجۇد، زات. (2) كامىل نەپس، كۇللى ئەقىل، روھى ئەزەم.

**ئابىد (عابد)** ئىبادەت قىلغۇچى، تائەت قىلغۇچى.

**ئابى ھايات (ابحيات)** ھاياتلىق سۇيى، جان سۇيى. ئىچكەن ئىنساننى ئەبەدىيلىك ھاياتقا ئىگە قىلىدىغان سۇ. بۇ سۇ شەرقتە بىر قاراڭغۇ ـ زۇلمەت يەردە بولۇپ خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ سۇدىن ئىچكەنلىكى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بۇ سۇنى تېپىش ئۈچۈن خىزىرنى يولباشچى قىلىپ قانچە كۈنلەپ زۇلمەت ئىچىدە يۈرگەن، بىر ۋاقىتتا خىزىر كۆزدىن غايىب بولۇپ، ئىسكەندەر يولدىن ئادىشىپ قېلىپ، ناھايىتى پەرىشان ھالدا ئارقىغا قايتقانىمىش. (كۆچ.) (1) ئادەمنىڭ ئىچكۈسى كېلىپ تۇرىدىغان، مۇزدەك ھەم سۈپسۈزۈك سۇ. (2) مەشۇقنىڭ ئاغزى، لەۋلىرىدىكى ھارارەت. (تەس.) (1) ئەۋلىيانىڭ سۆزى، ئۆگۈتى ۋە نەپەسى. (2) ئىشق ۋە مۇھەببەت بۇلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىچكەن كىشى ئەسلا يوق بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

▲ **ئابى ھەيۋان (اب حيوان)** ھاياتلىق سۇيى. (تەس.) ئىلاھىي نۇرنىڭ پارلىشى، يەنى تەجەللى قىلىشى.

▲ **ئابى رەۋان (آب رودان)** ئېقىن سۇ. (كۆچ.) روھ. (تەس.) ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن دىل ھۇزۇرى، كۆڭۈل راھىتى؛ ئەزەلىي ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتتىن خەۋەردار بولماق؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىلنىڭ ھەقىقىي ئىلىم ۋە مەرىپەتتىن ھۇزۇر ۋە راھەت ھېس قىلىشى.

▲ **ئابى رۇي (اب روى)** يۈز سۈيى. (كۆچ.) شەرەپ، ھايا. (تەس.) سالىكنىڭ كۆڭلىگە غايىبتىن كەلگەن ئىلھام.

**ئاتەش (ا تش)** ئوت، يالقۇن، كۆچلۈك ئوت. (تەس.) ئىشق، سۆيگۈ ھارارىتى، مۇھەببەت يالقۇنى، ئىشق ئوتى.

▲ **ئاداب (ا داب) (بىرلىكى: ئەدەب)** ئەمەل قىلىنىشى كېرەك بولغان قائىدە ـ يوسۇن؛ دىققەت قىلىنىشى زۆرۈر بولغان ھەرىكەت مىزانلىرى؛ ئەدەپ ـ قائىدىلەر؛ ئەڭ ياخشى دەپ قارالغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆلچەملىرى، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت قائىدىلىرى؛ (تەس.) سوپىلار ئەمەل قىلىدىغان ۋە ئورۇنلايدىغان قائىدىلەر «ئادابى سۇفىيە» (سوپىلارنىڭ ئەدەبلىرى)، تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان ھەرىكەت مىزانلىرى «ئادابى تەرىقەت» ياكى «ئاداب ۋە ئەركان» دېيىلىدۇ. تەسەۋۋۇپتا زامان، ماكان، سۆز قىلىنغۇچى ھەم ھال ۋە مەقاملارغا قاراپ ئەمەل قىلىنىدىغان بىر قاتار ئەدەپلەر بار. تەسەۋۋۇپ ئەھلى بىلەن بىللە بولغانلار ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان ئەدەپ ۋە ئۇسۇللار «ئادابى سۆھبەت» (سۆھبەت ئەدەبلىرى)، «ئادابى ئىشرەت ۋە سۆھبەت»؛ شەيخنىڭ دىققەت قىلىشى كېرەك بولغان قائىدىلەر «ئادابى شەيخ»، مۇرىتنىڭ ئورۇنلىشى لازىم بولغان قائىدىلەر «ئادابى مۇرىد» دېيىلىدۇ. تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىنى ئىدارە قىلىشىغا ئائىتمۇ بىر قاتار ئەدەپلەر بار بولۇپ، بۇلار «ئادابى نەفس» دېيىلىدۇ. سوپىلار زاھىرىي ۋە باتىنىي دەپ ئىككى تۈرلۈك ئەدەپ بار دەپ قارايدۇ. زاھىرىي ئەدەپ شەرئى ئەدەپ بولۇپ تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسىدۇر. باتىنىي ئەدەپ تەپەككۇر ۋە كۆڭۈل ھاللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. كىچىككىلەرگە مېھرىبانلىق، چوڭلارغا ھۆرمەت، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم، قېرىنداشلارغا مېھرى ـ

شەپقەت قىلىش، ئاجىز ۋە يېتىم - يېسىرلارغا ياردەم قىلىش، ئازار بەرمەسلىك تەسەۋۋۇپتىكى ئەدەپنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

▲ **ئادەم (ادم)** ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، ھاياتلىقتىكى تۇنجى ئىنسان؛ ئىنسان، كىشى، ئادەم. (تەس.) ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىسى بولغان ئىنسانى كامىل، كائىناتتىكى پۈتۈن ھەقىقەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن كەۋنى جامى (توپلانغان ئالەم) ۋە روھى ئالەمى ھېسابلانغان ئىنسان.

▲ **ئادەمى مەنا (ادم معنى)** مەنە ئادىمى، ھەقىقىي ئىنسان؛ ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ۋە ھەقىقىتىنى بىلگەن، مەنىلەر ئالىمىدىن خەۋەردار ئادەم.

▲ **ئارىف (عارف)** چوڭقۇر پىكىرلىك، ھەقىقەت سىرلىرىدىن خەۋەردار، بىلىمدار، كامالەتكە يەتكەن كىشى؛ ئىرفان ۋە مەرىفەت ساھىبى. (تەس.) ئاللا ئۆز زاتىنى، سۈپەتلىرىنى، ئىسىملىرى ۋە پېئىللىرىنى مۇشاھىدە قىلدۇرغان كىشى. مۇشاھىدە ۋە ھۇزۇردىن ھاسىل بولغان بىلىم «مەرىفەت» دېيىلىدۇ. بۇ بىلىمگە ئىگە بولغان كىشى «ئارىف» دېيىلىدۇ.

▲ **ئاشىق (عاشق)** ئىشقتا مۇپتىلا بولغۇچى، ئىشقتا تۇتقۇن؛ ھەددىدىن ئارتۇق ۋە ئەسەبىيلەرچە سۆيگۈچى. (تەس.) ئاللا تائالانى ئەڭ كۆچلۈك ۋە ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋىدە سۆيگەن. ھەق ئاشىقى.

▲ **ئاپەت (افت)** مۇسىبەت، بالا - قازا، زەرەر، زىيان. (تەس.) (1) ناچار خۇيلاردىكى تەھلىكە ۋە زەرەرلەر. مەسىلەن، غەيۋەت ئاپەتى، يالغانچىلىق ئاپەتى، شۆھرەت ئاپەتى. (2) بەدەن ئورگانىزملىرىنىڭ ئەخلاقسىز ئىشلار ۋە گۇناھ بولىدىغان تەرىزدە ئىشلىتىلىشى. مەسىلەن، تىلنىڭ ئاپەتى يالغان سۆزلەش؛ قۇلاقنىڭ ئاپەتى غەيۋەت ئاڭلىماق؛ قولنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئافەتتى پايدىسىز ئىشلارنى قىلماق. (3) سۇلۇك ھالىدىكى سالىكنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن توسالغۇ بولىدىغان دۇنياۋى ئىشلار ۋە ماددىي تەشۋىشلەر.

▲ **ئافىيەت (عافيەت)** كۆڭۈل ھۇزۇرى، ساقلىق، ئېسەنلىك؛ خاتىرجەملىك.

▲ **ئاللا (الله)** تەڭرى، خۇدا. تەسەۋۋۇپتا خۇدانىڭ بارچە ئىسمى، زاتى ۋە سۈپەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان نام. ئاللاھ ئىسمى ئەزەمدۇر. شۇنداقلا تەۋھىدكە ئاساستۇر.

▲ **ئاللا سۆيگۈسى (اللا سوگيسى)** مەھەبەتۇللاھ، ھۇببى ئىلاھى. سۆيگۈنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار بولۇپ، (1) بەندىنىڭ ئاللانى سۆيۈشى؛ (2) ئاللانىڭ بەندىنى سۆيۈشى.

ئاللا ئىنساننىڭ، ئىنسان ئاللانىڭ سۆيگىنىدۇر، ئاللانى سۆيگەن ئۇنىڭ سۆيگەنلىرىنىمۇ (باشقا ئىنسانلارنىمۇ) سۆيىدۇ.

▲ **ئالەم (عالم)** كائىنات، پۈتۈن يارىتىلغان بارلىقلار، دۇنيا، جاھان؛ پۈتۈن بىر تۈردىكى بارلىقلار ياكى جانلىقلار. مەسىلەن، يۇلتۇزلار ئالىمى، ئىنسانلار ئالىمى، جىنلار ئالىمى. بۇ مەنىدە 18 مىڭ ئالەم بار دەپ قارىلىدۇ. باشقا بىر شەيئىنىڭ بىلىنىشى ئۈچۈن ۋاسىتە بولغان شەيئــى، بەلگە، ئالامەت، دەلىل، نىشان؛ تەسەۋۋۇپتا ئاللانىڭ بارلىقىنىڭ ئالامىتى ۋە دەلىلى بولغىنى ئۈچۈن كائىنات ئالەم دېيىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. تەسەۋۋۇپتا تۈرلۈك ئالەم چۈشەنچىلىرى ۋە تەرىپلىرى بار بولۇپ، بۇلارنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: (1) ئاللادىن باشقا بارلىق مۇمكىنات ۋە يارىتىلغان بارلىقلار مۇمكىنات — **مەخلۇقات — ماسىۋاللاھ ئالەم** دېيىلىدۇ. (2) بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنيا — «**بۇ ئالەم**»، ئۆلۈمدىن كېيىن قايتا تىرىلىدىغان ئالەم — «**ئۇ ئالەم**» يەنى ئاخىرەت دېيىلىدۇ. (3) **غايىب ئالەمى — شاھادەت ئالەمى**. (4) **ئەمىر ئالەمى — خەلق ئالەمى**. ئەمىر ئالىمى ماددىسىز ۋە

مۇددەتسىز، ئارقا ـ ئارقىدىن بولىدۇ. خەلق ئالىمى بولسا زامان ئىچىدە تەدرىجىي يارىتىلغان. ئەقىل، روھ ۋە نەپس ئەمىر ئالىمىگە، پەلەكلەر، ئۇنسۇرلار ۋە ماددىي شەيئىلەر خەلق ئالىمىگە مەنسۇپتۇر. (5) **مۇلۇك ئالەمى — مەلەكۇت ئالەمى.** زاھىر (ئاشكارا) ئالەم مۇلۇك ئالىمى، باتىن ئالەم مەلەكۇت ئالىمىدۇر. (6) **مەلەكۇت ئالەمى — جەبەرۇت ئالەمى.** ئەرشتىن يەر يۈزىگە قەدەر مەلەكۇت ئالىمى، بۇنىڭ سىرتىدىكى ئىلاھىي تەجەللىلەر جەبەرۇت ئالىمىدۇر. (7) **رۇھانى ئالەم — جىسمانىي ئالەم.** ئەيىن ۋە ئارەزلەر توپلىمى بولغان بۇ ئالەم جىسمانىي ئالەم، ئۇنسۇرلار ئالىمى دېيىلىدۇ. روھلار ئالىمى بولسا روھانىيلارنىڭ ۋە مەلەكلەرنىڭ ئالىمىدۇر. ۋۇجۇد ئىككىنچى تەئەييۇن ۋە ۋاھىدىيەت مەرتىۋىسىدىن كېيىن روھلار مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ مەرتىۋىدە يۈكسەك سۈرەتلەر ئاددىي جەۋھەرلەر ھالىتىدە زۇھۇر بولىدۇ. بۇلار تېخى شەكىل ۋە سۈرەتلەرگە ئىگە بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار جىسىم ئەمەستۇر. بۇ مەرتىۋىدە ھەر بىر روھ ھەم ئۆزىنى، ھەم ئۆزىنىڭ ئەسلى بولغان ئاللانى ئىدراك ئېتىدۇ. شۇڭا بۇ روھلار ئالىمىدۇر. (8) **ئۇلۋى ئالەم — سۇفلى ئالەم.** مەلەكۇت ۋە جەبەرۇت ئالىمى ئۇلۋى ئالەم، جىسمانىي ۋە ماددىي ئالەم سۇفلى ئالەم دېيىلىدۇ. سۇفلى ئالەم ئۇنسۇرلار ئالىمى، ئۇلۋى ئالەم پەلەكلەر ئالىمىدۇر. (9) **مەنا ئالەمى — سۈرەت ئالەمى.** مىسال ۋە روھلار ئالىمى مەنە ئالىمىدۇر. كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان شەكىللەردىن تەشكىل تاپقان ئالەم بولسا سۈرەت ئالىمى دېيىلىدۇ. (10) **مىسال ئالەمى** — روھلار ئالىمىدىكى بىرمۇنچە جىسمانىي جەۋھەرلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ جەۋھەرلەر ئۇ جەۋھەرلەرنىڭ ئۆرنەكلىرى ۋە كۆلەڭگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئالەمدىكى كۆلەڭگىلەر ئاشۇ روھلار ئالىمىدىكى ئەسلى ھاللىرىنىڭ مىساللىرى دەپ قارىلىدۇ. (11) **ئالەمى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**قۇدس** — ئىلاھىي ئالەم، ھەقنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىسىملىرى. (12) **ئالەمى جان** — ئۇلۇھىيەت مەقامى ۋە ئىلاھىي ئىسىملار مەرتىۋىسى. (13) **ئالەمى ھەيال** — تەبىئەت ئالىمى. بۇ ئالەم سوپىلار نەزەرىدە بىر ۋەھىمىدىن ئىبارەتتۇر. (14) **ئالەمى كەبىر** — **ئالەمى سەغىر**. كائىنات چوڭ (ماكرو) ئالەم، ئىنسان كىچىك (مىكرو) ئالەمدۇر. كائىنات ئىنساننىڭ چوڭايتىلغان نۇسخىسى، ئىنسان كائىناتنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسىدۇر. (15) **ئالەمى مۇجمەل** — **ئالەمى مۇفەسسەل**. ئىنسان مۇجمەل (جەملەنگەن) ئالەم، كائىنات مۇپەسسەل ئالەمدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىنساننى ئالەمى ئەسغەر، كائىناتنى ئىنسانى ئەكبەر دېيىشىدۇ. ئىنساننىڭ بەدىنى ماددىي ئالەمدىن، روھى مەنىۋى ئالەمدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى ئالەمدە بار بولغان ھەممە نەرسە ئۇنىڭدا (ئىنساندا) باردۇر.

▲**ئان** (ان) جەزبە، ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئىچكى خۇشاللىق، زەۋق؛ ئىشق. يارنىڭ بويى ئەلىف، قاشلىرى نۇن ھەرپىگە ئوخشىتىلىدۇ. بۇ ئىككى ھەرپنى بىر يەرگە ئەكەلسە «ان» بولىدۇ. پارسچىدا «ان» ئۇ دېگەنلىكتۇر. ئەرەبچىسى «ھۇ» دۇر. بۇنىڭدىن ئاشىق ۋە مەشۇق مەيدانغا كېلىدۇ.

▲**ئاھ** (اه) نىدا، ئاشىقنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئىشق ئوتى ۋە دەرد ـ ئەلىمىنىڭ ئىپادىسى. ئاللاھ كەلىمىسىدىكى بىرىنچى ۋە ئاخىرقى ھەرپنى بىرلەشتۈرسە «ئاھ» (اه) بولىدۇ. شۇڭا سوپىلارنىڭ قارىشىدا «ئاھ» (اه) ئاللاھ كەلىمىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، «ئاھ» دېمەك «ئاللاھ» دېگەنلىكتۇر.

## ئە

▲**ئەخلاق** (اخلاق) خۇيلار، خۇلقلار (بىرلىكى: خۇلق، خۇي). بەشەرىي پائالىيەتلەر. (تەس.) ئەخلاق ئىككى

قىسمىغا بۆلۈنىدۇ. بىرى گۈزەل، يەنە بىرى چىركىن ئەخلاقتۇر. ئالدىنقىسى ئەخلاقى ھەمىدە، كېيىنكىسى ئەخلاقى زەمىمە دېيىلىدۇ. شۈكۈر ـ قانائەت، جۇۋانمەردلىك، ئىخلاس، تەۋازۇ ياخشى خۇلقلاردۇر. نانكورلۇق، بېخىللىق، رىيا، كىبىر ناچار خۇيلاردۇر. تەسەۋۋۇپ يامان خۇيلار، ناچار ئادەتلەردىن قۇتۇلۇپ، گۈزەل ئەخلاق بىلەن بېزىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولغاچقا، تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزى ئەخلاق دەپ قارىلىدۇ.

▲**ئەخي (اخي)** قېرىنداش، يىگىت، جۇۋانمەرد. (تەس.) جۇۋانمەرد، سېخىي، قولى ئوچۇق. فەتا، يەنى فۇتۇۋۋەت تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى. ئەخي ئەۋران ھ. 660/م. 1262 ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەخىيلىك تەشكىلاتىغا مەنسۇپ بولغانلارغا بېرىلگەن نام. فۇتۇۋۋەت ۋە ئەسناف تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى.

▲**ئەخىيلىك (اخيلك)** قېرىنداشلىق، جۇۋانمەردلىك، يىگىتلىك. ئاناتولىيىدە ئەخي ئەۋران تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەسناف (قول ھۈنەرۋەنلەر) تەشكىلاتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ دىنىي ۋە تەسەۋۋۇپىي يۆنىلىشى بار ئىدى.

▲**ئەزەل (ازل)** ئاللانىڭ باشلانغان ۋاقتى، پەيدا بولۇشى بولمايدىغانلىقى، يەنى ئەزەلىي ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتى. ئاللانىڭ ئاخىرى، چېكى بولمايدىغانلىقى ئەبەد دېيىلىدۇ. ئەزەل ۋە ئەبەد ئاللانىڭ ئىككى سۈپىتىدۇر.

▲**ئەقىل (عقل)** مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ نەزەرىدە ئەقىل ئىلاھىي بىر نۇردۇر. ئۇلار ئىككى تۈرلۈك ئەقىل بار دەپ قارىغان: ئەقلى كۇللى — ئىلاھىي، قۇدرەتلىك، مۇتلەق ئەقىل بولۇپ، تەڭرىنىڭ پائال تەجەللىسىدىن ئىبارەت. تەڭرىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ياراتقىنى مانا مۇشۇ ئەقىلدۇر. شۇڭا بۇ ئەقىل «ئەقلى ئەۋۋەل» ياكى «روھى ئەزەم» دېيىلىدۇ. سوپىلار ھەقىقەتى مۇھەممەدىيەنىمۇ ئەقلى كۇللى دېيىشىدۇ. ئەقلى كۇللىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەفسى كۆللى بارلىقتا كەلگەن بولۇپ، ئۇ لەۋھى مەھفۇز دەپ نام ئالغان. ئەقلى جۇز — ئىنساننىڭ هاياتى، ياشاش ئەدەبى، پائالىيىتىگە تېگىشلىك ئەقىل. ئەقلى جۇز ئىككىگە بۆلۈنگەن: (1) ئەقلى مەئاد — ئىلهام ۋە ئىرفان بىلەن تەربىيىلەنگەن ئىنساننى ئاخىرەتتىن ئاگاھ قىلىدىغان ئەقىل. (2) ئەقلى مەئاش — دۇنيانى، هاياتنى چۈشىنىشكە خىزمەت قىلىدىغان ئەقىل. ئەقلى مەئاد ئىمان ساهىبلىرىغا، ئەقلى مەئاش ھەممە كىشىلەرگە خاس دەپ قارالغان.

▲**ئەما (عماء)** بۇلۇت، ئىنتايىن زىچ ۋە قاراڭغۇ بۇلۇت، قاراڭغۇلۇق. (تەس.) ئەھەدىيەت مەرتىۋىسى. بۇ مەرتىۋىدە ئۇلۇغلۇق (جەلال) پەردىسى ئىچىدىكى ئاللانى ئاللانىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچبىر بارلىق بىلمىگەن، تونۇمىغان. جۇنەيدنىڭ «ئاللانى ئاللادىن باشقىسى بىلمەس ۋە تونۇماس ئىدى» دېگەن سۆزى مۇشۇ مەرتىۋىگە قارىتىلغان. بۇ مەرتىۋىگە «ئەمايى مۇتلەق»، «غەيبۇل غەيب» ۋە «ھەقىقەتۇل ھەقايىق» دېگەندەك ئىسىملارمۇ بېرىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن «ئاللا مەخلۇقاتنى يارىتىشتىن بۇرۇن نەدە ئىدى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئەمادا ئىدى، بۇنىڭ ئاستىدىمۇ، ئۈستىدىمۇ هاۋا يوق ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

▲**ئەئمەل (اعمال)** پېئىللار، ئىشلار. (تەس.) ئىنسانلارنىڭ بەدەن ۋە قەلبلىرى بىلەن قىلغان ئىشلىرى. ئولتۇرماق، تۇرماق، ناماز، ھەج قاتارلىقلار بەدەننىڭ، سۆيمەك، ياخشى نىيەت، سەممىيەت ۋە پاكى بولارنىڭ ئەكسى بولغان قارانىيەت، رىيا قاتارلىقلار قەلبنىڭ ئەمەللىرىدۇر. بەدەننىڭ ئەمەللىرى (پائالىيەتلىرى) «ئەئمالى جەۋارىھ»، قەلبنىڭكىگە «ئەئمالى قۇلۇب» دېيىلىدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ مەقسىتى «ئەئمالى باتىنە» يەنى «ئەئمالى قۇلۇب» تۇر.

▲**ئەناسىرى چەھارگانە (عناصرچهارگانه)** تۆت

ئۇنسۇر، ماددىي ئالەمنى تەشكىل قىلغان تۆت ئاناسىر: سۇ، تۇپراق، ئوت، ھاۋا. (تەس.) سوپىلار نەپسىنىڭ تۆت باسقۇچىنى تۆت ئاناسىرغا ئوخشىتىدۇ. نەفسى ئەممارە — ئوتقا؛ نەفسى لەۋۋامە — ھاۋاغا؛ نەفسى مۇلھىمە — سۇغا؛ نەفسى مۇتمائىننە — تۇپراققا ئوخشىتىلىدۇ.

▲**ئەھەد (احد)** يېگانە، بىر. (تەس.) زات ئىسمى، يەنى ئاللانىڭ يېگانە زاتىنىڭ ئىسمى.

▲**ئەھكام (احكام)** ھۆكۈملەر. (تەس.) ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلەر ھەققىدىكى ھۆكۈملەر. ئەھكامى شەرىئەت — فىقىھ؛ ▲**ئەھكامى ھەقىقەت** — تەسەۋۋۇپ دەپ قارىلىدۇ.

▲**ئەۋالىمى خەمسە (عوالم خمسه)** بەش ئالەم. (1) غەيبى ـ مۇتلەق ئالەمى: ئەھەدىيەت، ۋەھدەت ۋە ۋاھىدىيەت مەرتىۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (2) ئەرۋاھ ئالەمى. مۇتلەق غايىپ ئالەمگە يېقىن ئالەم. (3) ئالەمى مىسال. (4) جىسىملار ئالىمى يەنى ماددىي ئالەم. (5) مەرتەبەئى جامىئە. بۇ ئىنسانى كامىل مەرتىۋىسى بولۇپ، ئەڭ چوڭ ئالەمدۇر. بۇ بەش ئالەم يەنە تۆۋەندىكى شەكىلدىمۇ ئاتىلىدۇ: (1) ئالەمى ئىلىم. (2) ئالەمى جەبەرۇت. بۇ يەنە ئالەمى جەبەرۇتى ئەئلا ۋە ئالەمى جەبەرۇتى ئەسفەل (يۇقىرىقى جەبەرۇت ئالىمى ۋە تۆۋەنكى جەبەرۇت ئالىمى) دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. (3) ئالەمى مەلەكۇت بولۇپ، ئالەمى ئەرۋاھمۇ دېيىلىدۇ. (4) ئالەمى خەلق، ئالەمى مۇلك، ئالەمى ناسۇت. جەبەرۇت ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان بولغاچقا شۇنىڭ بىلەن بەش ئالەم بولىدۇ.

▲**ئەۋالىمى كۇللىيە (عوالم كليه)** ئەقلى كۇللى، ئەقلى ئەۋۋەل، نەفسى كۇللىيە، ئىنسانى كامىل. بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىرمۇنچە باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

▲**ئەيانى سابىتە (اعيان ثابته)** شەيئىلەرنىڭ ئاللا

ئىلمىدىكى سۈرەتلىرى. شەيئىلەرنىڭ ئىلمى ئىلاھىيەدىكى ئەسلى شەكىللىرى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللا شەيئىلەرنى، بارلىقلار ۋە كائىناتنى ياراتماستىلا بار بولغان، بولۇۋاتقان ۋە بولىدىغان ھەرقانداق ۋەقە - ھادىسە ۋە بارلىقلارنى بىلەتتى. ھەر بىر شەيئىنىڭ، بارلىقنىڭ ئەزەلىي ھەم ئۆزگەرمەس ئىلمى ئىلاھىدا ئايرىم شەكلى بار بولۇپ، شەيئى ۋە ھادىسىلەر مۇشۇ سۈرەتلەر بويىچە مەيدانغا كېلىدۇ. ۋەھدەتى ۋۇجۇد قارىشى بويىچە، بىردىنبىر يېگانە بارلىق ئاللادۇر. بار بولۇپ كۆرۈنگەن باشقا شەيئىلەرنىڭ مۇستەقىل، ئايرىم ۋۇجۇدى يوقتۇر. پەقەت ئاللانىڭ ۋۇجۇدى يوقلۇق ئەينىكىدە زۇھۇر ۋە تەجەللى قىلسا ھەر خىل شەيئىلەر بولۇپ كۆرۈنىدۇ. دېمەك، بۇ كۆپلۈك پەقەت شەكىل ۋە كۆرۈنۈشتىدۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا، تەجەللىلەر ۋە تەجەللى قىلغان بارلىق يېگانە ئاللانىڭ بارلىقىدىنلا ئىبارەتتۇر. بارلىق شەيئىلەر ۋە كائىنات ھەقنىڭ بارلىقىنىڭ زۇھۇر ۋە تەجەللى قىلغان يېرىدۇر (مەزاھىرىدۇر)، يەنى زاھىر بولغىنى ھەق. مەۋجۇدات بولسا مەزاھىردۇر. زاھىر بىلەن مەزاھىر ئارىسىدا پەرق بار. مەزاھىر دائىمىي سۈرەتكە ئىگە ئەمەس. مەزاھىرلاردىكى كۆپلۈك ئەسلى بارلىقتىن بۇرۇن بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ئاللا ئالدىدىكى ئۆرنەكلىرى ۋە مودېللىرى بولغان ئەيانى سابىتە بەلگىلىك ئۆلچەمدە بولىدۇ. بىر توپ رەخت ئاساس ئېتىبارى بىلەن بىر نەرسىدۇر. ئەمما بۇ رەخت مۇئەييەن ئۆلچەملەر بىلەن كېسىلىپ، ھەرخىل كىيىملەر تىكىلسە، بۇ يەردىكى پەرق رەختتە (كۆرۈنۈشتە، بارلىقتا) ئەمەس، بەلكى ئۆلچەم ۋە شەكىللەردە (ئەيانى سابىتە ۋە مەزاھىرلاردا) دۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەقتىن باشقا ھېچبىر شەيئىنىڭ ھەقىقىي ۋۇجۇدى (بارلىقى) يوقتۇر. پەرقلىق شەيئىلەر ۋە بارلىقلار بۇ ۋۇجۇدنىڭ تۈرلۈك ئەيانى سابىتلىرىگە ئاساسەن تۈرلۈك مەزاھىرلاردا پەرقلىق شەكىللەردە زاھىر بولۇشى ۋە

كۆرۈنۈشىدىن بۇرۇن بولىدۇ.

▲**ئەينە (ايينه)** ئىنسانى كامىلنىڭ قەلبى. ئاللانىڭ زات، سۈپەت، ئىسىم ۋە پېئىللىرىغا مەزھەر ۋە تەجەللىگاھ بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئومۇمىي مەنىدە ئىنسانغا، ئايرىم مەنىدە كامىل ئىنسانغا ئەينە (ئايىنە، مىرئات) دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ باشقا بارلىقلاردىن كۆرە ئىنساندا كۆپرەك تەجەللىي قىلىدۇ. ئەڭ تولۇق ھەم مۇكەممەل ھالدا بولسا كامىل ئىنساندا تەجەللى قىلىدۇ، ھەقكە نىسبەتەن پۈتۈن كائىنات ئەينەك ئورنىدىدۇر. لېكىن بۇ ئەينەكنىڭ جۇلاسى ئىنساندۇر. «ئەگەر ئالەم ئىنسان جۇلاسى بىلەن جۇلالانمىغان بولسا، ئۇنىڭدا ھەق بۇ قەدەر مۇكەممەل تەجەللى قىلمىغان بولار ئىدى». (ئىبنى ئەرەبى)

▲**ئەينەل يەقىن (عين اليقين)** كۆز بىلەن كۆرۈپ ھاسىل بولغان بىلىم. ئىشەنچلىك بىلىم، ئىلمەل يەقىن، ئەينەل يەقىن ۋە ھەققەل يەقىن دەپ ئاتالغان بىلىشنىڭ ئۈچ باسقۇچىنىڭ ئىككىنچىسى. قەلبنىڭ مۇشاھىدە يولى بىلەن ھەقىقىي ۋەھدەتنى كۆرۈشى.

▲**ئەينۇل فەنا (عين الفناء)** ھەقىقىي فەنا ھالى. فەنانىڭ نەق ئۆزى. فەنا ئىچىدىكى فەنا. فەنادىن فەنا بولماق.

▲**ئەينۇل ھەيات (عين ئالصياة)** ھاياتنىڭ ئۆزى، ھايات. ئابى ھايات، ئاللانىڭ «الهي» (ئەلھەي) ئىسمىنىڭ ئىچكى مەنىسى. يەنى مەڭگۈلۈك ھايات.

▲**ئەينۇل قەلب (عين القلب)** قەلب كۆزى. چەشمى دىل، دىدەئى جان. (تەس.) كەشف، سەزگۈ، غايىبنى كۆرۈش ۋاستىسى.

▲**ئەيش (عيش)** ھايات، ياشىماق. (تەس.) ھەق بىلەن ئۇنس (دوست) بولۇشتىن ھاسىل بولغان زەۋق، بۇ زەۋقنىڭ تېگىگە يەتمەك ۋە ئۇنى ئىدراك قىلماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ب

▲**بادە** (**بادە**) شاراب، مەي، ئىچىملىك. (تەس.) (1) سۇلۇكنىڭ دەسلىپىدىكى ئاجىز ئىشق، ئاۋامدىمۇ بولىدىغان ئىشق. (2) ئىلاھىي ئىشق، ئىلاھىي ئىنايەت؛ بادەئى چۇن **نار** — ئاتەش كەبى بادە، ئىلاھىي ۋە قۇدسى نەفەس. بۇ يەنە «بادەئى گۇل رەڭ» مۇ دېيىلىدۇ.

▲**بادەفۇرۇش** — مەي ساتقۇچى، مەيپۇرۇش، مەيخانىچى. (تەس.) پىر، مۇرشىد.

▲**بادىيە** (**بادية**) چۆل، سەھرا، دەشت. (تەس.) ئۆتەڭ، قونالغۇ، بارلىق ئالىمى. بادىيەئى ئىشق ـ ئىشق ئالىمى ۋە بۇ ئالەمدە دۇچ كېلىدىغان توسالغۇلار.

▲**باغ** (**باغ**) باغ، باغچا، بوستان. (تەس.) ھۇزۇرلۇق روھىي ئالەم، روھىي خۇشاللىق.

▲**بەھار** (**بهار**) قىش بىلەن ياز ئارىسىدىكى پەسىل، ئەتىياز، باھار. (تەس.) (1) ئىلىم مەقامى. چۈنكى ئىلىم بىر پەردىدۇر. (2) پۈتۈنلەي ئەكسىچە ۋەجد ۋە ھالمۇ بەھار دېيىلگەن بولۇپ، پەردىنىڭ ئېچىلىشىدۇر.

▲**بەھر** (**بحر**) دېڭىز، ئۇمان. (تەس.) (1) ھەقنىڭ چەكسىز سۈپەت ۋە زات مەقامى بولۇپ، بارچە بارلىقلار ۋە شەيئىلەر بۇ چەك ـ چېگراسى يوق دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىدۇر. (2) كۆللى بارلىق ئالىمى. ۋەھدەت (بىرلىك) دېڭىز، كەسرەت (كۆپلۈك) بۇنىڭ دولقۇنلىرىدۇر. سوپىلار ھەقىقەتتە بارلىقنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، كۆرۈنۈشتە كۆپ كۆرۈنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن دېڭىز بىلەن دولقۇننى مىسال قىلىشىدۇ.

▲**باتىل (باطل)** (1) بىكار، بىھۇدە، ئاساسسىز؛ (2) بۇزۇلغان، يوقىلىدىغان، يوقلۇق. (تەس.) ماسىۋا، ۋۇجۇدى مۇمكىن (يارىتىلغان بارلىقلار)، يەنى ھەقتىن باشقا بارلىقلارنىڭ كۆلەڭگە سۈپىتىدىكى بارلىق ئىكەنلىكىنى، ھەقتىن باشقا بارلىق شەيئىلەر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

▲**باتىن (باطن)** ئىچى، مەخپىي، يوشۇرۇن، ئىچكى ئالەم، سىرلىق. (تەس.) (1) ئاللانىڭ تۆت ئىسمىنىڭ بىرى: ئەۋۋەل، ئاخىر، زاھىر، باتىن. بۇ ئىسىملار «ئانا ئىسىملار» (ئۇممەھاتۇل ئەسما) دېيىلىدۇ. بۇ مەنىدە زاھىر ـ باتىن، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن، ئوچۇق ـ مەخپىي، ئايان ـ نىھان ھەممىسى ئاللادۇر. (2) ئايەتلەرنىڭ ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئارىفلار ۋە ۋەلىيلەر تەرىپىدىن بىلىنگەن يوشۇرۇن، ئىچكى مەنىلىرى. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، باتىنىي مەنىلەر كەشف ۋە زەۋق يولى بىلەن بىلىنىدۇ. (3) باتىن: سالىكنىڭ قەلبى ۋە روھى، ئىچكى ئالىمى. باتىن ئەھلى — كۆرۈنگەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىرى ۋە سەۋەبلىرىنى كەشف يولى ۋە قەلب كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغانلار، روھى پارلىتىلغانلار، ئەۋلىيا، ئۆلىمالار ئەھلى زاھىر دەپ ھېسابلانغان.

▲**بەقا (بقاء)** مەڭگۇ قالىدىغان، ئەبەدىيلىك. (تەس.) (1) ناچار، ئوسال خۇيلارنىڭ، ئىشلارنىڭ يوق بولۇشى فەنا، ئۇنىڭ ئورنىنى گۈزەل خۇيلار، ئېزگۇ ئىشلارنىڭ ئېلىشى بەقا دېيىلىدۇ. (2) بەندىنىڭ ئۆز نەپسانىي سۈپەت ۋە ۋەسفلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى فەنا، ئاللانىڭ سۈپەتلىرى ۋە ۋەسفلىرى بىلەن بېزىلىشى بەقا دېيىلىدۇ. (3) ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى، شەيئىلەرنى كۆرمەسلىكى بەقادۇر. (4) ئىنسان ئۆزىنىڭ فەنا ھالىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى فەنادىن فەنادۇر.

▲**بەلا (بلاء)** ئازاب، مۇسىبەت، بالا ـ قازا، ئىمتىھان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىناق. (تەس.) ھەقنىڭ قولىنى سىنىشى، ئۆزىدە بار بولغان ياخشى ھاللارغا ھەقىقەتتە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭغا ئەمەلىي كۆرسىتىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى دەرد ـ ئەلەمگە، ئازابقا قويۇپ سىنىشى.

▲بىنەفشە (بنفشه) بىنەپشە. (تەس.) قۇۋۋەتنىڭ تەسىرى بولمايدىغان نۇقتا.

▲بەرزەخ (برزخ) ئۆزئارا پەرقلىق ئىككى مۇھىت ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ۋە بۇ ئىككى مۇھىت بىلەن پۇتۇنلەي ئوخشاپمۇ، پۇتۇنلەي پەرقلىنىپمۇ كەتمەيدىغان جاي. ئارا، ئوتتۇرا. دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئارىسىدىكى ئالەم. ئۆلۈم شەكلى بىلەن دۇنيادىن ئايرىلغان روھلار بەرزەخ ئالىمىگە كەتكىنىگە ئوخشاش، ئۇخلاۋاتقاندا بەدەندىن ئايرىلغان روھلارمۇ بەرزەخ ئالىمىگە كىرىدۇ. ئىككى ھال، ئىككى سۈپەت، ئىككى مەرتىۋە ۋە ئىككى ئالەم ئارىسىدىكى ئارا ھال، سۈپەت، مەرتىۋىگە ۋە ئالەمگىمۇ بەرزەخ دېيىلىدۇ.

▲بوستان (بستان) باغ، گۈلزار، يېشىللىق. (تەس.) فەتىھ مەقامى. بوستانى لۇتۇف ـ ئىلاھىي لۇتۇفلارغا بېرىلگەن مەقام، سالىكنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى مۇرادىغا يىغقان مەرتىۋە.

▲بۇت (بت) بۇت، سەنەم. (تەس.) (1) بۇت: نەفس، نەفسى ئەممارە. ھەركىمنىڭ بۇتى ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسى ۋە نەپسىدۇر. ھەقىقەتنى ئىدراك ئەتمەك ئۈچۈن نەپس بۇتىنى ئۆلتۈرمەك لازىمدۇر. (2) بۇت: ۋەھدەت. زۇننار خىزمەتكە، بۇت ۋەھدەتكە ئىشارەتتۇر. بۇتپەرەس: ئاشىق، ھەقىقىي تەۋھىد ئەھلى، ئىشق ۋە ۋەھدەتكە مەزھەر بولماق. (3) بۇت: جانان، يار، مەشۇق، مەتلۇب.

▲بۇتخانا (بتخانه) بۇتخانا، چوقۇنىدىغان يەر.

(تەس.) (1) ۋەھدەتى كۆللى، لاھۇتى ئالەم. (2) زاتى ئەھەدىيەت، مەزھەر. (3) ماددىي ئالەم، ئۇنسۇرلار ئالىمى.

## پ

▲**پادىشاھ (پادشاه)** خۇدا، ھەق.

▲**پەردە (پرده)** ھىجاب، پەردە، توسۇق. (تەس.) ھەق بىلەن ئىنساننىڭ ئارىسىدىكى پەردە. ئاشىقنى مەشۇقتىن ئايرىغان توسۇقلار.

▲**پەرۋانە (پروانه)** تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا شام بىلەن پەرۋانە بىر جۈپ سىمۋوللۇق ئوبراز بولۇپ، شام يارغا يەنى ئاللاغا، پەرۋانە ئۇنىڭ ئىشقىدا ئوتقا ئۆزىنى ئۇرغان ئاشىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. شام — مەشۇق، پەرۋانە — ئاشىقتۇر.

▲**پىر (پير)** ياشانغان كىشى، چال. (تەس.) شەيخ، مۇرشىد. پىرى، تەرىقەت — تەرىقەتنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىسى، تەرىقەت ئىگىسى.

▲**پىرى سانى—** تەرىقەتنىڭ ئىككىنچى قۇرغۇچىسى، تەرىقەتنى يېڭىدىن تۈزگە، تەرتىپكە سالغان شەيخ.

**پىرى مۇغان** باش راھىب. (تەس.) ئىشق شارابىنى سۇنغان ھەقىقىي ۋە كامىل مۇرشىد، قۇتبى ئالەم، يول باشچى. **پىرى خارابات** —كامىل ئىنسان، يول باشچى.

▲**پىيالە (پياله)** قەدەھ، پىيالە. (تەس.) يار، جانان. ئالەمدىكى ھەر بىر زەررە بىر پىيالە بولۇپ، ئارىف كىشى بۇ پىيالىلەردىن مەرىفەت شارابىنى ئىچىدۇ؛ زاھىر ۋە باتىن شادلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ت

▲تەئەييۇن (تعين) ئاشكارا، ئاشكارىلانماق، ئوتتۇرىغا چىقماق. (تەس.) بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ چىقماق. ئايرىم هالدا ئاشكارا بولماق. ئىلك تەئەييۇن — ۋەهدەت مەرتىۋىسى. ئىككىنچى تەئەييۇن — ۋاهىدىيەت مەرتىۋىسى. سوپىلارنىڭ قارىشىچە، هەقنىڭ زاتىدا هەممە شەيئى بار، ئەمما ئاشكارا ئەمەس. شەيئىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن زۇهۇر ۋە تەجەللى قىلىپ چىقىشى بىر تەئەييۇن (ئاشكارا) شەكىلدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

▲تەجەللى (تجلى) ئاشكارا بولماق، ئوتتۇرىغا چىقماق، كۆرۈنمەك، زۇهۇر قىلماق. (تەس.) غايىبتىن كېلىپ قەلبتە زاهىر بولغان ئىلاهىي نۇرلار، كۆرۈنمىگەننىڭ قەلبتە كۆرۈنىدىغان هالغا كېلىشى، پارلىشى.

▲تەرىقەت (طريقەت) يول. (تەس.) هەققە يېتىش يولى. ئۆزىگە خاس بىر قاتار مىزان ئۆلچەملىرى بار روهىي پاكلىنىش ئارقىلىق هەققە يېتىشنى مەقسەت قىلغان يول.

▲تەسەۋۋۇپ (تـصوف) «قوي يۇڭى» مەنىسىدىكى «سۇف» سۆزىنىڭ تۈرلىنىشى. تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەر: (1) تەسەۋۋۇپ باشتىن ـ ئاخىر ئەدەبتۇر. (2) ناچار خۇيلارنى تەرك ئېتىپ گۈزەل خۇيلارغا ئىگە بولماق. (3) بىراۋدىن رەنجىمەسلىك هەم بىراۋنى رەنجىتمەسلىك. (4) نەپسكە قارشى باشلانغان، مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدىغان جەڭ. (5) باشقىلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش، ئەمما باشقىلارغا يۈك بولماسلىق. (6) هەق بىلەن بىللە هەم ئۇنىڭ هوزۇرىدا بولۇش هالى. (7) هەقنىڭ سېنى سەنلىكتە ئۆلتۈرۈشى ۋە ئۆزى بىلەن

ھاياتقا ئىگە قىلىشى. (8) كەشپ ۋە زەۋق ھالى. (9) پاك قەلب ئىگىسى بولماقتۇر. (10) ھەق بىلەن ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشتۇر. (11) كامىل ئىنسان بولۇشتۇر. (12) ھەقكە يەتمەكتۇر.

▲تەقۋا (تقوى) قورقۇش، ئەندىشە قىلىش، قايغۇرۇش؛ پەرھىزكارلىق، تېيىلىش. (تەس.) تەقۋا: ئىنساننىڭ ئاللادىن يىراقلاشتۇرىدىغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتىشى، قېچىشى. تەقۋا: ماسىۋادىن قاچماقتۇر.

▲تەككە (تكه) خانىقا.

▲تەلەب (طلب) ئىستەك، ھەۋەس، تەلەپ. (تەس.) ئارزۇسىغا يەتمەك ۋە مۇرادىنى تاپماق ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەش. جۇنەيد «تەلەپ قىلغان تاپار» دېسە، شىبلىي ئۇنىڭ ئەكسىچە، «تاپقان ئىزدەيدۇ» دەيدۇ.

▲تەناسۇخ (تناسخ) روھنىڭ كۆچۈشى. (تەس.) بىر بەدەندىن ئايرىلغان روھنىڭ دەرھال باشقا بىر تەنگە كىرىشى.

▲تەۋبە (توبه) پۇشايمان قىلىش، نادامەت چېكىش، تۈۋا قىلىش. (تەس.) ئۆزىنىڭ نامۇناسىپ ھالىنى بىلىپ يېتىش، ھەقكە قايتىش. رەببىنى تونىماق. «تەۋبە — يامان ئىشلارنىڭ قەبىھلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشتۇر. تەۋبە — يامانلىق يولىنىڭ تۈگەنچىسىدۇر، ھىدايەت يولىغا مېڭىشنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئەنانىيەت غەپلىتىدىن سەسكەنمەكتۇر، بەشەرىيەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماقتۇر.» (نەۋائىي: م.ق. 88).

▲تەۋەججۇھ (توجه) يۈزلىنىش، يۈز تۇتماق. (تەس.) شەيخنىڭ ھەقكە، مۇرىتنىڭ مۇرشىدقا يۈز تۇتۇشى. «تەۋەججۇھ دېمەك — ھەق تائالا يولىغا يۈزلىنىش ۋە ئۇل تەرەپنى ئايلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

دېمەكتۇر. دۇنيالىقتىن ئالاقە تارىنى ئۈزۈپ خۇدا تەرەپكە ئۇلاش بىلەن، خۇدادىن بۆلەك ئارزۇلارنى تاشلاپ، خۇدالىق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشتۇر. (نەۋائىي: م، ق. 115).

▲تەۋەككۇل (توكل) ئىشەنمەك، بەل باغلىماق، ۋەكىل بېكىتمەك، ھاۋالە قىلماق. (تەس.) (1) ئاللانىڭ ئالدىدىكىگە ئىشىنىپ، مەخلۇقنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرگە كۆز تىكمەسلىك. (2) ۋەدە قىلىنغانغا ئىشەنمەك. (3) ھەرقانداق ئىشتا پەقەت ئاللاغىلا سېغىنماق. (4) قەلبىنىڭ ھەقكە مايىللىقى. «تەۋەككۇل دېمەك — يول ۋاستىلىرىنى كېرەك قىلماستىن، توغرا يولدا مېڭىۋېرىش، سەۋەب ۋە ئۆزرىنى قويۇپ ھەممىنى ئاللادىن كۆرۈش. تەۋەككۇل ئەھلى مەقسەت ۋادىسىغا قەدەم قويىدىكەن، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئاللانىڭ ئېھسانى ۋە ئىنئامى دەپ بىلىدۇ.» (نەۋائىي: م. ق. 96).

▲تەۋھىد (توحيد) بىرلىك. (تەس.) (1) ئاللانىڭ زاتىنى ئەقلىي تەسەۋۋۇر قىلغىلى، زېھىن بىلەن خىيال قىلغىلى بولىدىغان ھەرقانداق شەيئىدىن ئاجرىتىپ، ئايرىپ قارىماق. (2) تەۋھىد — «بىر كۆرمەك، بىر بىلمەك» ھالىدۇر. سوپى پەقەت بىرنىلا كۆرىدۇ، بىرنىلا بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق بار ئىكەنلىكىنى كۆرمەيدۇ، بىلمەيدۇ. تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەن بىردىن باشقىنى كۆرمەيدۇ.

## ج

▲جام (جام) قەدەھ، كاسا. (تەس.) (1) ھاللار (ھالنىڭ كۆپلۈكى). (2) ئىچى مەرىفەتكە تولغان ئارىفنىڭ

كۆڭلى. (3) جام بەدەنگە، ئىچىدىكى مەي بەدەتنى پاكلاش، تازىلاشقا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ئىلاھىي بادە قەدىھىدىن بادە ئىچكەن كامىل ئارىپ تەۋھىد بىلەن مەستخۇش بولىدۇ. **جامى جاھانىنەما**— ئالەمنى، پۈتۈن جاھاننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قەدەھ. (تەس.) كامىل ئارىفنىڭ قەلبى. **جامى گىتى نەما** — جاھاننى كۆرسىتىدىغان قەدەھ. (تەس.) مۆمىن ۋە كامىل ئارىفنىڭ قەلبى. **جامى گىتى ئەفرۇز** — جاھاننى يورۇتىدىغان قەدەھ. (تەس.) ئارىفنىڭ قەلبى.

**جامى مەي** —مەي ئىچىدىغان قەدەھ. (تەس.) مەرىفەت بادەسى ۋە ئىلاھىي نۇرلارنىڭ تەجەللىلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان پىرنىڭ قەلبى.

▲**جان (جان)** جان، روھ، نەپەس. (تەس.) (1) ئىنسان روھى، ئىلاھىي نەپەس، ھەقنىڭ تەجەللىلىرى. (2) مەۋلەۋىلىكتە دەرۋىش، مۇرىت. **جاني**— روھىي. (تەس.) ھېچبىر ۋاقىت پانىي بولمايدىغان، مەڭگۇ باقىي بولغان سۈپەت.

**جانان ـ جانانە** —يار، مەشۇق، دىلبەر. (تەس.) ھەق، ئاللا، رەب.

▲**جەبەرۇت (جبروت)** (تەس.) مۇلك ۋە مەلەكۇت، باشقا نام بىلەن ئېيتقاندا، شاھادەت ۋە غايىب، يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى ئالەملەرنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ئالەم. جەبەرۇت ئالىمى جىسمانىي ئالەمنىڭمۇ، روھىي ئالەمنىڭمۇ بەزى ئالامەتلىرىگە ئىگىدۇر. بۇ بىر بەرزەخ ۋە مىسال ئالىمىدۇر.

▲**جەزبە (جذبە)** جەلپ قىلماق، جەزبە قىلماق. (تەس.) ئاللاغا ئىنتىلمەك.

▲**جەفا (جفاء)** جەبر، جاپا، ئازاب. (تەس.) (1) سالىكنىڭ كۆڭلىنى مەرىفەت ۋە ھۇزۇرنىڭ تەرك ئېتىشى. (2) يارنىڭ ۋاپاسىزلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

▲**جەمال (جمال)** گۈزەللىك. (تەس.) ئاشىقنىڭ قەتئىي تۇرۇشى ۋە تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە مەشۇقنىڭ ئۆز كامالەتلىرىنى ئىزھار ئېتىشى. ئاللانىڭ لۇتۇف ۋە رەھمىتىنىڭ سەۋەبى بولغان ۋەسىفلىرى.

▲**جەھالەت (جهالت)** بىلىمسىزلىك. (تەس.) قانچە يىللاپ رەسمىي ۋە زاھىرىي ئىلىملەرنى تەھسىل قىلغان بولسىمۇ، ھەقىقەتنى ئىدراك قىلىش باسقۇچىدىن يىراق بولغان كۆڭۈل.

▲**جەھرى زىكىر (جهرى ذكر)** ئاشكارا ۋە ئۈنلۈك قىلىنغان زىكىر. نەقشىبەندىيە قاتارلىق بەزى تەرىقەتلەر مۇرىتلىرىنىڭ پەقەت ئۆزلىرى ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە پەس ئاۋازدا زىكىر سېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ «خافى زىكىر» (زىكرى خۇفىيە، پەس ئاۋازلىق زىكىر)، باشقىلىرى جەھرى زىكىر دېيىلىدۇ. قەدەرىيە ۋە مەۋلەۋىيە قاتارلىق تەرىقەتلەر جەھرى زىكىرنى ئاساس قىلىدۇ. جەھرى زىكىر قىلىدىغانلار سىما ۋە ھەلقە قىلىشلارنىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ بارىدۇ.

▲**جەۋھەر (جووهر)** (تەس.) ئىلاھىي نەپەس، كۈللى ھەيۇلا ۋە بۇنىڭدىن ئايرىلىپ ۋۇجۇدقا ئىگە بولغان بارلىق. **جەۋھەرى ئەۋۋەل** — دەسلەپكى جەۋھەر، بىرىنچى جەۋھەر. (تەس.) ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مۇقەددەس روھى، نۇرى مۇھەممەدى.

▲**جۇۋانمەرد (جوانمرد)** يىگىت، بەردەم، قاۋۇل يىگىت، ياش. (تەس.) فەتا. يەنى فۇتۇۋۋەت ئەھلى، پىداكار، كامىل ئارىف.

▲**جۇنۇن (جنون)** ساراڭلىق (تەس.) ھەق ئاشىقلىرىنىڭ ھەقتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە كۆڭۈل قويماسلىقى، ئىلاھىي ئىشق بىلەن مەستخۇش بولۇشى، ساراڭ بولمىسىمۇ ساراڭدەك كۆرۈنۈشى.

▲**جۇستىجۇ (جست وجو)** ئىزدەش. (تەس.) قۇسۇر

ئىزدەپ ئۇنى - بۇنى ئەيىبلەيدىغان.

▲**جۇيبار (جويبار)** دەريا، نەھىر، ئېقىن سۇ. (تەس.) بەندىلىك داۋاسى. بەندىلىك بىلەن باغلىنىشلىق ھۆكۈم ۋە تەقدىرلەرنىڭ جەريانى.

▲**جۇز (جزء)** پارچە، بۆلەك، قىسىم، ئاز. (تەس.) كەسرەت ۋە تەئەييۇنات (كۆپلۈك ۋە ئاشكارىلىقلار).

▲**جىلۋە (جلوه)** جىلۋە، نازلاناق، گۈزەللەرنىڭ كۆڭۈلنى تارتىدىغان، جەزبىدار ھال ۋە ھەرىكەتلىرى. (تەس.) ئارىفنىڭ كۆڭلىدە پارلىغان ئىلاھىي نۇر بولۇپ، بۇ نۇرنىڭ جىلۋىسى دىلنى سارالڭ قىلىدۇ. سوپىلارنىڭ نەزەرىدە ئىنسانمۇ، كائىناتمۇ ئىلاھىي نۇرلار جىلۋە قىلىدىغان ئەينەكتۇر.

▲**جىھاد (جهاد)** جەڭ. (تەس.) سالىكنىڭ ئۆز نەپسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرى. **جىھادى ئەسغەر** — كىچىك جەڭ. (تەس.) دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭ. **جىھادى ئەكبەر** — چوڭ جەڭ. (تەس.) نەپسكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭ. نەپسنىڭ يوق قىلىنىشى.

# چ

▲**چەشم (چشم)** كۆز. (تەس.) ئاللانىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بەسەر سۈپىتى. كۆز. **كۆزى ئوچۇق** — شۇھۇد ۋە مۇكاشىفە ئەھلى؛ قەلب كۆزى ئوچۇق بولغان كىشى. **كۆزى يېپىق** — قەلب كۆزى ئېتىكلىك، يورۇمىغان؛ قەلبى مۆھۈرلەنگەن.

▲**چەشمە (چشمه)** كۆز، بۇلاق، مەنبە. (تەس.) (1) ئىلاھىي فەيزنىڭ بۇلىقى، مەنبەسى، ئەما ئالەمى. (2) ھەقكە يەتكەن كامىل ئارىفنىڭ قەلبى. **چەشمەئى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەيۋان — ھايات بولىقى، ئابى ھايات. (تەس.) ئىلاھىي مەرىفەتنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى.

▲چېھرە (چهره) يۈز، چىراي، سىما، دىدار. (تەس.) تەجەللى بولغىنى بىلىنىدىغان ۋە بۇ بىلگەنلەر ساقلىنىپ قالىدىغان تەجەللىلەر.

▲چېھرەئى گۈلگۈن (چهرهٔ گلگون) گۈل يۈز. (تەس.) كامالەتكە يەتكەن ئارىفلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە پارلىغان مۇتلەق تەجەللىلەر. سالىكنىڭ چۈشىدە ياكى ئۆزلۈكتىن پۈتۈنلەي كەچكەن ۋاقتىدا كۆرىدىغان تەجەللىلەر بولۇپ، ماددىي ئالەمدە كۆرۈلمەيدۇ.

▲چىللە (چله) قىرىق. (تەس.) سوپىلارنىڭ تەنها ۋە قوپقۇرۇق ھالدا خالىي بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ قىرىق كۈن كېچە - كۈندۈز ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، پەرھىز ۋە نەپس جېكىدىن ئۆتۈشى. بۇ مەزگىلدە غىزا، ئۇيقۇ ۋە دۇنيا ئىشلىرى ۋە تەشۋىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى، پىكىر - خىيالى، زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن ئىبادەتكە مەشغۇل بولىدۇ. بۇ سوپىلار ئۈچۈن بىر ئىمتىھان، ئۆزىنى سىنايدىغان بىر باسقۇچ ھېسابلانغان.

## خ

▲خاجە ~ خاجەگان (خواجه ~ خواجگان) ئىگە، خوجا، ئەپەندى. (تەس.) شەيخ، مۇرشىد. خاس مەنىدە نەقشبەندىيە شەيخلىرىنى كۆرسىتىدۇ. نەقشبەندىيە شەيخلىرى شەيخ نامى ئورنىغا «خاجە» نى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن

ئابدۇخالىق غۇژدىۋانىدىن باشلانغان بىر تەرىقەت خاجەگان دەپ ئاتالغان.

▲**خاكسار (خاكسار)** چاڭ ـ توزانغا ئورالغان، تۇپراققا ئوخشاش، مىسكىن، ئاجىز. (تەس.) خانىقادا ئولتۇرىدىغانلار، ئەھلى خانىقا، دەرۋىشلەر. كۆڭۈلدە دۇنياغا ئورۇن بەرمىگەن، «ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆلگەنلەر».

▲**خانىقا (خانگاه)** خانەگاھ، يىغىلىدىغان، سۆھبەت قۇرىدىغان جاي. (تەس.) سوپىلارنىڭ يىغىلىپ ھەلقە قىلىدىغان، زىكرى سالىدىغان، سۆھبەت قۇرىدىغان يېرى، زاۋىيە، دەرگاھ، تەككە.

▲**خەرابات (خرابات)** خاراب يەر، ۋەيرانىلەر. (كۆچ.) مەيخانا. (تەس.) (1) خانىقا، تەككە. (2) كۆڭۈل. (3) بەشەر ۋۇجۇد ۋە بەدەننى يوق قىلماق، ماددىي مەۋجۇدىيەتتىن پانىي بولماق. نەپسانىي ئارزۇلارنى خاراب قىلىش (يوقىتىش)، پەس ھەۋەسلەرنى يوق قىلىش، ھايۋانىي ئىستەكلەرنى ئۆلتۈرۈش، يامان خۇيلارنى تاشلاش. **خاراباتى** — خارابىلەردە ئولتۇرۇپ، ۋەيرانىلىقلاردا ئۆمۈر كەچۈرگەن سوپى. ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا ئۆزىدە مەرىفەت ۋە ئىرفان نامايان قىلغان كامىللار.

▲**خەراباتى مۇغان (خرابات مغان)** مەجۇسىي راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىسى، مەيخانا. (تەس.) ھەقكە يەتكەنلەرنى ۋەھدەت بادەسى بىلەن مەستخۇش قىلغان ۋۇسلەت مەقامى.

▲**خەۋاس (خواس)** مۇتەسەۋۋىپلار ئىنسانلارنى ئىككىگە بۆلىدۇ: (1) ئاۋام يەنى خەلق. (2) خەۋاس (خاس)، يەنى ئايرىم، مەخسۇس كىشىلەر. ئومۇمەن سوپى بولمىغانلارنى ئالىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ ئاۋام ھېسابلىنغان.

▲خىرقە (خرقه) ياماق كىيىم، ھەر خىل رەخت پارچىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ تىكىلگەن كىيىملەر، سوپىلار، دەرۋىشلەرنىڭ كىيىمى.

▲خىلۋەت (خلوة) ئۇزلەت، يالغۇزلۇق، يېگانە ياشىماق، توپقا، جەمئىيەتكە ئارىلاشماسلىق (تەس.) (1) ھېچقانداق ئادەم ھەتتا مەلەكمۇ بولمىغان تەنھا بىر ھالدا ۋە شۇنداق خالىي يەردە ھەق بىلەن روھەن سۆھبەتلەشمەك. (2) ماسىۋادىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، پۈتۈنلەي ئاللاغا يۈزلەنمەك ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولماق.

▲خۇرشىد (خورشيد) قۇياش. (تەس.) ئىلاھىي تەجەللىلەردىن ھاسىل بولغان ئىلاھىي نۇرلار، زاتى ئەھەدىيەت.

## د

▲دەرد (درد) غەم، ئىزتىراپ، ئەلەم. (تەس.) ئىلاھىي ئىشق. بۇ ئارزۇ قىلىنىدىغان دەردتۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئەڭ زور دەرد، دەردسىزلىكتۇر.

ھەر دەردكى بار بار دەرمانى ۋەلى،
بى دەردلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولماس.

(فۇزۇلى)

▲دەردلىك (دردلى) ئەھلى دەرد، دەردمەن ـ ئاشىق.

▲دەرگاھ (درگاه) بوسۇغا، ئاستانە. (تەس.) خانىقا،

زاۋىيە، تەككە.

▲**دەرۋىش (درويش)** پېقىر، يوقسۇل، تىلەمچى. (تەس.) (1) سوپى، مۇتەسەۋۋىپ. (2) پېقىر. (3) مۇرشىد.

▲**دەلىل (دليل)** رەھبەر، يولباشچى. (تەس.) شەيخ، مۇرشىد.

▲**دەۋر (دور)** ئايلىنىش، قايتىش، چەمبەر شەكىللىك ئايلىنىش. (تەس.) بىردىنبىر بارلىق بولغان ئاللانىڭ زۇھۇر قىلغان ئەسما ۋە سىفاتىنىڭ ئەسلىدىكى بىر ھالەتكە قايتىشى. بىر شەيئىنىڭ ئەسلىگە قايتىشى. مەنىۋى ئالەمدىن ماددىي ئالەمگە كەلگەن روھلارنىڭ دەسلەپكى يېگانىلىققا قايتىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇپىي قاراش. ماددىي ئالەمگە چۈشكەن روھلارنىڭ چۈشۈش جەريانى «قەۋسى نۇزۇل»، قايتىشى «قەۋسى ئۇرۇج» دېيىلىدۇ. بۇلار يەنە «دەۋرى فەرشىيە» ۋە «دەۋرى ئەرشىيە» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى قەۋس (يېرىم چەمبەر شەكلى) بىر دائىرە (چەمبەر شەكلى) ھاسىل قىلىدۇ. (بۇ ھەقتە كىتابنىڭ II بابىغا قارالسۇن.)

▲**دەۋرىيە (دوريه)** تەسەۋۋۇپتىكى دەۋر نەزەرىيىسىنى مەزمۇن قىلغان تەسەۋۋۇپىي شېئىرلار؛ تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىدىكى بىر تۈر.

▲**دەير (دير)** موناستىر، چېركاۋ. (تەس.) ئىنساندىيەت ئالىمى، دۇنيا. **دەير مۇغان** — مەجۇسىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسى، ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى. (تەس.) ئارىف ۋە ئەۋلىيا مەجلىسى.

▲**دىدار (ديدار)** كۆرمەك، تاماشا قىلماق، يۈز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىراي، كۆز. (تەس.) ئىلاھىي گۈزەللىكنى تاماشا قىلماق، سۆيمەك.

▲**دىل (دل)** كۆڭۈل، قەلب. (تەس.) (1) نەفسى ناتىقە. (2) سىرلار خەزىنىسى، ئاللا نەزەر سالغاندا، ئاللا كامالى ۋە جامالىنىڭ ئەڭ تولۇق تەجەللى قىلغان يەر.

▲**دوست (دوست)** (تەس.) يار، جانان، دوست، ئەھباب، مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ.

## ر

▲**رەمز (رمز)** ئىشارەت، سىمۋول، يوشۇرۇن مەنىلىك سۆز. (تەس.) ئەھلى بولمىغانلار چۈشىنەلمەيدىغان يوشۇرۇن مەنە. سوپىلار بىر ـ بىرىگە يېزىشقان مەكتۇپلاردا، شېئىرلاردا رەمزىي ئىپادىلىرىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەنىنى ئەھلى تەسەۋۋۇپ بولغانلارغا ئىپادىلەپ، ئەھلى بولمىغانلاردىن يوشۇرۇن تۇتۇشقا تىرىشقان. بولۇپمۇ شېئىرىيەتتە ناھايىتى كۆپ رەمزلەر قوللىنىلغان.

▲**رەھبەر (رهبر)** يول كۆرسەتكۈچى، يول باشچى. (تەس.) شەيخ، مۇرشىد. تەرىقەتكە كىرمەكچى بولغان كىشىنى بۇ يولغا باشلىغان دەرۋىش.

▲**رىزا (رضا)** رازىلىق، زارلانماسلىق. «رىزا دېمەك — ئۆز دىلىنىڭ مەيل خاھىشىدىن كېچىشتۇر، كۆڭلى خالىمىغان ئىشنى خۇدانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشتۇر. ئۆز كۆڭلى تىلىمىگەن ئىشنىڭ بېجىرىلىشىنى ئۆزىگە پەرز دەپ بىلىشتۇر ۋە مەھبۇبىنىڭ ھەقىقىي رىزاسى بىلەن تىرىلىشتۇر. بۇ مەقام —

سالىكنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەقامى ۋە يۇقىرى دەرەجاتىدۇر.» (نەۋائىي: م. ق. 118).

▲رىيازەت (رياضت) تىزگىنلەش، ئۆزىنى دۇنيا لەززەتلىرىدىن تارتىش؛ بويسۇندۇرۇش، ئىدارە قىلىش. سوپىلار ئاز يېيىش، ئاز سۆزلەش، ئاز ئۇخلاش، خىلۋەتكە چېكىنىش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن زىكرى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق نەپسىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا نەپسىنى يېڭىش، بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بەزى ئېغىر، جاپالىق يوللار بىلەن ئۆزىنى قىيىنىغان، بۇ ئارقىلىق روھىي جەھەتتىن يۈكسىلىپ، كامالەت هاسىل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىغان.

## ز

▲زاكىر (داكر) زىكرى قىلغۇچى؛ زىكرى مەجلىسىدە زىكىر پائالىيىتىنى باشقۇرغۇچى، مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىلاهىيلەر ئوقۇپ، زىكرى قىلغۇچىلارنى يېتەكلەيدىغان كىشى. «زاكىرنىڭ دىلى ھەمىشە خۇدانى ياد ئېتىش بىلەن، تىلى خۇدانى سۆزلەش بىلەن مەشغۇلدۇر. زاكىرلىق — كۆڭلىنى خۇدانىڭ يادى بىلەن تولدۇرۇپ، خۇدادىن غەيرىيدىن كۆڭۈلنى خالىي قىلىشتۇر.» (نەۋائىي: م. ق. 112).

▲زاھىد (زاهد) (1) دۇنياغا كۆڭۈل قويمىغان، دۇنيادىن يۈز ئۆرۈگەن، دۇنيانى تەرك ئەتكەن كىشى. (2) روھىي كامىللىق هاسىل قىلالمىغان، يېتىشمىگەن، دىنىنىڭ ئۆزىدىن خەۋەرسىز شەكىلۋاز كىشى. ئارىپ ۋە ئاشىق بولمىغان كىشى.

▲زاھىر (ظاھر) ئاشكارا، ئوچۇق، ئايان، ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈنگەن؛ ئاللا.

▲زاۋىيە (زاويه) تەككە، خانىقا، خاس مەندە كىچىك تەككە، زاۋىيە - نىشىن: خانىقا شەيخى، خانىقا ئىگىسى.

▲زەۋق (زوق) تەم، خۇشاللىق، ھۇزۇر، لەززەت. (تەس.) (1) ئىلاھىي تەجەللىلەرنىڭ ھۇزۇرى، ۋەجد. (2) تەجەللىلەرنىڭ باشلىنىشى، ھاللارنىڭ باشلىنىشى.

▲زۈلف (زلف) چاچ. (تەس.) ھېچكىم يېتەلمەيدىغان غايىب ماھىيەت، ھەقنىڭ زاتى ۋە ئەسلى.

▲زۇننار (زنار) كرىست بەلگىسى. (تەس.) (1) يارغا خىزمەت ۋە ئىتائەت قىلىشقا نىيەت ۋە قەست قىلماق، خىزمەتكە بەل باغلىماق. (2) دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەك. (3) مەنلىك، ئۆزەمچىلىك، مەنمەنلىك.

▲زۇھد (زهد) تەقۋادارلىق، خۇداگۇيلۇق. «زۇھد دېمەك — نەپسنى ئۆلتۈرۈش، دۇنيا ئارزۇلىرىدىن كېچىش، مال - مەنسەپ خىيالىدىن كۆڭۈل ئۈزۈشتۇر.» (نەۋائىي: م. ق. 93).

▲زۇھدىيات (زهديات) ئاساسىي مەزمۇنى زۇھد بولغان شېئىرلار ۋە ئىلاھىيلار. بۇ تۈردىكى شېئىرلار دۇنيانىڭ پانىيلىقىنى، ئۆتكۈنچىلىكىنى، ئاخىرەتنىڭ باقىي ھەم ئەبەدىي ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈم ۋە دوزاخ ئازابىنى، جەننەتنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، مۇشۇلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

▲زىكىر (ذكر) ئەسلىمەك، خاتىرلىمەك، ياد ئەتمەك. (تەس.) (1) ئاللانى ياد ئېتىش. (2) ئاللا (الله) كەلىمىسىنى ياكى «لائىلاھە ئىللەللاھ» جۈملىسىنى ئېيتماق ۋە قايتىلىماق. دەسلەپكىسى «لەفزەئى جەلال»، كېيىنكىسى

«كەلىمەئى تەۋھىد» زىكرى ياكى «تەۋھىد زىكرى» دېيىلىدۇ. زىكىر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: (1) «زىكرى جەھرى» (ئۈنلۈك ئاۋازلىق زىكرى). (2) «زىكرى خافىي» — پەقەت ئۆزىلا ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا قىلىنغان زىكىر.

## س

▲ساقىي (ساقى) سۇ بەرگەن، سۇ ئىچۈرگەن، ئىچىملىك سۇنغان، مەي تۇتقان. (تەس.) (1) پۈتۈن فەيز ۋە مۇھەببەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئاللا، فەييازى مۇتلەق. (2) مۇرشىدى كامىل، پىرى تەرىقەت، پىر، مۇرشىد.

▲سالىك (سالك) يول يۈرگۈچى، يولۇچى. (تەس.) سۇلۇككە كىرگۈچى، تەرىقەتكە كىرگۈچى، تەرىقەت ئەھلى، ئەھلى سۇلۇك.

▲سالىھ (صالح) دۇرۇس، توغرا، تەرتىپلىك كىشى، ئەھلى سەلاھ، توغرا يولدا يۈرگۈچى ياخشى كىشى.

▲سەبا (صبا) تاڭ شامىلى، جانغا ئارام بېغىشلايدىغان مەيىن شامال. (تەس.) روھلار ئالىمىدىن ئۇرغان شامااللار، مەنىۋى شامااللار.

▲سەبر (صبر) تاقەت، چىدام. (تەس.) قىيىنچىلىق- لاردىن زارلىماسلىق، خۇدادىن ئۆزگىگە نالە - ئىلتىجا قىلماسلىق. «سەبر — نەپسىنىڭ خاھىشلىرىدىن ۋە جىسمانىي لەززەتلىنىشلەردىن ئۆزىنى يىغىشتۇر؛ ئىبادەت مېھنىتى بىلەن نەپسنى ھەبسكە ئېلىپ، قاتتىق جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئۆز يولىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھكەم تۇرۇشتۇر. ھەق يولىدا قاتتىق ـ يېرىككە ئۆزىنى كۆندۈرۈشتۇر. ياخشى ۋە ياماندىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانغا چىداشلىق بېرىشتۇر.» (نەۋائىي: م. ق. 103 ـ 104).

▲**سۇمۇرغ (سيمرغ)** ئوتتۇز قۇش. (تەس.) ئىنسانى كامىل، ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» دىكى قۇشلارنىڭ شاھى، ھۇدھۇد باشچىلىقىدا يولغا چىققان قۇشلار يەتتە ۋادىنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يەتكەن پادىشاھ، ئاللا.

▲**سۇرەت (صورة)** شەكىل، كۆرۈنۈش. (تەس.) ئىنسانى كامىل. ئاللا ئىنساننى ئۆز سۇرىتىدە ياراتقانلىقتىن كامىل ئىنسان ھەقنىڭ سۇرىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەق پۈتۈن ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئەڭ تولۇق ۋە مۇجەسسەم ھالدا ئۇنىڭدا تەجەللى قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانى كامىل ئاللانىڭ يەردىكى خەلىپىسى دەپ قارالغان ھەم ئىنسانى كامىلغا «ساھىبى سۇرەت»، «ساھىبى ئەھد» ناملىرىمۇ بېرىلگەن.

▲**سۇلۇك (سلوك)** يولغا كىرمەك، ھەقكە بارىدىغان يولنى تۇتماق.

▲**سىدرەتۇل مۇنتەھا (سدرةالمنتهى)** پۈتۈن سالىكلارنىڭ سەيرلىرى، ئەمەللىرى ۋە ئىلىملىرىنىڭ يېتەلەيدىغان نۇقتىسى، بۈيۈك بەرزەخ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

▲**سىلسىلە (سلسلە)** زەنجىر. (تەس.) (1) كەڭ مەنىدە يارىتىلغانلىنىڭ ياراتقۇچى ھوزۇرىغا يۈزلىنىشى. (2) تەرىقەت شەيخلىرىنىڭ مەنىۋى نەسەبى، ئۇستاز زەنجىرى.

▲**سىۋا (سوى)** باشقا، غەيرىي. ئومۇمەن ماسىۋا

شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. سوپىلار ئاللادىن باشقا ھەرقانداق شەيئىنى ماسىۋا دەيدۇ.

# ش

▲**شەب (شب)** كېچە. (تەس.) (1) ئالەمى غەيىب، ئالەمى جەبەرۇت، يوقلۇق قاراڭغۇلۇقى بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئەيانى سابىتە. (2) نۇرلار. (3) بەشەرىيەت. **شەبى مىراج** مىراج كېچىسى، ئىنسان روھىنىڭ ھەققە يۈكسىلىشى. روھىي يۈكسىلىش.

▲**شەم (شعم)** شام. (تەس.) ئىلاھىي نۇر، سالىكنىڭ قەلبىنى كۆيدۈرگەن ئىلاھىي نۇرنىڭ پارلىشى، مۇشاھىدە ئەھلىنىڭ قەلبىدە پارلىغان ئىرفان نۇرى.

▲**شەربەت (شربت)** (تەس.) ئىلاھىي فەيز، ئىلاھىي ئىشق، ئىشق شارابى.

▲**شەيدا (شيدا)** ساراڭ، تېجىمەل. (تەس.) (1) كۆچلۈك مۇھەببەت ۋە ئىشق دەردىگە قېلىپ ئۆزىدىن كەچكەن، جۇنۇن. (2) جەزبە ئەھلى.

▲**شەيخ (شيخ)** ياشانغان، قېرى، ئاقساقال. (تەس.) نەپستە پانىي ھەقتە باقىي ۋەلىي، ھەقنىڭ دوستى. (2) تالىپلارغا يول باشلاش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش لاياقىتىگە ئىگە بولغان كامىل ئىنسان، مۇرشىد.

▲**شەۋق (شوق)** ئارزۇ، ئىستەك. (تەس.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆڭۈلنىڭ يار بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى، ئاللاغا يېتىش ئارزۇسى.

## غ

▲غەۋس (غوث) ياردەم، مەدەت، مەدەتكار. سوپىلار چوڭ پىرلار، ۋەلىيلەرنى غەۋس دەپ ئاتىغان. غەۋسى ئەزەم — ئۇلۇغ مەدەتكار.

## ف

▲فەقر (فقر) يوقسۇللۇق، قاشقاشلىق. (تەس.) (1) دەرۋىشلىك، سالىكنىڭ ھېچنەرسىگە ئىگە بولماسلىقى، ھەرقانداق شەيئىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى. (2) سالىكنىڭ ئۆزىنى دائىم ئاللاغا موھتاج ھېس قىلىشى، ئاللانىڭ ھېچنەرسىگە موھتاج ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشى. (3) فەنا، فەنافىللاھ. سالىكنىڭ ھەقتە يوق بولۇشى ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭغا موھتاج سېزىشى. بۇ مەنىدەكۆپىنچە «فەقرۇ فەنا» شەكلىدە كېلىدۇ. فەقر ئىككى تۈرلۈك: (1) «فەقرى سۇرى» — كىشىنىڭ مال - مۈلكى بولماسلىقى. (2) «فەقرى مەنەۋى» — كىشىنىڭ ئۆزىنى مۇتلەق ھالدا ھەقكە موھتاج ھېس قىلىشى، بىلىشى. تەسەۋۋۇپتا دېيىلگەن فەقر مەنەۋى فەقردۇر.

▲فەنا (فنا) يوقلۇق، يوقىلىش. (تەس.) ئۆزلۈكتىن

كەچكەن هال، ئۆزىدىكى قۇسۇر ـ نۇقسانلاردىن فەنا بولغان هال.

دېدىڭ «فەنا نېدۇر؟» مۇختەسەر دېيىن «ئۆلمەك!»
كى شەرھىن تىلەسەڭ يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.
(نەۋائىي)

▲**فەيز (فيض)** تاشماق، تولۇپ تاشماق؛ ئىلھام. (تەس.) سالىكنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەجرى نەتىجىسىدە ئاللا تەرىپىدىن ئۇنىڭ قەلبىگە بىلدۈرۈلگەن ئىلاھىي سىرلار؛ ھەر ۋاقىت تەجەللى قىلغان فەيز (نۇر) بىلەن مەيدانغا كەلگەن بارلىقلار؛ غەيىب سىرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى.

▲**فەيزى ئەقدەس (فيض اقدس)** ئەڭ مۇقەددەس فەيزى. (تەس.) ئاۋۋەل ئىلىم، ئاندىن ئەين مەرتىۋىسىدە شەيئىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان زاتى ھۇببى (مۇھەببەت زاتى) تەجەللى.

▲**فەيزى مۇقەددەس (فيض مقدس)** مۇقەددەس فەيز. (تەس.) شەيئىلەردىكى ئىستىبداتلارنىڭ سىرتقا زۇھۇر قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئىسىم تەجەللىلىرى. فەيزى مۇقەددەس فەيزى ئەقدەسكە باغلىقتۇر. فەيزى ئەقدەس بىلەن ئەيانى سابىتە ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلى ئىستىبداتلىرى ئىلمى غايىبتا بارلىققا كېلىدۇ. فەيزى مۇقەددەستە بۇ ئەيان ئاساسىي ئۆزگىچىلىكلىرى ۋە پۈتۈن ئۇنسۇرلىرى بىلەن سىرتتا بارلىققا كېلىدۇ. **فەيزى ئىسنادى** — شەيخكە ۋە مۇرىتلىرىغا سەنەد (دەلىل، ھۇججەت) ۋە سىلسىلە (نەسەب) يولى بىلەن كەلگەن فەيز، روھانىيلار يولى بىلەن يەتكەن فەيز، ئىرفان. بىۋاسىتە ئاللادىن كەلگەن فەيز **فەيزۇللاھ، فەيزى ئىلاھى** دېيىلىدۇ.

▲**فىراق (فراق)** ھىجران، جۇدالىق، ئايرىلىش. (تەس.) ۋەھدەت مەقامىدىن يىراقتا قالماق. ۋىسال ھالىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولالماسلىق. سالىكنىڭ ئەسلى ۋەتىنى بولغان غايىب ۋە روھلار ئالىمىدىن ئايرىلىپ بۇ ئالەمگە كېلىشى. بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە كېتىشىنى بولسا ۋىسال دەپ ئاتاشقان.

▲**فۇتۇھات (فتوحات)** فەتىھلەر، ئېچىلىشلار، زۇھۇرات، تەجەللىيات. (تەس.) (1) يېپىق بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەت ئىشىكلىرىنىڭ سالىكقا ئېچىلىشى. مەسىلەن، رىزىق، ئىبادەت، ئىلىم، مەرىفەت، كەشىق ۋە باشقىلار. (2) غايىب كامال ھاللىرى بىلەن زۇھۇر قىلماق.

▲**فۇتۇۋۋەت (فتوت)** ياشلىق، يىگىتلىك، مەردلىك، ئالىيجانابلىق. (تەس.) (1) پىداكارلىق، مەردلىك، ئالىيجانابلىق، ئادىمىيلىك، ئىنسانىيلىق. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرمەك. باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش. (2) غەرەزسىز، مەقسەتسىز ھەم ھېچقانداق ھەق، بەدەل تەلەپ قىلماستىن باشقىلارغا ياردەم، ياخشىلىق قىلىش. (3) باشقىلارنى ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرمەك، يۇقىرى ئورۇنغا قويماق.

## ق

**قال (قال)** گەپ، سۆز، دېمەك. **قىلۇقال**— گەپ - سۆز. (تەس.) **ئىلمى قال**— زاھىري ۋە شەرئى (شەرىئەت) ئىلىملەر. **ئىلمى ھال**— باتىنىي ئىلىم، تەسەۋۋۇپ. **ھال تىلى** — تەسەۋۋۇپتىن سۆزلىمەك. **قال ئەھلى**— زاھىري ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىدىن خەۋەردارلار، شەرىئەت تەرەپدارلىرى. **ھال ئەھلى**— تەسەۋۋۇپ ئەھلى. باتىنىي سىرلاردىن خەۋەر تاپقانلار. **قالدا قالماق** — سۆزدىلا قالماق، تېگىگە، مەنىسىگە يەتمەسلىك، چۈشىنەلمەسلىك، تەسەۋۋۇپ ھەقىقەتلىرىنى بىلمەسلىك. **قال**

**شەيخى** — يالغان شەيخ، ساختا شەيخ.

▲**قەترە (قطرە)** تامچە. (تەس.) ئىلاھىي تەجەللىلەر، قەلب، ئىنسانى كامىل.

▲**قەدەھ (قدح)** قەدەھ، جام، ئىدىش. (تەس.) (1) ۋاقىت. (2) مەنىۋى ھال، روھىي خۇشاللىق، شەۋق، جەزبە، ۋەجد.

▲**قەفەس (قفس)** بەدەن، نەفسى ئەممارە. سوپىلار روھنى قۇشقا، بەدەننى قەپەسكە ئوخشىتىدۇ. خۇددى ئادەم ئۆلگەندە روھ قۇشى بۇ قەپەستىن قۇتۇلۇپ، مۇقەددەس ماكانىغا ئۇچقىنىغا ئوخشاش، «ئۆلۇشتىن ئاۋۋال ئۆلمەك» نىڭ مەنىسىگە يەتكەنلەرمۇ بۇ قەپەستىن قۇتۇلۇپ، ئۇلۇھىيەت (ئۇلۇغلۇق) ئاسمىنىغا ئۇچىدۇ.

▲**قەلب (قلب)** قەلب، كۆڭۈل، دىل، ۋىجدان. (تەس.) (1) ئىلاھىي خىتابنىڭ ئورنى. (2) مەرىفەت ۋە ئىرفان دەپ ئاتىلىدىغان تەسەۋۋۇپىي بىلىمنىڭ مەنبەسى، كەشف ۋە ئىلھام ئورنى. (3) ئىلاھىي كەڭلىك (ۋۇسئەتى ئىلاھىيە) نىڭ ئورنى، ئاللانىڭ ئۆيى، يەر ۋە كۆككە سىغمىغان ئاللا ئىچىگە سىغىدىغان يەر. (4) تەجەللى ئەينىكى، ئىلاھىي ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە تەجەللى قىلغان يېرى. (5) قەلب كۆزى (ئەينۇل قەلب، چەشمى دىل). بۇ كۆز بىلەن ئىنسان غايىب ۋە ئىلاھىي ئالەمگە ئائىت ئىشلارنى كۆرىدۇ.

▲**قەنائەت (قناعت)** قانائەتچان، قارنى ـ كۆكسى توق، قانائەتلىك، ئاچ كۆز ئەمەس. «قانائەت دېمەك — ئىبادەت قىلغۇدەك قۇۋۋەت ھاسىل قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتۇر، شۈنچىلىك قۇۋۋەت ھاسىل قىلىشتىن ئوشۇق ھەممە ھەۋىسىنى كۆڭلىدىن كەتكۈزۈشتۇر. ئاجىزلىق بىلەن ئۆز نەپسىنى ئازۇردە تۇتۇشتۇر. مەھرۇملۇق بىلەن شەھۋەتنىڭ زورىنى پەژمۇردە قىلىشتۇر. قانائەت بىر بۇلاقتۇركى، سۈيىنى ئېلىش بىلەن قۇرىمايدۇ…»

(نەۋائىي: م. ق. 99).

▲**قەۋس (قوس)** ياي، كامان: يېرىم چەمبەر شەكلى. (تەس.) مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ قارىشىچە، پۈتۈن مەۋجۇدات ئاللادىن كەلگەن بولۇپ، يەنە ئەسلىگە قايتىدۇ. ھەقتىن كەلگەن ئىلاھىي نۇر ۋە تەجەللىنىڭ جەماد (مىنېراللار)، نەبات ۋە ھايۋان باسقۇچلىرىدىن كېيىن ئىنسان شەكلىدە تەجەللى قىلىشى «قەۋزى نۇزۇل» (ياي شەكىللىك تۆۋەنگە چۈشۈش)، بۇ نۇرنىڭ ئەسلىگە قايتىش جەريانى «قەۋسى ئۇرۇج» (ياي شەكىللىك يۇقىرى ئۆرلەش) دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى ياي بىر دائىرىنى (چەمبەرنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. پۈتۈن چۈشۈش ۋە ئۆرلەش جەريانى مۇشۇ دائىرىنى ئايلىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. (كىتابنىڭ II بابىغا قاراڭ.)

▲**قۇتب (قطب)** ئوق، تۈۋرۈك، غول. (تەس.) (1) ئەڭ ئۇلۇغ ۋەلىي. (2) ھەر زامان ئاللانىڭ نەزەرى چۈشكەن يېگانە كىشى. (3) قۇتب ئالەمنىڭ روھى، ئالەم ئۇنىڭ بەدىنى كەبىدۇر. ھەممە شەيئى قۇتبنىڭ ئەتراپىدا ۋە ئۇنىڭ سايىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. **قۇتبۇل ئەقتاب** — قۇتبلارنىڭ قۇتبى. ▲**قۇتبۇل ئەكبەر** — ئەڭ ئۇلۇغ قۇتب.

▲▲**قۇددىسە سىررۇھۇ (قدس سره)** سىرى مۇقەددەس بولسۇن. ۋاپات بولغان ۋەلىيلەر تىلغا ئېلىنغاندا ئېيتىلىدۇ. «قەددەسەللاھۇ سىررەھو» مۇ دېيىلىدۇ.

▲**قۇربان (قربان)** ئاللا يولىدا بىر نەرسە قۇربانلىق قىلىش. (تەس.) فەنا مەرتىۋىسى، پىداكارلىق، بەندىنىڭ ئۆزىنى (نەپسىنى) ئاللا يولىدا پىدا قىلىشى. ئەڭ چوڭ قۇربانلىق ئىنساننىڭ نەپسىنى پىدا قىلىشىدۇر. بەزى مۇتەسەۋۋىپلار «قۇرئان» نىڭ بەقەرە سۈرىسىدىكى «ئاللا بىر سىيىر ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى» دېگەن ئايەتنى «نەپسىڭىزنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى» دەپ تەلقىن قىلىشقان.

▲قىلۇ قال (قيل و قال) گەپ - سۆز. (تەس.)
زاھىرىي ئىلىم.

## ك

▲كەئبە (كعبه) ۋۇسلات مەقامى. كۆڭۈلنىڭ ھەقكە يۈزلىنىشى. بۇ مەقامدا ئاشىقنىڭ مەشۇق ۋىسالىغا يېتىشى ئۈچۈن ئىھرامغا كىرىشى كېرەك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ھاجىلار كەبىگە، ئاشىقلار مەشۇقنىڭكىگە بېرىپ ئىھرامغا كىرىدۇ. ھاجىلار كەبىنى، كەبە ھەق ئاشىقلىرىنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىدۇ. زاھىردىكى كەبە ئىبادەت، باتىندىكى كەبە يار جامالىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئىككى كەبە بار: (1) مەككىدىكى كەبە. (2) كۆڭۈل. يەنى قەلب، دىل: كەبە خەلىل، كەبەئى جەلىل. سوپىلار قەلبتىكى كەبىگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىدۇ.

كەئبە بۇنيادى خەلىلى ئازەرەت،
دىل نەزەرگاھى جەلىلى ئەكبەرەست.
(كەبە ئازەرنىڭ ئوغلى خەلىل (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) سالغان بىر ئۆي، قەلب بولسا ھەق نەزەر سالغان جاي.)

▲كەرەم (كرم) ئېھسان، لۇتۇف، ساخاۋەت، مىننەتسىز، بەدەلسىز ياردەم. «كەرەم بىر جاپاكەشنىڭ قاتتىقچىلىق يۈكىنى كۆتۈرۈشتۇر ۋە ئۇنى بۇ قاتتىقچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتۇر. بىراۋ ئۈچۈن خارلىق يۈكىنى كۆتۈرۈشكە ماقۇل بولۇشتۇر، تىكەننىڭ ئارىسىدىن گۈلدەك ئېچىلىشتۇر. يەنە قىلغاننى دەپ يۈرمەسلىك ۋە ئېغىزغا ئالماسلىقتۇر. كەرەم قىلىنغان كىشىگە مىننەت قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالماسلىقتۇر» (نەۋائىي: م. ق. 151).
▲**كەسرەت ـ ۋەھدەت** (كثرت ـ وحدت) كۆپلۈك ـ بىرلىك. (تەس.) يېگانە بارلىق بولغان ھەقنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى تەجەللى قىلىپ كۆپلۈك شەكلىدە كۆرۈنۈشى كەسرەت. بۇ شەكىل جەھەتتىكى كۆپلۈكنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇققا ئىگە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ، بارلىقنىڭ پەقەت بىر يەنى ئاللا ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ۋەھدەت دېيىلىدۇ. **ۋەھدەتتە كەسرەت** — جەم مەقامى. «ھەممە شەيئى ئۇنىڭغا قايتىدۇ.» مەرتىۋىسى. **كەسرەتتە ۋەھدەت** — ئايرىلىش، بۆلۈش، تەپرىقە.
▲**كەشف** (كشف) بايقىماق، ئاشكارا قىلماق، ئوتتۇرىغا چىقارماق. پەردىنىڭ ئېچىلىشى، سىرنى ئېچىش. (تەس.) (1) پەردىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى غايىب سىرلار ۋە ھەقىقىي شەيئىلەردىن ۋاقىپ بولۇش. مۇكاشىفە — بەدەن ۋە سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ روھ ئالەمىنى سەير قىلىشى. (2) ئىلھام. ھېچقانداق ۋاستىسىز، بىۋاستە ئاللادىن ئېلىنغان بىلىم. بۇ بىلىم يا ئىلاھىي خىتابنى ئىشتىمەك ۋە ئاڭلىماق ۋە ياكى غايىب ئالەمنى كۆرۈش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.
▲**كەمال** (كمال) يېتىشكەنلىك، كامىللىق، كامالەت، يۈكسەكلىك. (تەس.) نەپسانىي ۋەسف ۋە سۈپەتلەردىن ھەم بۇلارنىڭ تەسىرلىرىدىن قۇتۇلماق. مەنىۋى يۈكسىلىش، روھىي كۆتۈرۈلۈشكە ئېرىشمەك. **ئىلاھىي كەمال** — ئاللانىڭ ئۆزى مۇتلەق كەمالدۇر، ئىنسانلار ئىلاھىي كەمالدىن ئالغان ئۈلۈشلىرىگە قاراپ كامالەت تاپىدۇ. بۇنىڭدىن ئەڭ كۆپ ئۈلۈش ئالغانلار **ئىنسانى كامىل** دېيىلىدۇ. كامىللىق ئەۋلىيانىڭ يۈقىرى دەرىجىسى بولۇپ، شەرىئەت، تەرىقەت ۋە ھەقىقەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ.
▲**كەۋن** (كون) بارلىق، دۇنيا، ئالەم. (تەس.) جىمى

بارلىقلار، كائىنات، ئالەم. كەۋنى جەم— ئىنسانىي كامىل. ▲كەۋنى فۇتۇر— تەجەللى قىلغان ئەسما ۋە سىفاتنىڭ ھەقتىن ئايرىلىپ كۆپلۈك شەكلىدە زۇھۇر بولۇشى.

▲كەۋنەين (كونين) ئىككى دۇنيا، دۇنيا ۋە ئاخىرەت.

▲كۇرسى (كرسى) ئەمر ۋە ياساق ئورنى.

▲كۇلاھ (كلاه) سوپى ۋە دەرۋىشلەرنىڭ باش كىيىمى، سەرپۇش.

▲كۇن (كن) «بول». ئاللا بىر شەيئىنى ياراتماقچى بولسا ئۇنىڭغا «بول» (كۇن) دەيدۇ، ئۇ شەيئى بار بولىدۇ دېگەن ئەقىدە بار. تەسەۋۋۇپتا ئاللانىڭ بۇ ئەمرى «كەلىمەتۇل ھەزرەت» ۋە «كەلىمەئى تەكۋىن»، «كۇن خىتابى» دېيىلىدۇ.

▲كىبىر (كبر) بۈيۈكلۈك، چوڭلۇق؛ ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، كىچىك پېئىل، كەمتەر بولماسلىق؛ مەنمەنلىك.

## گ

▲گەدا (گدا) تىلەمچى، يوقسۇل. (تەس.) ئىلاھىي تەجەللىلەرگە موھتاج بولغان سالىك.

▲گۇل (گل) گۈل، چېچەك. (تەس.) قەلبتە مەيدانغا كەلگەن بىلىم (كەشپ) نىڭ نەتىجىسى ۋە مېۋىسى. تەسەۋۋۇپتا گۇل بىلەن بۇلبۇل بىرلىكتە قوللىنىلىدىغان رەمزلەر بولۇپ، بۇلبۇل ئاشىققا، گۇل مەشۇق، جانانغا تەمسىل قىلىنىدۇ.

▲گۇلزار (گلزار) گۈللۈك، گۈلزارلىق. (تەس.) قەلبنىڭ تولۇق فەتھى قىلىنىشى ۋە ئېچىلىشى. سالىكنىڭ كۆڭلىنىڭ مەرىفەت ۋە ئىرفانغا ئېچىلىشى.

▲گۇلخان (گلخن) گۈلخان. (تەس.) بەدەن، نەپس زىندانى، دۇنيا ۋە دۇنيا ۋەسۋەسىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ل

▲**لاھۇت (لاھوت)** زاتى ئەھەدىيەت، ئىلاھىيلىق، ئىلاھىي مەرتىۋە، ۋەھدەتمۇ لاھۇت دېيىلىدۇ.

▲**لەب (لب)** لەۋ. (تەس.) كالام، سۆز. **لەبى لەئىل**— قىپقىزىل لەۋ — يارنىڭ سۆزى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەنە. **لەبى شەكەرى** — شېكەر لەۋلەر. مەلەكلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە، قەلبىنىڭ پاكلىنىشى نەتىجىسىدە ۋەلىيلەرگە ئاللادىن كەلگەن سۆز. **لەبى شېرىن** — شېرىن لەۋ. ھېچقانداق ۋاستىسىز كەلگەن ئىدراك ئەتكىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان سۆز، يارنىڭ سۆزى؛ جانان، يار. لەۋدىكى نەملىك ئابى ھاياتقا، يەنى ئىشق بۇلىقىغا ئوخشىتىلىدۇ.

▲**لەيلەئى قەدىر (ليلهٔ قدر)** قەدىر كېچىسى. (تەس.) سالىكنىڭ ئايرىم بىر تەجەللىگە مەزھەر بولۇشى ۋە بۇ تەجەللى سايىسىدە يارنىڭ ئالدىدىكى قەدرى ۋە قىممىتىنى بىلگەن كېچە. بۇ سالىكنىڭ ئەينۇل جەم ۋە مەرىفەتنىڭ ئاخىرقى مەقامىغا يېتىشىنىڭ دەسلىپىدە بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

▲**لەدۇن ئىلمى (لدن علمى)** ئىلمى لەدۇن. (تەس.) ئاللادىن ھېچقانداق ۋاستىسىز كەلگەن ئىلىم، ئىلھام.

▲**لوقما (لقمه)** غىزا، تاماق. سوپىلارنىڭ قارىشىچە، ئىلھام ۋە فەيزگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھالال لوقما يېيىش شەرت. ھالال لوقما يېمىگەن كىشى مەلەكتىن كەلگەن ئىلھام بىلەن شەيتاندىن كەلگەن ۋەسۋەسىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. دەرۋىشلەر، سوپىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىر خىرقە، بىر لوقما بولسا كۇپايە.

▲**لۇتۇف (لطف)** ئېھسان، لۇتۇپ. (تەس.) ئىنسانىنى ھەقكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىش - ھەرىكەت. قەلبتىكى زەۋقنىڭ

ساقلىنىشى، ئۇزۇنراق داۋام قىلىشى ئۈچۈن ھەقنىڭ ياردەمدە بولۇشى.

# م

▲**ماسىۋا (ماسوى)** ئاللادىن باشقا شەيئى. «ماسىۋاللاھ» مۇ دېيىلىدۇ.

▲**ماھ رۇي (ماه روى)** ئاي يۈز. (تەس.) (1) مەيلى چۈشتە ياكى ئويغاق ھالەتتە مۇشاھىدە ئېتىلگەن بولسۇن، ماددىدىكى تەجەللىلەر، كۆرۈنۈشتىكى، شەكىل جەھەتتىكى تەجەللىلەر. (2) ئىلاھىي تەجەللى نۇرلىرى، ئاي يۈزلۈك جانان. **ماھى سىيام**— رامىزان ئېيى. (تەس.) رىيازەت ۋە چىللە مەزگىلى.

▲**ماھى (ماهى)** بېلىق. (تەس.) مەرىفەت دېڭىزىغا چۆككەن كامىل ئارىف. ئالەمدىكى ھەر بىر زەررە ئاللانىڭ بارلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكىنى تونۇمىغانلار دېڭىزدىكى بېلىق سۇ ئىزدىگەنگە ئوخشاش ئۇنى ئىزدەيدۇ دەپ تەمسىل قىلىنىغان.

▲**مەتلۇب (مطلوب)** مەقسەت، يار، جانان. (تەس.) ئاللا.

▲**مەجاز (مجاز)** ئۆتكۈنچى، كۆچكۈچى، يوقالغۇچى، پانىي دۇنيا. تەسەۋۋۇپتا مەجاز ھەقىقەتكە يېتىشتىكى كۆۋرۈك دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى ھەقىقەت — ئاللادۇر.

▲**مەجلىس (مجلس)** ھۇزۇر ۋە ھىجران بەلگىلىرى ۋە ۋاقىتلىرى.

▲**مەجمەئۇل بەھرەيىن (مجمع الجرين)** ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلغان يېرى. (تەس.) (1) ئىلاھىي ئىسىملارنىڭ ۋە دۇنياۋى (كەۋنىي) ھەقىقەتلەرنىڭ بىرلەشكەن يېرى بولۇش ئېتىبارى بىلەن **جەمئۇل ۋۇجۇد مەقامى.** (2) قەلب.

www.uyghurkitap.com

ماددىي ۋە مەنىۋى ئالەم قەلبتە بىرلەشكىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا (قەلبكە) بۇ نام بېرىلگەن. (3) خىزىر بىلەن مۇسانىڭ ئۇچراشقان يېرى.

▲**مەجنۇن** (مجنون) ساراڭ، دىۋانە؛ تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدىكى قەيسىنىڭ لەقىمى، ئۇ لەيلىنىڭ ئىشقىدا ساراڭ بولغان دەپ مەجنۇن دېيىلگەن. (تەس.) ئىلاھىي ئىشق بىلەن ئۆزلۈكتىن كەچكەن، ئەقلى ـ ھوشى يوقىغان ئاشىق.

▲**مەخدۇم** (مخدوم) خىزمەت قىلىنغان. (تەس.) شەيخ، خەلىپە.

▲**مەرىفەت** (معرفت) ئىلىم، بىلىم. (تەس.) (1) ئاللانى تونۇش، بىلىش. «مەرىفەتۇللاھ» مۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئىلىمگە ئېرىشكەن كىشى «ئارىفى بىللاھ» دېيىلىدۇ. (2) تەسەۋۋۇپتىكى ھەقنى بىلىشنىڭ تۆت چوڭ باسقۇچى (شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىفەت، ھەقىقەت) نىڭ ئۈچىنچىسى.

▲**مەزھەر** (مظهر) بىر شەيئىنىڭ زۇھۇر قىلغان يېرى، ئەينەك، تەجەللىگاھ. ئاللانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ زۇھۇر ۋە تەجەللى قىلغان يېرى.

▲**مەست** (مست) سەرخۇش، مەستخۇش، مەستلىك. (تەس.) مەستلىك، ئىشقىنىڭ ئاشقىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى. **مەستى خەراب**— مەسلىككە غەرق بولغان، ئىشق دېڭىزىغا پاتقان.

▲**مەشۇق** (معشوق) مەشۇق، يار، جانان، دىلبەر، ئاشىق بولۇنغان. (تەس.) ئاللا.

▲**مەقام** (مقام) مەنزىل، باسقۇچ، ئورۇن، مەرتىۋە. (تەس.) سالىكنىڭ ئۆز ئىرىشچانلىقى بىلەن روھىي تاۋلىنىشلار ئارقىلىق يەتكەن باسقۇچ، دەرىجە. مەقام ئىرادە بىلەن ئىرىشىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

▲**مەلامەت (ملامت)** قىينالماق، ئەيىبلەنمەك، قارىلانماق، سۆكۈلمەك. (تەس.) مەلامەت سالامەتنى تەرك ئېتىشتۇر. قىينالغانلارنىڭ قىينىلىشتىن باش تارتماستىن ئالغا مېڭىشى؛ ئەرزىيەت چېكىش، تىل - ئاھانەتلەرگە قىلىشقا پەرۋا قىلماسلىق.

▲**مەلەكۇت (ملكوت)** غايىب ئالىمى.

▲**مەنقەبە (منقبە)** شەيخلەر، ۋەلىيلەرنىڭ ھاياتى، ھالى ۋە مەقاملىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى سۆزلەنگەن ئەسەرلەر، رىۋايەتلەر.

▲**مەھبۇب (محبوب)** يار، جانان، مەشۇق. (تەس.) ئاللا.

▲**مەھۋ (محو)** يوق قىلماق، يوقاتماق؛ يوقىلىش، يوق بولۇش، ئۆچۈش. (تەس.) بىر شەيئىنىڭ ھېچقانداق ئىزى، بەلگىسى قالمىغان ھالدا يوق بولۇشى. فەنا بولماق، ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلماق. ئىنسانلىق بەلگىلىرىنىڭ ھەق ۋۇجۇدىدا يوق بولۇشى.

▲**مەۋت (موت)** ئۆلۈم. (تەس.) نەپسىنى ئۆلتۈرمەك، ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى يىلتىزىدىن قۇرۇتماق. ماددىي مەئىشەتلەرگە ۋە جىسمانىي زەۋقلەرگە باشلايدىغان ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ يوق ئېتىلىشى نەپسنىڭ ئۆلۈمى ھېسابلىنىدۇ. «ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلۈش» نىڭ مەنىسى مۇشۇ. شۇڭا نەپس بىلەن جەڭ قىلىشنى «جىھادى ئەكبەر» دېيىشىدۇ. تەسەۋۋۇپتا بۇ ئۆلۈم چۈشەنچىسى تۆت خىل ئۆلۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: (1) ئاق ئۆلۈم — نەپسنى ئاچ ۋە سۇسىز قالدۇرماق. (2) قارا ئۆلۈم — خالايىقتىن ئازار ۋە ئەلەم يەتسە ئاڭا سەۋر قىلماق. (3) قىزىل ئۆلۈم — ياخشى لىباسلار مېھرىدىن كېچىپ، كونا پەقىرانە لىباسلار كىيمەك. (4) يېشىل ئۆلۈم — نەپسنىڭ خاھىشىدىن كېچىپ، ئۇنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلماق

(نىزارى: د. ن. 89).

▲مەي (مي) بادە، شاراب، مەي. (تەس.) ئىشقىنىڭ مەستخۇشلۇقى، ھاياجىنى. تەسەۋۋۇپتا مەي ئىلاھىي ئىشقىنىڭ رەمزى. مەستلىك مانا شۇ ئىلاھىي ئىشقتىن بىھوش بولۇپ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالىنىڭ تىمسالى.

▲مەيخانا (ميخانه) كامىل ئارىفنىڭ ئىلاھىي ئىشق، شەۋق ۋە مەرىفەت بىلەن تولغان قەلبى، لاھۇت ئالىمى.

▲مۇرغ (مرغ) قۇش، توخۇ. (تەس.) روھ. سوپىلار بەدەننى قەپەسكە، روھنى قۇشقا ئوخشىتىدۇ.

▲مۇرشىد (مرشد) يولباشچى، يېتەكلىگۈچى، يول كۆرسەتكۈچى. (تەس.) پىر، شەيخ، مۇرشىد: مۇرىتقا يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكلىگۈچى.

▲مۇرىد (مريد) ئىستىگەن، ئارزۇ قىلغان، ئىرادە ئەھلى، ئىرادىلىك. (تەس.) تەرىقەتكە كىرگەن، شەيخكە، مۇرشىدقا قول بەرگەن. مۇرىت ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىرادىسىنى مۇرشىدنىڭ ئىرادىسىگە تاپشۇرغان بولىدۇ.

▲مۇرۇۋۋەت (مروت) ئادىمىلىك، ئىنسانىيلىق، مەردلىك، سېخىيلىق. (تەس.) مەنىۋى كامىللىق، ئىنساننىڭ ئۆز ھال ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئەڭ يۇكسەك ۋە گۈزەل سەۋىيىدە تۇتۇشى؛ ساغلام، كۈچلۈك ۋە ئەخلاقىي خىسلەت ھەم پەزىلەتلەردە كامىل كىشى. ساخاۋەت ئەھلى.

▲مۇشاھەدە (مشاهده) كۆرمەك، تاماشا ۋە سەير قىلماق، پەردىنىڭ ئېچىلىشى. (تەس.) (1) ھەقنىڭ كۆڭۈللەردە ھازىر بولۇشى. تەسەۋۋۇپتا مۇشاھەدەنىڭ توغرا ۋە تولۇق بولۇشى ئۈچۈن شاھىتنىڭ مەشھۇد (تاماشا قىلغۇچى، كۆرگۈچىنىڭ تاماشا قىلىنغۇچى، كۆرۈلگۈچى) بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭدا فەنا بولۇشى شەرت دەپ قارىلىدۇ. جۇنەيد باغدادى بۇ ھالنى «سالىكنىڭ ئۆزىنى يوق قىلىپ ھەقنى

تىپىشى» دەپ تەرىپلەيدۇ. (2) زاتىمى تەجەللىلى. (3) شەيئىلەرنى ئەسلىدىكى يەككە (تەۋھىد) ھالى بىلەن كۆرۈش. (4) ئەينى جەم مەقامى. (5) ھەققەل يەقىن ھالى. نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەيخلىرى ۋە مۇردلىرى مەنە ئالىمىدە كۆرگەنلىرى ۋە بۇ ئالەم بىلەن باغلىنىشى بار يۈكسەك ۋە روھىي ھاللارنىمۇ مۇشاھەدە دەپ ئاتىشىدۇ.

▲**مۇغ (مغ)** مەجۇسىي، ئاتەشپەرەس. (تەس.) مۇرىت، تالىپ، ئاشىق؛ مەيپۇرۇش. **پىرى مۇغان** — شەيخ، مۇرشىد.

▲**مۇغبەچچە (مغ بچچه)** مەجۇسىي بالا، ئاتەشپەرەس بالا؛ چىرايلىق بالا. (تەس.) مەي توشۇغۇچى بالا، مەيخانا خىزمەتچىسى.

▲**مۇكاشىفە (مكاشفه)** كەشىپ قىلىش، كەشىپ ھالى، قەلب كۆزىنىڭ ئېچىلىشى، غايىب ئالىمىنى كۆرگەن ھال.

▲**مۇلك (ملك)** شاھادەت ئالىمى، ماددىي ۋە جىسمانىي ئالەم.

▲**مۇناجات (مناجات)** پىچىرلاشماق، يوشۇرۇن سۆزلەشمەك. (تەس.) ئىنساننىڭ ئاللاغا يالۋۇرۇشى (دۇئا قىلىشى)، موھتاجلىقى، تىلەكلىرىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشى. مۇشۇ مەزمۇندىكى شېئىرلارمۇ مۇناجات دېيىلىدۇ.

▲**مۇھاسىبە (محاسبه)** سالىكنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشى، ئۆزىنى ھېسابقا تارتىشى.

▲**مىرئات (مرات)** ئەينەك. (تەس.) يوقلۇق. تەسەۋۋۇپتا بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئالەم ۋە كائىناتنى ئەينەك سۈپىتىدە ياراتقان، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار يوق دەپ قارىلىدۇ.

▲**مىراج (معراج)** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇراققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىنىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ئاللا بىلەن كۆرۈشۈشى. (تەس.) روھىي يۈكسىلىش، كۆتۈرۈلۈش. بايەزىد بەستامىدىن باشلاپ سوپىلاردا ئۆزلىرىنىڭ مىراجغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدىغان خاھىش پەيدا بولغان. ئەتتار «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» دا بايەزىد بەستامىنىڭ مىراجىنى ھېكايە قىلىدۇ. ئىبنى — ئەرەبىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مىراجنى تىلغا ئالىدۇ. مىراج ئومۇمىي مەنىدە روھنىڭ يۈكسىلىشى ۋە مەنىۋى ئۆرلەشنى كۆرسىتىدۇ.

▲ **مىسال ئالەمى (عالمى مثال)** بۇ بەش ئالەمدۇر: (1) غەيبى مۇتلەق. (2) ھەزرەتى ئۇقۇل (ئەقىللەر ئالىمى). (3) ھەزرەتى ئەرۋاھ (روھلار ئالىمى). (4) ھەزرەتى مىسال (مىسال ئالىمى). (5) ھەزرەتى ھېس (ھېس ئالىمى). بۇ ئالەملەردىن ئالدىنقى تۆتى مىسال ۋە خىيال ئالىمى دېيىلىدۇ. بۇ شەيئىلەرنىڭ سۈرەتلىرى ۋە ئۆرنەكلىرى بولغان ئالەم ھېسابلىنىدۇ.

## ن

▲ **ناز (ناز)** (تەس). (1) يارنىڭ دەردلىك، غەمكىن ئاشىقىغا كۈچ بېغىشلىشى. (2) مەشۇقنىڭ ئاشىقنى ئالدىشى، جىلۋە قىلىشى.

▲ **نەزەر (نظر)** قارىماق، باقماق، بېقىش. (تەس.) شەيخلەرنىڭ ۋە كامىللىقتا يەتكەنلەرنىڭ مۇرىتلارغا ۋە سۈلۈك ئەھلىگە بېقىشى بولۇپ، بۇ بېقىش ئۇلارغا يېڭى بىر روھ بېغىشلاپ، دىللىرىنى فەيزگە تولدۇرۇپ، روھلىرىنى يۈكسەلدۈرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

▲ **نەفەس (نفس)** نەپەس، تىنىق. (تەس.) غايىبنىڭ ئۆزلۈتپى بىلەن كۆڭۈللەرنى شادلىقتا تولدۇرۇشى.

▲نەفس (نفس) جان، روھ، مەنلىك، ئۆزلۈك. (تەس.) ئىنساندىكى ھاۋايى - ھەۋەس، نەپسانىي تۈيغۇلارنىڭ ئورنى، نەپس، ئىستەك، ھەۋەس. («نەفس» تەسەۋۋۇپ ئەخلاقىدا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان مەسىلە بولۇپ، بىز كىتابتا بۇ ھەقتە خېلى كەڭ توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، لۇغەتتە كۆپ ئىزاھ بەرمىدۇق).

▲نەسىم (نسيم) مەيىن شامال، جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ئىللىق شامال. (تەس.) ئىلاھىي ئىنايەت يۈزىسىدىن ئۇرغان شامال، ئىلاھىي جامالنىڭ تەجەللى قىلىشى، ئۇزلۇكسىز كېلىۋاتقان ئىلاھىي رەھمەت، رەھمانى نەفەس.

▲نەشئە (نشئە) سۆيۈنمەك، شادلانماق، خۇشاللىق، كەيپ، يېنىك مەستخۇشلۇق. (تەس.) مەنىۋى خۇشاللىق (ھۇزۇر) ۋە روھىي زەۋقلەرگە ئىگە بولۇشتىن ھاسىل بولغان ھال.

▲نۇسخا (نسخە) ئۆرنەك، كوپىيە، نۇسخا. (تەس.) ئالەم — نۇسخەئى كۇبرادۇر، ئىنسان — نۇسخەئى سۇغرادۇر.

## ھ

▲ھاتىف (ھاتف) غايىبتىن كەلگەن ئاۋاز، سالىكنىڭ قەلبىدە تەجەللى قىلغان ۋە ئۇنى ھەقكە دەۋەت قىلغان ئاۋاز.

▲ھال (حال) ھال، ھالەت. (تەس.) ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە تىرىشچانلىقىدىن مۇستەسنا ھالدا ئاللانىڭ لۇتپى سۈپىتىدە قەلبكە ئايان بولغان مەنىلەر (فەيز، بەرىكەت، ھېس ۋە ھاياجان). قەلب ئەشۇ مەنىلەرنى ھېس قىلغان ۋاقىت. (كۆپلۈكى: ئەھۋال).

▲ھەزەراتى خەمس (حضرات خمس) بەش مەرتىۋە،

بەش ئالەم. (بۇ ھەقتە كىتابنىڭ II بابى ئالەم قارىشى قىسمىغا قارالسۇن).

▲**ھەزرەت (طرت)** ھوزۇر، دەرگاھ، ئىلاھىي دەرگاھ. (تەس.) مەقام، مەرتىۋە، ھەقنىڭ ھوزۇرى.

▲**ھەققەل يەقىن (حق اليقين)** بىۋاسىتە، ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن بىلىم: تەسەۋۋۇپتىكى بىلىشنىڭ ئۈچ باسقۇچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى.

▲**ھەقىقەت (حقيقت)** ھەقىقەت، ماھىيەت. (تەس.) تەسەۋۋۇپتىكى بىلىشنىڭ مەقسىتى ۋە ئوبيېكتى. شۇڭا ھەقىقەت «تەسەۋۋۇپ» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلغان. مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ قارىشىچە، ھەقىقەت ئىلمى تەسەۋۋۇپ، شەرىئەت ئىلمى فىقھىتۇر. ھەقىقەت بىلەن شەرىئەت بىر نەرسىنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ، ھەقىقەتسىز شەرىئەت مەقبۇل ئەمەس، شەرىئەتسىز ھەقىقەت بولسا باتىلدۇر. ھەقىقەت سوپىلارنىڭ ھەقنى بىلىشىدىكى تۆت باسقۇچنىڭ ئاخىرقىسى. سالىكنىڭ ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىپ، ھەقىقەتكە يەتكەن باسقۇچى.

▲**ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە (حقيقت محمديه)** مۇھەممەدنىڭ ھەقىقىتى. (تەس.) بارلىق گۈزەل ئىسىملارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئىلىك تەئەييۇن بىلەن بىللە بولغان زات؛ زات، ئىسمى ئەزەم. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بارلىق شەيئى، كائىنات بۇ ھەقىقەتنى ۋە بۇ ھەقىقەت ئۈچۈن يارىتىلغان.

▲**ھەۋا ـ ھەۋەس (هوى ـ هوس)** ئارزۇ، ئىستەك. (تەس.) نەپسنىڭ خاھىشى؛ نەپسنىڭ يۈكسىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، چىركىن، پەس خاھىشلارغا يۈزلىنىشى.

▲**ھەي (حى)** تىرىك، جانلىق، ھايات. (تەس.) ئاللانىڭ سۈپىتى، ئىسمى. ھەي ـ ھو — بىر خىل زىكىر شەكلى.

▲**ھەيۇلە (هيولى)** دەسلەپكى ماددا. (تەس.) ئۆزىدە سۈرەتلەرنى زۇھۇر قىلدۇرغان شەيئى. ئۆزىدە ھەرقانداق بىر سۈرەت پەيدا بولغان باتىن (كۆڭۈل).

▲**ھۇزۇر (حضور)** ھازىر بولماق، ھۇزۇرىدا بولماق. (تەس.) (1) ۋەھدەت مەقامى. (2) ھەقنىڭ ھۇزۇرىدا بولماق ۋە ئۆزىدىن كەچمەك. (3) ھۇزۇرى قەلب — قەلبىنىڭ پاكلىق سايىسىدا غايىب بولغان يارنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇشى.

▲**ھۆسن (حسن)** گۈزەللىك، ھۆسن. (تەس.) زاتنىكى كامىللىق بولۇپ، ھەقتىن باشقىدا تېپىلمايدۇ. ئىلاھىي گۈزەللىكلەر، ھۆسنى مۇتلەق — مۇتلەق گۈزەللىك يەنى ئاللا.

▲**ھۇلۇل (حلول)** بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئىگە سىڭىپ كىرىشى. (تەس.) ئاللانىڭ بەزى شەيئىلەر ياكى كىشىلەرگە كىرىشى ھەققىدىكى قاراش. بۇ قاراشتىكى مۇتەسەۋۋىپلارغا ھۇلۇل ئەھلى (ئەھلى ھۇلۇل) دەپ نام بېرىلگەن.

▲**ھۇۋىيەت (هويت)** غايىب ئالەمدىكى ھەقىقەت.

▲**ھىجاب (حجاب)** پەردە، توساق. (تەس.) سالىك بىلەن ئۇنىڭ مۇرادى ئارىسىدىكى توساق، پەردە. ئاشىقنى مەشۇقىدىن ئايرىپ تۇرغان پەردە. ئاشىقنى مەشۇقتىن يىراقلاشتۇرغان توساق.

▲**ھىجران (هجران)** ئايرىلىش، جۇدالىق، ھىجران. (تەس.) زاھىرەن ۋە باتىنەن ھەقتىن باشقىسىغا قارىماق. ئاشىقنىڭ مەشۇقىدىن ئايرىلىشى.

▲**ھىجرەت (هجرت)** كۆچمەك، سەپەر قىلماق. (تەس.) (1) ئىنسانىنىڭ بەدەن مەملىكىتىدىن ئايرىلىپ روھلار ئالەمىگە كۆچۈشى. (2) سالىكنىڭ ناچار خۇي ۋە سۈپەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ياخشى سۈپەتلەرگە كۆچۈشى، يەنى ئەخلاقىنى تاكامۇللاشتۇرۇشى. سوپى نەپسىنى قەلبكە، قەلبىنى سىرغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىردىن روھقا، روھتىن ھەقكە ھىجرەت قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ.
نەپس ئىسلام، قەلب ئىمان، سىر مەرىفەت، روھ تەۋھىد مەنزىلى
ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇ

▲**ئۇزلەت (عزلت)** يالغۇزلۇقتا ياشىماق، خىلۋەتتە يالغۇز ياشىماق، كىشىلەردىن قاچماق، يالغۇزلانماق. (تەس.) گۇناھقا پاتماسلىق، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە ئىخلاسى بىلەن ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇش ئۈچۈن كىشىلەردىن ئايرىلىپ خىلۋەت جايلاردا تەنھا ياشىماق.

## ئۆ

▲**ئۆلۈم (اولوم)** ئۆلۈم، مەۋت. (تەس.) ئۆلۈم ئىككى خىل: (1) تەبىئىي ئۆلۈم. (2) ئىختىيارىي ـ ئىرادىي ئۆلۈم. «ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆلۈش» مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان.

## ئۇ

▲**ئۇستاد (استاد)** شەيخ، پىر، مۇرشىد.
▲**ئۇلفەت (الفت)** دوستلۇق، ئۈلپەتلىك. (تەس.) سەمىمىي بولماق، كىشىلەرگە دوستانە بولماق، ھەممە بىلەن چىقىشماق، دوستلۇقتا ئۆتمەك.
▲**ئۇممۇل كىتاب (امالكتاب)** ئانا كىتاب. (تەس.) (1) ئەقلى ئەۋۋال. (2) زاتىنىڭ ئەسلىنىڭ ماھىيىتى، ھەقىقەتلىرىنىڭ ماھىيەتلىرى. (3) مۇتلەق بارلىق.

▲ئۇۋەيسلىك (اويسلىك) (1) مەنۋى تەربىيە، روھىي تەربىيە، ھېچقانداق پىر ياكى شەيخكە باغلانماستىن، بىۋاستە پەيغەمبەرنىڭ روھى ۋە مەنۋىيىتى تەربىيىدىن ئىرشاد ۋە تەربىيە بېرىلگەن ۋەلىيلەر. (2) بۇرۇن ئۆتكەن بىرەر ۋەلىينىڭ روھىيىتى تەربىيىلىگەن، زاھىردا ھېچقانداق شەيخى ياكى پىرى بولمىغان ۋەلىيلەر. نەۋائىي ئۇۋەيسنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلايدۇ: «...ھەر كىشىكى بۇ تائىدىن زاھىر يۈزىدىن پىرى مەلۇم بولمىسا ۋە مەشايخدىن بىرىنىڭ روھى ئانى تەربىيەت قىلغان بولسا، ئانى ئۇۋەيس دەرلەر». (سەدرىدىن سەلىم بۇخارى: «دىلدا يار»، تاشكەنت، 1993 - يىل.)

# ۋ

▲ۋەجد (وجد) شادلىق، زەۋق، قاتتىق ھاياجان. (تەس.) زەۋق، ھاياجان، ھەقتىن كەلگەن مۇكاشەفەلەر، تەجەللىلەر.

▲ۋەرە (ورع) تەقۋا، زەررىچىلىك بولسىمۇ كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك.

▲ۋەسىل (وصل) يەتمەك، ئېرىشمەك. (تەس.) ھەقكە يەتمەك، يارغا يەتمەك.

▲ۋەفا (وفاء) ۋاپا، سادىقلىق. (تەس.) روھنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماق، زېھنىنى دۇنيا تەشۋىشلىرىگە سەرپ قىلماسلىق.

▲ۋەلايەت (ولايت) (1) ۋەلىيلىك (ئەۋلىيالىق). (2) ھاكىملىق، ھۆكۈمرانلىق. (تەس.) ۋەلىيلىك (ئەۋلىيالىق)، ئاللا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە دوستلۇق.

▲ۋەلايەتنامە (ولايتنامە) مەنقەبەنامە. بىرەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋەلىينىڭ (ئەۋلىيانىڭ) ھاياتى، پائالىيەتلىرى، كارامەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن ئەسەر.

▲ۋەلىي (ولى) دوست، يار. «ۋەلىي» نىڭ كۆپلۈكى «ئەۋلىيا» دۇر. (تەس.) ھەقنىڭ دوستى. ۋەلىي ھەققە يېقىن، ھەقنىڭ دوستى ھېسابلانغىنى ئۈچۈن، ئۇ ھەقنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ كىشى ھېسابلىنىپ خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدۇ. (بىزدە ئادەتتە ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەۋلىيا» كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.)

▲ۋەھدەت (وحدت) بىرلىك. (تەس.) بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق ھېسابلانغان ئاللانى كۆرسىتىدۇ. بىرلىك ياكى بىر ھەقنى، كۆپ ياكى كۆپلۈك شەكىللەر سۈپىتىدىكى كائىناتنى، بارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

▲ۋەھىي (وحى) ھەقنىڭ خىتابى. سوپىلارغا كەلگەن ئىلھام. ئىبىن ئەرەبى «سۆزلىرىمىز ۋەھىي كالام ئەمەس، ئەمما ۋەھىي ئىلھامدۇر» دەيدۇ.

▲ۋۇجۇد (وجود) بارلىق، مەۋجۇتلۇق. (تەس.) ئەڭ تولۇق مەنىدىكى ۋەجدھالى، ھەقنى تاپماق، ئۇنىڭغا يەتمەك، ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى يوق قىلماق. سالىك بەشەرىيىتىدىن پۈتۈنلەي فەنا بولغاندا ئاندىن ھەقنى تاپىدۇ، چۈنكى ھەق تەجەللى ئەتكەندە مەنلىكتىن ئەسەر قالمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ قارىشىدا، ھەقىقىي ۋۇجۇد ھەقنىڭ ۋۇجۇدىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى زىللىدۇر (يوقالغۇچىدۇر).

▲ۋۇسلەت (وصلت) ئېرىشمەك، يەتمەك، ۋىسالىغا يەتمەك. (تەس.) ھەققە يەتمەك، كامال تاپماق، يۈكسەلمەك، سەير ۋە سۇلۇكنى تاماملىماق.

# ئى

▲ئىرفان (عرفان) مەرىفەت، كەشف، ئىلھام، سەزگۈ، مەنىۋى ۋە روھىي تەجرىبە ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بىلىم، تەجرىبىۋي بىلىم.

▲ئىستىغراق (استغراق) غەرق بولماق، پاتماق، چۆممەك. (تەس.) ئىلاھىي ئىشقنىڭ بىھوش قىلىشى بىلەن ئۆزلۈكنى يوقىتىپ يارنىڭ جامالىنى تاماشا قىلىۋاتقان سالىكنىڭ ئۆزلۈكى، ماددىي ئالەم ۋە ماسىۋا ھەققىدە ھېچقانداق بىر ھېس - تۇيغۇ، ئەقىل - ئىدراك ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولماسلىقى، بۇ ھالەتتىكى سالىك مۇستەغرەق دېيىلىدۇ.

▲ئىستىغنا (استغناء) ھاجەتسىزلىك، ئېھتىياجسىزلىق، بايلىق. (تەس.) سالىكنىڭ ئۆزىگە بىر ئاللا كۇپايە ئىكەنلىكىنى قەتئىي چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن باشقىغا ئېھتىياج سەزمەسلىكى ھەم ئېھتىياجنى يوق قىلىشى.

▲ئىسمى ئەزەم (اسم اعظم) ئەڭ بۈيۈك ئىسىم، ئۇلۇغ ئات. (تەس.) ئاللانىڭ پۈتۈن ئىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسمى.

▲ئىشق (عشق) مۇھەببەت، سۆيگۈ. (تەس.) ھۆسنى مۇتلەقكە بولغان شىددەتلىك سۆيگۈ. ۋەھدەتى ۋۇجۇدنىڭ باشلانغۇچى ۋە ئاخىرى بولمىغىنىدەك، ھەق تەجەللىسىنىڭمۇ ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسى يوق. ئۇنىڭ زاتى ھەر جايدا زاھىر ۋە مەزھەرلىرى بىلەن ئوخشاش. ھەقنىڭ دەسلەپكى زۇھۇرى «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە» دېيىلىدۇ. ئىشق ئىلاھتىن ئاتا قىلىنغان رەھمانىي بىر ئۇلپەت. ئۇلپەتداشلىق تۇيغۇسى بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەر بىر روھ ئىگىسىگە خاس.

مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ قارىشىدا ئىشق ھەقىقىي ۋە مەجازىي دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ھەقىقىي ئىشق ھۆسنى مۇتلەقكە، مەجازىي ئىشق ئادەم ۋە ئالەم گۈزەللىكىگە بولغان ئاشىقلىقتۇر. نەۋائىي ئىشق ھەققىدە ناھايىتىمۇ كەڭ مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، ئىشقنى يەنە ئۈچكە بۆلگەن: (1) ئاۋام ئىشقى. (2) خاسلار ئىشقى. (3) سىددىقلار ئىشقى. (نەۋائىي، م. ق. 122 — 130).

▲ئىلاھىي (الهى) تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىدىكى بىر تۈر. مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇلىدىغان شېئىرلار.

▲ئىلھام (الهام) بىلدۈرمەك، خەۋەر بەرمەك. (تەس.) (1) فەيز يولى بىلەن قەلبكە كەلگەن چۈشەنچە ۋە بىلىم. بۇ ئويلاش، پىكىر قىلىش يولى بىلەن پەيدا بولىدىغان چۈشەنچە ئەمەس. (2) قەلبتە قوزغالغان ئىزگۈ ھېس، ياخشىلىق تۇيغۇسى.

▲ئىلىم (علم) بىلمەك. (تەس.) مەرىفەت، ئىرفان؛ ئۆزىنى تونۇماق، سالىكنىڭ ئۆزىنى تونۇشى.

▲ئىلمەل يەقىن (علم اليقين) كىتابىي بىلىملەر ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىلىم. تەسەۋۋۇپتىكى بىلىشنىڭ ئۈچ باسقۇچىنىڭ بىرىنچىسى. زاھىرىي ئىلىملەر ھەققىدىكى بىلىملەر.

▲ئىلمى لەدۇن (علم لدن) ئىلاھىي ئىلىم، غايىب ئىلمى. مۇتەسەۋۋىپلار پۈتۈن ئىلىملەرنى ئاللادىن كېلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا شەرئىي ۋە زاھىرىي ئىلىملەر مەلەك ۋە رەسۇل ئارقىلىق كېلىدۇ. ئىلھام بولسا ۋاسىتىسىز ئۇدۇل ھەقنىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىلھامنى ئىلمى لەدۇن دەپ ھېسابلايدۇ. ئىلمى ھوسۇل —

زاهىرىي ئىلىم. ئىلمى ھۆزۆرى — باتىنىي ئىلىم.

▲ئىمان (ايمان) ئىشەنمەك، ئىشەنچ. (تەس.) مەرىفەتۇللاھ، يەقىن، ھەققە دائىر بىلىم.

▲ئىنايەت (عنايت) لۇتۇپ، ئىھسان، قوغداش. (تەس.) ئاللانىڭ بەندىنى قوغدىشى، ھىمايىسىگە ئېلىشى. ئىنايەتى ھەق — ئىلاھىي ئىنايەت: ھەقنىڭ ئىنساننى ئاسرىشى، ساقلىشى، ئۇنىڭغا دەستەك بولۇشى.

▲ئىنسانى كامىل (انسان كامل) كامىل ئىنسان، يېتىشكەن ئىنسان. (تەس.) (1) ئاللانىڭ زات، سۈپەت، ئىسىم ۋە پېئىللىرى بىلەن ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە تەجەللى قىلغان ئىنسان. كامىل ئىنسان — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەلى، ئەڭ ئاقىلى ۋە ئەڭ داناسى. (2) ئالەمنىڭ بار بولۇشى ۋە بارلىقنىڭ سەۋەبچىسى. (3) نۇرى مۇھەممەدىيە، ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە. (4) غەۋس، قۇتبە، ھەقىقىي مۇرشىد. ئىنسانى كامىل يەنە ئەقلى ئەۋۋەل، ئەقلى كۇللى دەپمۇ ئاتالغان.

## ي

▲يار (يار) يار، دوست، جانان، مەشۇق. (تەس.) ھەق، ئاللا.

▲يەقىن (يقين) ئىشەنچلىك، ئېنىق بىلىم، ئىشەنچ، ئىشىنىش، ھەقىقەت. (تەس.) (1) ئىشەنچ، باشقا تۈرلۈك ئېھتىماللىقى بولمىغان قەتئىي ئىشەنچ. (2) پاك قەلب بىلەن غايىبنى تاماشا قىلماق. (3) بىر شەيئىنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە قەلبنىڭ خاتىرجەملىكى، ئىشەنچ. (4) تۈرلۈك شۈبھىلەردىن مۇستەسنا ھالدا غايىب ھەقىقەتلەرگە يەتمەك، ئىشەنمەك.

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

# تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى

ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 14
2001 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 5000

ISBN 7 — 5631 — 1464 — 5/B·4
باھاسى: 18.50 يۈەن